تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت

# گىتلېرنىڭ تەرجىمھالى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت
گىتلېرنىڭ تەرجىمھالى
شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

[illegible]


# كىتابخانا تەرجىمالى

[illegible]

گېنېراللارنىڭ ئەمراسى



لەقىمى: ۋېنا سەركەردانىسى،
گېرمانىيىنىڭ كەسىر سانى
قىزىقىدىغىنى: ئىت بېقىش،
ئىت ئويۇنى كۆرۈش
ئاشىنىسى: ئېۋا براۋۇن
ئېتىقاد قىلىدىغىنى: پادىشاھ
فرېدېرىك
ئەسىرى: مېنىڭ كۆرەشلىرىم




# خۇسۇسىي تەرجىمىھال

# روشەن تارىخ

# قانلىق ۋە شانلىق كەچۈرمىش


شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى




1. گىتلېر ھەربىي پاراخوت ئۈستىدە



2. گىتلېر بىلەن مۇسسولىنى دېڭىز بويىدا



3. گىتلېر ئۆزىنىڭ ئوپېراتورىغا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چاغدىكى تۈرلۈك مىمىكىلىرىنى سۈرەتكە ئالدۇرغان. كېيىن ئۆزى ئۇ سۈرەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتكەن



希特勒与他的爱犬布

4. گىتلېر ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتى — براندى بىلەن بىللە. براندىنىڭ بوينىدىكى تاسمىدا «مەن مەڭگۈ سىنىڭ يېنىڭدا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. 1945 - يىلى مايدا، ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت پارلامېنت بىناسىنىڭ خارابىلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇ ئىتنى بوينىدىكى ئاشۇ تاسمىدىن تونۇغان





6. پولشاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، گىتلېر ئالدىنقى سەپتىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى


5. «مەن سىلەرنى جەڭگە باشلاپ كىرىمەن!» بۇ گىتلېرنىڭ پولشاغا ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى




7. پولشا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گىتلېر غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن گېنېراللارنى قوبۇل قىلدى

10. گىتلېر 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش خاتىرە تېشى ئالدىدا, بۇ خاتىرە تاش كېيىن پارتلىتىۋېتىلگەن





8. گىتلېر فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ



9. گىتلېر فرانسىيىدىكى ئېففېل تۆمۈر مۇنارى ئالدىدا



11. گىتلېر مېھمانلارغا ئۆز ئۆيىنى كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى



12 ـ گىتلېرنىڭ جىيەنى، ئاشنىسى گېلى راۋبال



13. گىتلېرنىڭ ئاشنىسى ئېۋا براۋن



14. گىتلېر سوۋېت - گېر
مان ئۇرۇشىنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتى
ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ



16. گىتلېر ئىمپېرىيىسىنىڭ
ئاقىۋىتى — ئىئودېل شەرتسىز
تەسلىم بولۇش كېلىشىمىگە
قول قويىدى



15. گىتلېرنى مەدھىيە
ناخشىلىرى بىلەن
مارشلارمۇ قۇتۇلدۇرۇپ
قالالمىدى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

# گىتلېرنىڭ تەرجىمھالى

خې ياڭ، شياۋ بىڭ، شياۋ لىن، جيا تۇن
تەرجىمە قىلغۇچى:  راخمان مامۇت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据国防大学出版社 1995 年 2 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن بۇرھان
مەسئۇل كوررېكتورى: مەريەم ئابدۇرېھىم

# گىتلېرنىڭ تەرجىمىھالى

خې ياڭ، شياۋ بىڭ، شياۋ لىن، جيا تۇن
تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
جېجياڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.625
1996 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1996 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 7—5371—2269—5/I・762
سانى: 6070 — 1
باھاسى: 13.80 يۈەن
تۈپلەشتە خاتالىق بولسا زاۋۇتتىن بىۋاستە تېگىشىۋالسىڭىز بولىدۇ

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب گىتلېر: گېرمانىيىنىڭ ئېھتىياجى
ھەممىدىن مۇھىم ........................................ 1

ئىككىنچى باب گىتلېر: رەقىبلىرىمىزنىڭ پەرە-
زىدىكى ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك ...... 31

ئۈچىنچى باب گىتلېر: گېرمان مىللىتىنىڭ
مىڭ يىللىق تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى! .......... 57

تۆتىنچى باب دۇنكىرك، تارىخنىڭ تېپىشمىقى ... 85

بەشىنچى باب ئەنگلىيە بوغۇزىغا يۈزلىنىپ تۇر-
غان گىتلېر: گېرمانىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ ......... 110

ئالتىنچى باب مۇسسولىنى ئاخىر نىجاتكارغا
ئېرىشتى ........................................ 143

يەتتىنچى باب گىتلېر تارىخنىڭ پۈرۈخ تېغى-
نىڭ پەللىسىگە چىقتى ................................ 172

سەككىزىنچى باب گىتلېر: دۇنيا تارىخىدا بو-
لۇپ باقمىغان شۇنداق بىر ئالدامچىلىقنى پىلانلايلىكى،
پۈتۈن دۇنيا ئاغزىنى ئېچىپ قالسۇن ................ 205

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توققۇزىنچى باب گىتلېر: نۆۋەت روس-
يىگە كەلدى ............ 246
ئونىنچى باب كىيىۋ جېڭى دۇنيا تارىخىدا ئەڭ
ئۇلۇغ بىر جەڭ بولۇپ قالغۇسى ............ 269
ئون بىرىنچى باب «تەيفېك بورىنى» موسكۋادا
توسۇلۇپ قالدى ............ 294
ئون ئىككىنچى باب گىتلېر: بىز ئۇرۇشتا
ئۇتتۇرۇۋەتمەيمىز ............ 313
ئون ئۈچىنچى باب گىتلېرنىڭ «ئالتۇن ئۈزۈك»ى
يوقاپ كەتتى ............ 331
ئون تۆتىنچى باب گىتلېر: ياكى غەلىبە قى-
لىش كېرەك، ياكى ئۆلۈش كېرەك ............ 356
ئون بەشىنچى باب «20 - ئىيۇل ۋەقەسى»—
گىتلېرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ............ 373
ئون ئالتىنچى باب گىتلېر: نەس باسقان فىرا-
سۇز خوتۇنلىرى ............ 395
ئون يەتتىنچى باب گىتلېر: رومېل ئىمپېرا-
يىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرى ھەم جىنايەتكارى ............ 415
ئون سەككىزىنچى باب گىتلېرنىڭ ئۆلۈم ئالدى-
دا جان تالىشىشى ............ 441
ئون توققۇزىنچى باب گىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
ئۈمىدى ............ 454
يىگىرمىنچى باب گىتلېرنىڭ ئىز باسارلىرى ............ 472

# بىرىنچى باب گىتلېر: گېرمانىيىنىڭ ئېھتىياجى ھەممىدىن مۇھىم

△ ئاق چاقماق پولشا — گېرمانىيە چېگرىسىنى يورۇتتى

△ گىتلېر: مەن گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر جەڭچىسى، سىلەرنى ھۇجۇمغا باشلاپ ماڭىمەن

△ پولشا جەڭ مەيدانى گۆش توغراش ماشىنىسىغا ئايلاندى

△ گىتلېر نەزەرىنى غەربكە ئاغدۇردى

△ فيۇرېر ئالدىمىزدا

△ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلەكلىرى

△ ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەمما ئۇرۇشمىدى

1939 - يىل 31 - ئاۋغۇست كېچىسى، گېرمانىيە - پولشا چېگرىسى.

كېچە قاراڭغۇلۇقى ياۋروپا ئاسمىنىنى ئاستا قاپلاپ كېلىۋاتقان چاغدا، گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىدىكى كىچىك شەھەر گىروۋس كۈندۈزنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئاستا - ئاستا جىمىپ قېلىۋاتاتتى، بىر كۈن كەچكىچە جاپا چەككەن ئادەملەر ئۈستەلدە ئولتۇرۇشۇپ، مەززىلىك

كەچلىك تاماقتىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى.

گرووۋس رادىئو ئىستانسىسى كۈندىلىك پروگراممىلىرىنى ئاڭلىتىۋاتاتتى. پولشا ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن كىچىك بىر ئەترەتنىڭ تۇيدۇرماي شەھەرگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى.

دەل سائەت سەككىزدە، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدا كۈچلۈك ئوق ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ ئەسكەرلەر ناھايىتى تېزلا رادىئو ئىستانسىسىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ساپ پولەك تىلىدا گېرمانىيە بىلەن گىتلېرغا تىل تەگكۈزۈلگەن بىر ماقالىنى رادىئودا ئوقۇپ، پولشا بىلەن گېرمانىيىنىڭ تۇتۇشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار رادىئو ئىستانسىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، خۇدىنى بىلمەي ياتقان ئەسكەرلەرنى ئوققا تۇتتى...

گرووۋسقا ئانچە يىراق بولمىغان ئوكلىن شەھىرىدە، نېمىسلارنىڭ مەخپىي ساقچى باشلىقى ھايلى نېل رادىئودىن پولەك تىلىدىكى ئاڭلىتىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، رومكىسىدىكى ۋىنونى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن بېرلىندىكى ئېسئاچىلارنىڭ قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھايدرىخنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، «ھىملېر پىلانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغانلىقى» نى مەلۇم قىلدى.

گرووۋس كومېدىيىسى ئوينىلىۋاتقان چاغدا، گېرمانىيە قوشۇنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم باشلىنىدىغان جايغا كىرىپ بولغانىدى. تانكىستلار تانكىلىرىغا كىرىپ، تانكىلارنىڭ ھەربىر مېخانىزملىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشتى، زەمبىرەكلەرنىڭ ئۈستىلىرىگە يېپىپ قويۇلغان نىقابلار ئېلىپ تاشلىنىپ، قاپقارا ستۇۋوللىرى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى؛ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئەتراپىدا، ماي ۋە بومبا قاچىلاۋاتقانلار ئالدىراش يۈرۈشەتتى؛ لىيوتچىكلار ئۇچۇش

بۇيرۇقى كۈتۈپ، رولدا جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ھەممىدىن ئالدىراش ئورۇن، قاتتىق نىقابلانغان ھەر دەرىجىلىك قوماندانلىق شتابلىرى ئىدى. مەسلىھەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى تېلېفوندا قوشۇننىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا يېتىپ كېلىپ قىلىۋاتقان تەييارلىقلىرى ئۈستىدە ۋارقىرىشىپ سۆزلەشسە، بەزىلىرى قوللىرىدا كىچىك قول چىراغلىرى تۇتقان ھالدا خەرىتىگە ئېڭىشىپ، ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىنكى يۆنىلىشلىرى ۋە نىشانلىرىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈۋاتاتتى.

چوڭ ـ كىچىك خەرىتىلەرنىڭ ھەممىسىدە پولشا گېرمانىيىنىڭ يوغان ئېچىلىپ تۇرغان ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. 1 مىليون 500 مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە قوشۇنى شىمال بىلەن جەنۇبقا بۆلۈنۈپ، پولشانى خۇددى ياغاقنى قىسىپ مىجىغاندەك مىجىپ تاشلاشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. پولشانىڭ 1 مىليون ئەسكىرى 7 گۇرۇپپىۋي ئارمىيە بولۇپ تەشكىللىنىپ، چېگرانى ھىلال ئاي شەكلىدە مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئەسكىرىنىڭ سانى، قورالللىرىنىڭ سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە گېرمانىيىدىن كۆپ كەينىدە تۇرىدىغان پولشا ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى تەبىئىي شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلانماي، ئاساسىي كۈچىنى دەريانىڭ ئارقا تەرىپىگە مۇداپىئەگە قويۇپ، دەرياغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللەندۈرۈپ قويدى. بەلكىم پولشا دۈشمەننى چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىككە كۈچىمىز يېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ياكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە ئارتۇقچە ئۈمىد باغلاپ، ئۇرۇش پارتلىسىلا فرانسىيە غەربىي سەپتىن گېرمانىيىگە ئوت ئاچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە پولشاغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك. قانداقلا چۈشەندۈرۈلسۇن، ئۇرۇش ھالىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئىككى تەرەپنىڭ بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى گېرمانىيىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

تاڭغا ئاز قالغانىدى، پۈتۈن كائىنات تىمتاس، دالادا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. 2800 كىلومېتىرغا سوزۇلغان گېرمانىيە ـ پولشا چېگرىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى تۇمان ئىچىدە ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن نىقابلانغان نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرى شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭغا سوغۇق ھاۋا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى خېلىلا توڭلىتىۋاتاتتى. ئۇزۇن ۋاقىت ھەرىكەت قىلماي بەدەنلىرى كۆيۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇلار ھۇجۇم ۋاقتىنىڭ چاپسانراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشۈۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالغان گۈمبۈرلەشلەر بىلەن تەڭ ئوت شارلىرى پولشا چېگرىسى ئىچىگە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئۇ تەرەپتە پارتلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىدە نۇرغۇن ماتورلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىراقلا كۆتۈرۈلدى. تۈرلۈك ماتورلۇق ماشىنىلارغا ئولتۇرۇشقان 1 مىليارد 500 مىليون ئەسكەر مۇقەددەس دۆلەت چېگرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاسماندا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار گۈرۈلدەپ، ئېلىپ ماڭغان بومبىلىرىنى پولشانىڭ ئاساسلىق ھەربىي بازىلىرىغا، كۆۋرۈكلىرىگە، شەھەرلەرگە — پۈتكۈل پولشا خەلقىنىڭ باشلىرىغا تاشلاش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

48 سائەتكە قالماي، پولشا ھاۋا ئارمىيىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، ئۇلارنىڭ 500 دانە ئايروپىلانى ئۇچۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئايرودرومدىلا ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى.

گىتلېرنىڭ ئۇرۇشى ئاخىر باشلاندى.

1 ـ سېنتەبىر، بېرلىن.

ئاسماننى سۇس كۈلرەڭ بۇلۇتلار قاپلىغان، هاۋا تىنجىق. ئالدىنقى سەپتىن توختىماي كېلىۋاتقان غەلىبە خەۋەرلىرى گىتلېرنى قاتتىق خۇشال قىلىۋەتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، گىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ باش مىنىستىرلىك بىناسىدىن پارلامېنت بىناسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. يوللاردا ئادەملەر ئاز، كەيپىياتمۇ سۇس، رادىئو ۋە گېزىتلەردە بۇ چوڭ ئىشنى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلان قىلىۋاتسىمۇ، گىتلېر كۈتكەندەك ئەسەبىي قاينام ـ تاشقىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلقنىڭ هەر بىر ئەسكەرنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلغانلىقلىرىنى ئەسلەپ، گىتلېرنىڭ سەل كەيپى ئۇچتى.

گېرمانىيىلىكلەر يېڭى بىر دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلانغانلىقىنى تېخى تولۇق هېس قىلىپ كېتىشمىگەنىدى. گىتلېر پارلامېنت ئەزالىرىغا ئاجايىپ هاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، پولشاغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە بۈگۈندىن ئېتىبارەن دانزىگنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن: «مەن هازىردىن باشلاپ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر جەڭچىسى، مەن ئۇستۇمدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ قىممەتلىك بولغان هەربىي فورمام بىلەن پەخىرلىنىمەن، ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشمىگۈچە ئۇنى ئۇستۇمدىن سالمايمەن، بولمىغان چاغدا مۇشۇ كىيىملىرىم بىلەن دۆلەت ئۇچۇن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىمەن» دەپ جار سالدى.

گىتلېرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە هەممە تەلۋىلەرچە تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى.

گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرى هەرىكەتكە كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەزىلەر گىتلېرنى

گېرمانىيىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەت دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە گېرمانىيىگە كەلگەن ئاپەت 1939 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر كۈنى نېمىس قوشۇنى گېرمانىيە ـ پولشا چېگرىسىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن چاغدىلا رەسمىي باشلانغانىدى، ئەمما دۇنيا ۋە گېرمانىيە بۇ نۇقتىنى بىلمەي كەلدى، 50 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كېچىدە كىشىلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

50 يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر كېچىدە، بىر بوۋاق ئاۋستىرىيە تەۋەسىدىكى بىر نېمىس تاموژنا خادىمىنىڭ ئائىلىسىدە يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيگەن هالدا دۇنياغا كەلدى. ئەگەر تارىخنىڭ تاسادىپىي بىر ئامىتىگە دۇچ كېلىپ قالمىغان بولسا، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئادەمنىڭ هاياتى جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى گېرمانىيە نەسەب قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدىغان، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەنئەنىلىرى قاتتىق ئورۇن ئالغان دۆلەت ئىدى.

گىتلېرنىڭ بالىلىق چاغلىرى هېچكىمنىڭكى بىلەن ئوخشىمايتتى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئەركىن سىزما رەسىم دەرسىدىن باشقا دەرسلەرنىڭ هەممىسىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. دەرسلەردىكى بۇ يامان نەتىجىلەر ئۇنىڭ تالانتىنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى. گىتلېر ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان بالىلاردىن ئەمەس ئىدى، پەقەت ئۆلۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدىن بىزار ئىدى، مۇئەللىملەرنىڭ ئۆلۈك هالدا هەممە ئىشنى بىر قېلىپقا سېلىۋېلىپ ئىجادچانلىقنى بوغۇشلىرىغا كۆنمەيتتى. ئەركىن رەسىم سىزىشنى تولىمۇ ياقتۇراتتى، چۈنكى ئۇ رەسىمدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەركىن قانات يايدۇرالايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل مول ئىجادىي پىكىر قىلىشلىرى كېيىنكى كۈنلەردە رەقىبلىرىنى كۆپ قېتىم تاڭ قالدۇرغانىدى.

ئوقۇغۇچىلار تارىخ دەرسىنى مەنىسى يوق، قاتمال، دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمايتتى. ئەمما گىتلېر تارىخ دەرسىدە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. خىسراۋ، ناپولېئون، بىسماركلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى ھايات ئادەملەردەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۆزى ياشاۋاتقان رېئال دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ئېقىنى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مىللىي ھېسسىياتى لاۋۇلداپ ياناتتى، بەزىدە ھەتتا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

تارىخ ياش گىتلېرنى يېتىلدۈردى، پىكىرلىرىنى قۇرداشلىرىغا قارىغاندا چوڭقۇرلىشىپ، پىشىپ باردى، ئۇنىڭغا ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ كەلگۈسى ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ كارتىنىلىرىمۇ سىزىلىشقا باشلىدى.

گىتلېر نام چىقارغاندىن كېيىن، تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنى زور مەمنۇنىيەت بىلەن دائىم تىلغا ئېلىپ تۇراتتى.

«مەن ئاجايىپ بىلىملىك بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسىغا ئۇچراپ قالغىنىمدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىمەن. بۇ، مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىمدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بىر ئىش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياش بىر ئىنقىلابچىغا ئايلاندىم» دەيتتى ئۇ.

گىتلېر 19 ياشقا كىرگەن يىلى ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپ، تايانچىسىز قالغانلىقتىن ۋېناغا كېتىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. ماڭىدىغان چاغدا: «مەقسىتىمگە يەتمىسەم، يۇرتۇمغا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن» دەپ ئۆزىگە قەسەم قىلدى.

26 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ قەسىمى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەيۋەتلىك تانكا قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدە يۇرتىغا كىرىپ كەلدى، دۇنيادىكى پۈتۈن ئادەم بىرنەچچە ئون يىللاردىن كېيىنمۇ گىتلېرنى قارغاپ يۈردى، بىراق ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە يۇرتىدىن چىققان بۇ بۈيۈك شەخسنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋېنا زۇمرەتتەك كۆپكۆك دوناي دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە شەھەر. هايدىن، مۇزارت، بېتخوۋېن، شوبېرتلار بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن، ئۇ يەردىكى ھەشەمەتلىك مۇزىكا زاللىرى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان، روھلىرىنى ئۇرغۇتىدىغان ئارامگاھلىرى، كېچىلىرى جىمجىت ئاسمان بوشلۇقىدا يوھان ستراۇسنىڭ كىشىنى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندۈرىدىغان مۇزىكىلىرى جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

ۋېنا، كىشىلەر تەلپۈنىدىغان سەنئەت دۇنياسى.

ئەپسۇس، بۇ گۈزەللىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى گىتلېرنىڭ خىيالىغا كىرىپ قويمايتتى.

جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن چىققان ياش ئۇچۇن ۋېنادا ئۆتكەن تۆت يىل ئەڭ نامرات، ئەڭ قاراڭغۇ دەۋر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ سىرتقى دۇنياغا قارىتا ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلاردا بولغانىدى، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت پەي دۇكىنىدا داق كارىۋاتتا يېتىشلار، ساخاۋەتخانىلارنىڭ ئۇماشلىرى بىلەن قورساق بېقىشلار ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدا ئادالەتسىز جەمئىيەتكە قارىتا كۈچلۈك نەپرەت قوزغىدى. ئۇ قار سۈپۈرۈش، گىلەم تازىلاش، ھامماللىق قىلىشتەك قارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. كېيىن ئانچە - مۇنچە رەسىم سىزىپ، رەسىملىرىنى ساتقان پۇلى بىلەن جان ساقلاپمۇ كەلدى. جەمئىيەتتىكى كۈچلۈك تەڭسىزلىك ياش گىتلېرنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق ئورناپ، ئۇنىڭدا نارازىلىق ۋە بىر خىل ئىبلىسىش روھى كۈچلۈك ئۇرغۇشقا باشلىدى، بۇ ئۇنىڭ بوش ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇشىغا تۈرتكە بولدى. كىتاب ئۇنى بارا - بارا ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغاچقا، ئۇ، باشقا ياشلارغا ئوخشاش ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان يامان قىلىقلارنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالمىدى.

گىتلېر ۋېنانى «ھاياتىمدىكى ئەڭ جاپالىــق، شۇنداقلا ئەڭ كەسكىن مەكتەپ بولدى» دەپ بىلدى.

گىتلېر ئامراتلىقىنىڭ دەردىنى تازا تارتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سارايېۋودىن كۆتۈرۈلگەن ئوق ئاۋازلىـرى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇرۇش بەزى ئادەملەر ئۈچۈن ئاپەت بولسا، بەزى ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. گىتلېرنىڭ تارتىشىدىغان يا بايلىقى، يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىغاچقا، بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتتى. ئۇ باۋارىيە كىنەزىگە خەت يېزىپ، پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاۋستىرىيەدىن كەلگەن گىــتلېر ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى گېرمانىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

گىتلېرنىڭ جەڭدىكى ئىپادىسى ئالاھىدە بولۇپ، نۇرغۇن باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىككى قېتىم يارىلانغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك تۆمۈر كرېست ئوردېنىمۇ بار. بۇ، گېرمانىــيە ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان شەرەپ ئىدى، بۇنىــڭغا ئاددىي ئەسكەرلەر ھەرگىز ئېرىشەلمەيتتى. ئادەتتىكى باتۇرلۇق بىلەنمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولمايتتى، گىتلېر ئۇرۇشقا بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئارزۇ بىلەن قاتناشقانىدى. پات - پات ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا كېتەتتى، سەپداشلىرى بولسا ھاراق ئىچىشىپ، تاماكا چېكىشىــپ، خوتۇنلارنىــڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، گىتلېر دوختۇرخانىــدا يېتىپ قالدى ۋە شۇ يەردە پادىشاھنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنــى، گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. كېسەللەرنىڭ كۆپى يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان يۇرتلىرىغا قايتىشتى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ نەتىجىســىگە كۆڭۈل بۆلۈشمەيتتى. ئەمما گىتلېر ئىچ - ئىچىدىن نومۇسلىنىپ

ۋە غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ئۆزىنى باسالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئاخىر ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، گېرمانىيىنىڭ ئىلگىرىكى شان ـ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. بۇ قارار يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

1933 ـ يىلى 30 ـ يانۋاردا، گىتلېر گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، سىياسىي ھاياتىدا ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يېڭىلا باش مىنىستىرلىككە كۆتۈرۈلگەن گىتلېرنىڭ قېنى قايناپ، ۋۇجۇدى ھۇجۇم قىلىش ئىستىكى بىلەن توشتى. ئۇ ياۋروپانى بېسىۋالماقچى، پۈتۈن دۇنيانى ئايىغى ئاستىدا تىترەتمەكچى ئىدى.

گېرمانىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن زېمىنىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، دانزىگنى پولشاغا ئەركىن پورت ھېسابىدا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. نەتىجىدە، شەرقىي پرۇسسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن بىر «پولشا كارىدورى» شەكىللەنگەنىدى. شۇڭا گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەزەرىنى بىرىنچى بولۇپ پولشاغا تىكتى.

1938 ـ يىلى ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن، گېرمانىيە چېخوسلوۋاكىيىنى ناھايىتى ئاسانلا بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا پولشاغا دانزىگ بىلەن «پولشا كارىدورى» نى گېرمانىيىگە قوشۇۋېلىش تەلىپىنى قويدى. ئەمما بۇ تەلەپنى پولشا ھۆكۈمىتى قەتئىي رەت قىلدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئاپرېلدا، گىتلېر «ئاق لايىھە» نى مەخپىي تەستىقلىدى.

گىتلېر ئاق لايىھىدە مۇنداق يازىدۇ:

1. پولشانىڭ نۆۋەتتىكى پوزىتسىيىسى شۇنى تەلەپ

قىلىدۇكى، شەرق تەرەپتىكى ئۆزگەرتىلگەن چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، زوْروْر تېپىلغاندا بۇ يوْنىلىشتىن كېلىدىغان تەھدىتنى مەڭگۈلۈك توْگىتىۋېتىش ئۈچۈن، ھەربىي جەھەتتىمۇ تەييارلىقنى باشلاش كېرەك.

1) سىياسىي جەھەتتىكى تەلەپ ۋە مەقسەت

گېرمانىيە بىلەن پولشانىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن ساقلىنىش پرىنسىپى بويىچە بولۇشى كېرەك. ئەگەر پولشا ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە گېرمانىيىگە قارىتىۋاتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمەنلىشىش ۋە تەھدىت سېلىش تەرىپىگە ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش سىياسىتى مۇقەررەر مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇ چاغدا يېتىدىغان مەقسەت پولشانىڭ مۇداپىئە كۈچلىرىنى يوقىتىش، شەرقتە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرالىغۇدەك ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش، ئەڭ كېچىككەندىمۇ، ئۇرۇش پارتلىغان چاغدا دانزىگ جۇمھۇرىيىتىنى گېرمانىيە زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دەپ جاكارلاش شەرت.

سىياسىي رەھبەرلەر شۇنداق ھېسابلىسۇنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى ۋەزىپىسى — ئېھتىمالى بولغان دائىرىدە پولشانى يېتىم قالدۇرۇش، يەنى ئۇرۇشنى پولشا چېگرىسى ئىچىدە چەكلەش.

بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسى ئىچىدە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى فرانسىيىنىڭ ئىچكى بوھرانى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە، شۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە تەمكىن پوزىتسىيىدە بولۇشقا يۈزلەنمەكتە.

روسىيىنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ (ئۇلاردا شۇنداق قىلغۇدەك كۈچ بار) پولشاغا ھېچقانداق پايدىسى بولماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشى پولشانى بولشېۋىكلارنىڭ يەپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى گېرمانىيىنىڭ غەربىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ.

گېرمانىيە يەككىللىك بىلەن ۋېنگرىيىنى ئۆزىگە ئىتتىپاقداش قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئىتالىيىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بېرلىن - رىم ئوقى بەلگىلەپ بولغان.

2) غەربىي جەھەتتىكى يەكۈن

گېرمانىيە قوراللىق قىسىملىرىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشان يەنىلا غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىق دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. «ئاق لايىھە» پەقەت بۇ خىلدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىدىكى بەزى ئالدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قوشۇمچە چارىلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ئۇنى غەربتىكى رەقىبلىرىمىز بىلەن غەربىي جەھەتتە توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

ئەگەر بىز ئۇشتۇمتۇت بېرىلىدىغان كۈچلۈك زەربە ئارقىلىق ئۇرۇش باشلايدىغان ھەمدە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولساق، پولشانى يېتىم قالدۇرۇشنى ئاسانلا ئورۇنداپ كېتەلەيمىز، ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇۋېرىدۇ.

ئەمما، ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي چېگرىسى ۋە شىمالىي دېڭىز بويلىرى ھەم ھاۋا تەۋەيىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۈتكۈل ۋەزىيەت بىزدىن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

پولشاغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ لىتۋاغا قارىتا ئىنتايىن سەگەك تۇرۇش كېرەك.

3) دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى

دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى پولشانىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش. شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن،

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش شەرت.

4) دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى

(1) قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى

شەرقىي يۆنىلىشنىڭ جەڭ نىشانى پولشانىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى يوقىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبىي قاناتتىكىلەر سلوۋاكىيىگە كىرىشى، شىمالىي قاناتتا، پومروۋي بىلەن شەرقىي پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىشى كېرەك. ھازىر بار بولغان قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان بولۇشى، سەپەرۋەرلىكتىن كېيىن قۇرۇلىدىغان قوشۇنلارنىڭ پىلان بويىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن قايتا ھەرىكەتكە كېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. ھازىرقى قوشۇنلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان رايونلىرى ھۇجۇم باشلىنىشتىن بۇرۇن بەلگىلىنىدۇ، ئۇنى بەلگىلەش ھوقۇقى مەندە بولىدۇ.

«شىمال تەرەپتىكى چېگرىنى ساقلاش» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىملارنىڭ ھەممىسى شۇ جايلارغا يۆتكەلسۇن. بىر قىسىم قوشۇننى پولشا ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئېلىپ قېلىشقىمۇ بولىدۇ.

(2) دېڭىز ئارمىيىسى

بالتىق دېڭىزىدىكى دېڭىز ئارمىيە تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالسۇن:

① پولشا دېڭىز ئارمىيىسىنى تۇيتىن يوقىتىش ياكى ۋەيران قىلىش.

② پولشا دېڭىز ئارمىيە بازىسىغا تۇتىشىدىغان (بولۇپمۇ گدىنىيە دېڭىز ئارمىيە بازىسىغا) دېڭىز يوللىرىنى قامال قىلىش. پولشاغا كىرىشكە باشلىغاندا، پولشا پورتلىرى بىلەن دانزىگ پورتىدا تۇرغان چەت ئەل پاراخوتلىرىنىڭ پورتتىن چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىشكە سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىش كېرەك. سۈرۈك ۋاقتى توشقان هامان، دېڭىز ئارمىيە پورتلارنى قامال قىلسۇن، ئۇلارغا بېرىلگەن سۈرۈك ۋاقتىنىڭ دېڭىز ئۇرۇشىغا كەلتۈرىدىغان پايدىسىز تەسىرىنىمۇ جەزمەن مۆلچەرلەش كېرەك.

③ پولشانىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش.

④ ئىمپېرىيىنىڭ — شەرقىي پرۇسسىيىنىڭ دېڭىزدىكى قاتناش يولىنى قوغداش.

⑤ گېرمانىيە بىلەن شۋېتسىيە ۋە بالتىق دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرگە تۇتىشىدىغان دېڭىز لىنىيىلىرىنى قوغداش.

⑥ سوۋېت دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ فىنلاندىيە قولتۇقىدا كاشىلا سالماسلىقى ئۈچۈن، ئىمكان بار هېچقانداق ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان شەكىللەر ئارقىلىق چارلاش ئېلىپ بېرىش. دېڭىز بويى ۋە قۇرۇقلۇققا چىققىلى بولىدىغان دېڭىز ساھىللىرىنى قوغداش ئۈچۈن مۇۋاپىق ساندا دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىنى قالدۇرۇپ قويۇش.

شىمالدىكى دېڭىزنىڭ جەنۇبى بىلەن سىلوۋاك دېڭىز ئاراللىرىدا غەرب زومىگەرلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت توقۇنۇشلارغا ئارىلىشىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش. بۇ تەدبىرلەر مۇتلەق زۆرۈرىيەت دائىرىسىدە بولۇش، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىققا دىققەت قىلىش، بۇنىڭدىكى هالقىلىق مەسىلە — غەرب زومىگەرلىرىنى سىياسەتتە قاتتىقلىششقا مەجبۇر قىلىدىغان هەرقانداق هەرىكەتنى قوللىنىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.

(3) هاۋا ئارمىيىسى

هاۋا ئارمىيىسى پولشاغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلسۇن، ئەمما غەربىي سەپتە بولمىسا بولمايدىغان ئەسكىرىي كۈچنى ساقلاپ قېلىش شەرت.

ھاۋا ئارمىيىسى پولشا ھاۋا ئارمىيىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىتچىت قىلىۋېتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالسۇن:

① پولشانىڭ سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئارىلىشىش، پولشا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ پىلانلىق يۈرۈش قىلىشلىرىنى توسۇش.

② قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە، ئالدى بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ بولغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنغا بىۋاسىتە ياردەم بېرىش.

جەڭدىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى شەرقىي پرۇسسىيە تەرەپكە يۈرۈش قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ يۈرۈشنىڭ ئۈشتۇمتۇت بولۇشى ناتايىن.

تۇنجى قېتىم ھاۋادىن ئۇچۇپ چېگرىدىن ئۆتكەندە، ۋاقىت جەھەتتە قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ جەڭ پائالىيىتى بىلەن بىردەكلىك ساقلانسۇن.

بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرىنىڭ پورتلاردىن چىقىپ كېتىشىگە بېرىلگەن سۈرۈك (دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدىكى دېڭىز ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسىگە قارالسۇن) توشقاندىن كېيىن گدىنىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ.

ھاۋادىن مۇداپىئە قىلىدىغان نۇقتىلىق ئورۇنلار بېرلىن ۋە ھېلىن قاتارلىق سانائەت رايونلىرى.

ئادولف گىتلېر

پولشا جەڭ مەيدانى.

پولشانىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا تۇتىشىدىغان ھەممە يوللاردا گېرمانىيە قوشۇنلىرى توپا - چاڭلارنى پۇرقىرىتىپ ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، توپ - توپ تانكىلارنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم ۋەھىمىسى تارقاتماقتا. تانكا قىسىملىرىنىڭ ئىچىدە 19 - ئارمىيىنىڭ قوماندانى گېنېرال گۇدېرىئاننىڭ يېرىم ئىقاپلانغان قوماندانلىق ماشىنىسىمۇ بار ئىدى، ئۇ توپا - چاڭلارنىڭ ئىچىدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئىككى ئوغلىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. چوڭ ئوغلى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تانكا پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكى ئىدى، ئىككىنچى ئوغلى ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تانكىنىڭ ئىچىدە پۈتۈن قىسىمغا يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئاتا - بالىلار تەڭ جەڭگە ئاتلىنىدىغان بۇنداق ئەھۋال گېرمانىيە قوشۇنى ئىچىدە خېلى ئۇرغۇن ئىدى؛ نۇرغۇن گېنېراللارنىڭ بالىلىرى پولشادىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى.

گۇدېرىئاننىڭ ۋەزىپىسى بىر برونېۋىك دىۋىزىيە بىلەن ماتورلاشقان ئىككى دىۋىزىيە پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلىپ، پولشا كارىدورىنى ئۈزۈپ تاشلاش، پولشانىڭ كارىدوردىكى ئۈچ دىۋىزىيە پىيادە ئەسكىرىنى، ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسىنى يوقىتىش ئىدى. تانكا ئۇرۇشىنىڭ بۇ مۇتەخەسسىسى تۇنجى قېتىم ئۆز نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى.

بىراق، ئىشلار ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇرۇش يېڭى باشلانغاندا، برونېۋىك قوشۇنىنىڭ سۈرئىتى ھەددىدىن زىيادە تېز بولۇپ كەتكەچكە، گۇدېرىئاننىڭ قوشۇنى ئارقا تەرەپتىن ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ زەربىسىگە قاتتىق ئۇچراپ كەتتى. قوشۇننىڭ ئالدى - كەينى، ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە توختىماي زەمبىرەك ئوقلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. توپ ئوقلىرى بېسىلغاندا، ئۇنىڭ قوماندانلىق ماشىنىسى چوڭ يولدا كۆرۈنمەي قالدى. ئەس - ھوشلىرىنى يوقاتقان نېمىس ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ماشىنىسىنى يول ياقىسىدىكى چوڭقۇر بىر ئويمانلىقنىڭ ئىچىدىن تېپىپ تۆپىگە سۆرەپ چىقىشتى. بەختىگە ئۇلارنىڭ قوماندانى سالامەت ئىكەن.

گۇدېرىئان يول ياقىسىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالدى، ئىچىدە: «دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماي تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ توپچىلىرىمىزنىڭ ئوقىدا ئۆلگىلى ئاز قالدىم» دەپ ئويلىدى. ئۆزىنىڭ يېڭى قوماندانلىق ماشىنىسىغا چىققاندىن كېيىن، خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنىڭ مىكرافوننى قولىغا ئېلىپ، توپچىلارنىڭ كوماندىرىنى: «ئەخمەق! سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار بىلەن 19 - ئارمىيە ئۆزىنىڭ قوماندانىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش يەنە سادىر بولىدىغان بولسا، ئىستىھكاملىرىڭلارنى تانكىلارغا دەسسىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىسى ئۇزاپ كەتكەن قوشۇننىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. 3 - كۈنى، ئۇنىڭ تانكىلىرى شەرقىي پرۇسسىيىدىن غەربكە ھۇجۇم قىلىپ ماڭغان يەنە بىر گېرمانىيە قوشۇنى بىلەن كارىدوردا ئۇچرىشىپ، پولشا قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدى.

قورشاۋدا قالغان پولشا قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، پومورسكا ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسىنى قوشۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بۇ قوشۇننىڭ كۈچى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قۇتۇلدۇرۇش خىيالىدا بولۇشتى.

كېچە، ئاتلىق ئەسكەرلەر قورشاۋنىڭ ئېغىزى سانالغان بىر ئورمانلىققا يېتىپ كېلىشتى. ئەسكەرلەر ئاتلىرىغا يەم بېرىشتى، ئۆزلىرىمۇ قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. ئارتۇق نەرسىلىرىنى تاشلاپ، قىلىچلىرى بىلەن مىلتىقلىرىنىلا ئېلىپ قېلىشتى. تاڭ سۈزۈلۈۋاتاتتى. بىر چاغدا كوماندىرلىرىنىڭ «تەييارلىنىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى ئاڭلاندى.

بىردىنلا، پۈتۈن قوشۇن جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئون مىڭغا يېقىن ئاتلارنىڭ تارتقۇلىرى چىڭىتىلدى، ئەسكەرلەرمۇ

تاسمىلىرىنى چىڭىتىپ تەييار تۇرۇشتى. «ئاتقا مىنىڭلار!» دېگەن بۇيرۇق ئاڭلانغاندا ھەممىسى ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بەللىرىدىكى قىلىچلىرىنى ئېلىشقا قولايلىق ئورۇنغا يۆتكەشتى، مىلتىقلىرىنى ئۆشنىلىرىگە ئارتىپ، پۇتلىرى بىلەن ئاتلىرىنىڭ قورساقلىرىنى مەھكەم قىسىپ، ئالغا ئېتىلىشقا تەييار تۇرۇشتى.

ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلار قوشۇننىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. بارلىق ئەسكەرلەر قىلىچ تۇتقان ئوڭ قوللىرىنى مەيدىسىگىچە كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قىلىچلار خۇددى كۆك ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرغان تىك قارىغايلاردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، تىغلىرى يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا ئاپئاق يالتىراپ تۇراتتى. كوماندىرلار: «بىرئازدىن كېيىن بۇ قىلىچلار قىزىل قان بىلەن بويىلىدۇ» دەپ ئويلىشاتتى.

«ئاتلىنىڭلار!»

پومورسكا ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى ئورمانلىقتىن خۇددى كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقىپ، گېرمانىيىنىڭ دالادا يېيىلىپ كېتىۋاتقان بىرونېۋىك قوشۇنىغا قاراپ چاپتى.

بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغاچقا، نېمىسلار دەسلەپتە ھەيران قېلىشتى. ئەسكەرلەر چۇقانمۇ سالماي، ئوقمۇ ئاتماي، ئاتلىرىدا ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ كېلىشىۋاتاتتى. بىرقانچە ئون مىڭ تۇياقلاردىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن بولسا كېرەك، نېمىسلار ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندى.

مىڭلىغان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭلار نېمىس قوشۇنىغا بارغانسېرى ئاز قالدى. قايسىبىر نېمىس ئوفىتسېرى ئەسەبىيلەرچە: «ئېپلاسلار! ئېتىشمامسەن!» دەپ توۋلىغاندىن كېيىنلا، نېمىسلارنىڭ پۈتۈن تانكىلىرىدىن بىر يولىلا گۈمبۈرلەپ ئوق

ئېتىلىشقا باشلاپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر خۇددى چۆپ چاپقاندەك قىرىلىپ كەتتى. تانكىلارنىڭ يېنىغا بارالىغان ئاز ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولات تانكىلاردىن باشقا قىلىچلىرىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىرمۇ دۇشمەن ئەسكىرىنى ئۇچراتماي، قىلىچلىرىنى غەزەپ بىلەن تانكىلارغا ئۇرۇشۇپ كەتتى.

پولشا ئارمىيىسىنىڭ دونكىخوتچە ھۇجۇمى بىرنەچچە سائەتكىچە داۋاملاشتى. جەڭ مەيدانىنىڭ كۆرۈنۈشى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. پولشا ئاتلىق ئەسكەرلىرى دولقۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى، ئاندىن نېمىس تانكىلىرىنىڭ ئوقلىرى بىلەن پەسەيگەن دولقۇندەك گۇپۇلدەپ يىقىلاتتى. ئارقىدىنلا يەنە دولقۇن كۆتۈرۈلەتتى، يەنە چۆپتەك قىرىلىپ دولقۇن پەسىيەتتى. بۇنداق ئەھۋال تاكى پولشا ئاتلىق ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگىچە داۋاملاشتى.

ئوق ئاۋازلىرى ئاستا ـ ئاستا بېسىلىشقا باشلىغاندا، ئون نەچچە مىل دائىرە ئات ۋە ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئېلىشىش ئەڭ قاتتىق بولغان جايلاردا، پولشا ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتلىرىنىڭ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. نېمىسلارنىڭ تانكىلىرى خۇددى گۆش توغراش ماشىنىسىدەك، قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى كۆرۈنۈش پولشا ئۇرۇشىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى.

گېرمانىيە، بېرلىن.

1939 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر كېچىدە، گىتلېر ئۆزىنىڭ باش مىنىستىرلىك بىناسىدىكى ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىدىن ئامېرىكا ئاملىق پويىزنىڭ مەخسۇس ۋاگونىغا يۆتكەلدى.

گېرمانىيە تۆمۈريولى ئەزەلدىن بۇنداق ۋاگونلارنى توشۇپ باقمىغانىدى؛ ئىككى تەرەپتە ئىككى پاراۋوز 14 ـ، 15 ـ ۋاگوننى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ۋاگونلارنىڭ كەينىدە يەنە ئېغىر

www.uyghurkitap.com

قوراللار، زىننەت توپ زەمبىرەكلىرى بېسىلغان مەخسۇس ۋاگونلارمۇ بار ئىدى.

گىتلېرنىڭ مەخسۇس ۋاگونى ئەڭ ئالدىدا ئىدى. ۋاگون چوڭ ـ كىچىك ئۈچ ئۆيگە: بىر مېھمانخانا، بىر يۇيۇنۇش ئۆيى، بىر ھۇجرىغا بۆلۈنگەنىدى. مېھمانخانىغا ئۇزۇن بىر ئۈستەل، ئۈستەل ئەتراپىغا سەككىز ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. ۋاگوننىڭ قالغان قىسمىدا يەنە تۆت ئىخنىز ئۆي بار بولۇپ، ئۇلاردا ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن خىزمەتچىلىرى تۇراتتى. باشقا ۋاگونلارغا ئاشخانا، قوغدىغۇچىلار، خۇسۇسىي رازۋېتچىكلىرى، دوختۇرلار، ئاخبارات مۇخبىرلىرى ۋە زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلار جايلاشقانىدى. يوسف فون رىببېنتروپ، ھانس لاممېرس، ھېنرىچ ھىملېر ئولتۇرغان «ھېنرىچ» ناملىق يەنە بىر پويىز ئۇنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتاتتى. گېرىنگنىڭ «ئاسىيا» ناملىق مەخسۇس پويىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ھەم راھەت ئىدى. ئۇ پويىز گېرىنگ بىلەن بىللە پوتىسدامنىڭ يېنىدىكى ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا قالغانىدى.

گىتلېر ئولتۇرغان ۋاگوننىڭ پائالىيەت مەركىزى ئۇنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ۋاگوننىڭ كەينىدىكىلا «قوماندانلىق ۋاگون» دا ئىدى. يىغىن ئۆيى ئۇزۇن ۋاگوننىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. يىغىن ئۆيىدە ئاساسەن خەرىتىلا بار ئىدى. ۋاگوننىڭ قالغان يېرىمى گىتلېرنىڭ ئالاقە مەركىزى بولۇپ، بۇ مەركەز تېلېگراما، سىمسىز تېلېفونلار ئارقىلىق ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىق شتابلىرى، ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى ۋە باشقا ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى: گىتلېر ئۇخلىغاندىن باشقا چاغدىكى پۈتۈن ۋاقتىنى ئاشۇ تار، تىنچىق ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق چاغلاردا، گىتلېرنىڭ ئاساسلىق ئادىيۇتانتى رودولف شمىت ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان

زىيارەتچىلەرنى ئىچكىرىگە پەقەتلا كىرگۈزمەي توسۇپ قالاتتى.
ۋىلىيام كېتېل ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالفرېد يودلىنى بىرىنچى قېتىم گىتلېرگە مەشەدە تونۇشتۇرغانىدى. ئالفرېد يودلى باۋارىيىدىكى تاغلىق رايون ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان، ئېغىر - بېسىق، ئاپپاق باش ئادەم ئىدى، گىتلېردىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنىگىچە گىتلېرنىڭ ئاساسلىق تاكتىكا مەسلىھەتچىسى بولۇپ كەلگەنىدى (ئۇرۇشتىن كېيىن، يودلىنى ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىغا ئېلىپ بېرىپ، غەربنى قوغداش توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالغان، كېيىن نيۇرنبېرگدا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قاتارىدا سوتلىنىپ دارغا ئېسىلغان).
يودلى خەرىتە قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان يەردە ئولتۇراتتى، كېتېل ئۆز ئورنىدا ئىدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالاقىچىسى نىكولاس فون فورمان ئۈستەلنىڭ ئۇچ تېلېفون قويۇلغان يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇراتتى.
خۇددى باش مىنىستىر بىناسىغا ئوخشاش، پويىزدىمۇ ناتسىستلارنىڭ كىيىمنى كىيىپ يۈرۈش بەلگىلەنگەنىدى. گىتلېرنىڭ ئاديۇتانتىدىن باشقا، ھەتتا گىتلېرنىڭ يېقىندىن تەيىنلىگەن قوماندانى رومېلمۇ بۇ ۋاگوندا ياتالمايتتى. گىتلېر دائىم ئەتىگەن سائەت 9 دا قوماندانلىق ۋاگونىدا پەيدا بولۇپ، يودلىنىڭ چۈشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىلىق بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلايتتى، ئايروپىلان بىلەن بېرلىندىن ئېلىپ كېلىنگەن خەرىتىنى كۆرەتتى. فون فورماندىن سورايدىغىنى كۆپرەك غەربىي سەپتىكى خەتەرلىك ۋەزىيەت ئىدى، چۈنكى 480 كىلومېترلىق مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى 30 دىۋىزىيىنىڭ 12 دىۋىزىيىسى كارغا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فرانسىيە 110 دىۋىزىيە ئەسكىرى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكىن، گىتلېرنىڭ باھالىغۇچىلىرى ئېلان قىلغان بارلىق پەرەزلەرنىڭ ئەكسىچە، غەربىي سەپ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە جىمجىت ئىدى.

4 ـ سېنتەبىردە، كۆرگەن ئادەمنى سۈر باسىدىغان فون فورمان مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«بۇ چاغدا، غەربتە بىر مەيدان تەشۋىقات جېڭى باشلىنىپ كەتتى. داھىيمىز ئۆزىنىڭ يولىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامدۇ؟ ئاڭلىساق، فرانسىيىلىكلەر سائاربرىيۇككېندا، ‹بىرىنچى پاي ئوقنى ھەرگىز بىز ئاتمايمىز› دەپ خەت يېزىلغان بىر بايراقنى چىقىرىپ قويۇپتۇدەك. بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا ئاشكارا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەردە بولماسلىق توغرۇلۇق قاتتىق بۇيرۇق بار ئىدى، لېكىن مەن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىدىم.»

بۇ ھەقىقەتەن بىر تېپىشماق ئىدى. پولشا پۈتۈنلەي گۇمران بولۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاندىمۇ، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى شۈملۈق چىقىپ تۇرغان گەپلەرنى قىلىپ تۈۋلىشىپ يۈرۈشتى. پۇرسەت قولدىن كېتىۋاتسىمۇ ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاپمۇ قويۇشمىدى.

پولشا ئۈچ ھەپتە ئىچىدە رەھىمسىزلىك بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىندى. ئۇنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىمۇ، ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ۋەدىلىرىمۇ ئۇنى مۇقەررەر مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

ستالىن بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ قاتتىق زىلزىلىگە كەلدى. ئەمما گىتلېرنىڭ ئۆز ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلمەسلىكىگە بولغان ئېتىقادى تەۋرەنمەس ئىدى. ئۇلار پولشاغا پومېرانىيە بىلەن شەرقىي پرۇسسىيىدىن، سلېزىيە بىلەن سلوۋاكىيىدىن ھۇجۇم باشلاپ، پولشالىقلارنى ھېچقانداق بىر جايدىن مۇستەھكەم بىر ئالدىنقى سەپ

قۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. ماشىنا، تانكا، بومباردىمانچى ئايروپىلان دېگەنلەر ئۇرۇشتا ئالاھىدە قوشۇن ھېسابلانماسلىقى كېرەك ئىدى، ئەمما پولشا ئۇرۇشىدا شۇنداق بولدى. گىتلېرنىڭ برونېۋىك ۋە ماشىنىلاشقان قوشۇنى ئاجىز پولشانىڭ غەربىي سېپىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. پولشا قوشۇنلىرىنى ۋېستولا دەرياسىنىڭ غەربىگە توپلىنىۋاتقان چاغدا قورشىۋالدى. پولشا بىرىنچىدىن ۋەتىنىنى قوغداپ قېلىش؛ ئىككىنچىدىن بېرلىنغا شىددەت بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە قوشۇنىنى شۇ جايغا توپلىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شۇنداق قىلغاندا گېرمانىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناتسىستلارغا قارشى ئىنقىلاب قوزغىلىدىغان بولاتتى. پولشا ھۆكۈمىتى بۇ نۇقتىغا بالىلارچە ئىشىنىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە نېمىسلارنىڭ پەرەز قىلغان ئىشلىرى توغرا چىقتى. پۈتۈن بىر ياز خەرىتىگە قاراپ تۇرۇپ پىلانلىغان ئىشلىرى 1939 - يىلى سېنتەبىردە پولشا سازلىقلىرى بىلەن تۈزلەڭلىكلىرىدە ئەمەلگە ئاشتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەخسۇس پويىز جەنۇبىي سەپكە قاراپ يۈزلەندى. ۋاگون سىرتىدىكى ھاۋا سېنتەبىرنىڭ ئىسسىق تەپتى ۋە چاڭ - توزانلار بىلەن تۇرغۇسىز ئىدى. گىتلېرنىڭ ئادەملىرى كەچكىچە تىنجىق ۋاگون ئىچىدە تىنماي ئىشلىشەتتى، گىتلېرنىڭ كەيپىياتىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ مەخسۇس ۋاگوندىن ئايرىلىپ، كېچىدە كېلىپ ئارام ئالاتتى. ئۇ چاغلاردا، ئالدىنقى سەپتىلا ئۇرۇش بولۇپ قالماي، ئارقا سەپتىمۇ پولشانىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاھالە خەلقى پارتىزانلىق ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇسلارمۇ مەھبۇس كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، قوللىرىغا قورال ئېلىپ نېمىس تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ گىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، پولشانىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا،

www.uyghurkitap.com

ئورمانلىقلىرىدا يورۇۋەردى.

«دۆلەت باشلىقىمىز ئالدىنقى سەپتە!» دېگەن بۇ خەۋەر جەڭچىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتماقتا، پولشا خەلقىنىڭ بولسا غەزەپ - نەپرىتىنى ئۇلغايتماقتا ئىدى. بىر قېتىم، گىتلېر ماشىنىسىنى تاشلاپ، ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتى. نېمىس ئەسكەرلىرى ئۇ تۇرغان دۆڭلۈككە يىغىلىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. پولشانىڭ توپچى قىسىملىرى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بۇ پاتىپاراقچىلىقنى كۆرۈپ، دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى پەملىدى - دە، ئۇن نەچچە مىنۇتتىن كېيىن پۈتۈن توپ كۈچىنى ئاشۇ دۆڭگە قاراتتى. توپ ئوقلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، گىتلېرنىڭ تۇرغان يېرىگە بىرسىمۇ چۈشمەي گىتلېر هايات قالدى. بۇمۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئەجىلىنىڭ توشمىغانلىقىدىندۇر، بولمىسا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى يېڭى پارتلاپ ئۇزاققا بارمايلا ئاياغلاشقان بولاتتى.

گېرمانىيە قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدىكى هۇجۇمىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بىلەن پولشا قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. جەنۇبىي قاناتتىكى 14 - گورۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن شىمالىي قاناتتىكى 8 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ هىمايىسى بىلەن كۈچلۈك برونېۋىك قوشۇن ۋېستولا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا يۈرۈش قىلىپ، پولشانىڭ غەرب ۋە جەنۇب لىنىيىلىرىنى تېز سۈرئەتتە بۆسۈپ ئۆتۈپ، پولشانىڭ «لىرس» ۋە «كراكوۋ» ناملىق ئىككى گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى ۋارشاۋانىڭ بوسۇغىسىغا قىستاپ كەلدى. شىمالىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىگە تەۋە 3 -، 4 - كورپۇس ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى پومورىز بىلەن شەرقىي پرۇسسىيىدىن چىقىپ گلوچوس تەرەپتىن قىسىپ كەلدى. 5 - سېنتەبىردە،

گېرمانىيە قوشۇنى پولشا كارىدورىنى بۆلۈۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، پولشانىڭ پومورىزدىكى گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى قورشىۋالدى ۋە يوقاتتى. ئارقىدىن 4 ـ ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق كۈچى شەرقتىن ۋېستولا دەرياسىدىن ئۆتتى، 3 ـ ئارمىيە شەرقىي پرۇسسىيە ئارقىلىق جەنۇبقا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن لىنا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ۋارشاۋانى شەرق تەرىپىدىن باشلاپ مۇھاسىرىگە ئالدى.

بۇ ئۇرۇش پولشا ئۈچۈن بىر ئاپەت، پاجىئە ئىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ياسالغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى گېرمانىيە زەمبىرەكلىرىنىڭ توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە پولشا ئارمىيىسىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە تەگرىنىڭ دەرگاھىغا راۋان بولدى. پۈتۈن قوشۇننى بىرىنچى سەپكە قويۇشنىڭ ئۆزى پولشا ئالىي قوماندانلىق ئورنىنىڭ نادانلىقى ۋە بىلىمسىزلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. قاتمۇ قات مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بۇ شارائىتتا، بىرىنچى سەپ بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن دۈشمەننى باشقا جايدا توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، پولشانىڭ ئالىي قوماندانى گېرمانىيىنىڭ تانكا ـ برونېۋىكلىرىنى قەلەيدىن ياسالغان، ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز ئۇلارغا تېتىيالايدۇ، دەپ ئويلىغان.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمىگەن پولشا ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە كەينىگە چېكىنىپ، دىۋىزىيە ـ دىۋىزىيە بويىچە مۇھاسىرىگە چۈشۈشكە، يوقىتىلىشقا باشلىدى. ئۈنۈملۈك ھالدا مۇداپىئە كۈچلىرىنى تەشكىللەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھۇجۇم قىلىشتىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايتتى، پولشا ئەسكەرلىرىنى كۈتۈۋاتقىنى ئۆلۈم، تۇتقۇنلۇق ۋە جازا لاگېرلىرى ئىدى.

ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ غەربىي سەپتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشى پولشانى تېخىمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتۇردى.

1 ـ سېنتەبىردە ئۇرۇش پارتلىدى، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە تۇرغۇن ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، 3 ـ سېنتەبىردە ئاندىن گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ غەربىي سەپتە ئاران يىگىرمە دىۋىزىيىلا ئەسكىرى بار ئىدى، لېكىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە مىدىرلىمىدى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىستىھكاملىرىدا يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى بىر ـ بىرىگە، بىز بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلمايمىز، دەپ ۋارقىرىشىپ تۇراتتى.

پولشا ئۆزۈل ـ كېسىل ئۈمىدسىزلىككە پاتتى. ھەتتا ھاۋادىن بولسىمۇ ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان تەلەپلىرىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن رەت قىلىندى.

5 ـ سېنتەبىردە، پولشا ئارمىيىسىنىڭ ۋېستۇلا دەرياسىنىڭ غەربىدە قاپسىلىپ قېلىپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىشتەك يامان تەقدىرگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، باش قوماندان مارشال سىمگېۋ قوشۇنلىرىنى ۋېستۇلا دەرياسىنىڭ شەرقىغە چېكىنىپ، ۋىستۇلا ـ سان دەريالىرىدا مۇداپىئە لىنىيىلىرى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پولشا ھۆكۈمىتى بىلەن ئالىي قوماندانلىق ئورنى ۋارشاۋادىن ئالدىراش ـ تېنەش چېكىنىپ چىقىپ لىيۇبلىنغا كۆچتى.

پولشانىڭ بىر پەشۋاغا يارىمىغانلىقى بىلەن گېرمانىيىمۇ ھەم پولشامۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى.

6 ـ سېنتەبىردە، فون فورمان گىتلېرغا شۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ قالغان قوشۇنى توشقانغا ئوخشاپ قالدى، ئەمدى بىر مۇشتقا يارىمايدۇ، ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇرۇشنى ئاياغلاشتى دېسەكمۇ بولىدۇ.»

پولشانىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى 9 ـ سېنتەبىردە لىنا، ۋېستۇلا، سان دەريالىرىدا داۋاملىق مۇداپىئەدە تۇردى. زاپاس تۇرۇۋاتقان «پرۇسسىيە» قوشۇنى ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭگە ئاتلاندى. پوسنان گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ «توشقان» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، 9 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ بوزۇرا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى نېمىسلارنىڭ 8 ـ ئارمىيىسىگە يان تەرەپتىن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى، ئاندىن ۋارشاۋانى ساقلاۋاتقان ئارمىيە بىلەن قوشۇلماقچى بولدى. گېرمانىيە قوشۇنى ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرىكى ئەڭ خەتەرلىك بىر پەيتكە دۇچ كەلگەندى.

نېمىس ئارمىيىسى ۋېستۇلا دەرياسىنىڭ غەربىدە ئۇلارنىڭ پىلانىغا قارشى پىلان تۈزدى. جەنۇب گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى 8 ـ ئارمىيىگە ئارقىغا چېكىنمەي، پولشالىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، پولشا ئارمىيىسىنىڭ غول كۈچىنى ۋېستۇلا دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قىزىقتۇرۇش توغرۇلۇق جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا 12 دىۋىزىيىنى جىددىي يۆتكەپ، تېز سۈرئەتتە «پوسنان» ۋە «پوموربىز» ئارمىيىلىرىنى قورشىۋالدى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، 18 ـ سېنتەبىردە، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم پولشا ئەسكەرلىرىدىن باشقا 120 مىڭ ئەسكەر تولۇقى بىلەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ۋېستۇلا دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابى پولشا ئارمىيىسىگە دەم ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بەرمەي، تاغارنىڭ ئاغزىنى يەنە بىر قېتىم يوغان ئېچىپ قويدى. گېرمانىيىنىڭ 14 ـ ئارمىيىسى 11 ـ سېنتەبىردە سان دەرياسىدىن جىددىي شىمال تەرەپكە ئۆتۈپ، 15 ـ سېنتەبىر كېچىدە، لىۋبلىن رايونىدىكى توماسوۋنى ئىگىلىدى. شىمال گۇرۇپپىۋوي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ كورپۇس ئارمىيىسى بۇگ دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، 15 ـ سېنتەبىردە برېستنى بېسىۋالدى. 17 ـ سېنتەبىردە، جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى چوڭ قوشۇن خېلىمدا ئۇچرىشىپ، پولشا ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم قوشۇنلىرىنى تاغارنىڭ ئىچىگە سولاپ بولدى. شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن، پولشا قوشۇنى ئاخىر 18 ـ سېنتەبىردە پۈتۈنلەي گۇمران بولدى. توققۇز پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، قالغان 11 دىۋىزىيىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتىلدى. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش بىلەن، پولشا ئارمىيىسى قارشىلىق بىلدۈرۈش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

پولشا گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە نېمە قىلدى؟ گېرمانىيە ئارمىيىسى شەرتنامىنى يىرتىپ تاشلاپ پولشاغا تاجاۋۇز قىلغاندا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىغا سوزۇش سىياسىتىنىڭ خاتالىقىنى تېخىچە سەزمەي، چېخوسلوۋاكىيىنى سېتىۋېتىشتىن ئىبارەت كونا چارىسى بىلەن گېرمانىيە ـ پولشا توقۇنۇشىنى «توختىتىپ» قالماقچى، ئاندىن پولشا مەسىلىسىدە يەنە بىر قېتىم «ميۇنخېن» ئويۇنىنى ئوينىماقچى بولۇشقاندى. لېكىن گىتلېر ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئامالسىز 3 ـ سېنتەبىردە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيىگە قارىتا ئۇرۇش ئېلان قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشمىدى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى پولشانىڭ شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلىۋاتقان ئەڭ خەتەرلىك كۈنلەردە پولشاغا بىرمۇ ئايروپىلاننى ياردەمگە

ئەۋەتمىدى. گېرمانىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى پولشاغا يۈرۈش قىلغاچقا، گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە چېگرىسىدا ئۇنىڭ ئازلا ئەسكىرى مۇداپىئەدە ئىدى، پەيت ۋە ۋەزىيەت فرانسىيە ئۈچۈن شۇنچىلىك پايدىلىق ئەھۋالدىمۇ، ئۇلار ئەسكىرىنى مىدىرلاتمىدى، پەقەت تار دائىرىدە «سىمۋول خاراكتېرلىك جەڭ» لەرنىلا قىلىپ قويدى. ئەنگلىيىمۇ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغىنى بىلەن، غەربىي ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا پەقەت تۆت دىۋىزىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ بولدى قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ پولشاغا تۇتقان بۇ خىل مۇئامىلىسىگە ھەتتا گېرمانىيىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىمۇ ھەيران قالدى.

نېمىسلارنىڭ پولشاغا ھۇجۇم قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىققىتىنى قاتتىق قوزغىدى. پولشا تېز ئارىدا پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتقاندا، سوۋېت ئارمىيىسى ئالتە يولغا بۆلۈنۈپ، غەربتىكى چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەربىي ئۇكرائىنا بىلەن غەربىي بېلورۇسسىيىگە بېسىپ كىردى ۋە بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ھۆكۈمەتلىرى كېڭىشىپ، ئىككى تەرەپ پولشا زېمىنىنى نارېۋ ـ ۋېستۇلا ـ سان دەريالىرىنى چېگرا قىلىپ ئىگىلەش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنىڭ شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىگە قوشنا ئېستونىيە، لىتۋا، لاتۋىيە توغرۇلۇقمۇ كېلىشىم ئىمزالىدى. كېيىن بۇ ئۈچ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي چېگرىسىدا يېڭى بىر مۇداپىئە لىنىيىسى شەكىللەندى.

گىتلېر ئىككى تەرەپلەپ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش

ئۈچۈن، شەرقىي سەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىنچلىقنى ساقلاپ كەلدى، ئەمما غەربىي سەپتە يېڭى ئۇرۇش تەييارلىقنى جىددىي ئېلىپ باردى. ھۇجۇم ۋاقتىنى كەينىگە سۆرەش سىياسىتىنى ئاكتىپ يۈرگۈزۈپ كەلگەن، گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزىگە ئۆزى قىلىدىغان بولدى.

# ئىككىنچى باب گىتلېر: رەقىبلىرىمىز-نىڭ پەرىزىدىكى ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك

△ چېرچىل گىتلېرغا تىكىلىپ قالدى

△ گىتلېر خۇشال توۋلىماقتا: بەشىنچى بىرىگادىر ا! بەشىنچى بىرىگادىر ا!

△ نورۋېگىيە مۇنقەرز بولدى

△ بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى چۈش كۆرمەكتە

△ دانىيە تىنچ يول بىلەن قولدىن كەتتى

△ چېرچىل: مېنىڭ ئىسسىق قېنىم، جاپالىق ئەمگىكىم، كۆز يېشىم ۋە قان - تەرىمدىن باشقا كۆپچىلىككە تەقدىم قىلغۇدەك ھېچنەرسەم يوق

△ گىتلېر: چېرچىل ھەقىقىي ئۇرۇش تەلۋىسى

3 - ئىمپېرىيىنىڭ ئايروپىلان، زەمبىرەك، تانكا ۋە موتسىكلىتلىق قوشۇنى پولشانىڭ غەربىنى قىرغىنچىلىققا ئۇچراتقان، «چاقماق» ياۋروپانىڭ ئۇرۇش بۇلۇتلىرى بىلەن قاپلانغان ئاسمىنىنى چېقىپ ئۆتۈپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پەردىسى

ئېچىلىشقا باشلىغاندىلا غەربنىڭ سىياسىي داھىيلىرى، ھەربىي باشلىقلىرى «قاراپ بېقىش» شېرىن چۈشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشتى. لېكىن ئۇلار ئۇ چۈشلىرىدىن ئويغىنىپ يەنە بىر چۈشكە كىرىپ كەتتى: دۈشمەنگە قارىتا داۋراڭ، ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدىغان ھۇجۇم پىلانلىرى كۆپ ئىدى، ھەتتا تېخىمۇ ھىيلىگەر ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان خام خىياللارغىمۇ پېتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا «ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرىقى يېرىم يىل ئىچىدە كىشىلەر جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ، ھەقىقىي جەڭنى زادىلا كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان «تىنچلىق» قا، چۈشىنىپ بولمايدىغان «ئۇرۇش ھالىتى» گە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى.

گېرمانىيە فاشىستلىرى پولشانى يەڭگەندىن كېيىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداش، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى بىخوتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، زور كۆلەمدە «تىنچلىق ھەرىكىتى» ئېلىپ باردى: گىتلېر تىنچلىق توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپ سېتىپ، گېزىت ـ رادىئولاردىمۇ ئۇزۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىنىڭ پولشانى يۇتۇۋالغىنىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغانلا بولسا، گېرمانىيىنىڭ ياۋروپانىڭ باشقا ئورۇنلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن «ئىناۋەتلىك تىنچلىق» ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىتالىيىدىكى مۇسسولىنىمۇ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ گېرمانىيىنىڭ ئاتالمىش «تىنچلىق تەكلىپى» نى قوللاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن كۆز ئالدىدىكى بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گىتلېر بىر تەرەپتىن «تىنچلىق» دەپ تۇۋلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي سەپكە بولغان ھۇجۇم تەييارلىقىنى كۈچەيتتى. 1939 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گېرمانىيە ئىككى گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك

ئورگىنىنى، بەش گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى، 47 دىۋىزىيىنى (توققۇز تانكا دىۋىزىيىسى بىلەن تۆت موتسىكىلىت دىۋىزىيىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) پولشا بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن غەربىي چېگرىغا يۆتكىدى. غەربىي ياۋروپانىڭ شىمالىي قانىتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، گىتلېر ئاۋۋال دانىيە بىلەن نورۋېگىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

گېرمانىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئۇزۇندىن بۇيان شىمالغا تىكىلىپ تۇراتتى. گېرمانىيىنىڭ چوڭ ئوكيانلارغا چىقىدىغان دېڭىز يولى يوق ئىدى. بۇ جۇغراپىيىۋى پاكىت 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئەنگلىيە سۇ مىناسى ۋە چارلىغۇچى پاراخوتلىرى ئارقىلىق سېتلاند تاقىم ئاراللىرىدىن نورۋېگىيە دېڭىز ساھىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ پۈتۈن يېرىنى قاتتىق قامال قىلىپ، قۇدرەتلىك گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك دېڭىزىغا ئۆتۈش يولىنى توسۇۋالغانىدى، بۇ جايدىن ھەتتا گېرمانىيىنىڭ سودا پاراخوتلىرىمۇ ئۆتەلمەيتتى.

شۇڭا، 1939 ـ يىلى ئۇرۇش پارتلىغاندا، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۈچىنچى نومۇرلۇق كاتىپىشى ئادمىرال رولف كارلىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە مارشالى رادېرغا ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ، «گېرمانىيىنىڭ نورۋېگىيە دېڭىز ساھىللىرىنى بېسىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى» تەكىتلەپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىدى.

3 ـ ئۆكتەبىردە، پولشا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنى بېسىۋېلىشنىڭ مۇمكىنلىكى بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى.

گىتلېرمۇ دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك

ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.

دانىيە بالتىق دېڭىزى بىلەن شىمالىي دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. نورۋېگىيە سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شىمال تەرىپى بارېنتس دېڭىزىغا، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدىغان، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بىر دۆلەت ئىدى. ئەگەر گېرمانىيە بۇ ئىككى دۆلەتنى ئىگىلىۋالىدىغان بولسا، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلالايتتى، شۋېتسىيىدىن كىرىدىغان رودىلارنىڭ (گېرمانىيە ھەر يىلى 15 مىليون توننا رودا ئىشلىتەتتى، بۇ رودىلارنىڭ 11 مىليون توننىسىنى نورۋېگىيە ئارقىلىق شۋېتسىيىدىن كىرگۈزەتتى) بىخەتەر توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ جايلارنى غەربتىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە، شەرقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان بازىغىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، نورۋېگىيىنىڭ «دۆلەت مەجلىسى پارتىيىسى» نىڭ كاتىپىشى كىسلىڭ ئاللىبۇرۇنلا نورۋېگىيە بىلەن گېرمانىيىنى بىرلەشتۈرۈپ «گېرمانىيە ـ سكاندىناۋىيە ئورتاق گەۋدىسى» قۇرۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ دەل گىتلېرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى، ئۇمۇ دەل «گېرمانىيە قوشما شتاتى» قۇرۇشنى پىلانلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنى بېسىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەنگلىيىنىڭ شۇ چاغدىكى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل گېرمانىيىنىڭ بۇ مەقسىتىنى بىلىۋېلىپ، ئىچكى كابىنېتتىن ئۆزىنىڭ نورۋېگىيىنىڭ دېڭىز تەۋەسىگە سۇ مىناسى ئورنىتىپ، گېرمانىيىنىڭ دۆلىتىگە رودا توشۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش پىلانىنى تەستىقلاپ بېرىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدى.

لېكىن چېمبېرلىن بىلەن خالىفكسنىڭ نورۋېگىيىنىڭ بىتەرەپلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى خالىماي، نەتىجىدە بۇ تەكلىپ ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇردى.

1939 ـ يىلى 30 ـ نويابىردا، سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ غەرب ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن گېرمانىيە ئۈچۈن بولغان ستراتېگىيىلىك ئورنىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە شوتلاندىيىدە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، فىنلاندىيىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە هازىرلاندى. ئەمما يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى فىنلاندىيىگە نورۋېگىيە بىلەن شۋېتسىيە ئارقىلىقلا بارالايتتى. گىتلېر دەررۇ شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، ئەگەر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى رۇخسەتسىز ئۆتىدىغان بولسا، ئۇلار قاتناشنى قوغدايمىز دېگەن نام بىلەن ئۇ يەردە يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچ تۇرغۇزۇۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيىنىڭ گېرمانىيىنى تۆمۈر رودىسى بىلەن تەمىنلەش ئىشى پۈتۈنلەي توختايتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە گېرمانىيىنى شىمالىي تەرەپتىن قورشىۋالاتتى. بۇنداق بولغاندا ئەهۋال تېخىمۇ جىددىيلىشەتتى.

گىتلېر نورۋېگىيىنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىدكۇن ئابراھام لائۇرىتز كىسلىڭ ئىسىملىك بىر خائىننى تاپتى. ئۇ 1887 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، نورۋېگىيە هەربىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەنىدى، 20 ياش ۋاقتىدا پېتروگرادقا قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئەمەلدارى بولۇشقا ئەۋەتىلدى. 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نورۋېگىيىلىك بۇ ياش ئوفىتسېرنى ئىنتايىن قايىل قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوسلوغا قايتىپ كېلىپ، ئىشچىلار پارتىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ چاغدا ئىشچىلار پارتىيىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ «قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى» تەشكىللەشنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئىشچىلار پارتىيىسى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پىلانىغا ئىشەنمەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۆنىلىشىنى بۇراپ، يەنە بىر قۇتۇپقا قاراپ ماڭدى. ئۇ 1931 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى مايدا، گېرمانىيىدە ئەمدىلا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ نەزەرىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ، «دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پارتىيىسى» دەيدىغان فاشىستىك پارتىيىنى قۇردى. لېكىن، ناتسىستىزم دېموكراتىيىگە باي نورۋېگىيە زېمىنىدا كۆن ئالالمىغاچقا، كىسلىڭ ھەتتا پارلامېنت ئەزاسىمۇ بولالمىدى. نەتىجىدە، سايلامدا ئۆز دۆلىتىدىكى خەلق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت پەيلاسوپى روسېنبېرگ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. بۇ پەيلاسوپ نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ناتسىستلار پارتىيىسى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقى ئىدى. گىتلېرنىڭ بۇ دەسلەپكى ئۇستازى، نورۋېگىيىلىك بۇ ئوفىتسېردىن پۇرسەتكە ئىگە بولدۇم، دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى روسېنبېرگ قىزىققان خام خىياللارنىڭ بىرى يەھۇدىيلار ۋە «شالغۇت» ئىرقلار تۈگىتىلگەن بۈيۈك شىمالىي ياۋروپا ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش

ئىدى. 1939 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ كىسلىڭ بىلەن ئىزچىل تۈردە مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىمەنە پەلسەپىسىنى ۋە تەشۋىقاتىنى سىڭدۈردى.

1939 ـ يىلى ئىيۇندا، ياۋروپانى قويۇق ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىغان ۋاقىتتا، كىسلىڭ لۇبېكتە ئۆتكۈزۈلگەن شىمالىي ياۋروپا جەمئىيىتى يىغىنىغا قاتناشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، روسېنبېرگنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىلا ئەمەس، باشقا جەھەتلەردىمۇ ئۆزىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوسلو بىلەن بېرلىننىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، گىتلېرنىڭ شىمالىي ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش پىلانى ئۈچۈن كەتمەن چاپتى.

دېكابىردا، كىسلىڭ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش پىلانىنى كۆتۈرۈپ بېرلىنگە كەلدى. ئۇ بۇ پىلانغا بېرلىن چوقۇم جىددىي قارايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ پىلانى گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيىنىڭ قوشۇۋېلىش ۋەقەسىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغانىدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە، كىسلىڭنىڭ بەزى ئاتارمەنلىرى گېرمانىيىدە «دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ تەجرىبىلىك، قەيسەر، بۇنداق ئىشلارغا ماھىر ئەزالىرى» تەرىپىدىن جىددىي تەربىيىلىنەتتى. بۇ ئادەملەر تەربىيىلىنىپ نورۋېگىيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئوسلونىڭ ستراتېگىيىلىك تايانچ پونكىتلىرىنى ئىشغال قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئەۋەتكەن قوشۇنلار نورۋېگىيە يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە تەلىپىگە بىنائەن ئوسلوغا يېقىن جايدىكى ئالدىن بەلگىلەنگەن قولتۇقتا پەيدا بولاتتى.

بۇ، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيىنى قوشۇۋېتىش تاكتىكىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكرارلىنىشى ئىدى، ئوخشىمايدىغىنى، سېيس ـ ئىنكۇئارتنىڭ رولىنى كىسلىڭ ئويناۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گىتلېر بىلەن رادېر كىسلىگىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭدا «ئىشەنچلىك تەسىر» قالدۇردى. نورۋېگىيىنىڭ بۇ خائىنى گېرمانىيىلىك خوجايىنلىرىغا شۇنداق دېدى: «ئەنگلىيە ستاۋانگېرغا يېقىن جايدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. كىرىستىئانساند ئەنگلىيىنىڭ بازىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نورۋېگىيىنىڭ هازىرقى هۆكۈمىتى، پارلامېنتى ۋە پۈتكۈل تاشقى سىياسىتى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ئاتاقلىق يەھۇدىي خامبرونىڭ (نورۋېگىيە پارلامېنتىنىڭ رەئىسى) قولىدا.»

ئۇ يەنە ئەنگلىيە بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن گېرمانىيىگە كېلىدىغان تەھدىت ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، ئەنگلىيىدىن بۇرۇن قول سېلىش ئۈچۈن، زۆرۈر بازىلارنى گېرمانىيە قوراللىق قوشۇنىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىز بويلىرىدىكى پۈتكۈل تۆمۈريول، پوچتا ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەقسەتتە قولغا كەلتۈرۈلۈپ بولدى.» ئۇنىڭ يەنە بىر خائىن هاگېلىن بىلەن بېرلىنغا بېرىشتىكى مەقسىتى «يېقىن كەلگۈسىدە گېرمانىيە بىلەن ئېنىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش»، يىغىن چاقىرىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئوسلوغا قوشۇن يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

گىتلېر شىمالىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىنى قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، 1940 ـ يىلى 27 ـ يانۋاردا دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە هاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ بىردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇشى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى. بۇ ھەرىكەت پىلانى «ۋېسې مانېۋرى» دەپ ئاتالدى ۋە بۇ مانېۋرغا شىمالىي ياۋروپادا ئۇرۇشقا قاتناشقان گېنېرال خالكېنفورتنى باش قوماندان قىلىپ بېكىتتى. گىتلېر بۇ قوماندانغا قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئۇنىڭغا بەش دىۋىزىيە بېرىدىغانلىقىنى، هازىرقى مەقسىتىنىڭ

نورۋېگىيىنىڭ بىرنەچچە پورتلىرىنى ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، گىتلېر 1 ـ مارت كۈنى «ۋېسېر مانېۋرى» توغرۇلۇق مۇتلەق مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

1. سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنى ئىشغال قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىغا، بالتىق دېڭىزىغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش، بىزنىڭ شۋېتسىيىدىن توشۇيدىغان تۆمۈر رودىمىزنى قوغداش ۋە ئۇ جايلارنى دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىمىزنىڭ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىشىدىكى بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىمىز شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى توسۇپ، بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ بىخەتەر ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت.

سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلىرىمىزنى شىمالدىكى دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «ۋېسېر مانېۋرى» غا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسكىرىي كۈچ قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى. سان جەھەتتىكى ئاجىزلىقنى دادىل ھەرىكەت ۋە ئۇستىلىق بىلەن غەلىبە قىلىش ئارقىلىق تولۇقلاش كېرەك.

پرىنسىپ جەھەتتە، شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىنى قورال بىلەن قوغداش ھەرىكىتىمىزنى تىنچ يول بىلەن ئىشغال قىلىش ھەرىكىتى قىلىپ كۆرسىتىشىمىز لازىم. مۇناسىپ تەلەپلەر ئىشغالىيەتنىڭ دەسلەپكىدە مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداقتىمۇ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىلسە، قارشىلىقنى ھەربىي كۈچ بىلەن بىتچىت قىلىش لازىم.

2. 21 ـ پىيادىلەر دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى فون خالكېنفورتنى دانىيە بىلەن نورۋېگىيە ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەيمەن.

ئۇ قوماندانلىق مۇناسىۋىتىدە بىۋاسىتە مېنىڭ قول ئاستىمدا بولىدۇ. باش شتاب ئۇنىڭغا لازىملىق خادىملارنى تولۇقلاپ بەرسۇن، تولۇقلىنىدىغان خادىملار دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ قوشۇنى ئىچىدىن تاللانسۇن.

«ۋېسې مانېۋرى» لايىھىسىگە كېرەكلىك ئەسكىرىي كۈچ مەسىلىسىدە يەنە ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلىدۇ.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ فلوتلىرى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى يەنىلا دېڭىز ئارمىيە ياكى ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. ئۇلارنى ئىشلەتكەندە، 21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى بىلەن مەسلىھەتلىشىشلىرى شەرت. رازۋېت ئايروپىلانلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى (F) بىلەن دالا ئاتلاپ يۈرۈش قىلالايدىغان ماتورلاشقان زېنىت توپ باتالىئونىدىن ئىككىسى بۇ بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئۇلار تاكى دانىيىنى ئىشغال قىلغۇچە 21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ تەركىبىدە بولىدۇ.

21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى ھەرقايسى قوشۇنلار تەمىنلەيدۇ.

3. دانىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈش ۋە نورۋېگىيە قورۇقلۇقىغا چىقىشتا چوقۇم ھەرىكەت بىردەك بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىمكان بار تېز ئىشلەنسۇن. ئەگەر دۈشمەن نورۋېگىيىگە قارىتا بىزدىن بالدۇر ھەرىكەت قوللانسا، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلىرىمىز دەررۇ ئىشقا سېلىنسۇن.

ئەڭ مۇھىمى، بىزنىڭ تەدبىرلىرىمىزدىن شىمالدىكى

دۆلەتلەر بىلەن غەربتىكى رەقىبلىرىمىز تاسادىپىيلىق ھېس قىلىدىغان بولسۇن. ھەر تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، بولۇپمۇ دېڭىز فلوتلىرى ۋە باشقا قوشۇنلارنىڭ يىغىلىش ئۇسۇللىرىنى بېكىتكەندە، قوشۇنلارغا ئەھۋال تونۇشتۇرغان ۋە قوشۇنلار پاراخوتلارغا چىقىۋاتقاندا بۇ نۇقتىنى ئوبدان ئويلىنىشى كېرەك. ئەگەر پاراخوتقا چىقىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىدە مەخپىيەتلىكنى قايتا ساقلىغىلى بولماي قالسا، كوماندىرلار بىلەن قوشۇنغا ھۇجۇم نىشانلىرىنى دەپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ پاراخوتلار پورتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن بولۇشى شەرت.

4. دانىيىنى ئىشغال قىلىش («جەنۇبىي ۋېسىر مانېۋۇرى»)

21 ـ گورۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى، دۈشمەن تەييارلىقسىز تۇرغاندا يوتلاندىيە يېرىم ئارىلى بىلەن فيۇنېن ئارىلىنى، ئارقىدىن گوران ئارىلىنى بېسىۋېلىش.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ مۇھىم تايانچ پونكىتلارنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولغان ئەھۋال ئاستىدا، سكاگېن بىلەن فيۇنېن ئاراللىرىنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىغا تېزدىن يېتىپ بېرىش كېرەك. زېلاندىيە ئارىلىدا، ئالدى بىلەن مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلەش لازىم. بۇ ئورۇنلار كېيىنكى ھەرىكەتنىڭ بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

دېڭىز ئارمىيىسى نېبا ـ كورسا ئارىلىقىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى ئوبدان قوغداپ، كىچىك بېلت بوغۇزىنى تېز ئىگىلىشى، زۆرۈر بولغاندا قورۇقلۇققا چىقىدىغان ئەسكىرىي كۈچنى يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز بويلىرىنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنى پۇختا ئىشلىشى شەرت.

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ئەسكەرلىرى قوشۇنى ئاساسەن كۈچ كۆرسىتىش ۋە ھاۋادىن تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تاشلاش ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

5. نورۋېگىيىنى ئىشغال قىلىش («شىمالىي ۋېسې مانېۋرى») 21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى، دېڭىز ئاسمىنى ئارقىلىق پاراشوتچى قىسىملىرىنى تاشلاش، دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇنلارنى ئۇشتۇمتۇت بېسىۋېلىش.

قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قوشۇنلار بىلەن كېيىن ئوسلوغا يار دەمگە ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەرنى ۋە ئۇلارنى دېڭىز ئارقىلىق توشۇشنى دېڭىز ئارمىيىسى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

نورۋېگىيە ئىشغال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋا مۇداپىئەسىنى تەشكىللەيدۇ ھەم نورۋېگىيە بازىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيىگە قارىتا ھاۋادىن ھۇجۇم باشلايدۇ.

6. 21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ۋاقتىنىڭ جەدۋىلىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ۋېسې مانېۋرى» لايىھىسىنىڭ يۇقىرىقى چۈشۈرۈلگەندىن باشلاپ ھەرىكەت باشلانغۇچە بولغان ئارىلىققا كېتىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىشى شەرت.

دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلگەن قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى مەلۇم قىلىنىسۇن.

پارول: ۋېسې كۈنى = ھەرىكەت كۈنى

ۋېسې ۋاقتى = ھەرىكەت ۋاقتى

(ئىمزا) ئادلف گىتلېر

1939 ـ يىلى نويابىردا سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلىغان چاغدىلا ئەنگلىيە فىنلاندىيىگە يار دەم بېرىش باھانىسى بىلەن شىمالىي ياۋروپانى كونترول قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق

گېرمانىيىگە زەربە بېرىشنى پىلانلىغانىدى. چېرچىل بۇ توغرۇلۇق شۇنداق دېگەن: «مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ پايدىلىق يېڭى شامالنى قارشى ئالغان. بىز بۇ ئارقىلىق ستراتېگىيىلىك ۋاستىمىزنى قوللىنىپ گېرمانىيىنىڭ تۆمۈر رودىسى تەمىناتىنى ئۈزۈپ تاشلىيالايتتۇق.» 1940 ـ يىلى 27 ـ يانۋاردا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە پارىژدا ھەربىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ نارۋېكنا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، شۋېتسىيىدىن كېلىدىغان تۆمۈر رودىلىرىنى كونترول قىلغانىدى. لېكىن سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى دەل شۇ چاغدا توختاپ قېلىپ، نەتىجىدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئەسكەر چىقىرىشقا باھانە تاپالماي قالدى. بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

14 ـ فېۋرالدا، گېرمانىيىنىڭ گراف سىپ ناملىق پاراخوتىنىڭ تەمىنات پاراخوتى «ئارتماق» 300 دەك ئەنگلىيە ئەسىرىنى ئېلىپ جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكياندىن قايتىش يولىدا نورۋېگىيە دېڭىز تەۋەسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ رازۋېتكا ئايروپىلانلىرى بايقاپ قالدى. دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى فىلىپ ۋىئاننى «كازاك» نامىلىق قوغلىغۇچى پاراخوت بىلەن بېرىپ ئۇ پاراخوتنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. گېرمانىيە پاراخوتى قورقۇپ كېتىپ، ستاگ بىلەن كرىستىئاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نورۋېگىيىنىڭ يوسىن قولتۇقىغا باشپاناھلىق تىلەپ بېرىۋالدى. لېكىن ئەنگلىيە پاراخوتى نورۋېگىيە زەمبىرەكلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، دېڭىز قولتۇقىغا بۆسۈپ كىرىپ گېرمانىيە پاراخوتىنى ئەسىر ئالدى ۋە پاراخوتتىكى ئەنگلىيە ماتروسلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. گەرچە نورۋېگىيە ئەنگلىيىنىڭ ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىگە كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن گىتلېر «ئارتماك» نامىلىق پاراخوت ۋەقەسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نورۋېگىيىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ گوپپاڭچىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى، كەلگۈسىدىكى جەڭلەردە ئۇ ئەنگلىيىنىڭ ئۆز دېڭىز تەۋەسىدىكى گېرمانىيىگە بولغان قوراللىق ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز قارشى تۇرمايدۇ. شۇڭا نورۋېگىيىنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىنى ساقلاشنىڭ گېرمانىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى قالمىدى، دەپ ھېسابلىدى.

2 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن، گىتلېر گېرىنگ، رادېر ۋە خالكېنفورتلار بىلەن ئۇزاق مەجلىس ئاچقاندىن كېيىن، رەسمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، «ۋېسې مانېۋرى» نى 9 ـ ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن سائەت بەشتىن چارەك ئۆتكەندە باشلاشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە بۇيرۇق چىقىرىپ «ئىشغال قىلىنىۋاتقاندا دانىيە ۋە نورۋېگىيە پادىشاھلىرىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نى بەلگىلىدى. شۇ كۈنى ئالىي قوماندانلىق شتابى بۇ مەخپىي پىلاننى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئۇقتۇرۇپ، رىببېنتروپقا تەپسىلىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا دىپلوماتىك تەدبىر قوللىنىپ، دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنى گېرمانىيە قوشۇنلىرى يېتىپ بارغاندا ئۇرۇش قىلمايلا تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈش ھەمدە گىتلېرنىڭ ئەڭ يېڭى تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاقلايدىغان بەزى سەۋەبلەرنى ھازىرلاپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ئىشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، دېڭىز ئارمىيىسىمۇ ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە ترانسپورت پاراخوتلىرىنى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىدەك نىقابلىۋالدى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنىمۇ ئېسىۋېلىشتى. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى مەخپىي بۇيرۇقلىرىدا، نورۋېگىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئالدامچىلىق قىلىش ۋە نىقابلىنىش توغرىسىدا تەپسىلىي

بەلگىلىمىمۇ چىقاردى.

شۇنىڭ بىلەن، 1940 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل ئەتىگەن سائەت بەشتىن 20 مىنۇت (دانىيە ۋاقتى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن 20 مىنۇت) ئۆتكەندە، يەنى تاڭ يورۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى، گېرمانىيىنىڭ كوپېنھاگىن بىلەن ئوسلودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى دانىيە ۋە نورۋېگىيە ھۆكۈمەتلىرىگە گېرمانىيىنىڭ ئۇلتىماتۇمىنى تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي دەرھال «گېرمانىيىنىڭ قوغدىشى» نى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ئەسلەتمىدە، گېرمانىيە دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدى، دېيىلگەنىدى. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«شۇڭا گېرمانىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيە زېمىنىغا دۈشمەن سۈپىتىدە كەلگەن ئەمەس. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلانمىسىلا، ئۆزى ئىشغال قىلغان ئورۇنلارنى ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بازىسى قىلىش نىيىتى يوق... ئەكسىچە، گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشتىكى مەقسىتى — شىمالنى قوغداپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ نورۋېگىيە بازىسىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر...

گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيە بىلەن نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى مۇناسىۋەتلىرىگە ئاساسەن، نورۋېگىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىگە شۇنى جاكارلايدۇكى، مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، گېرمانىيە نورۋېگىيىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە سىياسىي مۇستەقىللىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش نىيىتىدە بولمايدۇ.

شۇڭا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەرقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارشىلىق، ئېھتىمالى بولغان بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق زەربىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇنداق قىلىش مۇتلەق پايدىسىز، قائىلىق قۇربان بېرىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.»

بۇ ئۇلتىماتۇم گىتلېر بىلەن رىببېنتروپنىڭ بۈگۈنگىچە يېزىپ چىققان ھۆججەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ نومۇسسىز ھۆججىتى بولسا كېرەك.

1940 ـ يىل 9 ـ ئاپرېل سەھەر، لوندون.

ئەنگلىيە پايتەختى نەم ۋە سوغۇق تۇمان ئىچىدە تۇراتتى. ئورۇنلىرىدىن سەھەردە تۇرغان ئادەملەر كوچىلاردا مېڭىپ يۈرۈشەتتى ياكى مۇھىم ئىشلىرىغا ئالدىرىشىپ كېتىشىۋاتاتتى. ھەممە يەر جىمجىت، ھەتتا كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ چىراغلىرىنى جىمجىت ياندۇرۇپ، خۇددى «ئېغىر ئۇيقۇدا» ياتقان پايتەختنى ئويغىتىۋېتىشتىن قورققاندەك، تىنۇش چىقارماي دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز، بۇ غەلىتە جىمجىتلىقتا غەيرىي بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، گېزىتچى بالىدىن يېڭىلا گېزىت سېتىۋالغان بىرنەچچە تۆرە گېزىتتىكى خەۋەرنى ئوقۇپ ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك سۆزلىشىپ كەتتى.

خەۋەر: تۈنۈگۈن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيە دېڭىز تەۋەلىكىگە كىردى ۋە ئۇ يەرلەرگە گېرمانىيە سودا پاراخوتلىرىنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن سۇ مىنالىرىنى ئورناتتى.

گېزىتتە بۇ ھەرىكەتنى تەبرىكلىگەندىن باشقا، يەنە «نورۋېگىيىنىڭ بىتەرەپ سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان» بۇ ئىش ئاقلانغانىدى. لېكىن، ئون نەچچە مىنۇتتىن كېيىن رادىئودا بىر خەۋەر ئاڭلىتىلىپ، گېزىتتىكى «كونا خەۋەر» گە ئايلىنىپ قالدى ۋە ئۇيقۇدا ياتقان لوندون خەلقىنى پەقەت

رادىئودىكى ئاشۇ خەۋەرلا تولۇق ئويغىتىۋەتتى.

رادىئو: گېرمانىيە ئارمىيىسى نورۋېگىيىنىڭ بىر قانچە يېرىدىن دېڭىز ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە دانىيىنىمۇ بېسىۋالدى.

بەلكىم رادىئودىكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر ئىچكى كابىنېتنىڭ ۋەزىرلىرى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا خەرىتىلەرنى قولىغا ئېلىشقاندۇر. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنچىلىك تېز بولغانىدى. تېخى يېقىندىلا ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە «قايتۇرما ھۇجۇم» قىلىۋاتقان شىمالىي ياۋروپا، ناتسىستلارنىڭ گېلىنى بوغۇپ تۇرغان بالتىق دېڭىزى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ناتسىستلارنىڭ قولىدىكى «زور بىر ئامبۇر» غا ئايلىنىپ كەتكەن، نەتىجىدە، غەربىي ياۋروپا ئۇلارنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن ئولجىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەمدى ئەنگلىيىنىڭ «ئاپەتكە ئۇچرىشى» كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېمبېرلىن تۆۋەن پالاتادا نۇتۇق سۆزلەپ: «گېرمانىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيىنىڭ جەنۇبىدا قورۇقلۇققا چىقىپلا قالماي، غەربىي دېڭىز ياقىلىرىدىكى بېرگېن بىلەن تروندخېمدىنمۇ چىقىشىپتۇ، يەنە بىر مەلۇماتتا نارياكتىنمۇ چىقىپتۇ دېيىلگەن. مەن بۇ مەلۇماتلارنىڭ راستلىقىدىن گۇمان قىلىمەن» دېدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قارىشىچە، گىتلېرنىڭ شۇنچە ئۇزاق بىر جايدىكى كاپىتالىزم دۆلىتىدە يېڭى جەڭ مەيدانى ئېچىشقا جۈرئەت قىلىشى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ ئۇ يەرلەردە كۈچلۈك مىنا تورى ھاسىل قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ ھەرىكەتنى قوللىنىشى ئادەمنى قاتتىق ھەيران قالدۇراتتى. ئەنگلىيىلىكلەر ئاخىر ئۇلارنى جەنۇبتىكى «نارۋىك» نى شىمالدىكى «نارۋىك» دەپ خاتا مەلۇمات ئالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاشتى.

بىراق، بۇ بىر كۈن ئاخىرلاشقىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خام خىياللىرى تېزلا بەربات بولدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلو بىلەن بارلىق پورتلارنى ئىشغال قىلىپ بولغان، ھەتتا نورۋېگىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ستراتېگىيىدە ئورنى ئەڭ مۇھىم بولغان «نارۋىك» نىمۇ بېسىۋالغان، بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلماي قالمىغانىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، «پىكرى چوڭقۇر ۋە ئەمەلىيەتنى كۆپرەك سۆزلەيدىغان» ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى، شۇ چاغدىكى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل تۆۋەن پالاتادا ناھايىتى ياخشى نۇتۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى: «مېنىڭ پىشقان مەسلىھەتچىلىرىم مەن بىلەن ئوخشاش قاراشتا، ھەممىمىز گىتلېر ئەپەندىنى ستراتېگىيە جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزدى، دەپ قارىدۇق... سكاندىناۋىيىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئالغان ساۋاقلىرىمىز خېلى چوڭقۇر بولدى... گىتلېر نورۋېگىيە دېڭىز بويلىرىدا ئىنتايىن يوغان بىر بوپىنى ئۈستىگە ئارتىۋالدى. شۇڭا ئۇ زۆرۈر تېپىلسا پۈتۈن بىر ياز ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ چىقىدۇ، رەقىبلىرىدە بولسا پەۋقۇلئاددە ئەۋزەللىككە ئىگە دېڭىز ئارمىيىلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكىرىي كۈچلىرىنى جەڭ مەيدانىغا توشۇشىمۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاسان. مەن ئۇنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرمىدىم... بىز دۈشمىنىمىزنى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ ستراتېگىيىدە كەتكۈزۈپ قويدى، دەپ ھېسابلايمىز... ئەكسىچە پايدىنى بىز ئالدۇق.»

چېرچىلنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى، كۆپتۇرۇلگەن بىرمۇ ئىش يوق ئىدى. گىتلېر ھەربىي جەھەتتىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە قىلىشنى قىلغان بىلەن، ستراتېگىيە جەھەتتە نورۋېگىيىنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىنى

ساقلاپ قالماقچى بولغانىدى، لېكىن سىرتقى ئامىللارنىڭ بىر قاتار تەسىرلىرى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل ياۋروپا ئۇرۇش لايىھىسىنىڭ ئىچىگە نورۋېگىيە بىلەن دانىيىگىمۇ ھۇجۇم قىلىش پىلانى كىرگۈزۈلۈپ قالدى.

## شىمالىي ياۋروپادىكى جەڭ مەيدانى.

دانىيە تۆت مىليون ئاھالىسى بار كىچىك بىر دۆلەت ئىدى، ئۇنىڭ دۆلەت خەلق ئەسكەرلىرى، دەپ ئاتىلىدىغان ئاجىز قوشۇنىدىن باشقا ئارمىيىسى يوق ئىدى. يېرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، يوتلاندىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئاز بىر قىسمى يېرىلا گېرمانىيە بىلەن تۇتىشاتتى. بۇ گېرمانىيە تانكىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە كىرىشى ئۈچۈن تولىمۇ قولايلىق ئىدى. دانىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ قورقۇتۇشلىرى ۋە بېسىمى بىلەن، تاڭ سەھەر سائەت ئالتىدە گېرمانىيىنىڭ ئۇلتىماتۇمىنى تاپشۇرۇۋېلىپ: «گېرمانىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قېلىش» قا قوشۇلدى. دانىيە پادىشاھى ئارمىيىسىگە قورالنى تاشلاش، قارشىلىقنى توختىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى ھەم گېرمانىيە ئەلچىسىگە ئۇ ۋە دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق ۋە تەرتىپنى ئىمكان بار ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ سۈركىلىپ قېلىشلىرىدىن ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ كوپېنھاگېننى بېسىۋېلىپ، «دانىيىنى تىنچ بېسىۋېلىش» مەقسىتىگە يەتتى.

نورۋېگىيىنىڭ زېمىنى 320 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى ئۈچ مىليون ئىدى، پۈتۈن ئارمىيىسى ئالتە پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگىمۇ يەتمەيتتى، ئەسكىرىنىڭ سانى ئون بەش مىڭچە كېلەتتى، 190 ئايروپىلانى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن 64 پاراخوتى بار ئىدى. نورۋېگىيىنىڭ ئۇرۇش پىلانى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە يىراققا يۇرۇش قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسىنىڭ ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، نورۋېگىيە بىلەن ئەنگلىيە ـ فرانسىيىلەرنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى جەنۇبتا ئۇرۇش قىلىدۇ، غەربىي دېڭىز ياقىلىرىنى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىلىرى قوغدايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. نورۋېگىيە ئارمىيىسى 7 ـ ئاپرېلدا سەپەرۋەرلىك قىلىدىغان ۋە ئارمىيىسىنى يىغىدىغان، 10 ـ ئاپرېلدىن ئىلگىرى پورتلارنى تەييارلاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشلىرىغا زېمىن هازىرلاپ بېرىدىغان بولغانىدى.

ئەنگلىيە هۆكۈمىتى، دانىيە بىلەن نورۋېگىيە ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، ئۇلار قولدىن كەتسە ئەنگلىيە ئۈچۈن قاتتىق تەهدىت، دەپ هېسابلاپ، جەڭدىن ئىلگىرى «ۋىلفرېد جېڭى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىلاننى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ پىلاندا 8 ـ ئاپرېلدا نارۋىك، بېرگېن، تروندخىم، ستاگ قاتارلىق دېڭىز ياقىلىرىدىكى جايلارغا، نورۋېگىيىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكى ئىچىگە سۇ مىناسى ئورنىتىش بەلگىلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەنگلىيە هۆكۈمىتى 5 ـ ئاپرېلدىلا تۇنجى سۇ مىناسىنى ئورنىتىپ بولغان، 7 ـ ئاپرېلدىن باشلاپ ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى نورۋېگىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىشقا باشلىغانىدى.

1940 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن سائەت بەشتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، گېرمانىيە هۆكۈمىتى نورۋېگىيە هۆكۈمىتىگە مەزمۇنى دانىيە هۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان ئۇلتىماتۇمنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بىر ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن «گېرمانىيىنىڭ قوغدىشى» نى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سائەت بەشتىن 52 مىنۇت ئۆتكەندە نورۋېگىيە هۆكۈمىتى: «بىز هەرگىز ئۆزلۈكىمىزدىن تىز پۈكمەيمىز، كۆرەش ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

نورۋېگىيە ئارمىيىسى گەرچە باتۇرلۇق بىلەن قوغدىنىش جەڭلىرىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىگە باغلاپ قويغان بولغاچقا، گېرمانىيە ئارمىيىسى بېسىپ كىرىشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىلا ھەرىكەتكە كېلەلىدى ۋە دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى بىلەن گاڭگىراپ قېلىپ، بىرمۇنچە مۇھىم پورتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

ئوسلو جېڭىدە، نورۋېگىيىنىڭ توپچىلىرى گېرمانىيىنىڭ ئېغىر تىپتىكى چارلىغۇچى پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋېتىپ، گېرمانىيىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، بۇنىڭ بىلەن دېڭىزدىكى ھەرىكەت توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئاخىر بولماي، گېرمانىيە ئارمىيىسى ھاۋادىن ئۈچ مىڭ پاراشۇتچى ئەسكەرنى تاشلاپ، نورۋېگىيىنىڭ ئايرودرومىنى بېسىۋالدى.

1940 - يىلى 9 - ئاپرېلدا، نېمىسلار ئوسلو پورتىنى ئىگىلىۋالدى. پادىشاھ ھاكون VII ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ ھامارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نورۋېگىيە بانكىسىنىڭ ئالتۇنلىرى قاچىلانغان 20 ئاپتوموبىل ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرى قاچىلانغان ئۈچ ئاپتوموبىلمۇ بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقتى. گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قىسمى ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرى پادىشاھ ھاكون بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھاكون VII تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەپ، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى ۋە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

10 - ئاپرېلدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى دېڭىز ياقىلىرىدا ئازراق زىيان تارتىش ھېسابىغا قورۇقلۇققا چىقىش پىلانىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئورۇنلاپ بولدى. گېرمانىيە

قوشۇنلىرى نورۋېگىيىنى جەنۇبتىن شىمالغىچە تازىلاپ تۇرغاچقا، نورۋېگىيە قوشۇنلىرى مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇردى.

گېرمانىيىنىڭ تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلىشى نورۋېگىيىدىكى كىسلىڭ گۇرۇھى تەشكىللىگەن «5 ـ بىرىگادا» نىڭ يېقىندىن ماسلاشقانلىقىدىن ئايرىلمايتتى. كىسلىڭ ئاللىبۇرۇنلا گېرمانىيە ئارمىيىسى نورۋېگىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ گېرمانىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ، «5 ـ بىرىگادا» تەشكىللەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بولغانىدى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئوسلوغا ھۇجۇم قىلغاندا، كىسلىڭ گۇرۇھى ئوت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئوسكاس زەمبىرەك پوتىيىنى پاچاقلىۋەتتى ۋە رادىئو ئىستانسىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىنى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى دەپ جاكارلىدى، يالغان بۇيرۇقلارنى چىقاردى، مۇھىم ئورۇنلارنى قوغداۋاتقان قوشۇنغا، دېڭىز ئارمىيە فلوتلىرىغا نېمىسلارغا تەسلىم بولۇش توغرۇلۇق يوليورۇقلار چۈشۈردى. نارۋىك پورتىنى قوغداۋاتقان كىسلىڭ گۇرۇھىنىڭ ئادىمى — نورۋېگىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى كانداد كوندېرو بىر پاي ئوقمۇ ئاتماي تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. كىسلىڭ گۇرۇھىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلىقى نورۋېگىيە خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغاپ، پۈتۈن ئوفىتسېرلار دېگۈدەك كىسلىڭنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىلدى. كېيىن كىسلىڭنىڭ ئىسمى «خائىن» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆزگە ئايلىنىپ قالدى.

نورۋېگىيە خەلقى نېمىسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىگە شۇنچىلىك موھتاج بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى نېمىسلارنىڭ نورۋېگىيە دېڭىز تەۋەسىگە بۆسۈپ كىرىۋاتقان پاراخوتلىرىنى ئۇنۇملۇك توسمىدى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرى ھەرقايسى پورتلارنى بېسىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ يۆتكەش ئىشلىرى ئاستا، ھەرىكەتتە ئىككىلىنىشلەر كۆپ بولۇپ كېتىپ، نورۋېگىيىگە دەررۇ ياردەم بېرەلمىدى. 14 ـ ئاپرېلدا ئاندىن شىمالدىكى نارۋىكتا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئەمما ئۇلارنىڭ زېنىت توپلىرى كەمچىل، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئايروپىلانلىرى ئاز بولغاچقا، قۇرۇقلۇققا چىقىپلا نېمىس ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قاتتىق چىقىم تارتتى ۋە ئامالسىز ئىچكى قۇرۇقلۇققا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

19 ـ ئاپرېلدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئۈچ دىۋىزىيىسى بىلەن بىر بىرىگادىسى نامسوس بىلەن ۋىندالىستا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، ھەممىسىدىلا چېكىندۈرۈلدى.

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. 27 ـ مايدا، بىرلەشمە ئارمىيە نارۋىكنى ئىشغال قىلدى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ توختىماي بومباردىمان قىلىشى، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تۆت تەرەپتىن قورشىۋېلىشى ۋە گېرمانىيىنىڭ غەربىي سەپتە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، فرانسىيە ۋەزىيىتىنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقى سەۋەبلىك بىرلەشمە ئارمىيە 7 ـ ئىيۇلدا نارۋىكتىن چېكىنىپ چىقتى، نورۋېگىيە پادىشاھى بىلەن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ دۆلەتتىن ئايرىلىپ لوندونغا ماڭدى.

10 ـ ئىيۇندا، گېرمانىيە نورۋېگىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى.

گەرچە نورۋېگىيىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇرغۇن تالاپەت كۆردى. بىر چارلاش پاراخوتى، 11 قوغلاش پاراخوتى، ئالتە سۇ ئاستى پاراخوتى زىيان تارتتى، 5296 ئادەم ئۆلدى. نورۋېگىيە بىلەن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوشما ئارمىيىسىنىڭ 5000 ئادىمى ئۆلدى. ئەنگلىيە بىر ئاۋئاماتكا، بىر ئوكيان پاراخوتى، يەتتە قوغلىغۇچى پاراخوت زىيان تارتتى.

دانىيە بىلەن نورۋېگىيە قولدىن كېتىپ، گېرمانىيە ئەنگلىيىگە دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىدىغان بازىغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە بولغان تەھدىتى ئىنتايىن چوڭ ئىدى.

دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنىڭ يوقىتىلىشى ئەنگلىيىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئەنگلىيە جامائەتچىلىكى چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىنىڭ لاياقەتسىزلىكىگە قاتتىق نارازى بولۇشقا باشلىدى. كونسېرۋاتىپ پارتىيە چېمبېرلىننىڭ قاراپ بېقىش سىياسىتىنى ئەنگلىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب دەپ بىلىپ، بۇ داھىيسىغا ئەمدى ئىشەنمەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، نۇرغۇن ئادەم چېرچىلنى قوللىدى، گىتلېرغا قاتتىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.ۋە ئۇرۇش قىلىشنى قوللايدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

1940 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ماي كۈنلىرى، ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسى ئەنگلىيىنىڭ نورۋېگىيىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۈستىدە قاتتىق بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ باردى. كونسېرۋاتىپ پارتىيىنىڭ ئادەملىرى تۆۋەن پالاتادا 81 ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزۈندىن بىخۇت ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن پارلامېنت بۇ قېتىم چېمبېرلىننى قوللىماي، ئاخىر ئۇ باش مىنىستىرلىك ۋە ـ زىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

10 ـ مايدا، چېرچىل باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، ئۈچ پارتىيىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. 13 ـ ماي كۈنى 65 ياشقا كىرگەن چېرچىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تۆۋەن پالاتادا پۈتۈن ئەنگلىيە خەلقىگە شۇنداق دەپ ۋەدە بەردى: «مېنىڭ ئىسسىق قېنىم، جاپالىق ئەمگىكىم، كۆز يېشىم

ۋە قان ـ تەرىمدىن باشقا كۆپچىلىككە تەقدىم قىلغۇدەك ھېچنەرسەم يوق. سىلەر مەندىن، بىزنىڭ سىياسىتىمىز نېمە؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، بىزنىڭ سىياسىتىمىز — تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان پۈتۈن قابىلىيىتىمىز، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادا كۈرەش قىلىش؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ رەزىل تارىخلىرىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ۋەھشىي بىر ھاكىمىيەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش. بىزنىڭ سىياسىتىمىز مانا مۇشۇ. سىلەر يەنە، بىزنىڭ مەقسىتىمىز نېمە؟ دەپمۇ سورايسىلەر. بۇنىڭغا مەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا جاۋاب بەرسەم، مەقسىتىمىز غەلىبە قىلىش — ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش. ۋەزىيەت قانچىلىك قورقۇنچلۇق، يوللىرىمىز قانچىلىك يىراق ۋە جاپالىق بولسىمۇ، غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.»

چېرچىلنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قاراپ بېقىش سىياسىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، قىلچە ئىككىلەنمەي، فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى.

ۋىنستون چېرچىل 1874 ـ يىلى 30 ـ نويابىردا تۇغۇلغان. بالا ۋاقىتلىرىدا ئىككى تەرەپ بولۇپ جەڭ قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنى ياخشى كۆرەتتى. بىردىنبىر ئارزۇسىمۇ چوڭ بولغاندا ئەسكەر بولۇش ئىدى. لېكىن ياش ۋاقتىدا ئوقۇش نەتىجىسى تولىمۇ تۆۋەن بولغاچقا، ئىمتىھان بېرىپ ھەربىي مەكتەپكە كىرەلمىدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنىڭ قاراپ تۇرۇپ كۆپۈككە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بېرىپ، پىيادە ئەسكەرلەر تاكتىكىسىنى ئۆگەندى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن چېرچىلنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە بولدى، 18 ئايدىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرگەندە،

www.uyghurkitap.com

نەتىجىسى 130 بالىنىڭ ئىچىدە 20 ـ ئورۇندا بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەر لېيتېنانتى بولدى.

1899 ـ يىلى، سىياسەتكە قىزىقىپ قالغان چېرچىل ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئىككىنچى يىلى ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىياسىي ساھەگە كىرىپ، ھەر قېتىملىق ھۆكۈمەتتە دېڭىز ئارمىيە، سودا، مالىيە، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىنىڭ ۋەزىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل 30 نەچچە يىل ئارزۇ قىلىپ كەلگەن پەيت يېتىپ كېلىپ، 1940 ـ يىلى 10 ـ مايدا ئەنگلىيە پادىشاھى چېرچىلغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بەردى — ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بولغانىدى. چېرچىل قورقۇمسىز، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك، ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا كۆزىتىش ئىقتىدارى ئالاھىدە، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان سىياسىي جاسارەتكە ئىگە بولغاچقا، ئاشۇنداق ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋردە ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولالىدى.

# ئۈچىنچى باب گىتلېر: گېرمان مىللە-
# تىنىڭ مىڭ يىللىق تەقدىرى ئۈچۈن
# كۈرەش قىلايلى!

△ ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسى، گىتلېرنىڭ باش ئاغرىقى

△ مانىستېيىن چارىسىنى ئۆزگەرتتى

△ گىتلېر: مانىستېيىن باش شتابتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەقىلدار مۇتەخەسسىس

△ گىتلېر: فرانسىيىدىن ھېساب ئالايلى!

△ پېتائېن: يەلپۈگۈچ شەكىللىك رايونلاردا خەتەر يوق

△ سېدان، فرانسۇزلارنىڭ ئاپىتى

△ كومپىرېگن ئورمانلىقى، فرانسۇزلارنىڭ شەرىپى ۋە نومۇسى

1939 ـ يىل ئۆكتەبىر، بېرلىن.

گىتلېر ئۆزىنىڭ قوماندانلىق ئىشخانىسىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ پولشانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەمدىكى دۈشمىنى فرانسىيىگە باستۇرۇپ كىرىشنىڭ تەييارلىقلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن، يالىڭاياق پېتى خەرىتىنىڭ ئۈستىدە زوڭ ئولتۇرۇپ، قارشى

تەرەپنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆرۈشكە باشلىدى. ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسى ئۇنىڭ باش ئاغرىقى ئىدى: «گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قېنى ھەرگىز بۇ يەردە ئاقماسلىقى كېرەك. فرانسۇزلار بۇ يەرنى گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى توغرايدىغان گۆش ماشىنىسىغا ئايلاندۇرماقچى.»

خەرىتىگە قاراپ تۇرۇۋېرىپ، گىتلېرنىڭ كۆزلىرى پارقىراشقا باشلىدى: «ماچىنو مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپى فرانسىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئەگەر بىز شىمالدا بېلگىيە، گوللاندىيىگە ھۇجۇم قىلساق، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى چوقۇم شىمالغا يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ چاغدا مەن يەنە بىر بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، فرانسىيىنىڭ شىمالىدىن غەربكە قارىتىپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىسام، ئۇلارنى چوقۇم بېلگىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە يوقىتىۋېتەلەيمەن.»

شۇ خىيالدىن كېيىن، گىتلېر ئىختىيارسىز: «ماچىنو دېگەن قانچىلىك نېمىتى!» دەپ توۋلاپ كەتتى.

گىتلېرنىڭ بۇ پىلانى شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىغا تاجاۋۇزچىلىق پىلانى تۈزۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. پىلان بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 1939 ـ يىلى 29 ـ ئۆكتەبىردە «سېرىق لايىھە» دېگەن نام بىلەن رەسمىي مەيدانغا چىقتى.

بۇ پىلاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى B گۇرۇپپىسىدىكى ئارمىيە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، گوللاندىيىدىن ئۆتۈپ بېلگىيىگە كىرىپ، ئۇ يەردە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى يوقىتىدۇ.

A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە مەركەزدىن ھۇجۇم باشلاپ، B گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ سول قانىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ ۋە نامور بىلەن سېدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن لاس دەرياسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

C گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ليۇكسېمبۇرگنىڭ چېگرىسىدىن تارتىپ شۋېتسىيىنىڭ زىگفىر مۇداپىئە لىنىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقنى قوغدايدۇ، ھۇجۇم قىلىش نىشانى دېگىز قولتۇقلىرىدىكى ساھىللار.

بۇ لايىھە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى مانىستېيىن بۇ لايىھىنى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى شلىففىن لايىھىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تەييارلىقى بار، شۇڭا بۇ پىلان بىلەن ھۇجۇم باشلايدىغان بولساق، جەزمەن ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۈشتۇمتۇتلۇقىدىن مەھرۇم بولىمىز، دەپ قاراپ، «سېرىق لايىھە» دە بەلگىلەنگەن ئاساسىي ھۇجۇمنى ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنغا قىلىدىغان ھۇجۇمغا ئۆزگەرتىش، بىرلەشمە قوشۇننىڭ دىققىتىنى ئۆزگە تارتىپ تۇرۇپ، ئاندىن ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش، زور مىقداردىكى فرانسىيە قوشۇنىنى قىسىپ تۇرۇپ، فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بۆسۈپ كىرىش نۇقتىسىنى فرانسىيە ـ بېلگىيە چېگرىسىنىڭ مەركىزىگە قارىتىش، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، لىۇكسېمبۇرگ ئارقىلىق زور بىرونېۋىك قىسىم بىلەن ئادېن ئورمانلىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، ئاندىن سېدانىنىڭ شىمال تەرىپى ئارقىلىق مىوس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيە بوغۇزىغا يۈرۈش قىلىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، بېلگىيە ئارمىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى بەردى.

مانىستېيىننىڭ بۇ تەكلىپى كېيىن ھەممە يەرگە تونۇلغان «مانىستېيىن پىلانى» دەپ ئاتالدى. ئېرىھ فون مانىستېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1887 ـ يىلى نويابىردا گېنېرال ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. دادىسى لىۋۇنسكى توپچى قوشۇنىنىڭ گېنېرالى ئىدى. مانىستېيىن تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تاغىسى مانىستېيىنگە بېرىۋېتىلدى. تاغىسىمۇ پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنىنىڭ گېنېرالى ئىدى. لىۋۇنسكى، مانىستېيىن، شىفرېندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئائىلىنىڭ ھەممىسى شەرقىي پرۇسسىيىلىك مەرتىۋىلىك جەمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بار ئىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنتېر ستېتسىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مانىستېيىن ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، شەرق ۋە غەرب سەپلەردە پولشانىڭ شىمالىغا قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشتى، سېربىيىدىكى جەڭلەردە بولدى، ۋېردىن بىلەن سوممۇ دەرياسى بويلىرىدا بولغان كاتتا جەڭلەرنى كۆردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، چوڭ جەڭلەرنىڭ ئاساسلىق ساۋۇتى — پىيادە ئەسكەرلەر كۆپ چىقىم بولاتتى، شۇڭا چوقۇم يېڭى تاكتىكا ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك ئىدى.

1915 ـ يىلى مانىستېيىن خىزمەتكە تەيىنلەنمەي تۇرۇپلا باش شتابتا مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىدە بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ بالداقمۇ بالداق ئۆرلەشكە باشلىدى. 1934 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېرلىن 3 ـ ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابى ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، گېرمانىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. شۇ چاغلاردا ئۇ بىر قېتىم گۇرۇھۋازلىقلارغا چېتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دىۋىزىيە قوماندانلىقىغا چۈشۈرۈپمۇ قويۇلدى. 1939 ـ يىلى يەنە باشقىدىن A گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلدى.

گىتلېر ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «مانىستېيىن باش شتابتا

كۆزگە كۆرۈنگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەقىلدار بولسا كېرەك»
دېگەنىدى.

شۇ سەۋەبتىن گىتلېر ئۇنى قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭدىن ئازراق ئەنسىرەپمۇ تۇراتتى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، باشقا گېنېراللارمۇ شۇنداق ئىدى، ھەممىسىلا ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ئوفىتسېر دەپ بىلەتتى. ئەگەر بىرەرىنى سىياسىي ئۆزگىرىشكە رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبە قىلالايدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم چوقۇم مانىستېيىن ئىدى.

مانىستېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، فرانسىيىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئاچقۇچى «تۇيۇقسىز» دېگەن گەپتە، ئەگەر ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىگە مەجبۇرىي تېگمىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز، دېگەن قاراشقا كېلىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ھۇجۇم پىلانىنى ئىنكار قىلغانىدى.

ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ گېپىنى يەنىلا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىن باشلاش كېرەك.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا، گېرمانىيىنىڭ ھىندىنبۇرگ مۇداپىئەسىنىڭ قەلئە شەكىللىك مۇداپىئە تورى ئاجايىپ زور رول ئوينىغانىدى. گېرمانىيە ئاشۇ مۇداپىئەگە تايىنىپ، 12 دىۋىزىيە ئەسكەر بىلەن پۇتۇن غەربىي سەپنى قوغداپ قالغان ۋە بىرلەشمە ئارمىيىنى قاتتىق چىقىمغا ئۇچرىتىپ، گېرمانىيىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغان كۈنلىرىنى ئارقىغا خېلى سوزغانىدى. مۇشۇ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىغا قاراپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئالىملىرى قەلئە مۇداپىئەسىنىڭ مۇھىملىقىنى باشقىدىن تونۇغانىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، فرانسىيىلىكلەر، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردىمۇ قەلئە مۇداپىئەسى يەنىلا ئۆز رولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرستەلەيدۇ، دەپ ئويلاپ، گېرمانىيىنىڭ ئاشۇ تەجرىبىسىنى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى تېخىچە كەتمەي، بۇ خىل كۆزقاراش ئۇلارنىڭ ھەربىي ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە مۇقەددەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

بۇ خىل قاراش فرانسىيە ھەربىيلىرىنىڭ كاللىسىدا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇلار ئاخىر دۇنياغا مەشھۇر ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. فرانسىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن مەبلەغ سالدى. بۇ قۇرۇلۇش ئاندىرى ماگىنوتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى. ئۇ ئېگىز بوي، بەقۇۋۋەت، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، كېيىن پۇتى يارىلىنىپ ھەربىيدىن چېكىنگەن ئادەم ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى ۋاقتىدا، نېمىسلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۋېتسىيىدىن تارتىپ ليۇكسېمبۇرگقىچە بولغان فرانسىيە چېگرىسىغا مەڭگۈلۈك مۇداپىئە توسۇقلىرىنى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى.

شۈبھىسىزكى، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھالقىلىق جايغا ئورۇنلاشقانىدى. تارىختىن قارىغاندىمۇ، 1814 ـ يىلى مۇقەددەس ئىتتىپاقداشلار ناپولېئون دەۋرىدىكى فرانسىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ جايدىن ئۆتكەنىدى؛ 1871 ـ يىلى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا، پرۇسسىيە ئارمىيىسى دەل مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ پارىژغا ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ جاي فرانسىيىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا كىرىدىغان يول بولغاچقا، ھېچقانداق ئادەم ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ مۇھىملىقىدىن گۇمانلانمايتتى.

ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1929 ـ يىلى باشلىنىپ، 1934 ـ يىلى تاماملاندى، 1938 ـ يىلى پۈتۈنلەي

پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 390 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈنلەي پولات چىۋىقلار ۋە بېتون بىلەن قوپۇرۇلغانىدى.

فرانسىيە بۇ قۇرۇلۇشقا نۇرغۇن پۇل، نۇرغۇن ئادەم ۋە نۇرغۇن ماددىي نەرسىلەرنى سالدى. كۆپلىگەن دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى توختاپ قالدى ياكى ئارقىغا سۈرۈلدى، ھەتتا قورال - ياراقلارنى يېڭىلاش، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئۈمىدى، ناتسىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتىنى شۇجايدا بىتچىت قىلىش ئىدى.

مانستېيىن ناھايىتى تەدبىرلىك ئادەم بولغاچقا، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈشلا غەلىبە قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى، دېگەن پىكىردە مەھكەم تۇردى. ئۇنىڭ پىلانى نۇرغۇن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشلار بىلەن پىشقاندىن كېيىن، A گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى رۇندستېدنىڭ قوللىشى بىلەن، گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ نامى بىلەن يۇقىرىغا سۇنۇلدى. لېكىن مانستېيىننىڭ تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ 1939 - يىلى ئۆكتەبىردىن تاكى 1940 - يىلى يانۋارغىچە قوبۇل قىلىنماي، بىرقانچە قېتىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئەسلىدە، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى براۋھىچ بىلەن شتاب باشلىقى ھالدېر ئاردېن تاغلىرى تانكا ئۇرۇشىغا قولايسىز، دەپ ئويلاپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغانىدى.

مانستېيىننىڭ پىلانى قوبۇل قىلىنماي تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭغا ئاخىر پۇرسەت كەلدى.

1940 - يىلى 17 - فېۋرالدا مانستېيىن بېرلىنغا چاقىرتىلدى ۋە ئۇزۇنغا بارماي 38 - ئارمىيىنىڭ يېڭىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەيىنلەنگەن قوماندانى سۇپىتىدە گىتلېرنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كىرىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى گىتلېرغا بىۋاستە ئېيتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

شۇ كۈنى گىتلېر يىراقتىن كەلگەن گېنېراللارغا زىياپەت بەردى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا مانستېيىننىڭ قېشىغا كېلىپ: «گېنېرال مانستېيىن، زىياپەتتىن كېيىن قېپقېلىپ مېنىڭ كۇتۇپخانامغا كىرىڭ» دېدى.

گېنېراللار قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، مانستېيىن گىتلېرنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

گىتلېر ئۇنىڭغا گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ: «خوش، ئۆزىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى، غەربىي سەپكە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدىكى پىلانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ» دېدى.

مانستېيىن ئۆزىنىڭ «سىرىق لايىھە» گە بولغان قاراشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ پىلانىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. گىتلېر ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە پات ـ پات ئورا كۆزلىرىنى مانستېيىنغا تىكىپ قوياتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاۋغىيىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە كۆرۈندى.

— سىزنىڭ كېپىڭىز بويىچە بولغاندا، گېنېرال مانستېيىن، بىزنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىمىزنىڭ پىلانىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىسىدا مەسىلە بار ئىكەندە. ئۇ پىلان راستىنلا يارىماس پىلانمىدۇ؟

— ياق، جانابلىرى، — دېدى مانستېيىن دادىل جاۋاب بېرىپ، — مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىنىڭ پىلانى مۇھىم نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە يۆنىلىش جەھەتتە كونا يولغا چۈشۈپ قالغانلا بولماي، ئەڭ مۇھىمى، جەڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي قالغان. ئۇنىڭ چەكلىك ئۇرۇش نىشانىنىڭ بىرى، بىر قىسىم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش — بېلگىيىنىڭ

شىمالىدىكى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىش، يەنە بىرى بىر قىسىم زېمىنغىلا ئىگە بولۇش — كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش بازىسى قىلىش ئۈچۈن، دېڭىز قولتۇقلىرىنى ئىگىلەش بولۇپ قالغان.

— بەلكىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابى بۇ پىلاننى تۈزگەندە ئاساسەن بىرىنچى نىشاننى ئىشغال قىلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، — دېدى گىتلېر كۈلۈپ كېتىپ، — بۇمۇ سىز دېگەن چەكلىك غەلىبە ۋە چەكلىك ئىشغال قىلىشلار بولۇپ، ھۇجۇم پىلانىنى ئۆڭگىدىن كېيىن يەنە ئويلاشسا كېرەك.

— جانابىڭىزنىڭ پەرىزىمۇ توغرا، — دېدى مانىستېيىن ئالدىرىماي سۆزلەپ، — بىراق، مەن زوسېندا ئاڭلىغان بارلىق ئۇرۇش بۇيرۇقلىرى بويىچە بولغاندا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىنى ئاشۇنداق ئويلىدى، دەپ ھېسابلىمايمەن. فرانسىيە جەڭ مەيدانىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ پۇرسىتى ئىنتايىن ئاز، مەۋجۇت ئەمەس دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز، بۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بىلەن شتاب باشلىقى مېنىڭ گۇرۇپپىۋى ئارمىيەمگە مەيلى قانچە قېتىم تەكشۈرۈپ كەلسۇن، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىلىرى مېنىڭ بۇ تەسىراتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرسا چوڭقۇرلاشتۇرىدۇكى، ئۇنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ.

گىتلېرنىڭ چىرايىدا ئۇنى قوللىغاندەك ئىپادە بولدى.

— ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ پىكرىڭىز. . . .

— مېنىڭچە، — مانىستېيىن كۆزقارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇۋەردى، — غەربىي سەپتىكى ھۇجۇم نىشانى قۇرۇقلۇقتا بولۇشى كېرەك. ئەگەر چەكلىك نىشانىلا ئىزدەيدىغان بولساق، بۇ خىل سىياسىي ۋە ھەربىي خاراكتېرلىك قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن. گېرمانىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بىر كوزىر. ئۇنى بىز ئۇزۇل ـ

كېسىل بولمىغان جەڭدە خورىتىۋېتىدىغان بولساق، بۇ تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ — بۇ ئۇقتىنى بىز سوۋېت — روسىيىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئامىلدىنلا چۈشەنسەك بولىدۇ، — مانىستېيىن سەل تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن تەكىتلەپ يەنە شۇنداق دېدى، — شۇڭا بىزنىڭ جەڭ نىشانىمىز فرانسىيىنىڭ قارشىلىقىنى ۋەيران قىلىش بولۇشى كېرەك، بۇ بىزدىن ھازىرقى جەڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ھۇجۇمنىڭ ئاساسىي يۈكىنى A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە يۈكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ھازىر بۇ ۋەزىپە B گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇ تەييارلىقى بار دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغاندا خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىسمۇ، لېكىن سومو دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۇغا چىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. غەلىبىگە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي پۇرسەت A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىدە، چۈنكى ئۇ يەر تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ بولغان ئاردېن تاغلىرى ئارقىلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، دۈشمەنمۇ بىزنىڭ برونېۋىك قوشۇنىمىزنى ئاشۇ يەردىن ئۆتىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز ھە دېگەندىلا سومۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا يېتىپ بېرىپ، بېلگىيە چېگرىسى ئىچىدىكى دۈشمەن بىلەن دەريا كېچىكى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق بېلگىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلەيمىز ھەم فرانسىيە تەۋەسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن تەييارلىق قىلالايمىز. . .

مانىستېيىن توختىماي سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، پىكىر يوللىرى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك توسالغۇسىز راۋان بولۇپ باقمىغانىدى.

ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئولتۇرغان گىتلېر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىستۇرماي، مانىستېيىننىڭ پىلانىنىڭ پۈتۈن



www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— چۈشەندىم، گېنېرال. ئويلىمىغان يەردىن، تەييارلىقسىز تۇرغاندا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. سىزنىڭ پىكرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. بىز ئۇرۇش قىلىش پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، 13 گورۇپپىۋى ئارمىيىنى ئوڭ قاناتتىن ھۇجۇمغا سېلىپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قوشۇنىنىڭ دىققىتىنى شىمالغا بۇرايمىز. ئاندىن A گورۇپپىۋى ئارمىيە كۈچلۈك برونېۋىك قوشۇنى بىلەن سول قاناتتىكى ئاردېن تاغلىرىدىن ئاساسىي ھۇجۇمنى باشلاپ، ئەنگلىيە قولتۇقىغا قىستاپ بېرىپ، بېلگىيە چېگرىسى ئىچىدىكى دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

مانىستېيىن بۇرۇن گىتلېرنىڭ ھۆكۈم قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلىدىغان پىلاننىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى شۇنچە تېز ۋە توغرا ئىگىلىگەنلىكىگە تېخىمۇ ھەيران قالدى. مانىستېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلەتمىسىنى ھەقىچان گىتلېرغا كۆرسەتمىدى، دەپ گۇمانلىنىپ يۈرەتتى، دېگەندەك، گىتلېر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، A گورۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ بىرەر ئەسلەتمىسىنى كۆرگەنلىكىدىن زادىلا بېشارەت بەرمىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى مانىستېيىننىڭ پىلانىنى قوبۇل قىلىش، بارلىق گېنېراللار ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

مانىستېيىن گېنېرال لېيتنانتلىق سۈپىتى بىلەن خوجايىنىغا ئەپچىل بىر ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن نۇرغۇن يول

www.uyghurkitap.com

ماڭدى. بۇ خىل ئەھۋال شۇ چاغدىكى گېرمانىيە فاشىستىك ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش - يۆتكەش ئىشلىرى ئىنتايىن تېز ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى بىر جەڭ قىياپىتى بارلىققا كەلدى. غەربىي سەپتە A. B. C گورۇپپىۋى ئارمىيىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ جەمئىي 136 دىۋىزىيىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە برونېۋىك قوشۇندىن 10 دىۋىزىيە، ماتورلاشقان قوشۇندىن يەتتە دىۋىزىيە، 3 مىڭ تانكا، 4 مىڭ 500 ئايروپىلان بار ئىدى.

كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق ئىدى:

«B» گورۇپپىۋى ئارمىيىگە گېنېرال پولكوۋنىك بوك قوماندانلىق قىلاتتى، تەركىبىدە 6 - ۋە 18 - ئارمىيىنىڭ 18 دىۋىزىيىسى (ئۇنىڭ ئىچىدە تانكا دىۋىزىيە ئۈچ، ماتورلاشقان دىۋىزىيە بىر) بار ئىدى، ئۇلارغا 2 - ھاۋا ئارمىيە ئەترىتى ياردەم بېرەتتى. گوللاندىيە بىلەن بېلگىيە چېگرىسىدىن ئاخىر رايونىغىچە بولغان جايلارغا يىغىلاتتى. ۋەزىپىسى گېرمانىيە - گوللاندىيە چېگرىسىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، گوللاندىيىنىڭ ھەممە يېرىنى، بېلگىيىنىڭ شىمالىنى ئىگىلەش، ئاندىن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتى بولۇپ فرانسىيىگە بېسىپ كىرىش ئىدى.

«A» گورۇپپىۋى ئارمىيىگە گېنېرال پولكوۋنىك رۇندستېد قوماندانلىق قىلاتتى. تەركىبىدە 4 -، 12 -، 16 - ئارمىيىلەرنىڭ 44 دىۋىزىيىسى (ئۇنىڭ ئىچىدە تانكا دىۋىزىيە يەتتە، ماتورلاشقان دىۋىزىيە ئۈچ) بار ئىدى، ئۇلارغا 3 - ھاۋا ئارمىيە ئەترىتى ياردەم بېرەتتى، ئاخىر بىلەن موسېل دەرياسى سېپىدە تۇراتتى، ۋەزىپىسى ليۇكسېمبۇرگ بىلەن بېلگىيىنىڭ ئاردېن رايونىدىن ئۆتۈپ، زېكانتېن، ئابۋېل ۋە ئەنگلىيە بوغۇزلىرىدىن ئىبارەت ئومۇمىي يۆنىلىشلەرگە توختاۋسىز ھۇجۇم

قىلىپ، فرانسىيىنىڭ شىمالى بىلەن بېلگىيە تەۋەسى ئىچىدىكى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋېتىش ئىدى.

«C» گورۇپپىۋى ئارمىيىگە گېنېرال پولكوۋنىك لايبو قوماندانلىق قىلاتتى. تەركىبىدە 1 ـ، 7 ـ ئارمىيەلەرنىڭ 17 دىۋىزىيىسى (ئۇنىڭ ئىچىدە ماتورلاشقان دىۋىزىيە بىر ئىدى) بار ئىدى، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقانىدى. ۋەزىپىسى — يالغاندىن ھۇجۇم ياساپ، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى فرانسىيە قوشۇنلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قوشۇنى 47 دىۋىزىيە (ماتورلاشقان دىۋىزىيە بىر) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 20 دىۋىزىيە ھەرقايسى گورۇپپىۋى ئارمىيەلەرنىڭ زاپاس قوشۇنلىرى، قالغان 27 دىۋىزىيە ئومۇمىي زاپاس قوشۇن ئىدى.

گىتلېرنىڭ ئادىيۇتانتى نىگولا فون بىلو ئۇرۇشتىن كېيىن شۇ قېتىمقى جەڭنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ:

. . . . . . . . . . .

نورۋېگىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گىتلېر فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەپسىلىي ئويلاندى ۋە گېنېرال رۇندستېد ۋە گائاگا بىلەن سكېلد دەريا ئېغىزىنى بېسىۋېلىش پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى، گورۇپپىۋى ئارمىيەلەرنىڭ قوماندانلىرىنى ئىمپېرىيىنىڭ باش مىنىستىر بىناسىغا بىرنەچچە قېتىم چاقىرتىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ ھالدىر بىلەن براۋھىچقا بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى سۇسلاپ قېلىۋاتاتتى. قىشتا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكىمۇ تاس قالدى. زور ئىشلار كۆز ئالدىدا مىختەك قادىلىپ تۇرغاچقىلا بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇ ئىككىسى فرانسىيىدىكى ئۇرۇشنى بىرنەچچە يىلغا سوزۇلۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئويىمۇ، ياكى مۇنداقلا دېيىشىپ قويغان گەپمۇ، ياكى بولمىسا گىتلېرنى فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىش

نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىمۇ، بۇلار ماڭا قاراڭغۇ؛ ئىشقىلىپ، گىتلېر ئۇ ئىككى گېنېرالغا ئىشەنمەيتتى، شۇڭا دەسلەپتىلا ھۇجۇم قىلىش تەرىپىدە تۇرغان گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىلەرنىڭ قوماندانلىرى لايبو، رۇندستېد ۋە بوكلارغا مايىل بولۇپ كەتتى.

1 ـ ماي كۈنى گىتلېر 5 ـ مايدا ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 2 ـ مايدا، گېرىنگ بىلەن گوللاندىيىگە ھاۋادىن پاراشوتچى قىسىملارنى تاشلاش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرىگە گېنېرال رۇندستېد بىلەن پاراشۇتچى دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى گراف سپونىك قاتناشتى. گىتلېر تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە تېز غەلىبىگە قاتتىق ئىشەنچ باغلىغاچقا، بۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئوفىتسېرلارنىڭ جەڭدىن ئىلگىرى جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ سپونىكتىن گائاگا بىلەن روتتېردامغا قىسىملىرىنى ھاۋادىن تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ماي كۈنى، ئۇ تەنتەربىيە سارىيىدا 6 مىڭ كىشىلىك زاپاس ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتى، نورۋېگىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغانلىقىنى، فرانسىيە ئۇرۇشىدا ئۇمىدۋار ئىكەنلىكىنى قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىدى. 4 ـ مايدا، گىتلېر ھۇجۇم قىلىدىغان كۈننى يەنە بىر قېتىم 7 ـ مايغا سۈردى. كېيىن گېرىنگنىڭ تەلىپى بىلەن 1940 ـ يىلى 10 ـ مايغا كېچىكتۈردى. ئۇ بۇنى ئەڭ ئاخىرقى كېچىكتۈرۈش، دېدى. 9 ـ مايدا گىتلېر غەربىي سەپتىكى جەڭچىلەرگە ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى. خەتنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسى مۇنداق ئىدى: «باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۇ جەڭ گېرمانىيىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى مىڭ يىللىق تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمدى ئۆز بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىشقا باشلاڭلار! گېرمانىيە سىلەر بىلەن

بىلله، سىلەرنى تەبرىكلەيمەن!»
ھۇجۇم قىلىدىغان كۈن يېقىنلاشقانسېرى گىتلېر شۇنچىلىك تەمكىن، شۇنچىلىك ئۇمىدۋار بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن پىلانلار ئۈستىدە ئەندىشىسى بولۇپ، بۇ ئەندىشىلىرى توغرۇلۇق ئالتە ئايدىن بېرى مۇناسىۋەتلىك قوماندانلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كېلىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ ئەندىشىلەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولدى، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا ئۆز يولىدا مېڭىۋاتاتتى. گىتلېر فرانسىيىنى ئالتە ئايدىن كېيىن تەسلىم بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ئۇمۇمىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، ئەنگلىيىنىڭ مەيدانىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. ئۇ، فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيان. گېرمانىيە فرانسىيىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە مۇرەسسە يولىغا مېڭىشى مۇمكىن، دېدى.
9 ـ ماي ئاخىر يېتىپ كەلدى. گىتلېر ئەمدى غەربىي سەپكە بېرىپ كەلسە بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ يەردىكى بارگاھىنىڭ قۇرۇلۇشى قىشتا باشلانغانىدى.
8 ـ ماي چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن 48 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېرنىڭ مەخسۇس پويىزى بېرلىندىكى فېنكىنكىلوگ پويىز ئىستانسىسىدا ساقلاپ تۇراتتى. گىتلېرنى قوراللىق ساقچىلار بىلەن مۇھاپىزەتچىلىرى قوغداپ ئەكەلدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، گىتلېرنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان بارلىق خادىملار باشقا يوللار بىلەن، نۇرغۇن ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ پويىز ئىستانسىسىغا ئايرىم يېتىپ كېلىشتى.
پويىز دەل ۋاقىتتا قوزغىلىپ، ھامبۇرگ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. گىتلېر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دانىيە بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نورۋېگىيىگە شۇ يەردىكى قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى باردىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. بۇ گەپكە ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىنىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلارنىڭ يېقىن ئادەملىرى بولىدۇ ـ دە، شۇڭا ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. پويىز خاگنورانغا كەلگەندە تېلېفون كۇتۇشكە توغرا كېلىپ سەل ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدى، باشقا ئەھۋال كۆرۈلمىدى، پويىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ هاننوۋېرغا قاراپ ماڭدى. يۆنىلىشنىڭ ئۆزگىرىشى ھېچقانداق ئادەمنىڭ نەزەرىنى چالغىتالمايتتى. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مەقسىتىنى كۆپچىلىك ناھايىتى تېزلا بىلىپ بولدى. كەچتە هاننوۋېرغا يېقىن يەردىكى بوگدوفتا ئازراق تۇرۇپ قالدۇق. مەن هاۋا رايىنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋىرىنى گىتلېرغا يەتكۈزدۈم. ئۇ ھاۋانىڭ رايىغا قاراپ ئەتىسى ئەتىگەندە فرانسىيىگە، گوللاندىيىگە، بېلگىيىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

گىتلېر يولبويى ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۆزىنىڭ ھە دېگەندىلا غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. ئاشخانا ۋاگونغا تاماق يېگىلى كىرگەندە كەيپىيات تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولدى. گىتلېر ئۆزى قول سېلىپ تەييارلىق قىلغان ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ چېگرىلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇ بېلگىيىنىڭ ئېبېن ئېمائېل پوتىيىگە قاراتقان ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. پويىز ئوۋجېرسىننىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئىستانسىغا كەلدى. بىزنى ماشىنا ساقلاپ تۇرغانىكەن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، داھىيمىزنىڭ ناھايىتى ئەپچىل نىقابلانغان «قارچىغا ئۇۋىسى» دەپ ئاتالغان چوڭ لاگىرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە پەقەت گىتلېرنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىلا بىللە تۇراتتى. گىتلېرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە گىتلېردىن باشقا كاتىپ بىلەن يەنە بىر خىزمەتچى

تۇراتتى. قالغانلار يەنە بىر يەر ئاستى ئۆيىدە ئىدى. بۇ يەردە ئادەم تۇرىدىغان ئۇ ئىككى ئۆيدىن باشقا يەنە بىر ئاشخانا، تاختايدا ياسالغان يەنە بىر ئۆي بار ئىدى. ياغاچ ئۆيدە بىر مەجلىسخانا، ئۈچ ھۇجرا بار ئىدى. بىز «قارچىغا ئۇۋىسى» دا تۇرغان چاغلاردا ئاشۇ ئاشخانىدا تاماق يەيتتۇق. ئۇزۇن كەتكەن تامدا بىز بارماقچى بولۇۋاتقان دۆلەتنىڭ خەرىتىسى ئېسىقلىق ئىدى.

باشقا خادىملار بىلەن ئاخبارات خادىملىرى يېقىن يەردىكى بىر كەنتتە تۇراتتى. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى تىنچ ئۆتتى. گىتلېر تاماقتىن كېيىن، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلىۋالماقچى بولدى. چۈشتە، تۈنجى خەۋەرلەر ئاندا - ساندا كېلىشكە باشلىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ماستىرېختىنىڭ يېنىدىكى بىر كۆۋرۈك پارتلىتىۋېتىلگەچكە، ئۇنى تېز ياساۋېتىپتۇ. ئېبېرت قانىلىدىكى بەزى كۆۋرۈكلەر بومباردىماندا قىسمەن بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. چوڭ تىپتىكى ئاپتوماتىك سىلجىغۇچى توپلارنى ئېبېن ئېمائېلدا ھاۋادىن تاشلاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بىرىنچى كۈندىكى ئەھۋاللار مۇشۇنچىلىك. شۇ كۈنى بىز گوللاندىيە بىلەن بېلگىيىنىڭ 10 - مايدا قىلىنىدىغان ھۇجۇمغا تەييارلىقنى بىلدۇق. بىرى ھۇجۇم قىلىدىغان كۈننى ئۇلارغا ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قارشىلىق ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بەزى كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىۋېتىپتۇ، توسۇقلارنى قۇرۇپتۇ، قامالنى كۈچەيتىپتۇ. لېكىن ئۇلار مەلۇم جايلاردىلا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرالىدى. باشقا سەپلەردە ئىلگىرىلەش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىدى.

جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرىغا ئىشىنەتتى. گوللاندىيە بىلەن بېلگىيىلىكلەر گەرچە قوراللانغان بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىق بەكمۇ كەسكىن ئەمەس ئىدى، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى

ئازراق ئاستىلىتىش رولىنىلا ئوينىۋاتاتتى. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى: ئۇلار گېرمانىيىنى بېلگىيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. ئەمدى ئۇلار فرانسىيىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىغا كىرىپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يىغقاندىمۇ، تانكا بىلەن ئايروپىلان ئارقىلىق قىلىۋاتقان ھازىرقى زامانىۋى ئۇرۇشقا تاقابىل كېلەلمەيتتى. 14 ـ مايدا، گوللاندىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولدى. تەسلىم رەسمىيتى ئۆتىلىپ بولغان بولسىمۇ، روتتېردامنى بومباردىمان قىلىۋاتقان ئايروپىلانلار بىلەن ئالاقە قىلىشالماي، ئۇ شەھەر قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتتى، بىگۇناھ ئاھالىلەردىنمۇ نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى.

. . . . . . . . . . . .

ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيىلىكلەر ھۇجۇم تەييارلىقىنى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان چاغلاردا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسى بار، شۇڭا فرانسىيە خاتىرجەم بولسا بولىدۇ، ئاردېن تاغلىرى ئېگىز، ئورمانلىرى قېلىن، گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى ئۇ جايلاردىن ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى.

پېتائىنمۇ جەزملەشتۈرۈپ: «يەلپۈگۈچ شەكىللىك بۇ جايلاردا خەتەر يوق» دېگەنىدى.

شۇڭا فرانسىيە ئۇ جايلاردا مۇداپىئە تەدبىرى قوللىنىپ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىزراق بولغان 9 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى مۇداپىئەگە قويۇپ قويدى. بۇ قوشۇننىڭ توققۇز دىۋىزىيىسىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى دىۋىزىيىلا كەسپىي ئارمىيە ئىدى، ئەمما قوراللىنىشى ناچار ئىدى. ئۇلار مۇداپىئەنى يەر تۈزۈلۈشى تۈز

كەلگەن بېلگىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى بېلگىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ھامان، فرانسىيىنىڭ 1 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن بىللە تېز سۈرئەتتە بېلگىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرمەكچى بولۇشقانىدى. لېكىن گېرمانىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ «تەبىئىي توسۇق» ئاتالغان ئاردېن تاغلىرىدىن ئاتلاپ فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۇلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

10 ـ ماي كۈنى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى تېز ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى ئۆز قوشۇنلىرىغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىدا «دەم ئالماسلىق، بوشاشماسلىق»، «تۈنجى جەڭدە تېز غەلىبە قىلىش، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋېتىش»، «كۆڭۈلدە پەقەت، بۆسۈپ مېڭىش، دېگەن مۇشۇ بىر سۆزنىلا ساقلاش» دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

ئاردېن تاغلىرىغا كىرگەن نېمىس ئارمىيىسىدىكى يالغۇز گۇدېرىئاننىڭ 19 ـ برونېۋىك ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا ماڭغان قىسمىنىڭلا 10 مىڭدىن ئارتۇق تانكىسى، برونېۋىكى ۋە باشقا ئاپتوموبىللىرى بار ئىدى. ئۇلار دۈشمەنگە بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يوللىرىدا ماڭدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئايروپىلانلىرى يىلاندەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇننى ھاۋادىن بومباردىمان قىلغان بولسا، گېرمانىيە قوشۇنى چوقۇم زور زىيانغا ئۇچرايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆپى بېلگىيىنىڭ ئىچكىرى قانىلىدىكى كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىش بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچى ئۈستۈن كېلىپ، يەر ئۈستىدىكى قوشۇننىڭ يۈرۈشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

www.uyghurkitap.com

گۇدېرىئان ئاردېن تاغلىرىدا پەقەت فرانسىيە بىلەن بېلگىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئازراقلا قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭدىن باشقا قارشىلىققا ئۇچرىماي داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى.

گۇدېرىئان پىيادە ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققانىدى، ئەمما كېيىن برونېۋىك قوشۇنىنىڭ پىرىگە ئايلىنىپ قالدى. گىتلېر باش مىنىستىرلىك سالاھىيىتى بىلەن گۇدېرىئاننىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان مانېۋىرنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە، ئىختىيارسىز ئۇنى ماختاپ كەتكەنىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلارغا بولغان تەسەۋۋۇرى ئىدى. برونېۋىك قىسىملار ھەيۋەت بىلەن كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇ ئۆزىنى باسالماي: «بىزگە لازىمى مانا مۇشۇ، ماڭا دەل مۇشۇ لازىم» دەپ توۋلاپ كەتكەنىدى.

گۇدېرىئاننىڭ ئۆزىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان تالانتلىق قوماندان ئىدى. ئۇنىڭ برونېۋىك قوشۇنى تېز ئىلگىرىلەپ، 11 ـ، 12 ـ ماي كۈنلىرى كېچىدە ساموۋا دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. 12 ـ ماي چۈشتىن كېيىن، گۇدېرىئاننىڭ برونېۋىك قوشۇنى ماس دەرياسىنىڭ شىمالىغا يېتىپ بېرىپ، گۈگۈم مەھەلدە سېداننى ئىشغال قىلدى.

سېدان مېۋس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى، دەريانىڭ ئېقىنى سېدانغا كەلگەندە ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى. بۇ شەھەر پات ـ پات فرانسۇزلارنىڭ ئېسىگە ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىنى سېلىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ جايدا پادىشاھ ناپولېئون Ⅲ بىلەن مارشال مىكماخون 1870 ـ يىلى 2 ـ سېنتەبىردە قىسقا مۇددەتلىك قورشاۋدىن كېيىن پرۇسسىيىگە تەسلىم بولغان بولۇپ، بۇ، فرانسىيىنىڭ ھەربىي تارىخىدىكى ئادەمنى ئەڭ ئازابقا سالىدىغان ئاپەت ئىدى.

فرانسۇزلار 70 يىلدىن كېيىن سېداندا بۇ ئاپەتنىڭ يەنە بىر

قېتىم باشلىرىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى.

13 ـ ماي چۈشتە، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 1000 ئايروپىلان بىلەن بىرلا ۋاقىتتا فرانسىيىنىڭ ئىستېھكاملىرىنى شىددەتلىك تۈردە بومباردىمان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە ئارمىيىسى تېزلا پارچىلىنىپ، جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى.

13 ـ ماي چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، گۇدېرىئاننىڭ برونېۋىك قوشۇنى يەل قولۋاق ۋە سالالارنىڭ ياردىمى بىلەن تېز سۈرئەتتە دەريادىن ئۆتۈپ، ماس دەرياسىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدى. A گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ تانكىلىرى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاردېن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ماس دەرياسىغا يېقىنلاپ كېلىپ، فرانسىيىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ توققۇزىنچى ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلۇۋالدى. 14 ـ ماي چۈشتىن كېيىن، گۇدېرىئان 3 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى باشلاپ ماس دەرياسىدىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولدى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرى سېداننى بېسىۋېلىپ ماس دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، فاشىستلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلاندى.

14 ـ مايدا، فرانسىيىنىڭ رېينائۇد ھۆكۈمىتى چېرچىلدىن دەررۇ ئايروپىلان بىلەن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە دەرھال ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 10 چوڭ ئەترىتىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئايروپىلانلىرى گېرمانىيىنىڭ ماس دەرياسىغا سېلىۋالغان كۆۋرۈكىنى توختىماي بومباردىمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىسلارنىڭ زېنىت توپلىرى ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ تۇردى. فرانسىيىنىڭ برونېۋىك قىسمىمۇ سېدانغا

www.uyghurkitap.com

هۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇلار تانكا بىلەن ئايروپىلاننى بىرلەشتۈرۈپ تۈرۈپ هۇجۇم قىلمىغاچقا، نېمىسلارنىڭ بومباردىمانچىلىقىغا ئۇچراپ، نەتىجىدە ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلار قارىغۇلارچە ئۇرۇش قىلىدىغان هالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى.

15 - ماي سەهەردە رېينائۇد ئالاقىزادىلىك ئىچىدە چېرچىلغا تېلېفون بېرىپ: «بىز يېڭىلدۇق، بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇق» دېدى.

فرانسىيە - بېلگىيە تۈزلەڭلىكىدە، گېرمانىيىنىڭ يەتتە تانكا دىۋىزىيىسى بار بىر كۈچلۈك بىرىگادىسى سوم دەرياسىنى بويلاپ شىمال بىلەن جەنۇبقا 20 — 40 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن كېچە - كۈندۈز يۈرۈش قىلدى. هەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان فرانسىيە ئەسكەرلىرىگە: «بىزنىڭ سىلەرنى ئەسىر ئالىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق!» دەپ توۋلاشتى. 18 - مايدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئامىيېننى قورشىۋالدى. 19 - ماي بېلىنگە يېتىپ كەلدى. 20 - ماي ئەمىيېننى بېسىۋېلىپ، سوم دەرياسىنىڭ كېچىكىدىكى ئاببېۋىلغا بېسىپ كىردى. ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ پولكى قورشاۋدا قېلىپ، باشقا قىسىملار بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

فرانسىيە قوشۇنلىرى ئۇشمۇ ئۇشتىن چېكىنىۋاتقان چاغلاردا، فرانسىيە هۆكۈمرانلار گۇرۇهىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سۇلھ قىلىش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

18 - مايدا، رېينائۇد ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، 84 ياشلىق پېتائىننى ئىچكى كابىنېتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىدى. پېتائىن 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى گېنېرال بولۇپ، ۋېردېن جېڭىنىڭ غەلىبىسىدە هەل قىلغۇچ رول ئويناپ دۇنياغا تونۇلغانىدى. ئەمما هازىر ئۇمۇ فرانسىيىنى ساقلاپ قېلىش

ئۇچۇن سۇلھ قىلىش تەرەپدە ئىدى.

19 ـ مايدا، رېينائۇد گەنمولىنىنىڭ ئورنىغا ۋېيگاندنى فرانسىيە ئارمىيىسىگە باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى. ۋېيگاندمۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا نام قازانغان قېرى گېنېرال ئىدى. ئەمما ھازىر ئارمىيە ئىچىدىكى كونسېرۋاتىپلار بىلەن مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ۋېيگاندنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ داۋاملىق قارشىلىق قىلىشى قۇرۇق ئاۋارىچىلىق ئىدى، «ئۈچ ھەپتىگە قالماي، ئەنگلىيىنىڭ بوينى خۇددى چۈجىنىڭ بوينىغا ئوخشاش ئۈزۈپ تاشلىناتتى». ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا، گەنمولىنىنىڭ 19 ـ ماي بېلگىيىدىكى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرىغا گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قوشۇنىنىڭ ئاجىز لىنىيىسىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش توغرۇلۇق بەرگەن بۇيرۇقىنى بىكار قىلىۋەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئالىلقاچان كېچىككەنىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسى تېز سۈرئەتتە فرانسىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. تۈركۈم ـ تۈركۈم گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى قىلچە قارشىلىق يوق ئەھۋالدا پارىژ، رۇئېن، سېنت ـ ئېتىيىننى قاتارلىق جايلاردىكى زاۋۇت، ئايرودروم ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنى غالجىرلىق بىلەن بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر يۈزىدىكى قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى قوغدىدى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرى قارشىلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەي، كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى.

11 ـ ئىيۇندا، فرانسىيە ھۆكۈمىتى بوردوغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەتىسى پارىژنى مۇداپىئەسىز شەھەر دەپ جاكارلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى 14 ـ ئىيۇندا پارىژنى جەڭسىز بېسىۋالدى، ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىغا فاشىستلارنىڭ بايرىقى ئېسىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە ئارمىيىسى پارىژنى ئىشغال قىلغان كۈنى، جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان گېرمانىيە قوشۇنلىرى ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ يان تەرىپىگە يېتىپ كەلگەندە، C گۇرۇپپىۋي ئارمىيە ئۇدۇلدىن 50 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى ئارىلىقتىن ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلىدى، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى مۇداپىئەسى ئاجىزراق بولغان لوررىن بىلەن ئېلزاس قوشۇلىدىغان جايدىكى ئىستىھكاملار بولدى. فرانسىيە قوشۇنلىرى كەينى تەرەپتىن زەربە يېگەچكە، ماگىنوت ناھايىتى تېز بۆسۈپ تاشلاندى. 500 مىڭغا يېقىن فرانسىيە ئەسكىرى قورشىۋېلىنىپ، شۋېتسىيىگە قېچىپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم ئەسكەردىن باشقا ھەممىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

1940 ـ يىل ئىيۇن، كومپىيېگن ئورمانلىقى.

گىتلېر بىلەن فرانسىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى كومپىيېگن ئورمانلىقىدىكى كىچىككىنە بىر بوشلۇقتا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، 1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا گېرمانىيە فرانسىيە بىلەن ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا تەسلىم بولغان جاي ئىدى. گىتلېر ئىنتىقامنى دەل مۇشۇ جايدا ئالدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنى قاندۇراتتى ۋە ئۇنى خۇشال قىلاتتى.

1918 ـ يىلى، فرانسىيە مارشالى فوچ مۇشۇ جايدىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بىر ۋاگوننىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە قول قويغانىدى. گېرمانىيە ساپپورلىرى گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇزېينىڭ تاملىرىنى ئۆرۈۋېتىپ، ۋاگوننى كونا رېلىسنىڭ ئۈستىدە توختىتىپ قويغانىدى. 1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت بەشتە گېرمانىيە ئەلچىسى، فرانسىيە مارشالى فوچنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە قول قويغان چاغدا ئولتۇرغان ۋاگوننىڭ ئورنى دەل شۇ يەردە ئىدى.

1940 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن

15 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېر ئۆزىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن گېرىنگ، براۋھىچ، رادېر، رىببېنتروپ، ھېسلارمۇ بىللە ئىدى، ھەممىسى ھەرخىل ھەربىي كىيىملەردە ئىدى، بىردىنبىر دۆلەت مارشالى گېرىنگنىڭ قولىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالىنىڭ نىشانى بولغان كىچىك ھاسا تۇراتتى. ئۇلار بوشلۇققا 200 مېتر كېلىدىغان يەردىكى لوررىن ـ ئېلزاس ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا ماشىنىلىرىدىن چۈشۈشتى. ھەيكەلنىڭ قولىدىكى يوغان قىلىچنى گىتلېرغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ھەيكەلگە گېرمانىيە بايرىقى يېپىپ قويۇشقانىدى. ئۇ 1918 ـ يىلى غەلىبە قىلغان ئىتتىپاقداشلارنىڭ قىلىچى بولۇپ، ھالسىراپ كەتكەن بىر بۈركۈتنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشتە ئىدى. بۈركۈت خوخېنتسوللېرىن خاندانلىقىنىڭ گېرمان ئىمپېرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. گىتلېر ئۇ خاتىرە مۇنارغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، توختىماي مېڭىپ كەتتى.

ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى ئۇ بوشلۇققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالىي قوماندانلىق تۇغى چىقىرىلدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى مەرمەر تاشقا ئويۇلغان ئابىدىگە چۈشۈپ قالدى. ئادەملىرى كەينىدىن ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى، ھەممىسى تاشتىكى خەتلەرنى ئوقۇدى، تاشتا:

«1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى مۇشۇ جايدا تىزلىنىپ تۇرۇپ تەسلىم بولغان — ئۆزى قۇل قىلماقچى بولغان ئەركىن خەلق تەرىپىدىن يېڭىلگەن» دېگەن خەتلەر بار ئىدى.

ئۇنى گىتلېر ئوقۇدى، گېرىنگمۇ ئوقۇدى. ئۇلار ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاپتىپىدا تۇرۇپ جىمجىت ئوقۇپ چىقىشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى گىتلېرنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەنسىتمەسلىك، غەزەپ ـ نەپرەت،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆچمەنلىك ۋە غالىپلارچە ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

ئاندىن گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىدىغان ۋاگون ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. گىتلېر 1918 ـ يىلى فوچ ئولتۇرغان تۆردىكى ئورۇندا ئولتۇردى. بەش مىنۇتتىن كېيىن فرانسىيە ۋەكىللىرى يېتىپ كەلدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە سېداننىڭ 2 ـ كورپۇس قوماندانى چارلىز ھونتزىگېر باشچىلىق قىلغانىدى. ئۆمەك دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر قوماندانى ۋە بىر مەمۇرىي ئەمەلدار لېئون نولدىن تەركىب تاپقانىدى. لېئون نول بۇرۇن پولشادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغانىدى. ھازىر ئۇ گېرمانىيە ئارمىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان 2 ـ قېتىملىق يىمىرىلىشنى بىۋاسىتە بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇلار بەك روھسىز كۆرۈنسىمۇ، يەنىلا ئېچىنىشلىق ھالدا غۇرۇرىنى ساقلىماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ فرانسۇزلار پەخىرلىنىدىغان بۇ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كېلىنىپ بۇنداق ھاقارەتلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گىتلېر دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق چۆچۈپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

گېنېرال كېيتېل فرانسۇزلارغا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىنلا، گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەرھال ۋاگوندىن چىقىپ كەتتى. سۆھبەت خىزمىتى ئالىي قوماندانلىق شتابى ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇلدى. لېكىن گىتلېر ئۆز قولى بىلەن تۈزۈپ چىققان شەرتلەردە قىلچىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى.

كېيتېل بۇ شەرتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھونتزىگېر نېمىسلارغا، شەرتلەر بەك «رەھىمسىز» بولۇپ كېتىپتۇ، 1918 ـ يىلى فرانسىيە مۇشۇ يەردە گېرمانىيىگە قويغان شەرتلەردىنمۇ يامان، دېدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر فرانسىيىنى مەغلۇپ قىلالمىغان ئالپىس تېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر دۆلەتمۇ

مۇشۇنداق تەلەپ قويىدىغان بولسا، فرانسىيە ھەرگىز تەسلىم بولمايدۇ. ئۇ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدۇ... شۇڭا مەن گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە قول قويالمايمەن» دېدى.

شۇ چاغدا يىغىنغا ۋاقىتلىق رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئەربابى گېنېرال ئىئودېل تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر دۇشمەننىڭ مۇشۇنداق قوپال گەپ قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: مەن سىزنىڭ ئىتالىيانلار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭىزنى «چۈشىنىدىغان» لىقىمنى ئىزھار قىلىشتىن خالى بولالمىسامۇ، لېكىن «فىيۇرېر» ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى ئۆزگەرتىشكە ھەققىم يوق. مېنىڭ پەقەت «بەزى ئىزاھاتلارنى بېرىش ۋە ئېنىق بولمىغان جايلارنى چۈشەندۈرۈش» كىلا كۈچۈم يېتىدۇ، خالاس. فرانسۇزلار ئۇرۇش توختىتىش شەرتلىرىنى يا شۇ پېتىلا قوبۇل قىلىشى، يا پۈتۈنلەي قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

نېمىسلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ زەھەرلىكى، فرانسىيىنى ناتسىستلارغا قارشى تۇرۇش يولىدا فرانسىيىدە ۋە فرانسىيىنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى گىتلېر ئىمپېرىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاش ئىدى. باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيىگە قارشى تۇرغان فرانسۇزلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان ھامان ئېتىپ تاشلىناتتى. بارلىق ئەسىرلەر شەرتنامە ئىمزالانغانغا قەدەر تۇتۇپ تۇرۇلاتتى. فرانسىيە بۇ ماددىلارغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ۋېيگاندنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا مەغلۇپ بولاتتى، شۇ چاغدا فرانسىيە ئەسىرلىرى قويۇپ بېرىلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە، 1 مىليون 500 مىڭ

فرانسۇز ئەسىرلەر جازا لاگېرلىرىدا بەش يىل تۇتۇپ قېلىندى.
1940 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، گېرمانىيە ـ فرانسىيە ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە قول قويۇشتى.
گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئېلان قىلغىنىغا قارىغاندا، فرانسىيە ئارمىيىسىدىن 60 مىڭ ئادەم ئۆلگەن، 300 مىڭ ئادەم يارىلانغان. 1 مىليون 500 مىڭدىن 2 مىليونغىچە ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن. گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن 140 مىڭ 600 ئادەم ئۆلگەن، يارىلانغان.
شۇنىڭ بىلەن، شۇ چاغدا «ياۋروپادىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت» دەپ ئاتالغان فرانسىيە قىسقىغىنا ئالتە ھەپتە ئىچىدە يىمىرىلىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب دۇنكىرك، تارىخنىڭ تېپىشمىقى

△ «جاپا تارتتىڭلار، ئوغلانلار!»
△ دۇنكىرك، 400 مىڭ ئەسكەرنىڭ قەبرىستانلىقى
△ بوروك: ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلىش ئارمىيىسى پەقەت مۆجىزە يۈز بەرسىلا، ئاندىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن
△ گۇدېرىئان: فېيۇرېر ئۆزىنىڭ دۇشمەنلىرىگە ئىچ ئاغرىتارمۇ؟
△ چېرچىلنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كەتتى: «دىنام! دىنام!»
△ يېشەلمەس تارىخي تېپىشماق

1940 - يىلى 4 - ئىيۇن، ئەنگلىيە.

ئەنگلىيە خەلقى دۇنكىركتا قورشاۋدا قالغان 300 مىڭ ئەسكەرنىڭ ئەنگلىيە زېمىنىغا ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى رادىئودىن ئاڭلاپ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى نېمە بىلەن ئىپادىلەشنى بىلمەي، توپ - توپ بولۇپ كوچىلارغا چىقىپ، كەتتى، كارىۋات كىرلىكلىرىنى پلاكات قىلىپ، ئۇنىڭغا:

«جاپا چەكتىڭلار، ئوغلانلار!»

«ياخشى جەڭ قىلدىڭلار، يىراقتا يۇرۇش ئارمىيىسى!»

www.uyghurkitap.com

«بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى ھەرگىز تەسلىم بولمايدۇ!»

«گېنېرال، خەپ توختاپ تۇر!»

دېگەندەك خەتلەرنى يېزىشىپ كۆتۈرۈپ چىقىشتى.

دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەر، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئەدىيااللار دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. لېكىن تېخى يېڭىلا قورقۇنچلۇق چۈشتىن قۇتۇلغان بۇ ئەسكەرلەر پۈتۈن دۆلەت بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك نېمە ئىش قىلىشقانلىقىنى چۈشەنمەي: «بىز زادى نېمىگە ھېساب؟ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچقان قاچاق ئەسكەرگىمۇ ياكى زەپەر قۇچۇپ قايتقان قەھرىمانغىمۇ؟» دېيىشتى.

فرانسىيە، دۇنكىرك.

فرانسىيىنىڭ نورد ئۆلكىسىدىكى بىر پورتتا دۇنكىرك دەيدىغان كىچىك بىر شەھەر بار، ئۇ دوۋېر بوغۇزىغا قوشنا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئەنگلىيىگە ئۆتىدىغان ئەڭ قىسقا دېڭىز يولى. مىلادى Ⅳ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنكىرك كىچىك بىر بېلىقچىلىق كەنتى ئىدى. Ⅶ ئەسىردە دىندارلار بۇ يەرگە سېنت ـ ئېلۋا چېركاۋىنى سالغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر ئاستا ـ ئاستا شەھەرگە ئايلانغانىدى. دۇنكىركنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، تارىختىن بۇيان غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تالىشىدىغان مۇھىم بىر رايونىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەر بىرقانچە قېتىم تارىخىي ئەسىرلەردە قەيت قىلىنغانىدى. بۇ شەھەرنى ھەقىقىي شۆھرەتكە ئىگە قىلغىنى يەنىلا 1940 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ دۇنكىرك چوڭ چېكىنىشى بولدى.

1940 ـ يىلى 10 ـ مايدا، گېرمانىيىنىڭ «A» گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسى گېنېرال پولكوۋنىك رۇندستېدنىڭ

قوماندانلىقىدا بېلگىيىنىڭ ئاردېن تاغلىرىدا ليۇكسېمبۇرگقا قارىتا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىۋەتتى. 300 مىڭ ئەسكىرى بار ليۇكسېمبۇرگ ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. 14 ـ مايدا، گېرمانىيىنىڭ تانكا دىۋىزىيىسى بىلەن ماتورلاشقان دىۋىزىيىسى بىرلەشكەن بىرىنچى چوڭ دىۋىزىيە ئاردېن تاغلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ 2 ـ ۋە 9 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرى تۇرۇۋاتقان سېدان رايونىدا ماس دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئارقىدىنلا 20 — 40 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن فرانسىيىنىڭ 1 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىگە — ئېسكا دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەرنى ئەنگلىيىنىڭ توققۇز دىۋىزىيىسىنىڭ ئىچىدىكى يەتتە دىۋىزىيىسى قاتتىق ساقلاۋاتاتتى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى بريۇسسېل بىلەن كاپنورغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە سېن ـ كانتېندىن ئايلىنىپ ئۆتتى. 18 ـ مايدا ئامىيېننى قورشىۋالدى.

گېرمانىيە برونېۋىك قوشۇنلىرىنىڭ تىغ ئۇچى ئەمدى ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ قاتناش لىنىيىلىرىگە تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ نىشانى پارىژ ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى ھەرقايسى پورتلار ئىدى. بۇ چاغدا فرانسىيە ئالىي قوماندانلىق ئورنى كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئىقتىدارىدىن قالغانىدى ھەم ئۇلارغا قارشى تۇرغۇدەك قوشۇنمۇ توپلىيالمايتتى.

21 ـ مايدا، گېرمانىيىنىڭ تېز سۈرئەتلىك قوشۇنى ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ قىرغاقلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئالدى قىسمىنى بۆلۈپ تاشلىدى ھەم گوللاندىيە، بىلگىيە دۆلەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ بازىسى قىلىش مەقسىتىدە كالى بوغۇزىنى قامال قىلىۋېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ 400 مىڭ ئەسكىرى دۇنكىرك رايونىدا قاپسىلىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ئۈچ تەرىپى دۈشمەن، بىر تەرىپى دېڭىز بولۇپ، ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانلىق شتابى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن جىددىي يىغىن ئېچىپ، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ چېكىنىش ياكى ئۇ يەرنى قوغداپ قېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ۋەزىيەتكە ئولتۇرغىنىغا ئۈزۈن بولمىغان چېرچىل، قورشاۋدا قالغان بىرنەچچە يۈز مىڭ ئەسكەرنىڭ جەنۇبقا، شىمالغا ياكى شەرققە قاراپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەرنى داۋاملىق قوغداپ تۇرۇشمۇ پۈتۈن ئارمىيىنى ۋەيران قىلىش بىلەن باراۋەر. شۇڭا ئۇنىڭ بىرلا چارىسى، بارلىق پاراخوتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئەنگلىيە بوغۇزى ئارقىلىق قورشاۋدىن چېكىندۈرۈپ چىقىش، دەپ تەكلىپ قويدى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھالى تېخىمۇ خارابلىشىۋاتاتتى.

قورشاۋدا قالغان بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قوماندانى ئەنگلىيە يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال پولكوۋنىكى گېت ئىدى.

دېڭىز ياقىسىغا چېكىنىش خىيالى بىرىنچى بولۇپ گېتنىڭ ئويىغا كەلدى. بۇ 18 ـ ماي يېرىم كېچە ئىدى.

19 ـ مايدا، گېتنىڭ ئالىي ئوفىتسېرلىرى مەجلىس ئېچىپ چېكىنىشنىڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، بارلىق قوشۇن ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان فرانسىيىنىڭ دۇنكىرك رايونىغا

چېكىنىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

گېت دېگەن بۇ قېرى گېنېرالنىڭ خاراكتېرى بۇيرۇققا بويسۇنۇش، مەسئۇلىيەتچانلىقتا ۋە كوللېكتىپقا سادىقلىقتا ئىپادىلىنەتتى. قوشۇن باشلاپ فرانسىيىگە بارغاندىن كېيىن ھېچقانچە ئىش قىلالمىغانىدى. يىراقنى كۆرەرلىكى ئۇنچىلىك كەسكىن بولمىسىمۇ، ئەمما بىر نۇقتىنى ھېس قىلغان بولسا، ئۇنى ناھايىتى روشەن تۇرۇپ بىلەلەيتتى. ئۇ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى، ئەمدىكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئەنگلىيىلىك قېرىنداشلىرىنى ساق - سالامەت بۇ يەردىن قايتۇرۇپ كېتىش ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ مەشق كۆرگەن، پىشقان بىردىنبىر قوشۇنى ھەم ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى كوزىرى ئىدى، بۇنى گېت شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىدىن بۇرۇنراق ھېس قىلغان ۋە كۆرۈپ يەتكەنىدى.

26 - ماي چۈشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى ئەيدېن گېتكە تېلېگرامما يوللاپ، ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

چېكىنىپ كېتىش بەلگىلىنىپ بولدى، لېكىن ئۇلار چېكىنىپ كېتەلەرمۇ؟

ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن فرانسىيىنىڭ 1 - گۇرۇپپىۋي ئارمىيىسى دېڭىزدىن ئىچكى قۇرۇقلۇققا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتر، كەڭلىكى 24 — 30 كىلومېتر كېلىدىغان تار بىر كارىدورغا كىرىپ قالدى. كۆپ قىسىم ئەنگلىيە قوشۇنى دېڭىزدىن 70 كىلومېتر كېلىدىغان لىرغا توپلىشىپ قالدى، فرانسىيە قوشۇنلىرى ئۇ يەرگە تېخىمۇ يىراق يەردە ئىدى.

كارىدورنىڭ شەرق تەرىپىدە، قىلتاققا چۈشۈپ قالغان

ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بوكنىڭ B گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىگە، غەرب تەرىپىدە رۇندستېدتنىڭ A گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرىغا يۇزلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئېنىقكى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى دېڭىز بويىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ باراتتى.

«ئەنگلىيە يىراقتا يۇرۇش قىلىش ئارمىيىسى پەقەت مۆجىزە يۈز بەرسىلا، ئاندىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. ئەنگلىيە 2 ـ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇك ئۆز خاتىرىسىگە.

ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى 25 ـ مايدا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ بىزگە ياردەم بەرمىسە، بىز ئەنگلىيىنىڭ مەشق كۆرگەن سەرخىل قوشۇنلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن» دەپ يازدى.

لېكىن، گېرمانىيە بىلەن يىراقتا يۇرۇش قىلىش ئارمىيىسى ئاشۇ مۆجىزىنىڭ راستتىنلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. 24 ـ مايدا، گىتلېرنىڭ ئىلگىرىلەشنى توختىتىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن بۇيرۇقى گۇدېرىئاننىڭ قولىغا تەگدى.

1940 ـ يىلى 24 ـ مايدا، گىتلېر 13 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

1. نۆۋەتتىكى جەڭ نىشانى — شىمالىي قانات ئارقىلىق مەركەزگە ھۇجۇم باشلاپ، ئاتوۋا بىلەن فراندى رايونىدا قاپسىلىپ قالغان فرانسىيە قوشۇنلىرىنى، ئەنگلىيە، بېلگىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ئۇ يەردىكى دېڭىز ياقىلىرىنى تېز ئىشغال قىلىش ۋە ساقلاش.

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى — قورشاۋدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بارلىق قارشىلىقلىرىنى بىتچىت قىلىش، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەنگلىيە قولتۇقى ئارقىلىق قېچىپ كېتىشىنى

توسۇش، A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى قوغداش.

بارلىق پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، دۇشمەننىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىش.

2. فۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ فرانسىيە تەۋەسىدىكى دۇشمەنلەرنى يوقىتىپ، جەڭ پىلانىنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، جەڭ تەييارلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلسۇن:

بىرىنچى باسقۇچ: دېڭىز بوغۇزى بىلەن ۋاسىنىڭ ئارىلىقىدىكى سېنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئوڭ قاناتتىكى ئاز قىسىم قوشۇنغا ماسلىشىش ۋە كېچىكىپرەك ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان قوشۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوغداش.

ۋاقىت يار بەرگەن ۋە ئىشلىتىشكە زاپاس قوشۇن بار ئەھۋالدا، ئاتوۋا بىلەن فرانكى رايونلىرىدىكى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىلگىرى موندىدىن تەرەپتىن مەركىزىي رايونلارغا ھۇجۇم باشلاش، سوم بىلەن ۋاس دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، سېنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە تەييارلىق قىلىش ۋە شارائىت يارىتىش.

ئىككىنچى باسقۇچ: قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ھۇجۇم باشلاش. قۇدرەتلىك برونېۋىك قىسىم بىلەن ماتورلاشقان قىسىم لانىسنىڭ ئىككى قانىتىدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە توختاۋسىز يۈرۈش قىلىپ، فرانسىيىنىڭ شۇ جايلاردىكى غوللۇق قوشۇنلىرىنى يىمىرىپ تاشلاش. ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بىتچىت قىلىش.

ئۈچىنچى باسقۇچ: بۇ تەرەپتىكى ئاساسلىق جەڭلەرگە دەل ۋاقىتىدا ياردەم بېرىش. سېنت - ئاۋوردې بىلەن ساگمېنىنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇشمەننىڭ ئاجىز مۇداپىئە لىنىيىسى ئارقىلىق ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، ئاجىز ھەربىي

كۈچ بىلەن نانسى ـ لۇنۋىل تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلاش.

ئۈنىڭدىن باشقا، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، رېين دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم باشلىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەردىكى ھەربىي كۈچ 8 — 10 دىۋىزىيىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن.

3. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى:

(1) ھاۋا ئارمىيىسى فرانسىيە ئىچىدىكى جەڭلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇ يەردىكى كۈچ يېتەرلىك، پۈتۈن كۈچىنى ئەنگلىيىدىكى جەڭگە قاراتسۇن. ئەنگلىيىگە قارىتىلغان ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ لور رايونىنى بومباردىمان قىلىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن قىلمىشى مۇقەددىمە بولىدۇ.

ھۇجۇم قىلىش نىشانى ھاۋا ئارمىيە قوماندانى 9 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق بويىچە بەلگىلىگەن بەلگىلىمە ۋە دۆلەت مۇداپىئە قوماندانلىق شتابىنىڭ شۇ ھەقتە بەلگىلىگەن قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېكىتىلسۇن، ۋاقىت ۋە ئۇرۇش مەقسىتى ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن.

قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىنمۇ ئەنگلىيىگە بولغان ئۇرۇش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلسۇن.

(2) قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ سىلان تەرەپتىكى ئۇرۇش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشتىن سىرت، يەنە يەر يۈزىدىكى ھۇجۇملارغىمۇ ياردەم بېرىشى، يېڭىدىن پەيدا بولغان دۈشمەننىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كېتىشىنى توسۇشى، بولۇپمۇ جەڭ بولۇۋاتقان سەپنىڭ غەربىي قانىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشى شەرت.

زۆرۈر تېپىلغاندا، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈۋاتقان قوشۇنغىمۇ ھاۋادىن ياردەم بېرىشى كېرەك.

(3) ئۇنىڭدىن باشقا، ھاۋا ئارمىيە قوماندانى قانداق تەدبىر قوللانغاندا ھازىرغىچە خەتەرلىك ئاز بولۇۋاتقان رايونلاردىن كۆچنى يۆتكەپ، دۈشمەن ئۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىۋاتقان جايلارنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ باقسۇن.

دېڭىز ئارمىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بىلەن سۆزلىشىپ، مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىنسۇن.

4. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىيىتى:

ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە ئەتراپىدىكى دېڭىز تەۋەسى ۋە فرانسىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا يېقىن دېڭىز رايونلىرىدىكى ھەرىكەتنى چەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان بەلگىلىمىلەر ئەمەلدىن قالسۇن، دېڭىز ئارمىيىگە قورال كۈچىنى تولۇق ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىلسۇن.

بەزى دېڭىز رايونلىرىدا قامال قىلىش ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىش رۇخسەت قىلىندى، دېڭىز ئارمىيە قوماندانى ئاشۇ دېڭىز رايونلىرىنىڭ چېگرىسى توغرۇلۇق ئۆز تەكلىپلىرىنى بەرسۇن.

قامال قىلىش ئىشىنى جاكارلامدۇق - يوق، جاكارلىساق قانداق شەكىلدە جاكارلايمىز، بۇنى ئۆزۈم قارار قىلىمەن.

5. ھەرقايسى قوماندان ئەپەندىلەر مېنىڭ بۇيرۇقىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ بۇيرۇق بويىچە تۈزگەن پىلانلىرىنى ماڭا ئاغزاكى ياكى يازما ھالەتتە مەلۇم قىلسۇن.

ئادولف گىتلېر (ئىمزا)

گىتلېرنىڭ رۇندستېد بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن چۈشۈرگەن «توختاش» بۇيرۇقى تولۇق ئاساسلارغا ئىگە بولۇپ، تانكىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش — پارىژ بىلەن فرانسىيىنىڭ باشقا جايلىرىنى ئىشغال قىلىش — برونېۋىك دۆلەتلىرىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بولسا كېرەك.

دېگىنىز ـ ئوكيان توغرۇلۇق قىلچە ساۋاتى يوق گىتلېر ئەنگلىيىنىڭ قورشاۋدا قالغان قىسىملىرىنى كىچىك پاراخوتلار بىلەنمۇ چېكىندۈرۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، پىيادە ئەسكەرلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بېرىپ زەمبىرەكلەرنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىۋېتەلەيدۇ، دەپ ئويلىغان.

گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى هېرمان گېرىنگمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا سەكرەپ چىقىپ، گىتلېرغا تېلېفون بەردى ۋە تېلېفوندا ئۇ بۇيرۇقنى قوللاپ، نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ئېيتتى.

«ئەگەر فيۇرېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ ماڭا قويۇپ بېرىدىغان بولسا، مېنىڭ ئايروپىلانلىرىم بىلەنلا دۈشمەننى يىتچىت قىلىۋېتىمىز... بۇ، كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان غەلىبە. شەرەپ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرى بىلەن كونا پرۇسسىيىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە ئەمەس، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىمپېرىيىمىز بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان هاۋا ئارمىيىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك» دېدى ئۇ.

گىتلېرنىڭ يېنىدا تۇرغان گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئارفىلېد يودېر سوغۇق كۈلۈپ: «گېرىنگ يەنە پو ئاتتىغۇ...» دەپ قويدى.

ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ هاۋا ئارمىيە قوماندانى مارشال هېرمان گېرىنگ گىتلېرنىڭ قانۇنىي ئىزباسارى ئىدى. 1912 ـ يىلى گېرىنگ گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە خىزمەتتە بولغان، 1914 ـ يىلى هاۋا ئارمىيىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، رېشتخوفېن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن «هاۋادا ماهارەت كۆرسىتىش ئەترىتى» گە قوماندانلىق قىلغان.

گېرىنگنىڭ ئۆزى ماھىر ئۇچقۇچى بولۇپ، بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆزى يالغۇز دۈشمەن ئايروپىلانىدىن 22 نى ئېتىپ چۈشۈرگەنىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ ناتسىستلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

گېرىنگ گىتلېرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، 1923 - يىلدىكى ميۇنخېندا يۈز بەرگەن پۈتىخانا سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشتى. شۇ چاغدىكى ئېتىشىشتا يارىلىنىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تۆت يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، 1927 - يىلى گىتلېر بىلەن قايتىدىن مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەم سانائەت سېپىدىكىلەرنىڭ گىتلېرنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. گىتلېر ئۇنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھىملېر بىلەن بىرلىشىپ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ مەخپىي ساقچى ئورگىنى — گېستاپولار بىلەن ئەڭ دەسلەپكى جازا لاگېرلىرىنى قۇردى.

1934 - يىلى ئۇ ھىملېر ۋە ئامانلىقنى ساقلاش مىنىستىرى ھېنرىخ مۇللېر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، روم ۋە ئۇچقۇچىلار ئەترىتى ئىچىدىكى باشقا كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى يوقاتتى. گېرىنگ سىياسىي سەھنىدىمۇ، ھەربىي ساھەدىمۇ ناھايىتى پائالىيەتچان ئىدى. 1935 - يىلى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى، ئايروپىلان سانائىتى قۇردى، يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلارنى سىناق قىلدى. 1936 - يىلى گىتلېر ئۇنى «تۆت يىلان» غا مەسئۇل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، گېرمانىيىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

1938 - يىلى، گىتلېر ئارمىيىنى تەرتىپكە سالغاندا، گېرىنگقا مارشاللىق ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسىرى يۇكسەك دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەيش - ئىشرەتكە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى.

گېرىنگ ئۆزىنىڭ باشلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى، شۇڭا گەپلىرى گىتلېرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقاتتى. ئۇ ھەم گىتلېرنى گېپىگە كىرگۈزەلەيتتى، قارار چىقىرىشلىرىغا ياردەم بېرەتتى.

دۈنكىركقا 16 كىلومېتىر قالغاندا، گۇدېرىئان بۇيرۇقنى ئېلىپ ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ قالايلا دېدى. فىئورېر ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ قالغانمۇ ـ قانداق؟

گۇدېرىئان گىتلېرنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇيرۇقنى قولىغا ئېلىپ ياغاچتەك قېتىپلا قالدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. دۈنكىركتىكى چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىسى كۆرۈنۈپلا قالغاندى، لېكىن ئۇ ئالدىغا ئەمدى بىر قەدەممۇ سىلجىيالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان دۈنكىركقا، ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئايروپىلانلارغا، چوڭ ـ كىچىك پاراخوتلارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ قورشاۋدا قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىغا جىمجىت قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

20 ـ مايدا، گۇدېرىئاننىڭ تانكىلىرى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ دېڭىز بويىدىكى ئابۋېرغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى چېرچىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن پاراخوتلارنى يۆتكەشكە باشلاپ، مۇھاسىرىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ ھەرىكەت پىلانىنىڭ نامى «دىنام پىلانى» ئىدى، بۇ ھەرىكەتكە دوۋېردا تۇرۇۋاتقان دېڭىز ئارمىيە گېنېرال لېيتىنانتى راموچ قوماندانلىق قىلدى.

20 ـ ماي كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ بىردىنبىر برونېۋىك دىۋىزىيىسى قۇرۇقلۇققا چىققان بولسىمۇ، لېكىن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشالمىدى. ئۇ ئارمىيە ئۆزلىرىدە

بار بولغان 60 تانكا بىلەن رومبلىنىڭ 400 تانكىسىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغانىدى. نەتىجىدە، ئۇلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما دۈشمەننى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى ۋە 500 دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى.

25 ـ مايدا، گورت ئۆزىنىڭ قارشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىردىنبىر چېكىنىش يولى دېڭىزغا بارىدىغان يول. ئۇلار چوقۇم كەڭلىكى 25 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر كېلىدىغان كارىدور ئارقىلىق دېڭىز بويىغا يېتىپ بېرىشى كېرەك. نېمىسلارنىڭ 1 مىڭ 250 تانكىسىنىڭ يېرىمىنى رېمونت قىلمىسا بولمايدۇ، قالغان يېرىمىنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ.

بىراق، گېرمانىيە تانكىلىرى ياخشى ۋەزىيەتتىن ئۇچ كۈن ئىلگىرى گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەرتىپكە سېلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قولغا كەلگەن تۇيۇقسىز غەلىبە ھەتتا گىتلېرنىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىشقا ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى تۇرۇۋاتقان جاي ساسلىق بولۇپ، برونېۋىك قىسىملىرىغا مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھېچقانچە قىيىنچىلىق ئەمەس ئىدى. ئەمما يوغان قورساق گېرىنگ فىيۇرېرغا، بۇ ۋەزىپىنى ھاۋا ئارمىيىسى ئۈستىگە ئالالايدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

گېنېرال مايور يودېرمۇ: «ھاۋا ئارمىيىسى ئازراقلا بەدەل تۆلەش ھېسابىغا ئورۇنلىنىدىغان ئىشقا نېمە دەپ تانكىنى ئىسراپ قىلىمىز؟» دېگەنىدى.

بېلگىيە ئارمىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئوستېندىنىڭ دېڭىز بويىغا يېتىپ بارالىغانىدى. گېرىنگ ئارىراستا قايتۇرما ھۇجۇمغا قاتناشقان ئىككى دىۋىزىيىنى دەرھال قايتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، بېلگىيە قوشۇنلىرى بوش قالدۇرغان

ئېغىزنى توسماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنكىركنىڭ كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكاملىرىنىڭ ئەتراپىغا مۇداپىئە قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. فرانسىيە قوشۇنلىرى گرافگېدىن تارتىپ بېجو لىنىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقنى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بېجودىن فېنغىچە، فېندىن نيۇپورتقىچە بولغان قانال بويلىرىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى ساقلاۋاتاتتى، پۈتۈن جەڭ سېپى 200 كىلومېتىردىن ئاشاتتى، ئۇنىڭ 156 كىلومېتىر ئارىلىقىنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ساقلاۋاتاتتى.

26 - مايدا، گېرمانىيە برونېۋىك قوشۇنىنىڭ بەش دىۋىزىيىسى دۇنكىركنىڭ غەربىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىققىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. شەرق تەرەپتىن بوركىنىڭ قوشۇنى قورشاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ تۆت دىۋىزىيىسى بىلەن فرانسىيىنىڭ 1 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى 65 كىلومېتىر دائىرىنىڭ جەنۇبىدىكى لىرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ بولغانىدى. گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئامبۇر زادىلا قىسىلمايۋاتاتتى، پەقەت گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى ھەر كۈنى كېلىپ ئۇلارغا ھەيۋە كۆرسىتىپ قويۇۋاتاتتى.

دۇنكىركقا تۈركۈملەپ قوشۇنلار كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاۋۋال ئالاقىچى قوشۇن، ئارقا سەپ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى. مۇھاسىرە 93 كىلومېتىرغا قىسقارغان چاغدا، نۇرغۇن جەڭگىۋار قوشۇنلار دېڭىز ساھىلىغا يىغىلىپ بولدى. شۇ كۈنلەردە فرانسىيىنىڭ 1 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ يەتتە دىۋىزىيىسى بىلەن ئوق - دورىلىرى تۈگىگىچە جەڭ قىلدى.

28 - مايدا، ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى گرافگې، بېجو ۋە فېندىن تارتىپ نيۇپورتقىچە بولغان قوغداشقا تېگىشلىك مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە چېكىنىپ كەلدى. 30 - مايغىچە پۈتۈنلەي كېلىپ بولدى. گېرمانىيىنىڭ تۆمۈر ئاتلىرى بولسا ئۇ يەرگە پەقەت توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا توختاشقا

مەجبۇر بولۇشتى.

26 ـ مايدا، «دىنام پىلانى» ئىجرا قىلىنىشقا باشلاپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ئارقا سەپ خادىملىرى ئەنگلىيىگە قايتتى. چېكىنىش باشلانغاندىن كېيىن مەخپىيەتلىكنى ساقلىغىلى بولماي، نەتىجىدە ئەنگلىيە دېڭىز چىلىرى ماتورلۇق قولۋاق، يۈك پاراخوتى، يولۇچىلار پاراخوتى، يەلكەنلىك كېمە، بېلىقچىلار كېمىسى، ئۈزۈش پاراخوتلىرى . . . ئىشقىلىپ سۇدا ماڭغۇزغىلى بولىدىغانلىكى بارلىق نەرسىلەرنى ھەيدەپ، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي، شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى دەريالاردىن، دېڭىز قولتۇقلىرىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى.

57 ياشلىق كرامىچ 16 كىشىدىن تەشكىللەنگەن مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە دوۋېردىكى «دىنام سېخى» دا تۇرۇپ بۇ چېكىنىشكە قوماندانلىق قىلدى. مايور ۋوك دېڭىز قولتۇقلىرى بىلەن سۇ يوللىرىغا، پولكوۋنىك تانانت دېڭىز ساھىلى بىلەن دۇنكىركقا، پودپولكوۋنىك كلاۋس شەرقىي قىرغاققا چىقىدىغان پاراخوتلارغا مەسئۇل بولدى. تانانت قەلەي بىلەن S • N • O ھەرپلىرىنى قىيىپ چىقىرىپ بېشىدىكى تۈمۈر قالپىقىنىڭ ئالدىغا چاپلىۋېلىپ (دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئالىي ئوفىتسېرى)، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى شۇ ئارقىلىق بىلدۈردى. ئۇنىڭغا 12 نەپەر ئوفىتسېر، 150 نەپەر ماتروس ياردەم بېرىۋاتاتتى.

دۇنكىركتىن دوۋېرغىچە بولغان ئەڭ قىسقا Z دېڭىز يولى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. يەنە بىر 88 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى X لىنىيە ئەنگلىيىنىڭ مىنا رايونى ئىدى. پەقەت Y لىنىيىنىڭ 140 كىلومېتىرلىق يولىنىلا ئىشلىتىشكە بولاتتى. بۇ يولنى بەش يېرىم سائەتتە بېسىپ بولۇش مۇمكىن ئىدى.

27 ـ ئىيۇندا بېلگىيە تەسلىم بولۇپ، بىرلەشمە ئارمىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پايدىسىز ئەھۋال كېلىپ چىقتى. دۈڭكىرككا كېلىدىغان پاراخوتلار چوقۇم دېڭىز بويىنى بويلاپ خېلى يەرگىچە مېڭىشى كېرەك ئىدى، ئۇ يەرلەرنىڭ سۈيى ئىتتىك ئاقاتتى، خادا تاشلارمۇ ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى دۈڭكىركنىڭ ئاسمىنىدا گۇرۇلدەپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، يەردە ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە يېتەتتى. گېرمانىيىنىڭ بۇ ئايروپىلانلىرى 15 مىڭ دانە بومبا، 30 مىڭ دانە ئوت ئالغۇچ بومبا تاشلىدى. پورت بومباردىماندا ۋەيران بولۇپ كەتتى، پەقەت 1 مىڭ 300 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى شەرقىي توسمىلا ياردەمگە كەلگەن پاراخوتلار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. توسمىنىڭ ئۈستى تار بولۇپ، ئۈچلا ئادەم قاتارلىشىپ ماڭالايتتى. نەچچە ئون مىڭ ئەسكەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مايور تانانت پاراخوت ئەۋەتىشنى جىددىي مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. دېڭىز ئارمىيىنىڭ پاراخوتلىرى گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا چارلاش پاراخوتىدىن بىر، قوغلىغۇچى پاراخوتتىن سەككىز، ئادەتتىكى پاراخوتتىن 26 سى ئاجرىتىپ بېرىلدى.

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىكى ئايروپىلانلىرى دۈڭكىرك ئاسمىنىدىكى جەڭگە قاتناشتۇرۇلدى. قوغلىغۇچى پاراخوتلار بۇ قېتىم ئەسكەر توشۇشقا ئىشلىتىلدى. پاراخوتلارنىڭ ھەممە يېرى ئەسكەرلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا بەزى پاراخوتلار ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن چۆكۈپ كېتەي دەپ قالدى.

بۇ پاراخوتلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئىچىدە كېتىۋېتىپ، دۈشمەنگە قارىتىپ تىنماي توپ ئېتىپ ماڭاتتى.

قۇرۇقلۇقتا ئەڭ قىيىن بولۇۋاتقىنى شىمال تەرەپ ئىدى، نېمىس قوشۇنلىرى بېلگىيە قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ تاشلاپ

كەتكەن بوشلۇقلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. گېنېرال مونتگومېر 600 دانە ھەربىي ماشىنىنىڭ سىرتىنى پارقىرايدىغان سىر بىلەن سىرلاتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىچىك چىراغلارنى ياندۇرۇپ، ئايلانمىلارغا ژاندارمىلارنى قويۇپ، 58 كىلومېترلىق يولنى كېچىلەپ تېز بېسىپ ئۆتتى.

27 ـ مايدا، 7 مىڭ 669 ئادەم ئەنگلىيىگە سالامەت چېكىنىپ كېلىۋالدى.

28 ـ مايدا، 17 مىڭ 800 ئادەم توشۇپ كېتىلدى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، 27 ـ، 28 ـ ماي كۈنلىرى 45 مىڭ ئادەم توشۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئەمەلىيەتتە 24 مىڭ ئادەم توشۇلدى.

29 ـ مايدا، مۇداپىئە چەمبىرىكىنى يەنىلا 200 مىڭ ئادەم مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ كۈنى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى چىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، لوندوندىكى تېمزا دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بارلىق چوڭ ـ كىچىك ۋە خىلمۇ خىل پاراخوت ـ كېمىلەرنى چېكىنگەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشىغا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ كۈنى چېرچىل فرانسىيىنىڭ باش مىنىستىرى رېينائۇدقا تېلېگراما يوللاپ، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭمۇ مۇمكىن بولغان دائىرە ئىچىدە چېكىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىنىڭ سان ـ ساناقسىز ئاپتوموبىللىرى مۇداپىئە لىنىيىسى ئىچىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. گورت ئۇلارغا مېلو ساھىلى بىلەن چوڭ ئىككى پاراخوتنى ئىشلىتىشكە ئۆتۈنۈپ بەردى.

شۇ كۈنى گېرمانىيە قوشۇنلىرى ماباك بىلەن نيۇپورتنىڭ كەينىدىكى جايلارنى بېسىۋېلىپ، دېڭىز ساھىللىرىنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلار بومباردىمان قىلغاندىن باشقا پىلموتلار ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن ئېتىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە جەڭچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق چاغلاردا دۈم يېتىۋالسا، چۈشكەن بومبا ۋە زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسى قۇمنىڭ ئىچىدە ئاجىزلاپ، ئۆزلىرىگە ئانچە خەتەر يەتمەيدىغانلىقىنى بايقاشتى. دۈشمەننىڭ ئېتىشلىرى توختىغاندا ئۇلار پۇتبول ئوينىشاتتى، سۇغا چۆمۈلۈشەتتى، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى.

29 ـ مايدا، جەمئىي 47 مىڭ 300 ئادەم قۇتقۇزۇۋېلىندى.

30 ـ مايدا، گورت بىرىنچى ئىيۇنغىچە مۇداپىئە لىنىيە بۇزۇپ تاشلىنىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، بىرىنچى ئىيۇن كېچىگىچە پۈتۈنلەي چېكىنىپ بولۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىقنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى.

پورت ۋە دېڭىز بوغۇزلىرىدىكى سۇدا ۋەيران بولغان پاراخوتلارنىڭ قالدۇقلىرى، ماي باكلىرى، ياغاچلار، ئارغامچىلار، كىيىم ـ كېچەكلەر، جەسەتلەر تاشلىنىپ ۋە لەيلەپ تۇراتتى، قۇتۇلدۇرغىلى كەلگەن پاراخوتلار ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاران ئۆتەتتى. مىڭلىغان بومبىلار توسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە يېقىن يەرلەرگە چۈشۈپ تۇراتتى، قۇرۇقلۇق تەرىپى توسۇلۇپ كەتكەن، پەقەت دېڭىزغا قاراپ تۇرغان تەرىپىدىنلا پايدىلانغىلى بولاتتى. كەچتە چېكىنىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت كېچىدىلا چېكىنگىلى بولاتتى. دېڭىز يۈزى ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى، كۆيۈۋاتقان ماي ئىسكىلاتلىرىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس ـ تۈتەك بوشلۇقنى بىر ئالغانىدى، قويۇق تۇمانمۇ چۈشۈشكە باشلاپ، نېمىسلارنىڭ بومباردىمان قىلىدىغان نىشانلارنى تېپىشى تەس بولدى.

30 ـ ماي، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ چېكىندۈرۈلگەن ئەسكەرلىرى تەڭ نىسبەتتە بولۇپ، 53 مىڭ 800 ئادەمگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 29 مىڭ 500 ئادەم قوغلىغۇچى پاراخوتلار بىلەن چوڭ يۈك پاراخوتلىرىدا چېكىندى.

31 ـ ماي، چېرچىل پارىژغا بېرىپ، فرانسىيە رەھبەرلىرىنىڭ 150 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى بىلەن 15 مىڭ فرانسىيە ئەسكىرىنىڭ چېكىنىپ ئەنگلىيىگە بارغانلىقىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ھەيران قالدى. گېنېرال دارلېن دۇنكىركتىكى گېنېرال ئابولىيارغا تېلېگىراممىا بېرىپ، سىرتقى چەمبەردىكى قوشۇنلار مۇھاسىرىدىن چىقالماي، ئىچكى چەمبەر ئىچىدىكى فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ پاراخوتلارغا ئۆزلۈكىدىن چىقىشقانلىقىدىن ۋە ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن چېرچىل بۇ گەپنى رەت قىلىپ: چېكىنگەندە ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىندى، دېدى. ئەنگلىيە تەرەپ شۇ كۈنى ئۇ يەردىكى قوماندانلىرىنى يۆتكەپ، گورتنىڭ ئورنىغا ئالېكساندرنى قويدى.

ئۇ كۈنى بوران چىقىپ دېڭىزدا شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلگەندى، نۇرغۇن ماتورلۇق كېمىلەر دېڭىز ساھىلىدا قۇمغا پېتىپ قالدى. چۈشتىن كېيىن شامال پەسلىگەندە، تارتىدىغان پاراخوتلار بېرىپ ئۇ كېمىلەرنى قۇمدىن تارتىپ چىقىپ دېڭىزغا چىقىرىپ قويدى.

فرانسىيىنىڭ قوغلىغۇچى ۋە يۈك پاراخوتلىرى بۇيرۇق بويىچە ئاخىر يېتىپ كەلدى. چېرچىل شۇ كۈنى گېنېرال ۋېيگاندقا يەنە تېلېگىراممىا بېرىپ: «بىزنىڭ بەش كۈرەشچى ئايروپىلان ئەترىتىمىز بىر مىنۇتمۇ توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئالتە پاراخوتىمىز بومباردىماندا چۆكۈپ كەتتى، ئەتىگىچە بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ـ يوق، بۇنى ئالېكساندر بىلەن ئابولىيار بەلگىلەيدۇ» دېدى.

31 ـ ماي، نيۇپورتتا تۇرۇۋاتقان تۆت دىۋىزىيىدىكى 6 مىڭ ئادەم پاراخوتلارغا چىقىش ئۈچۈن 16 كىلومېتىر يول مېڭىشلىرى كېرەك ئىدى. تارىيىۋاتقان قانال مۇداپىئە لىنىيىسىدە 39 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى شەرقىي لىنىيىنى، 50 مىڭ ئەسكەر غەربىي

لىنىيىنى قوغداپ تۇرۇۋاتاتتى.
31 ـ ماي، 68 مىڭ ئادەم خەتەردىن قۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 45 مىڭ ئادەم توسمىنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ چېكىندى، 22 مىڭ 900 ئادەم دېڭىز ساھىلىدىن چېكىندى. ساھىلدا 20 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى قالدى، ئەمدى چېكىندىغانلار ئاساسەن فرانسىيىلىكلەر ئىدى. «دىنام» ھەرىكىتى 4 ـ ئىيۇندا ئاياغلاشتى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئەسكەرلىرىدىن 330 مىڭ 600 ئادەم قۇتۇلدۇرۇلدى.
27 ـ مايدىن 4 ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن 23 مىنۇت ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا «دىنام» پىلانى تولۇق ئورۇنلىنىپ بولدى. چېكىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. فول ئۆزىنىڭ «1939 — 1945 ـ يىللاردىكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «كىشىلەر بۇ قېتىمقى چېكىنىشنى (بىر مۆجىزە) دەپ ئاتاشتى. لېكىن ئۇرۇشتىكى مۆجىزە پەقەت ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىنغان بىر قېتىملىق جەڭدىلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىش بولسا گىتلېرنىڭ ئاخىرقى زەربىنى بەرمەي، دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويغان سەۋەنلىكىدىن بولغان.»
«دىنام» پىلانى ئاخىرلاشقان 4 ـ ئىيۇن كۈنى چېرچىل نۇتۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى جەڭچىلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرغان ئىشنى، غەلىبە قىلدۇق، دەپ پەردازلىمايلى، ئۇرۇشتا چېكىنىش بىلەن غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىمقى چېكىنىشكە ياردەم بېرىشىمىزدە غەلىبە تۇسى بار.» ئۇ قەسەم بېرىپ يەنە شۇنداق دېدى: «بىز دېڭىزدا جەڭ قىلىمىز، قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان جايلاردا جەڭ قىلىمىز، تاغلاردا جەڭ قىلىمىز، ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز. ..» چېرچىلنىڭ بۇ مەشھۇر نۇتقى تارىختا قەھرىمانلىقنىڭ

بۈيۈك نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

ئەگەر گىتلېر چېكىنىۋاتقان ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق تانكا دىۋىزىيىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، دۈشمەنلىرىگە ئۈچ كۈنلۈك پۇرسەت بەرمىگەن بولسا، چېرچىل ئۈنچىلىك ھاياجان بىلەن سۆزلىمىگەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تارىخىنىمۇ باشقىچە يېزىشقا توغرا كەلگەن بولاتتى.

گىتلېر نېمە ئۈچۈن قوشۇننى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختىتىپ قويىدى، دېگەن مەسىلىگە قارىتا گېرمانىيىنىڭ فاشىست گېنېراللىرى بىلەن بۇرژۇئا تارىخچىلىرىنىڭ قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر، ئۈچىغا چىققان سوۋېتقەستچى گېرىڭ جەڭ غەلىبىسىنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا يازغۇزۇش ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيىسىنى، دۈنكىركنى بومباردىمان قىلىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، قىرغاققا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلغان دۈشمەن پاراخوتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، دەپ ئېتىپ، گىتلېرنى قوشۇننى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختىتىشقا كۆندۈرگەن، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر، «A» گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنىڭ قوماندانى فون رۇندستېد گىتلېرغا تەكلىپ بېرىپ، تانكىلارنى توختىتىپ رەتكە سېلىش كېرەك، شۇنىڭغىچە پىيادە ئەسكەرلەر ئۇلارغا يېتىشىۋالىدۇ، دېگەن، دېيىشىدۇ. لېكىن فون رۇندستېد بولسا مەسئۇلىيەتنى گىتلېرغا ئىتتىرىپ قويغان. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ خاتالىق تامامەن گىتلېرنىڭ ئۆزۈمچىلىكىدىن بولدى. فيۇرېر ھەر كۈنى دېگۈدەك تانكىلارنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇماتلار ئېلىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن ئۇ يەردىكى ئەنگلىيىلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا يەتكۈدەك تانكىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىتلېرنىڭ بۇ قارارنى چىقىرىشىدىكى ئىككىنچى سەۋەب، ئۇ بېرلىندا كۆرگەن خەرىتىلىرىدە پورت ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى سۇلۇق يەرلەر دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئۇ يەرلەر تانكىغا مۇۋاپىق ئەمەسكەن، شۇڭا تانكا بىلەن ھۇجۇم قىلىنسا زىيان ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ تانكىلارنى پارتژنى ۋە فرانسىيىلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرىدىغان مۇھىم قورال بىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيىلىك ھەربىي تارىخچى لىددېل ھارت بۇنىڭدا سىياسىي سەۋەبنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇخبىر، تارىخچى شايېلمۇ شۇنداق سەۋەبنىڭ بارلىقىغا قوشۇلۇپ، «بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە مۇھىم قاراش» دېدى. لىددېل ھارت ئۆزىنىڭ «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا رۇندستېدنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال گۈئېتېر بلۇمېنترىتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىگە دېگەن سۆزىنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇ چاغدا ئۇ ھارتقا گىتلېرنىڭ 24 ـ ماي كۈنى رۇندستېد بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «گىتلېرنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى، ناھايىتى روشەن بىر مۆجىزە، دەپ ئىقرار قىلغان ھەم بىزگە بۇ ئۇرۇشنى ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەم يەنە فرانسىيە بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر تىنچلىق كېلىشىمى تۈزسە، ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ يولى ئېچىلىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن... ئۇ يەنە ئاپىرىن ئوقۇش تەلەپپۇزى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدىمۇ گەپ قىلدى... ئۇ ئاخىرىدا، مېنىڭ مەقسىتىم ئەنگلىيە بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان

ھەم ئۆز غۇرۇرۇمغا زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا سۈلھ تۈزۈش،
دېدى».
لىددېل ھارت ئاخىردا شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: «گىتلېرنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ، شۇڭا ھەرقانداق ئاددىي چۈشەندۈرۈشلەر ھەقىقىي بولماي قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشى بىرنەچچە تەرەپنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ تەرەپنى كۆرۈپ يېتىش ئاسانراق — ئۇ كېلەر قېتىمقى جەڭلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن، تانكىلىرىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە بولغان؛ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بېرى فرانكى ساسلىقىدىن ئەنسىرەپ قېلىپ كەلگەن؛ گېرىنگ بولسا ناتسىستلارنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئۈچۈن شەرەپ قوغلاشقۇچى بولغان. بىراق، سىياسەت بىلەن ھەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، كاللىسى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدا سىياسىي جەھەت بىلەن ھەربىي جەھەتتىكى ئاشۇ ئۈچ سەۋەب ئاساسىي رول ئويناپ كەتكەن.»
ھازىر قارىغاندا، گىتلېرنىڭ مەقسىتى بىرلا تەرەپتىن ئەمەس ئىكەن. ئالدى بىلەن، گىتلېر ئەنگلىيىنى قارماققا ئىلىنىپ بولغان بېلىق دەپ بىلىپ، ئۇنى كۆپ كۈچىمەيلا يوقاتقىلى بولىدۇ، دېيىش ئارقىلىق دۈشمەنگە سەل قارىغان، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، برونېۋىك قىسىملارنى رەتلىمىسە بولمايدىغان ئەھۋال بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا، يامغۇر ۋە ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى توغاننى ئېچىۋېتىپ قويۇۋەتكەن سۇ ئەتراپنى بېسىپ كېتىپ، برونېۋىك قىسىملارنىڭ يۈرۈشىنى قىيىنلاشقان. شۇنىڭغا قاراپ گىتلېر برونېۋىك قىسىمنى ئىلگىرىلەشتىن توختىتىپ، گېرىنگنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى «كارامىتىنى كۆرسىتىش» كە قويۇپ بەرگەن.
گىتلېرنىڭ گرافلىنغا يېتىپ كەلگەن قوشۇننى توختىتىپ

قويۇشىدا ھەربىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا يەنە سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبمۇ بار، بۇ سەۋەب تېخى مۇھىمراق. «گىتلېر ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنى قاچۇرۇۋېتىش ھېسابىغا ئەنگلىيىگە ياخشىچاق بولۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن سۈلھ تۈزۈشنى ئويلىغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئىنگلىزلار بىلەن سۈلھ تۈزۈش نىيىتىدىن زادىلا يېنىپ باقمىدى، بۇنى ھەتتا چېرچىلمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گىتلېر ئەنگلىيە بىلەن سۈلھ قىلىش مەقسىتىنى بىلدۈرگەندى. گىتلېر غەربىي ياۋروپانى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تىغ ئۇچىنى شەرقتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتماقچى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەنگلىيە بىلەن سۈلھ تۈزۈۋالسا، ئارقىسىدىن كېلىدىغان ئاپەتتىن خاتىرجەم بولاتتى. شۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، گىتلېر ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەي بىر قىسمىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە يول قويسام ئەنگلىيە بىلەن سۈلھ تۈزۈشۈمگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل پەرەزمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەمما ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قورشاۋدىكى بۇ قوشۇنلىرىنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك دېڭىز يولى ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. نېمىلا بولسۇن، گېرمانىيە ئارمىيىسى 1940 ـ يىلى مايدا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى تولۇق يوقىتىۋېتەلەيدىغان پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا ئارام ئېلىۋالىدىغان پۇرسەت، چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىۋالىدىغانغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى، گىتلېرنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا كەتكۈزۈپ قويغان تۇنجى ئەڭ چوڭ خاتالىقى، دېيىشتى.

دۇنكىركتىكى چېكىنىش، فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ

زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەنگلىيىنىڭ فرانسىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى فرانسىيىنىڭ پولشاغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى، يەنى ئۇ فرانسىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھام بېرەتتى، يەنە ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتاتتى. مانا بۇ شۇ چاغدىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىدى.

## بەشىنچى باب ئەنگلىيە بوغۇزىغا يۆزلىنىپ تۇرغان گىتلېر: گېرمانىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ

△ گىتلېر: بىز ئۇلارنىڭ ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمىز

△ گىتلېر كۆتۈۋاتىدۇ

△ خالىفاكس: بىز كۆرەشنى ھەرگىز توختاتمايمىز

△ دې گول: ئامېرىكا فرانسىيىگە كەلگەن ئاپەتكە سەل قارىدى

△ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇ چوڭ ئۇرۇش پىلانىغا بولغان ئىشەنچىسى كەم بولدى

△ گېرىنىگ مەيدىسىگە ئۇردى: ئەنگلىيىنى بىزنىڭ ھاۋا ئارمىيىمىزگە قويۇپ بېرىڭلار

△ گىتلېر: «دېڭىز شىرى» پىلانى قەرەلسىز كېچىكتۈرۈلسۇن

1940 ـ يىلى ئىيۇننىڭ باشلىرى، دۇنكىرك.

ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى دۇنكىركتىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەر يەنە بۇرۇنقىدەك

جىمجىتلىقتا چۆمدى، پەقەت دولقۇنلارنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جەڭدىن كېيىن جەڭ مەيدانلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىش گىتلېرنىڭ ئادىتى ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇ ئادىتى بويىچە بېلگىيە بىلەن فرانكى جەڭ مەيدانلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

گىتلېر دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمغا پېتىپ قالغان ئەنگلىيە پاراخوتلىرىغا، ئۇلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن نەرسىلىرىگە قاراپ قويۇپ، تەمكىن ئاھاڭدا: «ئۇلارنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى تېخى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەلمىدۇق» دېدى.

«ئۇنداق بولسا، فيۇرېر جانابلىرى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئەس ـ ھوشىنى تېخى يىغىۋالمىغان مۇشۇ پۇرسەتتە، بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىمىزنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاپ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلساق قانداق؟» دېدى بىر چەتتە تۇرغان گېرىنگ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دۈنكىرك جېڭىدە ئۇنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئېغىزغا چۈشكەن لوق گۆشنى يوقىتىپ قويۇپ قاتتىق ئىزاغا قالغانىدى. ئەمدى شۇ ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقانىدى.

گىتلېر تەكەببۇرلۇق بىلەن قولىنى چايقاپ قويۇپ شۇنداق دېدى: «ھازىر ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىنگلىزلار ئەقىللىق مىللەت، ئۆزلىرىنىڭ شۇ كۈنلەردە ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مېنىڭ تىنچ يول بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن دەپ باستۇرۇپ بېرىشقا بولمايدۇ.»

گىتلېر ئۆزى ئېيتقاندەك، 1940 ـ يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدىن ئىيۇلنىڭ بېشىغىچە ئەنگلىيە تەرەپتىن يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ، تىنچلىق كېلىشىمىگە قول قويۇشنى خالايدىغانلىقى توغرۇلۇق كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

1 ـ ئىيۇلدا ئۇ ئىتالىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ئەلچىسى دىنو ئالفىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا: «مەن ئىنگلىزلارنىڭ ئىچىدە غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن» دېدى. گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانى ئېنىخچە ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەشكە بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيۋاتاتتى. لېكىن ئەتىسى، 2 ـ ئىيۇلدا ئالىي قوماندانلىق شتابى ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ تۇنجى بۇيرۇقىنى ئاخىر چۈشۈردى.

11 ـ ئىيۇندا، گىتلېر سالزبۇرگدا ھەربىي باشلىقلار يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. ئەگەر ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، دېڭىز ئارمىيىسى قىسىملارنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالاتتى. دېڭىز ئارمىيە مارشالى شۇ كۈنى گىتلېر بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشقاندى. گېنېراللارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاراڭ قىلىشنى خالىمىدى. كۆپ ۋاقىتتا نورۋېگىيىدىكى ترونھېيم بىلەن نارۋىكتا دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى كېڭەيتىش توغرۇلۇق سۆزلەشتى.

رادېرنىڭ شۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مەخپىي ئەسلەتمىسىدىن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانىنىڭ شۇ چاغدا تولىمۇ غەمكىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلماق قىيىن ئەمەس ئىدى. گىتلېر شۇ چاغدا دېڭىز ئارمىيە مارشالىدىن ئۇنىڭ پىلانى ئىچىدىكى پارلامېنتتا سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە سورىغاندا، رادېر جاۋاب بېرىپ، ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكىزدا ئەنگلىيىنى بىر قېتىم «زىچ» بومباردىمان قىلىشنى تىلغا ئالسىڭىز، دېدى. دېڭىز ئارمىيە مارشالى باشلىقىغا، ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ ۋىلھېلمىسخافېن، ھامبۇرگ، كىل

قاتارلىق مۇھىم دېڭىز ئارمىيە بازىلىرىنى «بوزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە بومبارديمان» قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قويۇشنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى دەرھال ئەنگلىيىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئەمما ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىشقا قارىتا سالقىنراق ئىدى. شۇڭا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى «ئەنگلىيىنى سۈلھ قىلىشقا ئالدىرىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىسى قىلىش» تەكلىپىنىلا بەردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، 13 - ئىيۇلدا، گېنېراللار گىتلېرنىڭ بېرختېسگادېن تېغىدىكى بېرگخوفقا بېرىپ ئالىي قوماندان بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھازىرغىچە چۈشىنىپ بولالمايدىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاشتى. ھالدېر شۇ كۈنلۈك خاتىرىسىگە: «فيۇرېر تېخىچە، ئەنگلىيىلىكلەر نېمە ئۈچۈن تىنچلىق يولىدا ماڭمايدىغاندۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ» دەپ يازغان.

شۇ كۈنى، يەنى 13 - ئىيۇل گىتلېر مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ، ئىتالىيە داھىيسىنىڭ ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن قوشۇن ۋە ئايروپىلان ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى. بۇ خەتتىن شۇنى ئۇچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، فيۇرېر ئاخىر بىر قارارغا كېلىشكە باشلىغانىدى. ئىنگلىزلارنىڭ مىجەزى باشقىچىرەك ئىدى، ئۇلارغا داۋلى سۆزلەش ئاقمايتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 16 - ئىيۇل كۈنى، گىتلېر ئاخىر قارار چىقاردى. ئۇ «ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا 16 - نومۇرلۇق بۇيرۇق» چۈشۈردى.

ئەنگلىيە ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ئۈمىدسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي، يەنىلا مۇرەسسە قىلىشنى خالىمايۋاتقاچقا،

مەن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىشنى قارار قىلدىم. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا بۇ قارارىم دەرھال ئەمەلدە كۆرسىتىلىدۇ.

بۇ ئۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللىنىشتىن مەقسەت ئەنگلىيە زېمىنىدىكى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش بازىلىرىنى يوقىتىش ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا ھامىنىسىنى ئىشغال قىلىش.

بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بۇيرۇق قىلىمەن:

1. لاموسگېتتىن ئۇئايت ئارىلىغىچە بولغان مۇشۇ كەڭ ئارىلىقتىن دۈشمەن ئويلىمىغان ئەھۋالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشى شەرت. ھاۋا ئارمىيىسى توپچى قىسىملارنىڭ، دېڭىز ئارمىيىسى شاپيورلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانسۇن. قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەرىكەت قوللىنىپ ئۇئايت ئارىلى ياكى كورنۋال ئارىلىنى قىسمەن ھەرىكەت بىلەن بېسىۋېلىش كېرەكمۇ - يوق، بۇ مەسىلىنى ھەرقايسى ئارمىيەلەر ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تەتقىق قىلسۇن، نەتىجىسى ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن، ئاخىرقى قارارنى چىقىرىش مېنىڭ ھوقۇقۇم.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى بارلىق جەڭ تەييارلىقلىرى تاماملانسۇن.

2. تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنى ھازىرلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ، ئۇنى گېرمانىيە ئارمىيىسى دېڭىزدىن بۆسۈپ ئۆتكەندە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كۈچ ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش،

(2) چوقۇم سۇ مىناسى يوق يوللارنى تېپىپ مېڭىش،

(3) زىچ سۇ مىناسى توسۇقلىرىنى ياساپ، دوۋېر بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن ئوردېن - پورتلېند

لىشىيىلىرىنىڭ غەربىي ئېغىزىنى قامال قىلىش.

(4) توپچى قىسىملارنىڭ كۈچلۈك توپ كۈچى بىلەن قۇرۇقلۇقتا يېقىن دېڭىز رايونلىرىنى كونترول قىلىش.

(5) دېڭىزدىن ئۆتۈش ھەرىكىتى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى شىمالىي دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا (ئىتالىيىلىكلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق) تۇتۇپ تۇرۇش بىر ئاز مۇۋاپىق؛ ئاندىن ھاۋا ئارمىيە ۋە سۇ مىنالىرىنىڭ ھۇجۇملىرى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئۆز زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى خورىتىش.

3. قوماندانلىق ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى:

ھەرقايسى قوماندان ئەپەندىلەر مېنىڭ بۇيرۇقۇم ۋە توختامدىكى پەرمان بويىچە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىدۇ.

1 ــ ئاۋغۇستتىن باشلاپ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ شتابى مېنىڭ چوڭ لاگېرىمنىڭ ئەتراپىدا، 50 كىلومېترلىق دائىرە ئىچىدە بولىدۇ.

مېنىڭچە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بىلەن ھاۋا ئارمىيە قوماندانىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان باش شتابنىڭ ئورنى جىبسىپىندا بولغىنى مۇۋاپىق.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بىر گورۇپپىۋي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا تۇرۇپ ھەرقايسى قىسىملارنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىپ جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلسۇن.

بۇ ھەرىكەتنىڭ نامى «دېڭىز شىرى پىلانى».

بۇ ھەرىكەتكە تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ:

1. قۇرۇقلۇق ئارمىيە:

ئالدى بىلەن تۇنجى قېتىم پاراخوتلارغا چىقىپ ماڭىدىغان قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ۋە دېڭىزدىن ئۆتۈش پىلانىنى تۈزۈش كېرەك، بىرىنچى بولۇپ دېڭىزدىن ئۆتىدىغان (زېنىت توپ قىسىملىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ، ھەرقايسى پورتلارنى) ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئايرودروملىرىنى ئىشغال قىلىدىغان قوشۇنلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى، ۋاقىتلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە دېڭىزدىن ئۆتكۈزىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ھەرقايسى قوشۇنلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىشى ۋە دېڭىز ئارمىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پاراخوتقا چۈشىدىغان، ئەنگلىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان جايلارنى بېكىتىۋېلىشى كېرەك.

2. دېڭىز ئارمىيىسى:

دېڭىزدىن ئۆتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەرقايسى پاراخوتلارغا چىقىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت. مۇمكىن بولسا، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرى ئىشلىتىلسۇن.

دېڭىز ئارمىيە دېڭىزدىن ئۆتىدىغان ھەممە ئورۇنلارغا سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باش شتابلارنى قۇرۇش ۋە بۇ شتابلارغا مۇھاپىزەت ھەم چارلاش پاراخوتلىرى سەپلەپ بېرىشى كېرەك. دېڭىزدىن ئۆتۈشنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھاۋا ئارمىيىسىدىن باشقا، دېڭىز ئارمىيىسىمۇ پۈتكۈل دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى قوغدىشى لازىم. دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدىكى قوماندانلىق مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش مەسىلىسىگە قارىتا مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلار ئايرىم چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز بويىدا توپچى قىسىم تەشكىللىنىپ، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز

ئارمىيىلىرى دېڭىز يۈزىدىكى نىشانلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان توپچى باتالىيونلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ — بۇمۇ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى. دېڭىز يولى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ، سول قاناتلىرىنىڭ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئىمكان بار تېز ۋە كۆپرەك ئېغىر زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇ يەرلەرنى قوغداش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈريول زەمبىرەكچىلىرىنى يۆتكەشكە بولىدۇ، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىنى نىشانغا ئالىدىغان زەمبىرەكچىلەر باتالىيونلىرىنى يۆتكەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دوۋېردىكى ئېغىر زەمبىرەكلەر كۈچلۈك بومباردىمانلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بېتون پوتەيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. شۇنداق قىلغاندا، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ كۈچلۈك قىرغىنچىلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ كۈچىمىزنى دوۋېر بوغۇزىدا ساقلاپ قالالايمىز. تېخنىكىلىق ئىشلارنى تۇت تەشكىلى ئۈستىگە ئالىدۇ.

3. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى:

دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قۇرۇقلۇقتا چىقىدىغان جايلاردىكى خەتەرلىك ئىستىھكاملارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، يەر يۈزىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قارشىلىقلىرىنى تارمار قىلىدۇ، دۈشمەننىڭ زاپاس قوشۇنلىرىنى يوقىتىدۇ. ھاۋا ئارمىيىسى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھەرقايسى قوشۇنلىرىنى دېڭىزدىن ئۆتىۋاتقان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلاشتۇرۇشى شەرت.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۈشمەننىڭ ئىلگىرى زاپاس قوشۇننى توشۇغان مۇھىم ترانسپورت يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلاش، بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان ۋە دېڭىزدىن ئۆتىۋاتقان يوللىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىش كېرەك، ھاۋادىن تاشلانغان قىسىملارنى ئىشلىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلىسىدە ماڭا تەكلىپ سۇنۇلسۇن. ھاۋادىن تاشلانغان قىسىملارنى جەددىي ئەھۋالدا زاپاس قوشۇن قاتارىدا ئىشلىتىشكە بولامدۇ - يوق؟ قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىنسۇن.

4. فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە تورى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ خەت - ئالاقە مۇدىرى مەسئۇل بولىدۇ.

قالغان 80 كىلومېتىرلىق شەرقىي پرۇسسىيە سىم تورىنى دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ تارتىدۇ.

5. ھەرقايسى قوماندان ئەپەندىلەر تۆۋەندىكى ئىشلارنى ماڭا تېزدىن دوكلات قىلسۇن:

(1) دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈشكە شارائىت يارىتىپ بېرىش پىلانى (ئىككىنچى ماددىغا قارالسۇن).

(2) دېڭىز ساھىلىدا زەمبىرەكچى باتالىيون تەشكىللەشتىكى كونكرېت تەدبىرلەر.

(3) ئىشلىتىلىدىغان پاراخوتلارنىڭ ئورنى بىلەن يىغىلىدىغان ۋە يۆتكەيدىغان پاراخوتلارنىڭ يۆتكەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. ئۇنىڭغا خەلق ئىشلار بۆلۈملىرى ئارىلاشقانمۇ؟ (دېڭىز ئارمىيە).

(4) دېڭىزدىن ئۆتىدىغان قىسىملار بىلەن ئىشلىتىلىدىغان ئۇسكۇنىلەر توپلاشقان رايونلارنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىشكە تەشكىللەش ئەھۋاللىرى (ھاۋا ئارمىيە).

(5) قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈشى ۋە ئۇرۇش قىلىش پىلانى، تۈنجى بولۇپ ئۆتىدىغان قىسىملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قوراللىنىشى.

(6) دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش ۋە قۇرۇقلۇققا چىقىۋاتقان قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى

قوغداش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانى ۋە تەدبىرلىرى.

(7) ھاۋادىن تاشلىنىدىغان قىسىملارنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى، ئەنگلىيە زېمىنىدىن يېتەرلىك يەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، زېنىت توپ ئەسكەرلىرىنىڭ قايسى قوماندانلىققا بويسۇنۇشى توغرىسىدىكى تەكلىپلەر (ھاۋا ئارمىيە).

(8) قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بىلەن دېڭىز ئارمىيە قوماندانىنىڭ قوماندانلىق باش شتابىنىڭ قەيەردە بولۇشى توغرىسىدىكى تەكلىپلەر.

(9) قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن ئىلگىرى چەكلىك ھەرىكەت قوللىنىش ۋە قانداق چەكلىك ھەرىكەت قوللىنىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرى.

(10) قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىلىرىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدىكى قوماندانلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكلىپلىرى.

ئادولف گىتلېر (ئىمزا)

17 - ئىيۇل، ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ 16 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى چۈشۈپ ئۆتكۈنى، يەنى گىتلېر دۆلەت مەجلىسىدە «تىنچلىق» نۇتقىنى سۆزلەشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى «دېڭىز شىرى پىلانى» نى ئورۇندايدىغان قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە 13 سەرخىل دىۋىزىيىنى دېڭىز ساھىلىدىكى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان جايغا يۆتكىدى. شۇ كۈنى يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئەنگلىيە دېڭىز ساھىلىدىكى كەڭرى كەتكەن ئالدىنقى سەپتە قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

بېرلىن، گىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىك بىناسى.

گىتلېر ئىشخانىسىدا خاتىرجەمسىزلىنىپ ئولتۇراتتى، كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ فرانسىيە يېڭىلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە چوقۇم تىز چۆكىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇ تاشلاپ بەرگەن قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى قولىغا ئالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. براندى ھارىقىنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ دېھقان بىلەن ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا مەدەت بېرىۋاتقان جاھىل كالۋالارنىڭ گېرمانىيىنىڭ شۇنچىلا كۈچلۈك ھەربىي كۈچىگە پەيسەنت قىلماي، تىنچلىق كېلىشىمى توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن! ئەنگلىيىنىڭ جاھىللىقى گىتلېرنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى چوڭ نىشانى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يىمىرىپ تاشلاش پىلانىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى.

ناۋادا ئەنگلىيە مۇرەسسەگە پەقەتلا ئۇنىمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانى بەكمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى. ئىككى لىنىيىدە تەڭ جەڭ قىلىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى گىتلېر خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقاتتى.

گىتلېر ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا قول قويۇپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئامال بار ساقلىنىشنى ئويلايتتى.

«قانداقلا بولسۇن، مەن ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر تىرىشىپ باقاي، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىتەرەپ دۆلەتلەردىكى باراشتۇرغۇچىلار بىلەن ئەنگلىيە دۆلەت مەجلىسىدىكى مۇرەسسەچىلەرنىڭ يازغان خەتلىرىدە، چېرچىل ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ گېرمانىيە بىلەن مەسلىھەتلەشكۈسى يوق ئەمەسلىكىنى، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ ئەنگلىيىنىڭ دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتىكى مۇھىم ئورنىنى ئېتىراپ قىلساملا بولىدىغانلىقىنى يېزىشقان. ماقۇل، مەن گىتلېرنىڭ قانچىلىك مېھرىبان ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ بېقىشسۇن.»

گىتلېر قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، كاتىپ كىردى.

— فيۇرېر، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟

— ئۇلارغا يەتكۈزۈڭ، 19 - ئىيۇلدا كلور تىياتىرخانىسىدا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلىدۇ.

گىتلېرنىڭ ئاڭلىغىنىمۇ راست بولۇپ، چېرچىل ھەقىقەتەن شۇنداق مەنىنى پۇراتقان، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسىنى قەستەن ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەنىدى، مەقسىتى ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

ئەنگلىيىنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ خەلق ئارمىيىسىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئەنگلىيىنىڭ كوچىلىرىدا، سەككىز مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز بويلىرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىشتى، قوللىرىدا ئوۋ مىلتىقلىرى، كونا مىلتىقلار، ھەتتا كالتەك ۋە توپ كالتەكلىرىمۇ بار ئىدى، رەسمىي قوراللارغا ئېرىشكىچە، دۇنكىركتىن چېكىنىپ كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن باشقا مۇنتىزىم ئارمىيىدىكىلەر باشقىدىن قوراللانغىچە، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ياسىلىپ، تانكىلارغا ئورەكلەر كولىنىپ، دېڭىز بويلىرىغا مىنالار كۆمۈلۈپ بولغىچە، پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسى يېڭى ئايروپىلان ۋە يېڭى ئۇچقۇچىلار بىلەن ئۆز كۈچىنى كۈچەيتىۋالغىچە ئۆتكەن ھەر بىر كۈن ئۇلار ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدى.

19 - ئىيۇل، بېرلىندىكى كلور تىياتىرخانىسى.

بۇ يەردە ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئىدى. ھەيۋەتلىك دۆلەت مەجلىسى بىناسى ياسىلىپ تېخى پۈتمىگەچكە، دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىنى مەشەدە ئېچىلاتتى. مۇنبەرنىڭ كەينىدىكى تامغا بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن چېچىلىۋاتقان ئالتۇن نۇر تامنى بىر ئالغانىدى.

ۋەكىللەر ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن ئۇرۇشخۇمارلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇ دەرىجىدە خۇشال ئەمەس ئىدى. تىياتىرخانىنىڭ لوژىلىرى چەت ئەل دىپلوماتلىرى ۋە مۇخبىرلار بىلەن توشقانىدى. پۈتۈن زالدا بىر خىل سۈزلۈك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

گىتلېر قىزىل سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى، سومكىسىدا سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ ئورىگىنالى بار ئىدى. پۈتۈن ۋەكىللەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشتى، ئەسكەرلەر ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ سەھنىدىكى بىرىنچى قاتارغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىككى تەرىپىدە گېنېراللىرى بىلەن ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئەزالىرى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھېلىمۇ شۇنداق كۆلكىلىك ئىدى: تۈز ھەم ئۇزۇن بۇرنى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر تۇتام چېچىنىڭ ئاستىدا، ھەزىلكەشلەرنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشايدىغان ئىككىلىك كەڭلىكتىكى بۇرۇتىنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇچىسىغا كۆل رەڭ ئارىلاش مايسىرەڭ پەلتو — «قىرى ئەسكەرلەر پەلتوسى» دەپ ئاتىۋالىدىغان پەلتو — كىيىۋالغانىدى، بۇ پەلتو بەدىنىگە پەقەتلا خوپ كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئازراق ئىششىپ قالغان يوغان كۆزلىرى، دائىم قورۇلۇپلا تۇرىدىغان ئاغزى، ھەيۋە كۆرسىتىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشلىرى ئادەمنى ئازراق قورقۇشىنى كەلتۈرەتتى.

گىتلېر نۇتقىدا ۋېرسالنىڭ جىنايەتلىرىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيىگە تۇتقان ئادالەتسىز مۇئامىلىلىرىنى، ئۆزىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن ھارماي تىرىشقانلىقىنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقتى. 1918 - يىلىنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ قېتىم گېرمانىيىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، بولمىسا داۋاملىق ئۇرۇشىدىغانلىقىنى جار سالدى. ئاۋازى بەكمۇ خىرقىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا غەلىبە - غەلىبە قول

ھەرىكەتلىرى قوشۇلۇپ كەتكەچكە، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. بارلىق گېرمانىيىلىكلەر خۇددى كىچىك بالىلار سېرىك كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ جىددىي قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى.

گىتلېر بۇ ئۇزۇن نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا تىنچلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شۇنداق دېدى: «ھازىر مەن ۋىجدانىم بىلەن ئەنگلىيە ۋە باشقا ئەللەرگە ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىشقا سېلىش ۋە ئادەتتىكى ساۋات بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، دېگەننى يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق مۇراجىئەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ ھېسابلايمەن. چۈنكى مەن شەپقەت تەلەپ قىلىۋاتقان بويسۇندۇرۇلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئاقىلانە نامىم بىلەن سۆزلەۋاتقان غالىبىيەتچىمەن. مەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھېچبىر سەۋەبىنى تاپالمىدىم.»

گىتلېر، تىنچلىقنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى ۋىنستون چېرچىلدىن ئىبارەت ئاشۇ نومۇسسىز «ئەشەددىي ئۇرۇش بىدىكى»، شۇ ئەنگلىيە خەلقىنى ئالداۋاتىدۇ. تىنچلىقنىڭ شەرتلىرىنى رەت قىلغان ھامان ئەنگلىيە خەلقىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغىدىغانلىقىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇۋاتىدۇ.

گىتلېرنىڭ ئاۋازى غەزەپ بىلەن قاتتىق چىقىشقا باشلىدى: «بۇ ئادەملەر ئاللىقاچان ئۆيلەرنى دەپسەندە قىلىپ ۋەيران قىلىۋەتتى، لەقدىر مېنى ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم زەربە بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. مەن مۇشۇنى ئويلىغىنىمدا، ئىنتايىن بىئارام بولىمەن. چېرچىل ئەپەندى بۇ قېتىم مېنىڭ ئالدىن ئېيتقان سۆزۈمگە ئىشىنىشى مۇمكىن: بىر ئۇلۇغ ئىمپېرىيە — مەن ئەزەلدىن يوقىتىشنى خىيال قىلىپ باقمىغان، ھەتتا زىيان سېلىشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىمپېرىيە گۇمران بولىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى كېچىدە، گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيىگە ئۇچۇپ بېرىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پۇقرالىرىدىن يوشۇرغان پاكىتلارنى ئەنگلىيىلىكلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن گىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ تولۇق تېكىستى بېسىلغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاچتى.

ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە رادىئولىرى بۇ نۇتۇقنى تولۇق ئاڭلاتقانىدى. گىتلېر ئۇ سۆزىنى سۆزلەپ بىر سائەتتىن كېيىن، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى قەتئىي ۋە پۈتۈنلەي رەت قىلغان تەلەپپۇزدا جاۋاب ياندۇردى.

دىكتور سافدون دېرمو ئىسىملىك بىر مۇخبىر ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپلا ئىنكاس قايتۇرۇپ، نېمىس تىلىدا گىتلېرغا: «سەن ئېيتقان ئىدراك ۋە ئادىل ساۋات دېگەن گەپلىرىڭگە قارىتا بىز ئىنگلىزلارنىڭ قانداق ئويلىغانلىقىمىزنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، فيۇرېر ئەپەندى، ئۇ گەپلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ياندۇرۇپ بېرىمىز — سېسىق ئاغزىڭغا تىقىۋېتىمىز»، دەپ جاۋاب بەردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى خالىفاكس رادىئو ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ «تىنچلىق تەكلىپى»نى رەت قىلىپ: «ئەركىنلىك كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن، بىز ئۇرۇشنى ھەرگىز توختاتمايمىز. . . »، دەپ جاكارلىدى.

ئەنگلىيە خەلقىنىڭ روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، نېمىسلارنىڭ تاجاۋۇزىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، ھەتتا، نېمىسلارنىڭ قاراملىق قىلىپ بېسىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دەپ تۇۋلىشىپمۇ قوياتتى. بۇ ئارال دۆلىتى مىڭ يىلدىن بېرى ھېچقانداق دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، گىتلېرنىڭ تەھدىتى ئۇلارغا باشقىچە تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

چېرچىلمۇ ئىنتايىن غەزەپلەنگەنىدى:

— ئۇلار كەلمەمدىكەن! — دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ زىيارەت قىلىپ كەلگەن گېنېرال دې گولغا.

— سىز شەھەرلىرىڭىزنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتامسىز؟

— سىز ئامېرىكىنىڭ كوۋېنترى، ئوكسفورد، كېنتېربېرىلارنىڭ بومباردىمان قىلىنغانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولسا، شۇئان ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىسىز.

— لېكىن، ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا فرانسىيە قولدىن كەتكەندە ئامېرىكا بىتەرەپلىك مەيدانىدىن يانمىغان، — دېدى دې گول باش ۋەزىرنىڭ سەمىگە سېلىپ.

— چۈنكى فرانسىيە يىمىرىلىپ كەتكەن، — چېرچىل جاۋاب بېرىپ، — ئامېرىكا ئاخىر بىر كۈنى كېلىدۇ، ئەمما شەرت: بىز بۇ يەردىن چېكىنمەسلىكىمىز كېرەك.

لوندون گېزىتلىرى بىر پارچە ھەجۋى رەسىم بېسىپ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قىلچە كەينىگە يانمايدىغان ئىرادىسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى. رەسىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: گېرمانىيىنىڭ قورقۇنچلۇق قوشۇنى بۈيۈك بېرىتانىيىگە بېسىپ كەلگەندە، تانكىلىرى، زەمبىرەكلىرى، ئەسكەرلىرى ۋە گېنېراللىرى يولدىكى ياغاچ توسۇقنىڭ ئالدىدا توختاپ قالىدۇ. توسۇقنىڭ يېنىدىكى بىر تاختايدا بۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولغان ھەر بىر ئادەم مارك تاپشۇرۇشى كېرەك، دېگەن خەتلەر بار. پاكار بىر بوۋاي ئۇلارنىڭ بەرگەن پۇلىنى ئاز كۆرۈپ، توسۇقنى ئېچىۋېتىشنى رەت قىلىدۇ. ناھايىتى ئەدەبلىك، ئەمما قىلچە يول قويمايدۇ. تاجاۋۇزچىلارنىڭ سەپى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن، بوۋاي ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ.

ئەنگلىيىلىكلەر تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، گىتلېرنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى. ئۇنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى»دا ئۇرۇش تەييارلىقىنى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈگىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېكىتىلگەنىدى، لېكىن پاراخوت تەييارلاش، ئارقا سەپ تەمىناتى، ھاۋا كېلىماتى دېگەندەك ئىشلاردا ھەل قىلىش قىيىن بولغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ساقلانغان بولغاچقا، ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

«دېڭىز شىرى پىلانى» بويىچە، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئەنگلىيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى:

«A» گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ 16 - كورپۇسى ئالتە دىۋىزىيىسى پا - دې - كالې بوغۇزى ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ رامېسگېت بىلەن باكرىسئېن ئارىلىقىدىكى دېڭىز ساھىلى ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، 9 - كورپۇسنىڭ تۆت دىۋىزىيىسى لى - خاۋېر رايونى ئارقىلىق دېڭىز بوغۇزىنى توغرا كېسىپ، ئەنگلىيىنىڭ برايتون بىلەن ۋىدى ئارىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ.

«B» گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ 6 - كورپۇسىدىكى ئۈچ دىۋىزىيە شېربۇر يېرىم ئارىلىدىن يولغا چىقىپ، ۋىبوس بىلەن لايمو - لجىن ئارىلىقىدىكى لايمو قولتۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ.

قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭىگە «A» گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ قوماندانى مارشال رۇندستېد مەسئۇل بولىدۇ.

بىرىنچى تۈركۈمدە 90 مىڭ ئادەم قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە 160 مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ. قۇرۇقلۇققا چىققان قوشۇنلار مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئىچكىرىلەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن تېمزا دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن تارتىپ پورتسمۇتقىچە بولغان ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، ئاندىن لوندوننىڭ يولىنى غەرب تەرەپتىن كېسىپ تاشلايدۇ. دېڭىز ئارمىيىسى ترانسپورتقا، ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى يوقىتىشقا مەسئۇل

بولىدۇ. «دېڭىز شىرى پىلانى» نى بىز ئاي ئىچىدە تاماملاش قارار قىلىندى.

دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇ زور پىلانغا بولغان ئىشەنچىسى كەمچىل بولدى. رادېرنىڭ قارىشىچە، ئۇ پىلان گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت كۈچى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. تەييارلىق خىزمەتلىرىدە قىيىنچىلىق كۆپ، ھاۋا رايىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇرۇش باشلىنىدىغان ۋاقىتنى 1941 - يىلى ماي ئېيىغا كېچىكتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى.

گېرىنگنىڭ قارىشى باشقىچە ئىدى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىلىرىنىڭ كۈچى مەيلى قانچىلىك بولسۇن، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى برىتانىيىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ، دەپ بىلەتتى.

«دېڭىز شىرى پىلانى» نى قانداق ئىجرا قىلىش مەسىلىسىدە گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاشمايتتى. دېڭىز ئارمىيىسى 15 - سېنتەبىردىن ئىلگىرى ئۇرۇش تەييارلىقىنى تاماملاش كېرەك، دەپ قارايتتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ رامىسگەيتتىن لايموغىچە بولغان 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقتىن قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا قوشۇلمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى، قورال - ياراغلىرىنى، لازىمەتلىكلىرىنى توشۇشقا 1 مىڭ 722 چوڭ پاراخوت، 1 مىڭ 161 موتورلۇق قولۋاق، 471 سۆرەتمە پاراخوت، 155 ترانسپورت پاراخوت لازىم بولۇپ، بۇ پاراخوتلار بىراقلا ئىشقا سېلىنسا، گېرمانىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانال - دەريالارنىڭ قاتنىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇنداق ئۇزۇن سەپنى ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىدىن قوغدىشىمۇ قىيىنغا توختايتتى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە بولسا، ئۇزۇن سەپتىن ئەمەس، بەلكى

قىسقا سەپتىن قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان بولساق ئەنگلىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىمىز تۇرغان گەپ، بۇ «ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرگەن» بىلەن باراۋەر، ئۇنىڭدىن كۆرە قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قوشۇنلىرىمىزنى گۆش توغرايدىغان ماشىنىغا تۇتۇپ بەرگىنىمىز تۈزۈك، دەپ قارايتتى.

1 ـ ئاۋغۇستتا، گىتلېر «ئەنگلىيىگە قارشى دېڭىز ئۇرۇشى قىلىش» توغرىسىدا 17 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ، ھاۋا ئارمىيىسىدىن ئەنگلىيىگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى كېيتېل گىتلېرغا ۋەكالەتەن قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ 15 ـ سېنتەبىردىن ئىلگىرى «دېڭىز شىرى پىلانى» نىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا قول قويدى ۋە 15 ـ ئاۋغۇستنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەنگلىيىگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، گېرمانىيە «دېڭىز شىرى پىلانى» نىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. 1 ـ سېنتەبىردە، قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان پاراخوتلار ئەنگلىيە بوغۇزىغا قاراپ يولغا چىقىشقا باشلىدى. 3 ـ سېنتەبىردە، ئالىي قوماندانلىق شتابى قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ 20 ـ سېنتەبىردە يولغا چىقىدىغانلىقى توغرىلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. گېرمانىيىنىڭ دېڭىزدىكى كۈچى كۈچلۈك بولمىغاچقا، قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قىسىملارنى ئەنگلىيە بوغۇزىدىن توغرىسىغا ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش قىيىن ئىدى. ئەنگلىيە جەنۇب تەرەپتىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياسىغان، قۇرۇقلۇققا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، يەنە رادار پونكىتلىرىدىن 51 نى قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىغىر تىپتىكى پاراخوتلىرىنى بوغۇزنىڭ ھەممە

تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن بولغاچقا، گېرمانىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك پاراخوتلىرى قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بولۇپمۇ ئەنگلىيە گېرمانىيىگە قارىتا ئۈچ قاتار مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرغانىدى.

1. «دۈشمەننىڭ پورتلارغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى ئۈچۈن قۇرۇلغان بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى»، «ھاۋادىن رازۋېت قىلىش، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئارقىلىق چارلاش ۋە باشقا يوللار بىلەن ئاخباراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن»، «ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەن پاراخوتلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش.»

2. «ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى: دېڭىز ئۈستىدە ئىنچىكە ۋە قاتتىق چارلاش ئېلىپ بېرىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ھەم ئۇلارنى كېلىۋاتقان يولىدا يوقىتىش.»

3. «ئۈچىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى: دۈشمەنلەر قۇرۇقلۇققا يېقىنلاشقان، بولۇپمۇ قۇرۇقلۇققا چىققان چاغدا ئۇلارغا زەربە بېرىش.» بۇ خىل زەربىگە چوقۇم ھاۋا ئارمىيىسى ياردەم بېرىشى كېرەك.» «دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى زەربە بېرىشنى توختىماي ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننى ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان قۇرۇقلۇقتىكى جايلارغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش لازىم.»

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، سېنتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئىچىدا، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ 16 سەرخىل دىۋىزىيىسىنى جەنۇبتىكى دېڭىز بويى مۇداپىئەسىگە قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ برونېۋىك قىسىم زەربىدار كۈچ بولۇپ، جەڭگە تېز سۈرئەتتە كىرىپ، قۇرۇقلۇققا چىققان ھەرقانداق ئورۇندىكى دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بېرەلەيتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ھىتلېرنىڭ ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ چىقىش ـ

www.uyghurkitap.com

چىقالماسلىقى ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە بوغۇزى بىلەن ئۆزلىرى قۇرۇقلۇققا چىقىشنى پىلانلىغان جەنۇبىي دېڭىز بويىنىڭ كونتروللۇقىنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىش ـ ئالالماسلىقىغا باغلىق ئىدى، يەنە قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىنكى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى، پورتلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ـ قىلىۋېتەلمەسلىك بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

گىتلېرنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە، گېرمانىيە ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتە ئالدى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، بىرىنچى قەدەمدە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ ئەنگلىيە فلوتىغا ھۇجۇم قىلماقچى، پورتلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ۋەيران قىلماقچى، ئىككىنچى قەدەمدە ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قۇرۇقلۇققا چىقماقچى ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەت گىتلېرنىڭ ئويلىغىنى بىلەن ئوخشىماي قېلىپ، نەتىجىدە، ئەنگلىيىگە قىلىنغان جەڭ ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماي، ئاساسەن ھاۋا ئارمىيىسى بىلەنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭگە ئايلىنىپ قالدى.

ھاۋا ئۇرۇشى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مارشال ھېرمان گېرىنگنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. بۇ قوماندان بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى غەربىي ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ يۈرگەن، گۇدېرىئاننىڭ برونېۋىك قوشۇنى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى دۇنكېركتا قاتمۇقات قورشىۋالغان كۈنلەردە، گېرىنگ گىتلېرغا شۇنداق دېدى: «ئەمدى بىزنىڭ ئايروپىلانلىرىمىز ئاسماننى قاپلىسۇن! ئەگەر ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشنىڭ پۈتۈن

شەرىپىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئېلىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزغا زىيان يېتىدىغان ئىش بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئىچىدە مۇقىمسىزلىقنىڭ يېڭى ئامىللىرىمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى: ھەل قىلغۇچ جەڭگە قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى ئەمەس ھاۋا ئارمىيىسىنى سېلىش.» گېرىنگ كۆرۈنۈشتە بۇ گەپلىرى ئارقىلىق گىتلېر ئۈچۈن ئويلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ھىيلىسى ئىدى. شۆھرەت ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان گېرىنگ ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭگە سېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدۇرۇش، مۇمكىن بولسا بىر ھۇجۇم بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن تۆھپىنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا يازغۇزۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋانىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن ۋاقتىدا ئۇچالمىدى، ئۇچقاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىمۇ بەزى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنى بومباردىمان قىلىپ چۆكتۈرۈۋەتكەن، پورتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن گېرىنگنىڭ ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش نىشانىغا يەنە تېخى خېلى بار ئىدى. نەتىجىدە، 300 مىڭ ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئەسكەرلىرى نېمىسلارنى قارىتىپ تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۇنكىركتىن چېكىنىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بىرى ستراتېگىيە جەھەتتە ئەڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى.

گىتلېر يوغان گەپ قىلىدىغان بۇ ئادەمنى ئەسلىدە خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلماي، داۋاملىق ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋەردى. بۇ قېتىم گېرىنگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە پو ئېتىپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنى ھاۋادىن قوغلىۋېتەلەيدۇ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئارىلىشىشىنىمۇ توسىيالايدۇ، دېدى ھەم گېتلېرغا، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىتىكى ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى تۆت كۈننىڭ ئىچىدە ۋەيران قىلىۋېتىشكە، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى برىتانىيە ئاسمىنىدىن تۆت ھەپتىدە ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشكە ۋەدە بەردى.

نېمىس ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيىدىكى ئۈچ ئارالنى 1940 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئۇلار كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى ھەربىي پاراخوتلار بىلەن سودا پاراخوتلىرىنى بومباردىمان قىلغانىدى. 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى، گىتلېر «ئۇلۇغ ھاۋا ئۇرۇشى» نىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ 17 ـ نومۇرلۇق ئۇرۇش بۇيرۇقىدا: ھازىردىن باشلاپ «ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى ھازىرلاش» ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى:

1. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيە پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا مۇداپىئە كۈچلىرىنى بىر يولىلا يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاۋادىكى ئايروپىلانلىرىغىلا زەربە بېرىپ قالماي، ئايرودروملىرىغىمۇ، باشقا قونىدىغان جايلىرىغىمۇ، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇنلىرى ۋە ئايروپىلان زاۋۇتلىرى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلىرىغىمۇ زەربە بېرىلسۇن.

2. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە قوشۇنلىرى پايدىلىنىشقا بېكىتىلگەن پورتلاردىن باشقا، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى بارلىق پورتلار پارتلىتىۋېتىلسۇن.

3. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تېز

سۈرئەت ۋە رەھىمسىزلىك، پاتۇرلۇق بىلەن ئورۇندىسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەقىقىي مەقسەت — «دېڭىز شىرى پىلانى» نىڭ ئىجراسى ئۈچۈن، پىتەرلىك كۈچلەرنىمۇ ساقلاپ قويۇشلىرى شەرت.

گىتلېر يەنە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قانداقلا ئەھۋالدا بولسۇن، ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن گېرمانىيىنى بومباردىمان قىلسىمۇ ئەنگلىيە ئاھالىلىرىنى «ھاۋادىن قورقۇنچلۇق ھالدا ئوققا تۇتماسلىقنى بەلگىلىدى ۋە گېرىنگقا ئالاھىدە تاپىلاپ، بولۇپمۇ بۇ بەلگىلىمىگە لوندوننى بومباردىمان قىلغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار، دېدى.

1 - ئاۋغۇست كۈنى، گىتلېر گېرىنگقا «ھاۋا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش» توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 - ئاۋغۇستتا، گېرىنگ «بىرىتانىيە ئۇرۇشى» توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 10 - ئاۋغۇست كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى بەلگىلىدى. بۇ ھۇجۇمنى «بۈركۈت كۈنى ھەرىكىتى» دەپ ئاتىدى. گېرىنگ گىتلېرغا دوكلات قىلغاندا يەنە، خاتىرجەم بولۇڭكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تۆت ھەپتە ئىچىدە ۋايىجىنىنى چىقىرىپ، كېلىشىم ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىۋېتىمىز، دېدى. گېرىنگ بۇ گەپنى 7 - ئايدا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بەزى گېنېراللىرىغىمۇ دېگەنىدى.

گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن گېرىنگ شۇنداق غالجىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 109MF تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانىدىن 933 110ME تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانىدىن 375 ى بار ئىدى. بۇ ئايروپىلانلارنىڭ سۈرئىتى تېز، يۇقىرىغا ئۆرلەش تېزلىكىمۇ يۇقىرى، جانلىق، ئەپچىل ئىدى. ئۇلاردىن باشقىمۇ 2 مىڭ 669 ئايروپىلانى بار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ بولسا 450 بومباردىمانچى ئايروپىلانى بىلەن 600 كۈرەشچى ئايروپىلانىلا بار ئىدى.

ئەمما ئەنگلىيىنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش تەييارلىقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى: يالغۇز رادارنىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە رادار پونكىتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، يىراقتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈم قىلالايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئايروپىلانلارنىڭ پىلانسىز ئۇچۇشلىرى ئازايدى، ئۇچقۇچىلارمۇ بۇرۇنقىدەك كۆپ چارچىمايدىغان بولدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى لېپ: «رادار ئەنگلىيىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ كۈچىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى» دېدى. گېرمانىيىلىكلەر شۇ چاغدا رادارنىڭ رولىنى ئاززاق بايقىغان، ئەمما ئۇنىڭ زور كۆلەملىك ھاۋا ھۇجۇملىرى بىلەن يالغان ھۇجۇملارنى بۇنداق توغرا بايقىيالايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

«بۈركۈت كۈنى»، تاڭ سەھەر، ھاۋا ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پىلان 13 - ئاۋغۇستقا كېچىكتۈرۈلدى. 13 - ئاۋغۇستتىكى «بۈركۈت كۈنى» دىمۇ ھاۋا ناچار بولدى، ئاسماندا بۇلۇتلار پەس لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ ھاۋامۇ ھۇجۇم قىلىشقا قولايسىز ئىدى. لېكىن يوغان گەپ قىلىدىغان گېرىنگ يەنە كېچىكتۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. كىم بىلسۇن، ھۇجۇم ئەمدىلا باشلىنىشىغا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سېپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەسلىدە بېكىتىلگەن زىچ بومباردىمان قىلىش بىلەن ئېگىز ھاۋادىكى كۈرەشچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ جەڭ قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا مۇمكىن بولماي، ئەنگلىيىنىڭ رېئاكتىپ ئايروپىلانلىرى گېرمانىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن زەربە بەردى.

نەتىجىدە «بۇركۇت كۈنى» گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرىقى ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر كۈنى بولدى. شۇ كۈنى گېرمانىيە 45 ئايروپىلانىدىن ئايرىلدى، ئەنگلىيىنىڭ بولسا 13 لا ئايروپىلانى زىيانغا ئۇچرىدى.

«بۇركۇت كۈنى» نىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاخبارات ئەمەلدارلىرى ئۇچقۇچىلىرى بىلەن سۆهبەتلىشىپ، شۇ كۈنى بىر ئىشنىڭ ئۇلارغا ئىنتايىن ئازابلىق بىر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغانلىقى ئىدى. دېمەك، ئەنگلىيىنىڭ رادارلىرى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. گېرىنگ بىلەن ئۇنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى رادارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ هۇجۇملىرىغا ئېغىر هالدا خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن رادارلارنى ۋەيران قىلىشنى كۆز ئالدىدىكى جىددىي ئىشلار قاتارىدا كۆرمەي، هاۋادىن هۇجۇم قىلىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى رادارلارغا زەربە بېرىپ قويۇشنى قارار قىلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى ئالتە رادار پونكىتىغا هاۋادىن هۇجۇم قىلدى، لېكىن هۇجۇمغا ئۇچرىغان بۇ رادارلار بىرنەچچە سائەتكە قالماي يەنە ئىشلەپ كەتتى. نېمىس ئايروپىلانلىرىنىڭ تار، ئېگىز رادار مۇنارلىرىغا ئوقلىرىنى دەل تەگكۈزۈشى، يىگىنىنىڭ ئۈچىغا پۇرچاق ئېتىپ تەگكۈزىمەن، دېگەندەك ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېرىنگ رادارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھ هاۋا ئارمىيىسىگە ئېغىر كىرىزىس ئەكەلگىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىرىغا بىر ئەسلەتمە ئەۋەتتى:

«رادار پونكىتلىرىغا داۋاملىق هۇجۇم قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەتلىك دەپ قاراش گۇمانلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ۋەيران قىلىنغان رادار پونكىتلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق.»

گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ رادار پونكىتلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچرىتىدىغان ھۇجۇملىرىنى داۋاملاشتۇرمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاۋا ئۇرۇشلىرىدا سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرسىمۇ، ھەل قىلغۇچ جەڭ نەتىجىسىگە پەقەتلا ئېرىشەلمىدى.

گېرىنگ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا نۇرغۇن خاتالىق ئۆتكۈزدى، ئەمما بۇ قېتىمقى رادارلارنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىقى خاتالىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زور خاتالىقى ئىدى.

بىرىتانىيىگە قىلىنغان ھاۋا ھۇجۇمىدا گېرىنگ قول ئاستىدىكىلىرىگە ھەرقانداق جاينى، ئەنگلىيىنىڭ شەھەرلىرىنىمۇ بومباردىمان قىلىش ھوقۇقىنى بېرىۋەتتى. لېكىن بومباردىمان قىلىنمايدىغان بىرلا شەھەر بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ لوندون بولۇپ، گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىدى.

گىتلېر نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلە ھازىرغىچە يېشىلگىنى يوق. بەلكىم ئۇ ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جەڭ ئېتىغا مىنىپ قىلچە زىيانغا ئۇچرىمىغان بۇككىنھام ئوردىسىدا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى، بېرمېر كوچىسى بىلەن مېڭىپ، ھېچقانداق يېرى بۇزۇلمىغان دۆلەت مەجلىسى بىناسىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان بولغىيتتى؛ ياكى بولمىسا لوندوننىڭ قەدىمكى بىنالىرىنى ۋەيران قىلىۋەتسە، ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا پايدىسىز بولۇپ، بىتەرەپ دۆلەتلەرگە تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇ ۋە ياكى ئۇ لوندوننى بومباردىمان قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىغا قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئىنچىكە ئويلىغاندۇ.

24 ـ ئاۋغۇستتا، گېرىنىڭ ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى قوماندانلىق شتابىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بومباردىمان قىلماقچى بولۇپ، بىر قىسىم ئايروپىلانلىرى بۇيرۇق بويىچە تېمزا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان روچېستېر بىلەن كىنگستوندىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى، لوندونغا 15 ئىنگلىز لىسى كېلىدىغان جايدىكى چوڭ ماي ئىسكىلاتىنى بومباردىمان قىلىشقا ماڭاتتى، باشلامچى ئايروپىلان سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ ماڭاتتى. لېكىن كەينىدە كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئايروپىلاندا تېلېگراف ئەسۋابلىرى بولمىغاچقا، بىر يەرگە كەلگەندە ئالدىدىكى ئايروپىلان بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ نىشاندىن چەتنەپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ زېنىت توپلىرى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەندە، ئۇ ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئايروپىلانلىرىدىكى بومبىلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىپلا قېچىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ نىشانسىز تاشلىغان بومبىلىرى لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىگە چۈشۈپ، سايىنت جارس چېركاۋىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مەيداندىكى بىر ھەيكەلمۇ بومبىلارنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

بۇ ئىش چېرچىلنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، نەتىجىدە ئۇ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بېرلىننى بومباردىمان قىلىشنى قارار قىلدى. گېرىنىڭ بېرلىننى ھەرگىز بومباردىمانچىلىققا ئۇچرىمايدۇ دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانىدى. ئەمما ئەنگلىيىنىڭ ئېغىر تىپلىق 81 بومباردىمانچى ئايروپىلانى بېرلىننى بومباردىمان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بالا تېپىپ، ئەمدى گىتلېر ئۆزىنى باسالماي، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، لوندوننى توختىماي بومباردىمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى: «ئۇلار بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى بومباردىمان قىلىشقا پېتىنغانىكەن، بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىشىمىز كېرەك» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇيرۇق چۈشۈردى.

تېچ ئوكيان ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيونى تۇنجى قېتىم بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن (پەقەت بىرنەچچىلا بومبا تاشلىغان)، ياپونىيە باش مىنىستىرى غەزىپىگە پايلىماي، ياماموتو گوجيورۇگونىڭ مىدۋېي ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئالدىراپ - تېنەپلا ماقۇللاپ قويۇپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، گىتلېرنىڭ بۇ قارارىمۇ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە تارقاقلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 7 - سېنتەبىردىن باشلاپ لوندونغا قىلىنغان بومباردىماندا گېرمانىيە ئارمىيىسى 200 ئايروپىلان زىيان تارتقان، يەنە تېخى تەخدىن تولىسى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار.

برىتانىيە ھاۋا ئۇرۇشىدا، گېرمانىيە جەمئىي 1 مىڭ 733 ئايروپىلاندىن، 6 مىڭ مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئەنگلىيە بولسا 950 ئايروپىلان، 400 ئۇچقۇچىسىدىن ئايرىلدى. ئەنگلىيە پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسىنى يوقىتىۋېتىش پىلانى مەغلۇپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھاۋا ئۇرۇشىدا تارتقان زىيىنى كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە كۈچ دەپ قارالغان ھاۋا ئارمىيىسى ئېغىر زىيىنى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر «دېڭىز شىرى پىلانى»نىڭ ۋاقتىنى چەكسىز ئۇزارتىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە لوندون قاتارلىق جايلارغا ۋەھىمە سېلىپ تۇرۇش

مەقسىتىدە بومباردىمان قىلىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېسىم ئىشلىتىش ۋاستىسى ئىدى. گىتلېرنىڭ بۇ قارارى ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسى ئۈچۈن زور بىر دەم ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بولدى، نېمىسلارنىڭ ۋەھىمە خاراكتېرلىك بومباردىمان قىلىشلىرى ئەنگلىيە خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئېتىقادى ۋە ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى. ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدىن ئارتىپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى كېچىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۆزگىرىپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم سانائەت شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە گەرچە ئۇرۇشتا زور زىيان تارتقان بولسىمۇ، گىتلېرنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى» نى مەغلۇپ قىلدى.

دېڭىز ئارمىيە باش شتابىنىڭ 17 - سېنتەبىردىكى ئۇرۇش خاتىرىسىگە مۇنداق يېزىلغان: «دۈشمەن ھاۋا ئارمىيىسى تېخىچە يوقىتىلمىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ھاۋا رايىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيە بوغۇزىدا بىر مەزگىللىك تىنچ كۈنلەردىن ئۈمىد كۈتمەك تەس. شۇ سەۋەب بىلەن فۇئورېر «دېڭىز شىرى پىلانى» نى مۇددەتسىز ئۇزارتىشنى قارار قىلدى. (ئۇرۇش پىلانى)»

12 - ئۆكتەبىردە، گىتلېر ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان «دېڭىز شىرى پىلانى» نى رەسمىي ھالدا 1941 - يىلغا كېچىكتۈردى.

11 - نويابىردىن باشلاپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەركەزلىك بومباردىمان قىلىشتىن تارقاق بومباردىمان قىلىشقا ئۆتتى. كوۋېنترى، بىرمىنگھام، مانچېستېر، لىۋېرپول، برىستول، پلىمۇت ۋە بېلفاست قاتارلىق مۇھىم سانائەت شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلىشنى نىشان قىلدى. بۇ شەھەرلەرگە قىلىنغان بومباردىمان سەككىز ئاي داۋاملىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتىنىڭ مەركىزى

بولغان كوۋېنترىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، لېكىن ئەنگلىيە خەلقى تىز پۈكمىدى، ئەڭ قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇردى، ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پەسلەپ كەتمىدى، ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىشى گېرمانىيىنىڭ شۇ چاغدىكى سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

1941 - يىلى 11 - مايدا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ، ئاساسىي كۈچىنى شەرققە يۆتكەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچى يوق ئىدى.

گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەقسىتى، چېرچىللنى قورقىتىپ تىز چۆكتۈرۈش ئارقىلىق غەربىي ياۋروپادىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرۇش، ئاندىن بار كۈچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، گېرمانىيە فاشىستلىرى ئەنگلىيە ئۇرۇشى داۋامىدا ئىككى قېتىم رەسۋا كومېدىيە ئوينىدى: ئۇنىڭ بىرى، 1940 - يىلى كۈزدە، گىتلېر جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئەنگلىيە پادىشاھى ئەر - خوتۇن گېرتسوگ ۋىندسورلارنى ئەنگلىيىنى گېرمانىيە بىلەن سۈلھ تۈزۈشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ كەتتى. يەنە بىرى، 1941 - يىلى 10 - مايدا، ناتسىستلارنىڭ ئۈچىنچى نومۇرلۇق باشلىقى ھېس گېرمانىيەپەرەس گېرتسوگ ھامىلتون بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەنگلىيە - گېرمانىيە كېلىشىمىگە يول ئېچىش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز ئايروپىلان ھەيدەپ ئەنگلىيىگە باردى. لېكىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

1941 ـ يىلى ئىيۇلدا، گىتلېر ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان پىلانىنى 1942 ـ يىلى باھارغا كېچىكتۈردى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، «دېڭىز شىرى پىلانى»نى زادىلا ئەمەلگە ئاشمىدى.

گىتلېرنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى»نىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچى، بېرىتانىيە ھاۋا ئۇرۇشىدا گىتلېر ھاۋادىكى كونتروللۇق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە نۇرغۇن ئايروپىلانىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھاۋادىن تاشلايدىغان قىسىملارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمىدى؛ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىشىنىمۇ مۇھاپىزەتتە كاپالەتلەندۈرەلمىدى؛ ئىككىنچى، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بەكمۇ ئاجىز بولۇپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى، قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قوشۇنلارنى توشۇيدىغان پاراخوتلارنىمۇ تولۇق تەييارلىيالمىدى؛ بۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قوشۇنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى؛ ئۈچىنچى، گىتلېر ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرماي تۇرۇپلا، نىشانىنى ئۆزگەرتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى، ئۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرماقچى، ئاندىن ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. نەتىجىدە، بېرىتانىيىدىكى مەغلۇبىيىتى گىتلېرنى غەرب بىلەن شەرقتىكى ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىدىغان پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى ۋە بۇ مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشقا باشلىغانلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە ئۇرۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىردىنبىر ھاۋا ئۇرۇشى بولدى، پۈتۈن ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئەنگلىيىگە 60 مىڭ تونna بومبا تاشلىدى،

86 مىڭ ئەنگلىيە ئاھالىسى ئۆلدى، 100 دىن ئارتۇق بىنا ۋەيران بولدى، گېرمانىيە 1 مىڭ 733 ئايروپىلاندىن، 6 مىڭ ئۇچقۇچىسىدىن، ئەنگلىيە 915 ئايروپىلانىدىن، 414 ئۇچقۇچىسىدىن ئايرىلدى.

ئەنگلىيە ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى، ئەنگلىيە خەلقى، ھۆكۈمىتى، ئارمىيىسىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولماسلىقى، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىلەن تەڭ ئەنگلىيىنىڭ دۇنيادىكى ئابرويى زور دەرىجىدە ئاشتى، چېرچىل بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى خۇلاسىلەپ شۇنداق دېدى: «گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى بىلەن ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ زېمىنى ئىككىدە بىر بولدى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى يېمىرىلمەيلا قالماي، ئەكسىچە كۈرەش قىلغانسېرى كۈچىيىپ باردى.» ئۇ تۆۋەن پالاتادا سۆزلىگەندە يەنە شۇنداق دېدى: «ئىنسانىيەت ئۇرۇش تارىخىدا، ئاز ئادەم بىلەن شۇنچىلىك كۆپ ئادەملەر ئۈچۈن ئاشۇنداق زور تۆھپە قوشقان ئىشلار ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان.»

# ئالتىنچى باب مۇسسولىنى ئاخىر نىجاتكارغا ئېرىشتى

△ مۇسسولىنى ئازراق ئولجىغا ئېرىششكە ئالدىراپ كەتتى

△ ئىتالىيىنىڭ غالجىر گېنېرالى گېرمانىيىنىڭ ياردىمىنى ئېلىشنى خالىمىدى

△ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۈۋىدى، مۇسسولىنىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى

△ كىئانو: گىتلېرنى سىزگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخى كىچىك بالا

△ گىتلېر: شىمالىي ئافرىقىنى ئەنگلىيىلىكلەرگە تاشلاپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ

△ گىتلېر: روممېل، مەن سىزدىن خوش خەۋەر كۈتىمەن

△ روممېل كرېستقا مىخلاندى

△ روممېل پاراسەت بىلەن ئىش قىلدى

△ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى! گىتلېرنىڭ مۇكاپاتى

غەربىي ياۋروپادىكى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئافرىقا، بولۇپمۇ شىمالىي ئافرىقا مۇھىم بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى.

شىمالىي ئافرىقا سودان، مىسىر، لىۋىيە (ئادەت بويىچە بۇ جايلار ئۈچ رايونغا بۆلۈنەتتى، يەنى ترىپولى ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، كۈرېنىكا شەرقىغە، فېزان لىبورتانىيىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلەتتى)، تۇنىس، ئالجىرىيە، مەراكەش قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى مىسىر مۇستەقىل پادىشاھلىق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەنگلىيىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى؛ سودان ئەنگلىيىنىڭ، لىۋىيە ئىتالىيىنىڭ، تۇنىس، ئالجىرىيە، مەراكەش فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەنگلىيە ئەسكىرى 1940 - يىلى 4 - ئىيۇن كۈنى دۇنكىركتا پاراخوتقا چىققاندىن باشلاپ، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ بىر - بىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئىتالىيىنىڭ تەلۋە مۇستەبىتى مۇسسولىنى ئالدىراپ - تېنەپ فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، «ئاربىلىقتىن ئازراق ئولجا ئېلىشقا ئالدىرىدى».

1890 - يىلدىن بېرى، ئىتالىيىنىڭ ئافرىقىدا مۇستەملىكىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى، ھازىرمۇ ئىتالىيىگە ئەڭ يېقىن لىۋىيىدە ئىتالىيىنىڭ 220 مىڭ ئەسكىرى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. مۇسسولىنى ئۇ يەردىكى قوشۇنغا ئەنگلىيىنىڭ مىسىردا تۇرۇۋاتقان قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىش، سۇۋەيش قانىلىنى بېسىۋېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

1940 - يىلى 9 - سېنتەبىردە، مارشال رودولف گرازىيان مىسىرغا بولغان ئۆزۈن مۇددەتلىك ھۇجۇمنى باشلاپ، سىد - بەيرانىدا توسۇلۇپ قالدى. گىتلېر يېڭى ئىتتىپاقدىشى مۇسسولىنىغا گېرمانىيىنىڭ بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى ياردەمگە ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، مۇسسولىنىنىڭ تەكەببۇر گېنېراللىرى ھەددىدىن زىيادە يوغانچىلىق قىلىپ بۇ ياردەمنى

قوبۇل قىلمىدى. گىتلېرنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى گېنېرال ئېنو فون لېتلون ئۆكتەبىردە تاپشۇرۇۋالغان ئۇقتۇرۇشىدا: ئىتالىيە قوشۇنى بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ھۇجۇمنى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا باشقىدىن باشلىماقچىمىز، دېيىلگەنىدى.

ئىتالىيىلىكلەر: «بۇنىڭدىن كېيىن، نىل دەرياسىنىڭ ئۈچ بۇرجەك رايونىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمىغا ئىتالىيە ئۈچ دىۋىزىيىنى سېلىشى مۇمكىن. ئۇ يەردە تەخمىنەن 200 مىڭدەك ئەنگلىيە ئەسكىرى بار» دەپ قارىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش ئىشىنىڭ زادىلا نەتىجىسى بولمىدى. 28 - ئۆكتەبىردە، مۇسسولىنى ئالبانىيە ئارقىلىق گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىش گىتلېرغا قاتتىق تەسىر قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا پىلانى بار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىتالىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن نارازى بولۇپ قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى.

«بىز ئەمدى لىۋىيە بىلەن ئالبانىيىدىكى ئىتالىيە قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرەلمەيمىز...» ئۇ 1 - نويابىر كۈنى باش شتابتىكىلەرگە شۇ گەپنى قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە تانكا ئۇرۇشىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋىلىيام فون توما بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل سۆزلىشىپ، ئۇ بىرونېۋىك قوشۇنىنى ئىتالىيىگە ياردەم بەرمەيدىغان، «ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇپ كېيىن ئىشلىتىدىغان بولۇپ بېكىتتى. ئۇ يەنە ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىلىپ قېلىپ يان تەرەپتىن گېرمانىيىنىڭ ستراتېگىيىسىگە تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا ئايروپىلان ئەترىتى ئەۋەتتى.

1940 - يىلى دېكابىردا، تەكەببۇر ئىتالىيىلىكلەر شىمالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئافرىقىدا قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئەنگلىيە بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئىچىدىن زور تۈركۈمدە ماتورلاشقان قوشۇن يۆتكەپ، مىسىر چېگرىسى ئىچىدىكى سىدى - بەيراندا ئىتالىيە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇۋالغان ۋە گېنېرال لېيتېنانت رىچارد ئوكاننونىڭ قوماندانلىقىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. قايتۇرما ھۇجۇم ناھايىتى تېز بولۇپ، ئون كۈن ئىچىدە بارديادىكى لىۋىيە قەلئەسىنى قورشىۋالدى. مارشال گرازىيان 9 - ئايدىكى ھۇجۇمنى مانا مۇشۇ جايدىن باشلىغانىدى.

ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابى سېنتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى قىسقا تىنچلىق پەيتىدە مىسىردىكى قوشۇنلىرىنى كۈچەيتىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋالدى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ۋە بىر پولك تانكا قوشۇنى بىلەن مىسىرنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلىدى، ئايروپىلانلىرىنى 600 دىن 1000 غا كۆپەيتتى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنىمۇ كۈچەيتتى. دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن برونېۋىك قوشۇن ئارقىلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ جەنۇب قانىتىدىكى ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىش، سىدى - بەيران بىلەن سالۇمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ماتورلاشقان قوشۇن بىلەن ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىش توغرۇلۇق جەڭ پىلانى تۈزدى.

ئەنگلىيە قوشۇنلىرى قاتتىق بوران چىققان 7 - دېكابىر كېچىسى 7 - برونېۋىك دىۋىزىيىسى بىلەن ھىندىستاننىڭ پىيادىلەر 4 - دىۋىزىيىسىنى يۆتكەپ كېلىپ، شىمالىي ئافرىقىدا تۇنجى قېتىم زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. يەر ئۈستىدىكى قوشۇنلار ھەرىكەت باشلاشتىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيىسى

ئاساسلىق ئاھالىلەر رايونلىرى بىلەن ئايرودروملارنى بومباردىمان قىلدى، دېڭىز فلوتىمۇ سىد ـ بەيران قاتارلىق جەڭ سەپلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى توپقا تۇتتى. 9 ـ دېكابىر سەھەردە، ئەنگلىيىنىڭ برونېۋىك قوشۇنى سىد ـ بەيراننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئىتالىيە قوشۇنلىرى بىلەن سالۇمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ سول قانىتى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ ئېتىش دائىرىسىدە ئىدى، ئوڭ قانىتى بولسا ئەنگلىيىنىڭ تانكا پولكىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. 11 ـ دېكابىردا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى سىد ـ بەيراننى تارتىۋېلىپ، 20 مىڭ ئىتالىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. 17 ـ دېكابىردا سالۇمنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردىن 38 مىڭ ئىتالىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ، لىۋىيىنىڭ چېگرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى.

1941 ـ يىلى 5 ـ يانۋاردا ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بارديىنى ئىشغال قىلىپ، يەنە 30 مىڭ ئىتالىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى، 22 ـ دېكابىردا كۇرېنىكانىڭ مۇھىم پورتى توبرۇكنى ئىشغال قىلدى ۋە بۇ يەردىمۇ 25 مىڭ دۈشمەننى ئەسىر ئالدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 6 ـ فېۋرالدا كۇرېنىكانىڭ يەنە بىر مۇھىم پورتى بەنى غازىنى ئىگىلىدى، ئاندىن كۇرېنىكانىڭ غەربىي دېڭىز بويىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ۋە ئاگرا تەۋەسىدە ئالدىنقى سەپ ئىستىھكاملىرىنى قۇردى. بۇ چاغدا، بالقاننىڭ جەڭ ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلىشىپ، ئەنگلىيە شىمالىي ئافرىقىدىن بىر قىسىم كۈچىنى ئاجرىتىپ ياردەمگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربكە قاراپ 700 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كەتكەچكە، ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىنلاشتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھۇجۇمنى توختىتىپ

تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى ئايلىق جەڭدە ئەنگلىيىنىڭ 475 ئادەمى ئۆلدى، 1225 ئادەمى يارىلاندى، 43 ئادەمى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، ئىتالىيىنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇپ، توققۇز دىۋىزىيىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، ئۇلاردىن پەقەت 130 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ ئامان قالدى.

ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ رەسۋا مەغلۇبىيىتى مۇسسولىنىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن مەلۇماتلارنى كۆرۈپ، قول ئاستىدىكى گېنېراللىرىنى تىللاپ كەتتى:

— ھارام تاماقلار! نان قېپىلار! سەنلەرنىڭ قېچىشتىن باشقا چارىلىرىڭ يوقمىدى؟! قاراشقىنا، لىۋىيە بىلەن گرېتسىيىدە بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بىر قېتىممۇ غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالماپتۇ، بۇ نېمىدېگەن رەسۋا ئىش. سەنلەرنىڭ بۇ جەڭ نەتىجىلىرىڭ بىلەن مەن مۇسسولىنى گىتلېرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىگە قاراپ بېقىشقىنا، ئارمىيە دەپ شۇلارنىڭكىنى دېسە بولىدۇ. توغرا، بىزنىڭ قوراللىرىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ناچارراق، ئەمما مېنىڭچە، بىزدىكى ئەڭ ناچىرى ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى، جاسارىتى!

مۇسسولىنىنىڭ بۇ تەھلىلىمۇ توغرا ئىدى، ئىتالىيە قوشۇنلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاجىز قوشۇن ئىدى.

مۇسسولىنىنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق ئاچچىقى كېلىۋاتقان چاغدا باشقىلار بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي تۇرۇپ كەتتى.

ھەممەيلەن جىمىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن، مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغلى — ئىتالىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى كىئانو ئالدىغا ئۆتۈپ، قېيىن ئاتىسىنى ھازىرقى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر پىلان كۆرسەتتى:

— جانابىي داھىي، ئارتۇقچە خاپا بولماڭ، بۇگۈنكى بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى جەڭ مەيدانىدىكى گېنېراللىرىمىزدىنمۇ كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، سىياسەت بەلگىلەيدىغان بىزلەردىمۇ مەسئۇلىيەت بار. مېنىڭچە، ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىز تېزدىن گېرمانىيىدىن، گىتلېردىن ياردەم سورىشىمىز كېرەك.

مۇسسولىنىنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇرۇلۇپ كەتتى:

— گىتلېردىن ياردەم سورايمىزمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى كىئانو چۈشەندۈرۈپ، — گىتلېر ھەربىي جەھەتتە ھەقىقەتەن تالانتلىق ئادەم.

مۇسسولىنىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كىئانو ئۇنىڭ پۇتىغا خىش قويدى:

— ئېنىقكى، فاشىزمنىڭ ئىجادچىسى سىز، گىتلېرنى سىزگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخى كىچىك بالا، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ جىق ئىلگىرىلەپ كەتتى، بولۇپمۇ ئارمىيىگە بولغان قوماندانلىقتا.

كۈيئوغلىنىڭ گىتلېرنى ماختىغانلىقىغا مۇسسولىنى تازا قايىل بولمىدى.

— قىزىق گەپ بولدى - دە، مېنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچۇم قانداق بولۇپ بىردەمدىلا مەندىن ئېشىپ كېتىدۇ؟ — دېدى ئۇ.

كىئانو مۇسسولىنىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۆزىنىڭ تەدبىرىنىڭ ئۇنۇم بېرىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ شۇنداق دېدى:

— بىز دوستلار ئىكەنمىز، بۈگۈن ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئەتە بىز ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ نۇرغۇن تەرەپلەردە گېرمانىيىلىكلەرنى قوللىغان.

مۇسسولىنى ئويلاپ باقسا توغرا، ھازىر گىتلېردىن ياردەم تىلىمەكتىن باشقا چارىمۇ يوق. بولمىسا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جەڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىغان گەپ. مۇشۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۆلۈق ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— ھىم، قارىغاندا، مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇسسولىنىنى پويىزغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىگە كېلىپ، باش مىنىستىر بىناسىدا بۇرۇن ئوقۇغۇچۇم دەپ يۈرگەن گىتلېر بىلەن كۆرۈشتى.

ئىككىسى بىردەم تەكەللۇپ گەپلەر بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، مۇسسولىنى ئېھتىيات بىلەن رەسمىي گەپكە كۆچتى:

— فېيۇرېر، بىز ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان بىر مەسىلىنى سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

گىتلېر ئاكىلارغا خاس مەغرۇر كەيپىيات بىلەن:

— نېمە ئىش؟ سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى.

— شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭ ئەھۋاللىرى سەل چاتاق تۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ قوشۇنلىرىڭىز مىسىرغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان ئەمەسمۇ؟ — گىتلېر شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ قەستەن سورىدى.

— شۇنداق، جەڭ يېڭى باشلانغاندا ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى ئىدى، كېيىن كۈچلۈك ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىزگە ئۇشتۇمتۇت زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، نەتىجىدە، بىز ئاجىز كېلىپ قېلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. ھازىر كۈرىنىكاغا چېكىندۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە چېكىنىدىغاندەكمۇ قىلىمىز، — مۇسسولىنى ئىتالىيە قوشۇنلىرى بىر پەشۋاغا يارىمىغان رېئاللىقنى يېپىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى ناھايىتى كۈچلۈك كۆرسەتتى.

— شىمالىي ئافرىقىنى ئىنگلىزلارغا بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز

بولمايدۇ، — دېدى گىتلېر جىددىي تەرىزدە.

— ئۇنىڭدا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى مۇسسولىنى خۇددى نىجاتكارغا ئېرىشكەندەك دەررۇلا.

گىتلېر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— جانابلىرىنىڭ قانداق ياخشى تەدبىرلىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

مۇسسولىنى شۇ تۇرقىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ گىتلېرنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— بىردىنبىر چارە، تېزدىن ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش. ئەمما ئىتالىيە شىمالىي ئافرىقىدا بىرمۇ ئەسكەر چىقىرالمايدۇ، شۇڭا بېكىلمەس گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقسۇنمىكىن دەيمەن.

گىتلېر بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن ئاستا سۆزلىدى:

— مېنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرىم روسىيىگە قول سېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا كۆپ ئەسكەر چىقىرىپ بېرەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ سىزگە خىل بىر قوشۇننى بېرەي، ئۇ ئىنگلىزلارنى چىققان يېرىگە كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ.

مۇسسولىنى هاياجىنىنى تەستە بېسىپ تۇرۇپ:

— فېيۇرېر شىمالىي ئافرىقىغا قايسى گېنېرالىنى ئەۋەتىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

گىتلېر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، ئۇ يەرگە ئەۋەتىدىغان ئادەمنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى.

— مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گېنېرالىم روممېل.

مۇسسولىنى خۇشاللىقىنى ئەمدى باسالماي، سالاپەتكە نالايىق هالدا گىتلېرنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىۋېلىپ:

— ئىنگلىزلار ئەمدى كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدىغان بوپتۇ،

www.uyghurkitap.com

شىمالىي ئافرىقىدىن ئەمدى ئۈمىد بار بولدى! — دەپ كەتتى.

روممېل گىتلېرنىڭ ئەڭ ياخشى گېنېراللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى نۇرغۇن گېرمانىيە گېنېراللىرى ھەربىي ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققانىدى، روممېل بولسا كىچىك بىر شەھەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. 1891 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ھەربىي بولۇش ئەمەس، ئىنژېنېر بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى، ئەمما دادىسى ئۇنى جاھىللىق بىلەن ھەربىي سەپكە ئاپىرىپ بەرگەنىدى.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، روممېل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئوۋھسونزى ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، بىرنەچچە باتالىيون ئەسكەر بىلەن ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈش، 30 ئادەمنىڭ يارىلىنىش بەدىلىگە ئىتالىيىنىڭ بەش پولك ئەسكىرىنى يوقاتقان، مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالغانىدى. شۇ قېتىمقى جەڭ روممېلنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان جەڭ بولۇپ، ئۇرۇشتىكى جانلىقلىقى ۋە يۇقىرى قوماندانلىق سەنئىتى نامايان بولغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، روممېل ئۇرۇشتا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى «پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمى» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى. ئادەتتىكى بىر ستارشى لېيتېنانتنىڭ بۇ كىتابىنى گىتلېر تاسادىپىي كۆرۈپ قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن روممېلنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

گىتلېر روممېلنىڭ ئىنچىكە پىكرى، مۇستەقىل قاراشلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ گىتلېرنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭ قوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ روممېل بالداقمۇ بالداق ئۆسۈشكە باشلاپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىچىدىكى نۇرلۇق بىر چولپانغا ئايلىنىپ

قالدى. ئۇ تۇغما ئەقىللىق، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول بولغاچقا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپادىكى جەڭ مەيدانلىرىدا تېخىمۇ كارامىتىنى كۆرسىتىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

1940 ـ يىلى ئافرىقا قوشۇنى — 7 ـ بىرونېۋىك قوشۇنىغا بىر ئاي قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزىدىن 20 ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يەڭدى. فرانسىيىدىكى ئۇرۇشتا، ئۇنىڭ بىرونېۋىك دىۋىزىيىسىدە ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، ئەمما ئۇ دۈشمەننىڭ 97 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇ جەڭدە باتۇر، قوماندانلىقتا كەسكىن بولغاچقا، فرانسىيىلىكلەر ئۇنىڭ دىۋىزىيىسىگە «ئالۋاستى دىۋىزىيە» دەپ ئات قويۇۋالدى.

روممېل فرانسىيە ئۇرۇشىدىنمۇ قوماندانلىققا ئائىت تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى:

ئىككى ئارمىيە جەڭ قىلىۋاتقاندا، قارشى تەرەپنى كىم ئوت كۈچى بىلەن بېسىۋېتەلىسە، غەلىبە كۆپىنچە ھاللاردا شۇنىڭ بولىدۇ؛ جەڭ ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ساقلىغان ئادەم قارشى تەرەپتىن يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، قارشى تەرەپنىڭ نىشانىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن ئەھۋالدىمۇ بىرىنچى بولۇپ قول سېلىش كېرەك.

1941 ـ يىلى 6 ـ فېۋرالدا، گىتلېر روممېلنى قوبۇل قىلدى.

ئۇ گىتلېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشى بىلەنلا گىتلېر چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قىزغىن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھەربىيلىرىنىڭ تېزلىكى بىلەن بىرمۇنچە ماختىدى. فرانسىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سوراپ چىققاندىن كېيىن، گەپنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ:

— روممېل، سىز شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىمالىي ئافرىقىنىڭ؟ — روممېل ھەيران قالدى، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە رادىئولىرىدىن ئاڭلىغان، ئىنگلىزلار بەنى غازىنى ئىگىلەپ، ئەمدى ھازىر دېلبور تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ.

گىتلېر ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ قويدى:

— ئۇ يەردىكى ئەھۋال ئېغىر. ئەگەر لىۋىيە ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا پۇت دەسسەپ تۇرمىقىمىز قىيىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بالقان ۋە مالتاغا قىلىدىغان ھۇجۇمىمىزغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

— فېيۇرېر، — دېدى رومېل، — لىۋىيە ئىتالىيىنىڭ مۇستەملىكىسى، شۇڭا ئۇ يەرگە ئامالىمىز يوقتە.

— ياق، — دېدى گىتلېر قولىنى چايقاپ، — ئىتالىيە بىلەن بىز ئوق مەركىزى ئىتتىپاقداشلاردىن، پايدىدىمۇ، زىياندىمۇ بىللە بولىمىز. ئىتالىيانلارنىڭ داھىيىسى ئۆزى كېلىپ مەندىن ياردەم سورىدى، ئۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ سەرخىل قوشۇنىدىن شىمالىي ئافرىقىغا ياردەمگە ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم.

رومېل فېيۇرېرنىڭ ئۆزىنى بېرلىنگە چاقىرتىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولدى.

دېگەندەك، گىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ شۇنداق دېدى:

— مەن سىزنى گېرمانىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدىم.

«باش قوماندان» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، رومېل خوشلۇقىدا تېرىسىگە پاتماي قالدى. نېمىلا بولسۇن، بۇ، فرانسىيىدە دىۋىزىيە باشلىقى بولۇپ تۇرغاندىن ھەيۋەتلىك ئىدى.

— تەپسىلىي ئەھۋاللار بىلەن تەلەپلەر توغرۇلۇق مارشال براۋھىچ بىلەن پاراڭلىشىڭ، — دېدى گىتلېر يەنە.

رومېل مارشالغا يۈزلەندى.

— رومېل، — دېدى مارشال، — سىزنىڭ شىمالىي

ئافرىقىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ دېلبور تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى تېزلىكتە توسۇش. سىزگە بېرىلىدىغان ئەسكەر چەكلىك، شۇڭا سىز مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ شۇنىلا ساقلايسىز، يەڭگىللىك قىلىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلماڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىتالىيىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىڭ. شىمالىي ئافرىقىنىڭ نامدىكى ئەڭ ئالىي ھەربىي ئەمەلدارى ئىتالىيىلىك گېنېرال كالبور، سىز ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مارشال كىسلىڭ سىزگە ھاۋادىن ياردەم بېرىشكە مەسئۇل ھەم سىزگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما سىزگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان ئورۇن يەنىلا ئالىي قوماندانلىق شتابى.

روممېل بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن تازا رازى بولماي، ئىچىدە: «ھەممىسىلا مەن باشقۇرىمەن دەپ قول تىقىۋالسا، ئۇرۇشقا قانداق قوماندانلىق قىلغۇلۇق؟ ئىتالىيىلىك كالۋا ئېشەكلەرنىڭ ماڭا قوماندانلىق قىلىشىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشتە. توغرا، ھازىر ماقۇل دەپ تۇرۇپ، شىمالىي ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا:

— فېئورېر، باش قوماندان، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويماي، ئىنگلىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى چوقۇم توسىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

گىتلېر روممېلنىڭ مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ:

— روممېل، بۇ ئىشنى سىز چوقۇم ياخشى ئىشلەيسىز، سىزدىن خوش خەۋەر كۈتىمەن، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىمالىي ئافرىقا.

12 ـ فېۋرال، روممېل ئايروپىلان بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا ئۇچۇپ بېرىپ، جەڭ مەيدانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. شۇ كۈنى چۈشتە، قىزىق ئاپتاپ روممېل ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈپ تۇراتتى، بىپايان قۇملۇق روممېلنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانىدى، ھېچقانداق يەردە بىر تۈپ گىياھمۇ يوق ئىدى. روممېل ئىتالىيىلىكلەرنىڭ بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن 130 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئىدى، بۇنداق يامان مۇھىتتا ئىرادە بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكلا غەلىبە ئىلاھىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان روممېل مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ برونېۋىك قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، غەلىبىلىك كاتتا جەڭدىن بىرنى قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن مەڭگۈ يېقىلماس مۇنار تىكلىشى كېرەك ئىدى.

روممېل ئىتالىيىلىكلەرنىڭ دېلبوردىكى قوماندانلىق شتابىغا كەلگەندە، ئىتالىيىلىك گېنېرال پولكوۋنىك كالبور ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. يېقىلغەن بۇ گېنېرالنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى گېرمانىيىدىن قانچىلىك ئەسكەر كەلگەنلىكى ئىدى، شۇڭا قارشى ئېلىش مۇراسىمى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئالدىراپ روممېلدىن سورىدى:

— گېنېرال روممېل، ياردەمگە قانچىلىك ئەسكەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— بىرىنچى تۈركۈمدە ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيە، ئەمما ھازىرقى ترانسپورت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تولۇق يېتىپ كېلىپ بولۇشىغا يەنە بىر ئاي كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئالدىنقى قوشۇن ئىككى باتالىيون، چامامچە دېلبورغا ئۆگۈنلۈككە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

كالبور بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىچىدە: «دېلبورنىڭ ۋەزىيىتى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، نېمىسلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يېرىم ئايغىچە يېتىپ كېلەلمىسە، ئۇلار قىرغاققا چىقىپ بولغۇچە ئىنگلىزلار بۇ شەھەرنى ئېلىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

لېكىن يەنە گېنېرال روممېلنىڭ خاتىرجەم ئەلپازىنى كۆرۈپ: «بەلكىم فرانسۇزلار ‹ئالۋاستى› دەپ ئاتايدىغان بۇ گېنېرالنىڭ ياخشى تەدبىرلىرىمۇ باردۇ» دەپ ئويلاپمۇ قالدى.

14 ـ فېۋرالدا، روممېلنىڭ تۇنجى تۇركۇم جەڭگىۋار قوشۇنى — 3 ـ رازۋېت باتالىئونى بىلەن 39 ـ تانكىغا قارشى باتالىئون ئەسكەر توشۇيدىغان پاراخوت بىلەن دېلبورغا يېتىپ كەلدى. روممېل ئۇلارغا قىزغىن نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن غەلىبە ۋە شان ـ شەرەپ قوچۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

روممېل شىمالىي ئافرىقىدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بېنغازىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە تىلبورتانىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئالدى بىلەن ئىتالىيە قوشۇنىغا چوقۇم سىرتى بوغۇزىدىكى تىلبورتانىيە مۇداپىئە لىنىيىسىنى جەزمەن قوغداپ قېلىشنى بۇيرۇدى. چۈنكى بۇ مۇداپىئە لىنىيىسى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالايتتى، يەنە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا جەڭ قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھاۋا بوشلۇقى تەييارلاپ بېرەلەيتتى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالايتتى.

لېكىن روممېل ئەسكىرىي كۈچ يېتىشمەسلىكتەك زور بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندى، ئەگەر ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيە تولۇق يېتىپ كەلگەندە ھۇجۇم باشلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

كېچىكىپ قالاتتى.

دەل شۇ مەزگىلدە، روممېل ئەنگلىيىنىڭ 7 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ مىسىرغا بېرىپ رەتكە سېلىش ئىشلىرىنى قىلىدىغانلىقى، ئورنىغا كەلگەن 2 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىدى. ئەنگلىيىلىكلەر نېمىسلارنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرىنى ئاز، ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ شۇ قارارغا كېلىشكەنىدى.

ئۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن، روممېل پۈتۈن قوشۇنىنىڭ تولۇق كېلىپ بولۇشىنى كۈتمەيلا، يورەكلىك ھالدا ئەنگلىيىلىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا نېمىسلارنىڭ بىر پولك، ئىتالىيانلارنىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكىرى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ بولغانىدى.

15 ـ مارت كۈنى، گېرمانىيە ـ ئىتالىيە بىرلەشمە قوشۇنى ھۇجۇمنى باشلىدى. ھۇجۇم تۇيۇقسىز ھەم شىددەتلىك بولغاچقا، ئەنگلىيە قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي كەينىگە چېكىندى. نېمىسلار جەنۇبقا قاراپ تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئەنگلىيىلىكلەرگە ئويلىمىغان بىر زەربە بولدى، روممېل بولسا ئافرىقىنىڭ چۆللۈكلىرىدە قانداق ئۇرۇش قىلىش، ئۇزۇن سەپەرنى قانداق بېسىشلار ئۈستىدە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالدى، بۇ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھۇجۇملىرىغا پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى.

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە بېسىۋالغان مۇھىم پورت — بۇرىكانى نېمىسلار ئىشغال قىلىۋالدى.

بۇ مۇھىم پورتنى نېمىسلار تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى قوماندانى ۋېۋېر ئاندىن ئۇيقۇسىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىسى بويىچە، روممېلنىڭ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ روممېلنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يېتىپ كەلمىگەن ئەھۋالدا بىرنەچچە مىڭلا ئادىمى بىلەن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

نېمىسلارنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى ئامالسىز قىلىپ قويدى، قوشۇنىنىڭ روھمۇ چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. نەتىجىدە، ئىككى ھەپتىگە قالمايلا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان جايلاردىن 650 كىلومېتىر ئىچكىرىگە چېكىنىپ كەتتى.

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «روممېل! ئىپلاس روممېل! ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئېيتىڭلار، باشقىسىنىڭ كېرىكى يوق، روممېلنى مەغلۇپ قىلسىلا بولدى!» دېدى.

بىراق، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى چېرچىلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدى، قارشىلىق كۆرسىتىشكە قىلچە كۈچى يەتمەي، كەينىگە توختىماي چېكىنىۋەردى. ئۇزۇنغا بارماي، ئەنگلىيە گېنېراللىرىدىن نېم بىلەن ئوۋكان نېمىسلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى، نۇرغۇن تانكا ۋە ئېغىر قوراللار ئولجىغا كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ توبرۇكنى مۇستەھكەم ساقلاۋاتقان بىر قوشۇنىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى كۈرېنىكا يېرىم ئارىلىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

چېرچىل پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنغا: «توبرۇكنى مەھكەم ساقلاڭلار، زادىلا ئارقىغا چېكىنىش خىيالىدا بولماڭلار!» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

توبرۇك باش مىنىستىر ئاشۇنداق جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتكۈدەك قانچىلىك مۇھىم جاي؟

ئەسلىدە توبرۇك ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سۈيى چوڭقۇر، دولقۇنى پەس يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئەنگۈشتەرى ھېسابلىنىدىغان ئىنتايىن ياخشى پورت ئىدى. شەرق، غەرب ئىككى تەرىپى ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى، پەقەت جەنۇب تەرىپىلا ئۈزۈنغا سوزۇلغان قۇملۇق تۈزلەڭلىك ئىدى. توبرۇك سىرت بىلەن ئاساسەن سۇ يولى ئارقىلىق ئالاقە قىلاتتى، شەرق تەرىپى ئىسكەندرىيە پورتىغا، غەرب تەرىپى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق بەنى غازىغا، دېلبورغا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كەتسە بالقان، ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تۇتىشاتتى، شۇڭا شىمالىي ئافرىقىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چوقۇم توبرۇكنى ئىگىلەش كېرەك ئىدى.

ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مەغلۇبىيىتى بىلەن تەڭ بۇ يەردىكى ئەنگلىيە قوماندانى ۋېۋېرمۇ مەنسىپىدىن ئايرىلىپ، ئورنىغا لاد ئۇۋچېنىرىك قوماندان بولدى.

ئۇۋچېنىرىك ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنىڭ «ئەھلىسەلىپ» ناملىق پىلانىنى تۈزۈشكە پائال كىرىشىپ كەتتى.

17 - نويابىردا، ئالتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتى كورىنىكا دېڭىز بويىدىكى بىر داچىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇ، روممېلنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى برونېۋىك پولكىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىدى، بۇ قېتىمقى بۇ ھەرىكەت «ئەھلىسەلىپ» ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولۇپ، مەقسەت روممېلنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە روممېل دەم ئېلىشنى ئامراق خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن رىمغا كەتكەنىدى. شۇ ئىش بىلەن

ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدە تۆت نەپەر نېمىس ئوفىتسېرى، ئەنگلىيىنىڭ مايور دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرى ئۆلدى، ئەنگلىيىلىك بىر ئوفىتسېر يارىلاندى.

روممېل قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رېشار روھى بويىچە، پۈتۈن قوشۇنىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ مايورىنى دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلدى ۋە دەپنە مۇراسىمى بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى سۈرەتكە ئېلىپ، بۇ قەھرىمان مايورنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى.

18 ـ نويابىر كۈنى، ئەنگلىيە قوشۇنى نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر، 700 دىن ئارتۇق تانكا تەييارلاپ روممېلنىڭ قوشۇنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا روشەن پەرق بولغاچقا، روممېل ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن روممېل قاتتىق ئازابلاندى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى چېكىنىشى ئىدى. نېمىلا بولسۇن، بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇ ئوۋجېنىرىككە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ قاتتىق ھاقارەتكە قالغانىدى.

بۇ جەڭدە روممېل نۇرغۇن چىقىم تارتتى: 21 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى شىكر قەبرىستانلىقتىن ئورۇن ئالغان، 90 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى سومېرمۇ ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلگەن، ئامان قالغان بىرمۇنچە كوماندىرلار چۆلدىكى ۋابا كېسىلى بىلەن ئاغرىپ جانلىرىدىن ئايرىلغانىدى.

بۇ ئېغىر زىيانلاردىن كېيىن، روممېلنىڭ ئافرىقىدىكى قوشۇنىنىڭ كۈچى بۇرۇنقىغا يەتمەي قېلىپ، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئامان ـ ئېسەن چېكىنىشنىڭ ئۆزى روممېلنىڭ قوماندانلىق ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئامىل بولۇپ قالدى. كېيىن پاكىتلار ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىشقىلا ماھىر بولۇپ قالماي، چېكىنىشكىمۇ ماھىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ قالغان قوشۇننى ھېچقانداق چىقىمغا ئۇچراتماي تۇرۇپ يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى.

روممېل ئىسپانىيىگە چېكىنىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن، گېرمانىيىدىن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە نۇرغۇن تەمىنات كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كېچىدىلا برونېۋىك پولكىنىڭ كەيپىياتى باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى. روممېل ئىنگلىزلارنىڭ ئەپلەپ تۇرۇپ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەشكە باشلىدى.

1942 - يىلى 21 - يانۋار سەھەردە، گېرمانىيىنىڭ بۇ ئافرىقا قوشۇنى تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە قوشۇنىغا تاشلاندى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تانكىلىرى كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغاچقا، ئىنگلىزلار قورقۇپ كېتىپ كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، روممېل پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بەش كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ 229 تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، 147 زەمبىرىكىنى ئولجا ئالدى، 935 ئادىمىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، گېرمانىيە تەرەپتىن پەقەت ئۈچ تانكا بىلەن 14 ئادەملا چىقىم بولدى.

روممېل گەرچە بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن ئالغاندا، ئەھۋالى يەنىلا ناچار ئىدى، كۈچلۈك ئەنگلىيە قوشۇنلىرى قاچانلا بولسۇن، تۆمۈر مۇشتىنى بىرلا تۈگىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر پىلان ئويلاشقا باشلىدى: ھۇجۇم قىلىش كېرەك! ھازىر قولىمىزدا بار قوشۇننى يىغىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

روممېلنىڭ بۇ پىلانىنى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىرلىرىدىن

بىرنەچچىسىلا بىلەتتى. ئەنگلىيىلىكلەر گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ پەسلەپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى توختىماي غەربكە چېكىنىۋاتاتتى، سىمسىز تېلېگرافنىڭ سىگنالى يەنە يوقاپ كەتتى، لېكىن قاراڭغۇ چۈشكەندە گېرمانىيىنىڭ ئۇ ئاپتوموبىللىرى يەنە كەينىگە قاراپ مېڭىشقا، تانكا ـ زەمبىرەكلىرى ئىستىھكاملىرىغا كىرىشكە باشلىدى. روممېلنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىككىنچى قەدەمدە نېمىگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بېرلىندىكى ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكىلەرمۇ، ئىتالىيىلىكلەرمۇ بىلمەيتتى.

ئەنگلىيىلىكلەر ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم چېكىنىشكە باشلىدى، دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بىردىنلا ئۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

27 ـ يانۋاردا، روممېل يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن ئەنگلىيىلىكلەرگە ئېتىلىپ، بەنى غازى پورتىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەرگە كېتىۋاتقان يولدا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قارىمىقىدىكى بىر دىۋىزىيە ھىندىستان ئەسكىرىنى بىر سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىۋەتتى، بىرنەچچە يۈز يۈك ماشىنىسىنى ئولجا ئالدى. ئارقىدىنلا روممېلنىڭ تانكىلىرى 30 نەچچە سائەت ھۇجۇم ئېلىپ بېرىپ، ئاخىر بەنى غازى پورتىنى بېسىۋالدى. نەتىجىدە بۇ چىرايلىق پورت ئاسمانپەلەك ئوت يالقۇنىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۆز ۋۇن ئۆتمەي، ناتسىستلارنىڭ بايرىقى پورت ئاسمىنىدا لەپىلدىدى.

ئەنگلىيىنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھەربىي ئەشيالىرى بىلەن ئەنگلىيىدىن تېخى يېڭىلا ئەكېلىنگەن 1300 يۈك ماشىنىسى گېرمانىيىنىڭ ئافرىقا برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ سىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى مىسىرغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گېنېرال شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. روممېل بەنى غازىدا ئازراقلا غەلىبە قىلىپ قويۇۋىدى، گېنېرال ئەتىسىلا ئۇتۇق سۆزلەپ، ئۇنىڭدا روممېلغا مەدھىيىلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى ۋە دەررۇلا ئۇنى ئۆلچەملىك گېنېرال پولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈردى.

كېيىن، گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرى شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭ مەيدانىدا بىر مەزگىل خېلىلا تىركەشتى. روممېل ئەسكەرلىرىنى قوملۇقتا قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، توبرۇكنى بېسىۋېلىش خىيالىدا بولۇپ كەلدى.

توبرۇكنىڭ مۇداپىئەسى بەكمۇ قاتتىق ئىدى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئىتالىيىلىكلەر گراياننىڭ قوماندانلىقىدا بۇ يەردە مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئىستىھكاملار ئەڭ ئىلغار ھازىرقى زامان قوراللىرىنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتى، بۇ ئىستىھكاملارنى چۆرىدەپ يەر ئاستىدىن لەخمىلەرمۇ كولانغانىدى، ئۇلارنى پەقەت ھاۋادىنلا بايقىغىلى بولاتتى. مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ياسالغان ھەربىر پوتەي يەر ئاستى يوللىرى بىلەن تۇتىشاتتى. ئۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە يەنە زەمبىرەك ۋە پىلىموت بىلەن ئاتىدىغان ئىستىھكاملارمۇ بار ئىدى، ھەممىسىلا پۇختا نىقابلانغانىدى، پەقەت ئەڭ خەتەرلىك مىنۇتلاردىلا بۇ نىقابلار ئېلىپ تاشلىنىپ، تۇيۇقسىز ۋە شىددەتلىك ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرەتتى.

ئەنگلىيىلىكلەر بۇ مۇھىم ئىستىھكاملارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. نۆۋەتتە ئۇ يەرلەردە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىدىن پىيادىلەر 2 ـ دىۋىزىيىسى، ھىندىستاننىڭ 11 ـ بىرىگادىسى، گۋاردىيە بىرىگادىسىنىڭ 2 ـ، 23 ـ باتالىئونى ۋە 32 ـ ماشىنا بىرىگادىسى، بىرنەچچە زەمبىرەك پولكى قاتارلىقلار تۇرۇۋاتاتتى.

كۈچ جەھەتتە ئەلۋەتتە گېرمانىيىلىكلەر ئاجىز ئىدى، روممېلنىڭ قورال جەھەتتىكى زور پەرقنى يوقىتىشقا ئامالى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ غەلىبىنىڭ سانىغا ئەمەس، تەشەببۇسكارلىق ۋە تاكتىكىغا باغلىق ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توبرۇكقا ھۇجۇم قىلىدىغان بىر پىلاننى يۇرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا ئاچىقتى. ئۇ پىلان بويىچە، ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئەنگلىيە قوشۇنىنى ئۇدۇلدىن ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى، ئۇ بولسا ئۇۋۇسىدىن چىقىپ كورپىنىكا يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يېتىپ بېرىپ، يان تەرەپتىن قورشاپ، ئاندىن توبرۇكقا قاراپ ئېتىلىپ، ئەنگلىيىلىكلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرەتتى. روممېل مۇشۇ پىلانىدا كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولسا، گېرمانىيىنىڭ ئافرىقا برونېۋىك قوشۇنىنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

20 ـ ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەر سائەت بەشتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، روممېل توبرۇكقا قىلغان ئومۇمىي ھۇجۇمىنى باشلىدى.

روممېلنىڭ تاكتىكىسى ئۈنۈم بېرىپ، توبرۇكقا قىلغان ھۇجۇمى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ تېز بولدى. 21 ـ ئىيۇن ئەتىگەن سائەت بەشتە، روممېل ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ توبرۇكنىڭ شەھەر مەركىزىگە كىرىپ كەلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئىدى، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۇجۇمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، روممېل جەنۇبىي ئافرىقا 2 ـ پىيادىلەر دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە توبرۇك مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال كروپور بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ گېنېرال پۈتۈن مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

روممېل ئۆزىگە تەسلىم بولغان بۇ گېنېرالنى ۋاقىتلىق ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا سورىدى:

— جانابىي گېنېرال، توبرۇكنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان چاغدا نېمە ئۈچۈن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمىدىڭىز؟

كروپور ئاچچىق كۈلۈپ قويدى:

— گېنېرال پولكوۋنىك جانابلىرى، بۇ ئىش شۇنچىلىك تېز بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا كېتىدىغان ئۇنچىلىك كۆپ قاتناش قوراللىرىنى تېپىشمۇ قىيىن ئىدى.

روممېل قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىنىشى ئاشۇنداق ناچار ئەھۋال ئاستىدا، ئەپچىل تاكتىكا بىلەن شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇھىم شەھەر توبرۇكنى ئاخىر ئېلىۋالدى. 35 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئون نەپەر گېنېرال بار ئىدى.

گېرمانىيە پايتەختى بېرلىن.

بىر پولكوۋنىك ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ بىپايان زېمىنىنىڭ خەرىتىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئۇستەلگە يېيىۋاتقاندا، بېرلىندىكى ھەشەمەتلىك ياسالغان ئىمپېرىيە باش مىنىستىرلىك بىناسى ئىچىدىكى ئۇستەل يېنىدا تۇرغان ئادولف گىتلېر قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ يېنىدىكىلەرگە گېرمانىيىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق ماختىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ ماختانماي كىم ماختانسۇن، فرانسىيىدىن تارتىپ لېنىنگىچە ئۇنىڭ برونېۋىك قوشۇنلىرى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ كەلدى. شەرقىي سەپتە ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بۇرۇنقى

شىددەتلىك ھالىتىگە يېتىپ، سوۋېت ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى ھەم كاۋكاز تەرەپكە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلدى.

ئۇنىڭ گېرمانىيىسىنىڭ خەرىتىسىنى يۈز نەچچە يىل ئىلگىرىكى ناپولېئوننىڭ فرانسىيىسىنىڭ خەرىتىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولاتتى.

ئۇ ھەتتا ئۆزىنى ناپولېئوندىنمۇ ئۈستۈن قوياتتى.

شۇڭلاشقا، مۇسسولىنى روممېلدىن ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ جەڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، گىتلېر روممېلغا تۆۋەندىكىدەك تېلېگراممىا ئەۋەتتى:

«غەلىبە ئىلاھەسى دائىم بوسۇغىمىزغا كېلىۋەرمەيدۇ، ناۋادا سىز ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىسىڭىز، ئۇنىڭ سىز بارالايدىغان دائىرە ئىچىگە قايتا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.»

گىتلېر ھېچقايسى گېنېرالنى روممېلنى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلىمايتتى، شۇڭا بەزىدە ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقلىرىغا يول قوياتتى.

ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، گىتلېر روممېلنىڭ توبرۇكقا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان «بۆرە ئۇۋىسى» دىن ئايرىلىپ باش مىنىستىر بىناسىغا كەلدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ ئانچە مۇھىم بولمىغان شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ دىققەت قىلدى.

توبرۇكنىڭ نېمىسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، گىتلېر ئادىتىگە قارشى ھالدا شامپان ھارىقىدىن بىر رومكا قۇيۇپ بىر يۇتۇم ئىچىۋىدى، يېنىدا تۇرغان گېبېبېلنىڭ ھەيران قېلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

گىتلېر گېبېبېلنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىددىي تەرىزدە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قانداقلا تەدبىر قوللانسىڭىز مەيلى، روممېلنىڭ توبرۇكنى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت ھۆججەتلىك فىلىمنى بۈگۈندىن قالدۇرماي بېرلىن، پارىژ ۋە ۋېنادىكى كىنوخانىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىسىز، ئەتە پۈتۈن گېرمانىيىگە تارقىتىسىز، — دېدى.

— فېئورېر، — دېدى گېبېل ئىشەنچلىك ھالدا، — بۇ ئىشنى دېگەن چاغدا ئورۇندايمەن.

— روممېل يارايدۇ، — دېدى گىتلېر، — ئۇنىڭ غەلىبىسى بىز نېمىس مىللىتىنىڭ روھىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

— سىز دېمىسىڭىزمۇ، روممېلنى پۈتۈن گېنېراللاردىن ئۈستۈن قويۇپ تۇرۇپ تەشۋىق قىلماقچى ئىدىم، — دېدى گېبېل جاۋابەن.

— مەن روممېلغا ئەلچى ئالىي مۇكاپات بېرىمەن، — دېدى گىتلېر تۇۋلاپ تۇرۇپ.

ئەتراپىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇشاتتى.

لېكىن گىتلېرنىڭ گېپى باشقا مەزمۇنغا يۆتكىلىپ كەتتى.

22 ـ ئىيۇن، پۈتۈن ناتسىستلار ئىمپېرىيىسى ئافرىقىدىن كەلگەن غەلىبە خەۋىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. «روممېل توبرۇكتا» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىم ھەممە شەھەرلەرنى قاپلاپ بولدى. ۋېنادىكى يېڭى سېلىنغان بىر كۆۋرۈك روممېلنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى، ئۆلكە باشلىقلىرى، گېنېراللار روممېلنىڭ ۋېنادىكى خوتۇنى لوسقا تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئەۋەتتى.

ۋېنانىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان بىر قوشۇننىڭ قوماندانى گېنېرال ستىلىۋس گىتلېرنىڭ نامىدا لوس خانىمغا خەت يېزىپ، خېتىدە: «روممېلنىڭ نامى تارىختىكى ئۇلۇغ ھەربىي ئالىملار قاتارىدا ئورۇن ئالىدۇ! بىز ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز...» دېدى. نوئىستات ھەربىي مەكتىپىدە تۇرۇۋاتقان لوسنىڭ

تۇرالغۇسىدىن پۈتۈن بىر كۈن ئادەم ئۈزۈلمىدى، ھەممە ئادەم خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. مېھمانخانا، ھويلا گۈل دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ گۈللەرنىڭ بىر قىسمىنى ۋېنادىكى ئاددىي ئادەملەر ئېلىپ كەلگەنىدى.

لوس ئادەملەرنىڭ بۇ خىل ساپ ھېسسىياتلىرىدىن مەست بولۇپ كەتتى.

كەچتە، لوس بىرنەچچە يېقىنلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆز ئۆيىدە بىرقانچە ئون ئادەملىك زىياپەت ئۆتكۈزدى، شامپان ھاراقلىرى يېتەرلىك تەييارلانغانىدى. كەچ سائەت سەككىزدە، كۆپچىلىك شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە تۇرۇۋېپ، بىۋاسىتە تورىۇكتىن كەلگەن رادىئو ئۇنئالغۇ خەۋىرىنى ئاڭلىدى. رومىېلىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مۇخبىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مۇتەخەسسىسى ھا. كىېخ رادىئودا ئۆزىنىڭ تورىۇكتىكى جەڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى سۆزلىدى، ئارقىدىن رومىېلىنىڭ جەڭ مەيدانىدا سۆزلىگەن سۆزى ئاڭلاندى. لوس ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ھەتتا بۇنچە كۆپ ئادەمنى چاقىرىۋالغانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلدى. رومىېلىنىڭ يىراق ئەللەردىن ئاڭلىنىۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازىنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. لېكىن بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى، چۈنكى رومىېل كۆپچىلىككە تەۋە ئىدى.

لوس رادىئونى ئۆچۈرۈۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ياڭراق بىر ناخشا ئاڭلىنىپ قالدى. بۇنىڭ مۇھىم بىر خەۋەرنىڭ ئالدىدىكى ناخشا ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك بىلگەچكە، بىردىنلا كۈلكە ـ چاقچاقلار توختاپ قالدى.

«فېئورېرنىڭ چوڭ لاگىرى، 22 ـ ئىيۇن فېئورېر ئافرىقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

برونېۋىك قوشۇنىنىڭ قوماندانى روممېلنى مارشاللىققا ئۆستۈردى.»

بۇ جىددىي مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا خۇشال شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر باشلىنىپ كەتتى، لوس خۇشاللىقىدا يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى، دوستلىرى «مارشال خانىم! مارشال خانىم!» دېيىشىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

مانا بۇ گىتلېر دېگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئىدى.

1500 كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئافرىقا قوشۇنىمۇ تەنتەنىگە چۆمگەنىدى. شۇ چاغدا، روممېل ئۇخلاۋاتاتتى، بەكمۇ چارچاپ كەتكەنىدى، گېنېراللار بىلەن ماشىنىدىكى رادىئونىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خەۋەر ئاڭلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. سائەت ئوندىن چارەك ئۆتكەندە، روممېل تۇيۇقسىز تۇۋلىغان بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭغا خوش خەۋەر يەتكۈزگىلى يۈگۈرۈپ كىرىپ: «فېئورېر جانابىڭىزنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مارشاللىقىغا ئۆستۈرۈپتۇ» دېدى.

«مارشاللىققا! — روممېل بۇ گەپكە ھەيران قالدى، — بۇ مەن چۈشۈمدە ئويلايدىغان يۈكسەك شان-شەرەپ ئىدىغۇ.»

ھەربىي ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مارشاللىق ئۇنۋان ئاجايىپ زور شەرەپ ئىدى. ھازىرغىچە ھېچقانداق ئادەم بۇ ئۇنۋاندىن ئېشىپ كېتەلمىگەنىدى. ھېرمان گېرىنگنىڭ مەنسەپخۇمارلىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن گىتلېر ئۇنىڭغا: «ئىمپېرىيە مارشالى» دەپ نام بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىم ئۇ ئۇنۋاندىن ئارتۇق ئۇنۋانغا ئېرىشەلمىگەنىدى.

پرۇسسىيىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مارشالىمۇ مەڭگۈ

پېنسىيىگە چىقمايتتى ۋە خىزمىتىدىنمۇ قالدۇرۇلمايتتى، ئۆمۈرۋايەت شۇ نامىنىڭ نېنىنى يەيتتى، كاتىپ، ئات ياكى ماشىنا بېرىلەتتى، مەخسۇس شوپۇر ئىشلىتىش دېگەندەك باشقا ئىمتىيازلارغىمۇ ئىگە بولاتتى. بۇ، مۇھىم بىر شەھەرنى بويسۇندۇرغان ياكى ئۇلۇغ بىر جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن قەھرىمانلار ئۈچۈن ئاجايىپ زور شۆھرەت ئىدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بولۇۋالغاندىن كېيىنلا، تارىختا نامى مەڭگۈ ئۆچمەيتتى.

توبرۇكنى ئېلىش روممېلنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق بىر سەھىپە بولۇپ قالغانىدى، ئەمدى ھازىر ئۇ شۇنىڭ بەدىلىگە شان ـ شۆھرەتنىڭ پەللىسىگە چىقتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن «چۆل تۈلكىسى» دېگەن نام ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب گىتلېر تارىخنىڭ پۇرۇخ تېغىنىڭ پەللە. سىگە چىقتى

△ بالقان، سەردارلار تالىشىدىغان جاي
△ چېرچىل: يۇگوسلاۋىيە گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك
△ گىتلېر: بېلگرادقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىنسۇن
△ كرىت ئارىلى، ئەنگلىيىلىكلەر قېچىپ بېرىۋالىدىغان جاي
△ گىتلېر خەرىتىنى چېكىپ تۇرۇپ: ھاۋادا ئۇتۇش كېرەك، دېدى
△ شەرققە بۇرۇلۇش

1941 ـ يىل 6 ـ ئاپرېل، يۇگوسلاۋىيە پايتەختى بېلگراد. ئالدىنقى كۈنىلا يۇگوسلاۋىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ۋە بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكەنىدى. بېقىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئاشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ بولۇشى يۇگوسلاۋىيە خەلقىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلاتتى. 6 ـ ئاپرېل دەل يەكشەنبە بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق شەھەر خەلقى شەھەر سىرتىدا كۆڭۈل ئېچىشىۋاتاتتى. شۇ

كۈنى كەچقۇرۇن ناتسىستلار گېرمانىيىسى يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلدى. گىتلېر يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختى بېلگرادنى بومباردىمان قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندى، بومباردىماندا پۈتۈن شەھەر خەلقى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئېغىر بولدى، شۇ كۈنىلا بۇ شەھەرنىڭ 17 مىڭ ئادىمى ئۆلدى، بىگۇناھ ئادەملەر گىتلېرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۆلۈپ كەتكىچە چۈشەنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، گىتلېر دۆلىتى ئىچىدە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، گېرمانىيە خەلقىگە ئۆزىنىڭ «بۇ ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا كۆپ تىرىشقان» لىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بالقاندىكى ئۇرۇشنىڭ مۇشۇ ھالەتكە يېتىشىنى ئەنگلىيىنىڭ گرېتسىيىگە قول تىققانلىقىغا ئارتىپ قويدى. «مەن ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالدانغان بەختسىز خەلقنىڭ بۇ ئەيىبنى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى 300 يىل بېسىپ ياتقان ئەڭ ‹رەھىمسىز› دوستى — ئەنگلىيىگە قويۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى گىتلېر. شۇ كۈنى «شەرقىي جەنۇب جەڭ مەيدانىغا چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق» تىمۇ ئۇ ئەنگلىيىنى ئەيىبلەپ: «ئۇنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلار ئۇرۇش قىلسۇن» دېدى.

بالقاننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، گىتلېر بۇ يېرىم ئارالغا شۇنچىلىك جىددىي قارايتتى.

بالقان يېرىم ئارىلى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى، تەخمىنەن ياۋروپا كۆلىمىنىڭ يىگىرمىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ئورمان بايلىقى مول ئىدى، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەر ئاستى كان بايلىقلىرىمۇ كۆپ ئىدى، ھەر خىل كان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بايلىقلىرىنىڭ زاپىسى ياۋروپا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بالقاننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى بەكمۇ مۇھىم ئىدى، ياۋروپا — ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىدە بولۇپ، «قۇرۇقلۇقتىكى كۆۋرۈك» دەپ نامى بار ئىدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ھىندى ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيانغا ئۆتىدىغان دېڭىز ئىشىكى، دەپمۇ ئاتىلاتتى. ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريولىمۇ بۇ ئارالنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنى كېسىپ ئۆتەتتى. شەرق تەرىپىدىكى بوسفور بوغۇزى بىلەن داردانىل بوغۇزلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارا دېڭىز بويلىرىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىزغا چىقىدىغان بىردىنبىر يولى ئىدى. شۇڭا بالقان تارىختىن بۇيان سەركەردىلەر تالىشىدىغان جاي بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىمۇ مۇشۇ يەردە پارتلىغانىدى.

گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە فاشىستلىرى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن ئوتتۇرا دېڭىز، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقلەرنى تالىشىپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بالقان يېرىم ئارىلىنى كۆۋرۈك قىلىشقانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، گېرمانىيە ئۇ يەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم بىر ستراتېگىيىلىك بازىغا ئايلاندۇرماقچى ئىدى. ئىتالىيە 1930 ـ يىلى ئاپرېلدىلا ئەسكەر چىقىرىپ ئالبانىيىنى بېسىۋالغان، گېرمانىيە، رومىنىيە، بۇلغارىيىلەرنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ھەربىي جەھەتتە ئىشغال قىلىش مەقسىتىگە يېتىپ بولغانىدى. 1940 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرى رومىنىيە بىلەن بۇلغارىيىگە بېسىپ كىرىشكە باشلاپ، ئۇلارنى سلوۋاكىيە بىلەن بىللە 1940 ـ يىلى 20 — 24 ـ نويابىرغىچە، گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ـ ياپونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقدىشى بولۇشقا مەجبۇرلىغانىدى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇلار فاشىست گېرمانىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى ۋە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەربىي ۋە سىياسىي بازا ھازىرلاپ بەردى.

1940 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىردە، ئىتالىيە قوشۇنلىرى كاستورىيە بىلەن فلورىناغا ھۇجۇم قىلىپ، گرېتسىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى 50 — 60 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن نويابىرنىڭ بېشىدا، گرېتسىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ زور كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. دېكابىردا ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئالبانىيىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى. 1941 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئىتالىيە گرېتسىيىگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئىككى تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى.

فاشىستلار گېرمانىيىسى بىر تەرەپتىن ئىتالىيىگە ياردەم بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بالقان يېرىم ئارىلىنى تارتىۋېلىشنىڭ كويىدا بولدى. گىتلېر سىياسىي سۈيىقەست بىلەن ھەربىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ئىشنى رومىنىيىدىن باشلىدى. رومىنىيە بىلەن ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە چېگرا ماجىراسىنى تۇغدۇرۇپ، ئارقىدىن سودىيىلىك رولىنى ئويناپ، رومىنىيىنى ترانسىلۋانىيىنىڭ كۆپ جايلىرىنى ۋېنگرىيىگە، دوبرۇجانى بۇلغارىيىگە بېرىۋېتىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ ئىشقا رومىنىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرى غەزەپلىنىپ، تۇشمۇ تۇشتىن نامايىش قىلىپ نارازىلىق بىلدۈردى. فاشىستلارنىڭ 5 ـ بىرىگادىسىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. گىتلېر رومىنىيىنىڭ ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، فاشىستلارنىڭ كاتتىبېشى ئاندىنوسكىنىڭ گېرمانىيىگە مايىل يېڭى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنىشىنى قوللىدى.

1940 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىردە، گېرمانىيە ئارمىيىسى «ھەربىي مۇئەللىم» ئەۋەتىش نامى بىلەن رومىنىيىگە كىرىۋالدى. 23 ـ نويابىردا رومىنىيە گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ـ ياپونىيىلەرنىڭ ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. ۋېنگرىيە بىلەن بۇلغارىيىمۇ بىرمۇنچە زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، 1940 ـ يىلى 21 ـ نويابىر ۋە 1941 ـ يىلى 1 ـ مارتتا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ، فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ قولچومىقى ۋە بېقىندىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

1941 ـ يىلى مارت ئېيىنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە 300 مىڭ ئەسكىرىنى بۇلغارىيىگە كىرگۈزۈپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ چېگرىسىغا توپلىدى.

يۇگوسلاۋىيە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ ئامبىرى، دەپ نامى بار ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىدى. گېرمانىيىنىڭ پۈتكۈل بالقان يېرىم ئارىلىنى ئىگىلەپ، «ياۋروپا يېڭى تەرتىپى» ئورنىتىش پىلانى ئىچىدە يۇگوسلاۋىيىنى ئىشغال قىلىش ئەڭ مۇھىم بىر ھالقا ئىدى. دەسلەپتە، گىتلېر گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى زور تەسىرى، ھەربىي جەھەتتىكى كۈچلۈك بېسىم ئارقىلىق يۇگوسلاۋىيىنى «تىنچ» يول بىلەن بېسىۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانىدى. 1945 ـ يىلى 15 ـ فېۋرالدا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ باش مىنىستىرى سىۋېتكوۋىچ، دىپلوماتىيە مىنىستىرى ماركوۋىچ «تەكلىپ» بويىچە گېرمانىيىگە كېلىپ، گىتلېر بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە يۇگوسلاۋىيە تەرەپ ئىتالىيە بىلەن گرېتسىيە ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى

خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار يەنە يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنىڭ قورالىغا ئايلانمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭغا گېتلېر قىلچە قىزىقماي، يۇگوسلاۋىيىدىن گېرمانىيە - ئىتالىيە - ياپونىيە ئىتتىپاقىغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇنىڭ يۇگوسلاۋىيە ماگىستىغان توغرا يول ئىكەنلىكىنى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ شەرقىي ياۋروپادا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئىگىلىشىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

25 - مارتتا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ باش مىنىستىرى بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئوغرىلىقچە ۋېناغا بېرىپ، فاشىستلارنىڭ كاتىپىشى بىلەن شۇ يەردە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە گېتلېرنىڭ تەھدىتى بىلەن، ئۈچ دۆلەت ھەربىي كېلىشىمىگە قول قويدى. بۇ خەۋەر بېلگرادقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە خەلقى ئۇ كېلىشىمگە قاتتىق قارشى تۇردى.

گېرمانىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەنگلىيىلىكلەرنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، نەتىجىدە ئۇلار يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنى نېمىسلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى. ئەگەر يۇگوسلاۋىيە ئەنگلىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى تىنچلىق يىغىنلىرىدا يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئىستىرىيىدىكى چېگرا تالىشىشىدا يۇگوسلاۋىيە تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى پۇراتتى.

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلارنى گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. «ئەگەر، — دېدى ئۇ تېلېگراممىدا، — يۇگوسلاۋىيە تۈركىيە - گرېتسىيە بىلەن بىر مەيداندا تۇرىدىغان بولسا، بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقانداق ياردىمىگە ئىگە بولالايدۇ، گېرمانىيىلىكلەردىن كېلىدىغان بالايىقازالاردىن قۇتۇلىدۇ ھەم ئۆتكەن قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشىدىكىگە ئوخشاش

ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئىشەنچلىك ئېرىشەلەيدۇ.»

لېكىن، يۇگوسلاۋىيىلىكلەر ئەنگلىيىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقالايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ گېرمانىيىلىكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

بۇنداق ئەھۋالدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كەيبېرگە پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىپ، «سىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان ھەرقانداق ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي گەۋدە ئۈستىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىڭ، قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش بولسىمۇ بولىدۇ» دەپ يوليورۇق بەردى.

ۋەتەن سانقۇچ شەرتنامىگە قول قويغانلىق خەۋىرى بېلگرادقا يېتىپ كەلگەندە خەلق غەزەپلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نارازىلىق ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلگەندى.

27 ـ مارتتا، بېلگرادتىكى كەڭ ئىشچىلار، ئەسكەرلەر، ئوقۇغۇچىلار يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە نامايىش قىلىپ، «بىزگە ئۇرۇش كېرەككى، شەرتنامە كېرەك ئەمەس؛ ئۆلۈشكە رازىمىزكى، قۇل بولۇشقا رازى ئەمەس» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشتى. سېربىيە دۆلەت گېمىنىنى ئۈنلۈك ئوقۇشتى. گېرمانىيىنىڭ ساياھەت ئىدارىسى بىلەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، نېمىسلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى يىرتىپ تاشلىدى، ئىككى كۈن ئىچىدە مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر مىسلىسىز زورايدى.

يۇگوسلاۋىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەنگلىيەپەرەس گۇرۇھلىرى ئاممىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، قان تۆكمەي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. باش مىنىستىر سۋېتكوۋىچ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى، شاھزادە پائول

تەختتىن چۈشۈش خىتابنامىسىگە قول قويدى ۋە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلدى. ھاۋا ئارمىيە قوماندانى گېنېرال سىموۋىچ ياش پادىشاھ پېتىر Ⅱ نىڭ نامى بىلەن كونا ھۆكۈمەت پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭىدىن ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. يۇگوسلاۋىيىنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياۋروپا ئۇرۇشىدا مۇتلەق «بىتەرەپ» لىكنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتنىڭ گېرمانىيە بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئەنگلىيىگە بولغان يېقىنلىقىنى روشەن ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 5 ـ ئاپرېل كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ۋە بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزدى، ھەر ئىككى دۆلەت قايسى دۆلەت تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا، يەنە بىر دۆلەت دوستانە ياردەم بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە دۆلەت چېگرىسىدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە تولۇقلاش ئىشىنى ئىشلىدى.

يۇگوسلاۋىيىنى تىنچ يول بىلەن بېسىۋېلىش پىلانى بەربات بولغاندىن كېيىن، گىتلېر قاتتىق چېچىلىپ، 27 ـ مارت چۈشتىن كېيىن ئالىي قوماندانلىق شتابى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە: «يۇگوسلاۋىيىنى ھەربىي جەھەتتە بەربات قىلىش، ئايرىم دۆلەت قىلىپ تۇرغۇزماسلىق» توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا شۇنداق دېدى: «دىپلوماتىيە جەھەتتە سوئال ـ سوراق قىلىشقا، ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. يۇگوسلاۋىيىنى رەھىمسىز ھەرىكەت بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك.»

ئارقىدىنلا گىتلېر يۇگوسلاۋىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان 25 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇققا قول قويدى:

1. يۇگوسلاۋىيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش بالقاننىڭ

سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، يۇگوسلاۋىيە بىرگە ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى دۈشمەن سۈپىتىدە تېزدىن تارمار قىلىش كېرەك.

2. مېنىڭ ئويلىغىنىم، بىر تەرەپتىن فىئومېي ـ گراتس رايونلىرىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن سوفىيە رايونىدىن بېلگرادنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم باشلاش، يۇگوسلاۋىيىگە جەنۇب تەرەپتىن تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن باشقا رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇ يەرنى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گرېتسىيىنى بويسۇندۇرۇشىنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇش.

دۆلەت مۇداپىئە ئىقتىسادى جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۇپەيلى دوناي دەرياسىنىڭ قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم بور مىس كانىنى تارتىۋېلىش زۆرۈر.

بانات رايونى بىلەن ماكېدونىيە رايونىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ۋېنگرىيە ۋە بۇلغارىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

كروتلارنى سىياسىي جەھەتتە قوغداش ۋەدىسى بىلەن، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىش لازىم.

3. مېنىڭ كونكرېت بۇيرۇقۇم تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەسكىرىي كۈچنى تولۇق تەييارلاش، ھاۋا كىلىماتى يار بەرگەندە ھاۋا ئارمىيىسى كېچە ـ كۈندۈز ھاۋادىن بومباردىمان قىلىپ، يۇگوسلاۋىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يەر ئۈستىدىكى ئەسلىھەلىرىنى ۋە بېلگرادنى ۋەيران قىلىش.

(2) ئىمكان بار بىرلا ۋاقىتتا (ھەرگىز ئىلگىرى ئەمەس) «مارىتا» جەڭ پىلانىنى باشلاش. بۇ قېتىمقى ۋاقىتىنچە يەتمەكچى بولغان مەقسەت، سالونىكا قولتۇقىنى ئىگىلەش ھەم ئېدېسسا

ئېگىزلىكىدە پۈت دەسسەپ تۇرىدىغان جايغا ئىگە بولۇش. شۇڭا 18 ـ پىيادە ئەسكەرلەر گورۇپپىسى يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى يۇگوسلاۋىيە ئارقىلىق داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغان بولسۇن.

پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ ئۆز پىلانى بويىچە ئولىمپس بىلەن ئېدېسسا ئېگىزلىكى ئارىلىقىغا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇۋېلىشىنى قاتتىق چەكلەش.

(3) بۇلغارىيە بىلەن رومىنىيىگە بۇرۇن يۆتكەپ تېخى ئىشقا سېلىنمىغان بارلىق ئەسكىرىي كۈچلەر بىلەن سوفىيە رايونىدىن ئارتىپ غەربىي ـ شىمالغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۇجۇم باشلاش، لېكىن رومىنىيىدىكى نېفىتلىكلەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر دىۋىزىيە ئەسكەرنى ئېلىپ قويۇش كېرەك.

تۈركىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلارنى ھازىرغىچە بۇلغارىيىلىكلەر قوغدايدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىگە گېرمانىيە قوشۇنىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىمكان بار بىر دىۋىزىيە بولسۇن، ياردەمچى قوشۇن ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

(4) كېرەكلىك قوشۇنلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، گراتس تەرەپتىن شەرقىي ـ جەنۇب تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. چېگرىنى ئېچىۋېتىپ ۋېنگرىيە زېمىنىدىن ئۆتۈش كېرەكمۇ ـ يوق، بۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۆزى قارار قىلسۇن.

يۇگوسلاۋىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلاردا دەرھال ھوشيارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى، بېلگرادنى بومباردىمان قىلىش بىلەن تەڭ ھەرقايسى مۇھىم نىشانلارنى ئىشغال قىلىش كېرەك. بۇلغارىيە چېگرىسىدىمۇ شۇنداق بولسۇن.

(5) ھاۋا ئارمىيىسى ئىككى چوڭ ئەترەت بىلەن 12 ـ گورۇپپىۋى ئارمىيە ۋە گراتس رايونىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدار قوشۇننىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىش، قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش سۈرئىتى ئارقىلىق ئاساسىي ھۇجۇم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىشانىنى بېكىتىش، ئەمما رومىنىيىنىڭ يەر ئۈستىدىكى ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق قوشۇننى يىغىش، ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى يۈرگۈزۈش كېرەك.

10 - ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىتالىيىدىن يۆتكەپ ئۇرۇشقا سېلىش - سالماسلىق ئىشىنى ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. لېكىن ئافرىقىغا توشۇلىدىغان تەمىناتنى قوغداپ مېڭىشقا كاپالەتلىك قىلماي بولمايدۇ.

مۇندىس ئارىلىنى ئىشغال قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى داۋاملىق ئىشلەش لازىم. ئەمما ئۇنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقى مەندە بولىدۇ.

گراتس، كلاگېنفۇرت، فىلاخ، ۋېنالارنىڭ ھاۋادىن تولۇق مۇداپىئەلىنىشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

4. ئالدى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ئىتالىيە بىلەن پرىنسىپاللىق كېلىشىم تۈزۈۋېلىشى شەرت.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىتالىيىنىڭ 2 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى ۋە ۋېنگرىيىلىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئالاقە باش شتابى قۇرۇۋېلىشنى ئويلىشىپ كۆرسۇن.

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئىتالىيە بىلەن ۋېنگرىيە ھاۋا ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ رايونىدىكى چەكلىمە مەسىلىسىگە بولغان ھوقۇقى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ قوماندانلىق شتابلىرى بىلەن كېڭىشىش كېرەك. ۋېنگرىيىدىكى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەسلىھەلىرىنى ساقلاش خىزمىتىنى دەررۇ قول سېلىپ ئىشلەش زۆرۈر.

5. ھەرقايسى قوماندان ئەپەندىلەر ھەرىكەت لايىھىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئالىي قوماندانلىق شتابى ئارقىلىق ماڭا دوكلات قىلسۇن.

ئادولف گىتلېر (ئىمزا)

گىتلېر بۇ بۇيرۇقنى تەستىقلىغان كۈنى يەنە مۇسسولىنىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭدىن بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ، يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئالبانىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەلنى قوغدىشىنى، ئۇنىڭ ئىتالىيە - يۇگوسلاۋىيە چەك مەيدانىدىكى قوشۇنلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. 30 - مارتتا، گىتلېرنىڭ ۋەكىلى ۋېنگرىيىنى بەش دىۋىزىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيىگە يەنە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر 80 دىۋىزىيە تەييارلاپ (32 دىۋىزىيە گېرمانىيىنىڭ، 43 دىۋىزىيە ئىتالىيىنىڭ) يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيىگە ھۇجۇم باشلىدى.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا تەييارلىقى ئاجىز ئىدى، ھەربىي پىلانلىرى يېڭى ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيتتى، قوشۇنلىرى ستراتېگىيە جەھەتتىنلا ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، قوراللىرى كونا، قالاق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار گرېتسىيە، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش توغرۇلۇق كېلىشىم تۈزمىگەنىدى.

1941 - يىلى 6 - ئاپرېل كېچىدە، گېرمانىيە فاشىستلىرى يۇگوسلاۋىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئايرودروملىرىنى، بېلگراد قاتارلىق شەھەرلەرنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى، يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالىي قوماندانلىق شتابى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇلغارىيە چېگرىسىغا توپلانغان گېرمانىيىنىڭ 12 - گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسى يۇگوسلاۋىيە - بۇلغارىيە چېگرىسىنىڭ ئۈچ يېرىدىن بۆسۈپ كىردى. 7 - ئاپرېلدا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى سكوپلې، سىچپو، ۋېلسلارنى بېسىۋالدى. يۇگوسلاۋىيىگە سوفىيىنىڭ غەربىدىن ھۇجۇم قىلغان گېرمانىيىنىڭ 1 - تانكا قوشۇنى 8 - ئاپرېلدا نىشنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ،

جەنۇب تەرەپتىن بېلگرادقا تەھدىت سالدى. گېرمانىيىنىڭ 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى يۇگوسلاۋىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

10 ـ ئاپرېلدا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ تار مەھكىمىچى رەھبەرلىك گۇرۇھى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، نەتىجىدە غەربىي شىمالدىكى كىروئاتىيە بىلەن سلوۋېنىيە رايونلىرىدا قارشىلىق توختاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە قوشۇنلىرى بېلگرادقا قاراپ ئوڭۇشلۇق ھالدا تېز سۈرئەتتە مېڭىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. 11 ـ ئاپرېلدا، ئىتالىيە بىلەن ۋېنگرىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى. 13 ـ ئاپرېلدا، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە قوشۇنلىرى بېلگرادتا ئۇچراشتى. 15 ـ ئاپرېلدا، يۇگوسلاۋىيە 12 كۈن جەڭ قىلىپ ئاخىر قارشىلىقنى توختاتتى، 17 ـ ئاپرېلدا شەرتسىز تەسلىم بولۇش شەرتنامىسىگە قول قويدى.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ شۇنچە تېز مەغلۇپ بولۇشى دۈشمەننىڭ كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم سەۋەبكىمۇ باغلىق، ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى، چىرىپ كەتكەنلىكى، ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىشنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت بىلەن ئالىي قوماندانلىق شتابى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان بولسا، گېرمانىيە فاشىستلىرىغا ئېغىر زەربە بەرگەن، ھەرگىزمۇ 12 كۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ قويۇپلا تەسلىم بولمىغان بولاتتى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرى يۇگوسلاۋىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش بىلەن تەڭ گرېتسىيىگىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى. گېرمانىيە بۇلغارىيىدىن، ئىتالىيە ئالبانىيىدىن ئىككى سەپ بويىچە گرېتسىيىنى قىسىپ كېلىۋاتاتتى. گرېتسىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ بۇلغارىيە چېگرىسىغا ئەسكەر توپلىغانلىقىنى

نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ستروما دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ سالونىكاغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇ جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئاۋۋال بۇلغارىيە چېگرىسىدىن ھۇجۇم قىلدى، لېكىن گرېتسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئالدىغا كۆپ ئىلگىرىلىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ماتورلاشقان كورپۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، كاستروما دەرياسى تەرەپتىن غەرب تەرەپكە بۇرۇلۇپ تاغدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ۋادا دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن مېڭىپ، گرېتسىيىگە شۇ يول بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. گېرمانىيىنىڭ بۇ خىل تاكتىكىسى گرېتسىيە بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان بولغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ، سالونىكاغا يېتىپ باردى، ئاندىن بۇلغارىيىنىڭ چېگرىسىدا مۇداپىئەدە تۇرغان گرېتسىيە ئارمىيىسىنى قورشاپ يالغۇز قالدۇرۇپ قويدى. بۇ چاغدا ئىتالىيە ئارمىيىسى ئالبانىيىدىن ھۇجۇم قىلىپ گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچراپ قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى، ئۇرۇش ئالبانىيە چېگرىسى ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى.

گىتلېرنىڭ ئاديۇتانتى نېگولافون بلو شۇ چاغدىكى ئۇرۇشنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ:

........................

گرېتسىيىلىكلەر ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى چېگرىدىلا توسۇۋالدى. لېكىن ئۇلار كۆپ ئۇرۇش قىلغان، تەجرىبىلىك ئىدى، گرېتسىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيىلىكلەردە بولسا ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى گېرمانىيىلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 8 ـ قىسمىنى جەڭگە سېلىپ، جەڭنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتتى. 17 ـ ئاپرېلدا يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولدى. 21 ـ ئاپرېلدا گرېتسىيە ئارمىيىسىمۇ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاندى. ئۇلارنىڭ 12 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە تەسلىم بولغانلىقى زور پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقاردى. گىتلېر ھەرقايسى گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنىڭ قوماندانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تەسلىم مەسىلىسىدە ئىتالىيىلىكلەرگە ئېتىبار قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، قىلچە ئىككىلەنمەي قارشى تەرەپنىڭ تەسلىم بولۇش تەلىپىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى دېدى. ئىتالىيىلىكلەر بۇ چاغدا تېخى ئالبانىيىدە بولۇپ، ئىلگىرىلىشى تولىمۇ ئاستا ئىدى. گرېتسىيىنىڭ ئېپىروس ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئىتالىيە باش قوماندانىغا ئەمەس، گېرمانىيە باش قوماندانىغا تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تەسلىمنامىگە قولمۇ قويۇلۇپ بولغانىدى. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە بۇ مەسىلىدە جېدەللىشىپ قېلىپ، ئىتالىيە تەرەپ: تەسلىمنامىگە باشقىدىن بىللە قول قويمىسا ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايمىز، دەپ جاكارلىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى لىت باشقىدىن قول قويۇشنى رەت قىلىپ، نەتىجىدە يودېر ئۇنىڭ ئورنىدا قول قويۇپ قويىدى.

بېلگرادنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئايروپىلان بىلەن ئۇ يەرگە باردىم. بۇ 14 ـ ئاپرېل كۈنى ئىدى. شەھەر تەرتىپى تېخى ئەسلىگە كەلمەپتۇ. 6 ـ ئاپرېلدىكى بومباردىمان بۇ شەھەرنى بەكمۇ ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، كۆۋرۈكلەردىن بىرىمۇ ساق قالماپتۇ. مەن ئايرودرومدىن بىر ماشىنا تېپىپ شەھەرگە كىرىپ كۆرۈپ چىقتىم. ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ھۆكۈمەت تېغى دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئىكەن، تاغنىڭ ئۈستىدە شاھزادە پائول بىلەن ياش پادىشاھ پېتر Ⅱ نىڭ داچىسى بار ئىكەن، ئىككىلا

داچا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. دەرۋازىلىرى تاقاق بولۇپ، ئىچىدىكى ھېچقانداق بىر يەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۆز جايىدا، خۇددى ئۇ ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك ھالەتتە تۇرۇپتۇ. بۇ كۆرۈنۈش ئۇزۇنغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى، چۈنكى ئۇ بىزگە ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنىڭ بىر - بىرى بىلەن مەھكەم چېپىسلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.

شەرقىي جەنۇب ئۇرۇشى بولغان ئاشۇ كۈنلەردە، گىتلېرنىڭ كۈنلىرى ناھايىتى رىتىملىق، تىنچ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالغان چاغلىرىمدا، كۆڭلىنىڭ بالقاندا ئەمەس، كەلگۈسىدىكى «بارباروسسا» ئۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالاتتىم. ئۇ قوشۇنلارنىڭ قوراللىنىشلىرى ۋە قوراللار توغرۇلۇق دائىم سوراپ تۇراتتى، ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسىملىرىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى بىلەن ئوق - دورىلارغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان قوشۇنلىرىمىزنىڭ ھاۋادىن قىلىنغان ھۇجۇملارغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلاتتى. قوشۇنلار بۇرۇنقى ئۇرۇشلارغا ئوخشاش، ھاۋادىن بىزگە خەتەر يوق، دەپ قارىماسلىقى كېرەك، دەيتتى ئۇ. ئەنگلىيىنىڭ ھاۋادىن قىلىدىغان ھۇجۇملىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ قايغۇسىنى كۈچەيتتى. گەرچە گېرىنگ ئۇنىڭغا قىسقىچە گېرمانىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاجىزلىقلىرى تۈگەيدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، گىتلېر ئۇنىڭ گەپلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا، مەن ئاۋىئاتسىيە سانائىتىدە گېرىنگنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەتلەرنى كۆرمىدىم، دېدىم. روك تىپلىق ئايروپىلانلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەسىلىلەر تۈپ مەسىلىلەر ئىدى، زاۋۇتلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى ئېغىزدا ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك تېز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. قىسمەنلەر ئاشكارا ھالدا، 88 تىپلىق ئايروپىلانلارنىڭ لايىھىلىنىشى مۇتلەق خاتا بولغان، دېيىشەتتى.

.....................

12 - ئاپرېلدا، گرېتسىيە ئالبانىيىدىكى قوشۇنلىرىنى دۆلىتىگە چېكىندۈرۈپ كېتىشكە باشلىدى، لېكىن كېچىككەندى. ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ بارالماي، گرېتسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت گرېتسىيە ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كرىزىسنى كۈچەيتىۋەتتى. 18 - ئاپرېلدا، گرېتسىيە باش ۋەزىرى كىرىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، پادىشاھ گېئورگى II ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. ئۇ گرېتسىيە بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچى يوق، دەپ قاراپ، ئارمىيىگە چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. گرېتسىيىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسى ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبتىكى پورتقا چېكىنىپ بېرىۋېلىپ، 23 - ئاپرېلدا ئىمسىلارغا تەسلىم بولۇپ كەتتى. ئىككىنچى گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى كورپۇسلىرى پلوپونىس يېرىم ئارىلىنىڭ پورتلىرىغا چېكىنىپ بارغاندىن كېيىن، كۆپ قىسمى تەسلىم بولۇپ كەتتى. بىر قىسىم قوشۇن ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۇرۇش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن بىللە دېڭىز ئارقىلىق چېكىنىپ كرىت ئارىلى بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا كەتتى. بۇمۇ دۇنكىركتىكىگە ئوخشاش چېكىنىش بولۇپ، كۆلىمى ئۇنىڭكىدىن كىچىك ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى 27 - ئاپرېلدا گرېتسىيىنىڭ پايتەختى ئافىنانى بېسىۋېلىپ، 29 - ئاپرېلدىن ئىلگىرى پلوپونىس يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى.

بىر قىسىم گرېتسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ

يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى دېڭىز ئارقىلىق بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ يېنىدىكى كرىت ئارىلىغا چېكىنىپ بېرىۋالدى. چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كرىت ئارىلىغا چېكىنىپ بارغان ئەنگلىيە ئىتتىپاقىدىكى قوشۇنلارنى چېكىنىشنى توختىتىپ، ئارالنى قاتتىق تۇرۇپ ساقلاشقا بۇيرۇدى.

بالقاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش كرىت ئۇرۇشى بولۇپ قالدى.

كرىت ئارىلى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئېگېي دېڭىزىنىڭ دەرۋازىسى سانىلاتتى. غەربىي ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققە ئۆتىدىغان بىردىنبىر دېڭىز يولى ئىدى. ئەگەر نېمىسلار كرىت ئارىلىنى بېسىۋالىدىغان بولسا، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بىلەن ئوتتۇرا شەرقتە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا تەھدىت يەتكۈزەتتى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بىلەن ئېگېي دېڭىزىدىكى دېڭىز ئۈستى يوللىرىنى كونترول قىلىۋالىدىغان بولسا، ئىتتىپاقدىشى رومىنىيىنىڭ نېفىت بازىلىرىنى ئەنگلىيىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئارالنى ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ ئالدىنقى بازىسىمۇ قىلىۋالاتتى.

ئاقىۋەت، بۈيۈك برىتانىيە مېھمانخانىسىدا ئېچىلىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش يىغىنى.

گېرمانىيە پاراشۇتچى قىسىملىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، بۇيرۇق بويىچە، يېڭىدىن قۇرۇلغان 11 - ھاۋا ئارمىيە قىسمىنىڭ قوماندانى گېنېرال پولكوۋنىك كورت ستودېنت ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ خەرىتىسى ئۈستىگە ئېڭىشىۋېلىپ، كرىت ئارىلىغا ھاۋادىن قوشۇن تاشلاپ قىلىنىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم توغرۇلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋاتاتتى.

— بۇ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىۋاتقان پاراشۇت قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇشى. ئۇرۇش ئەمەلىيىتى بۇ قىسىمنىڭ نوقۇللا زەربىدار ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملا بولۇپ قالماي، بەلكى ئىنتايىن زور جەڭگىۋارلىققا ئىگە يېڭى بىر قىسىم تۇرى ئىكەنلىكىنى جەزمەن ئىسپاتلايدۇ، — دېدى ستودېنت ئىشەنچلىك ھالدا.

ھاۋادىن قوشۇن تاشلاش نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ستودېنت نۇرغۇن يىللار تەشكىللەش خىزمىتى، نۇرغۇن ئايلار پىلانلاش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئالېكساندىر لور، گېرىنگ، ھەتتا گىتلېر بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت مۇنازىرىلەشتى ۋە ھاۋادىن قوشۇن تاشلاپ ئۇرۇش قىلىشنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

گىتلېرغا كرىت ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى سۇنغان گېنېراللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئويى، مەقسەتلىرى بار ئىدى. گېرىنگ ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى تەڭداشسىز دەپ يوغان گەپ قىلاتتى، لېكىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى برىتانىيىدىكى جەڭدە ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇنى ھەيران قالدۇرغان، شۇ سەۋەبلىك ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەممە ئادەمنى ئاڭ قالدۇرغۇدەك يېڭى غەلىبىسى بىلەن شۇ قېتىمقى نومۇسنى ئاقلىماقچى ئىدى. گېنېرال لور بولسا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كرىت ئارقىلىق رومىنىيىنىڭ پولىستى نېفىتلىكىنى بومباردىمان قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ بۇ ئەندىشىسىنى «فيۇرېر»غا ئېيتسام، تېزلا ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ ئىنتايىن مۇھىم نېفىتلىك بولۇپ، گىتلېرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك جايى ئىدى. باش شتاب باشلىقى ھېردىنىڭ قارىشىچە، كرىت ئارىلى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرق تەرىپىنى كونترول

قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ستودېتمۇ ئۆزىنىڭ 11 ـ پاراشۇتچى قوشۇنىنىڭ كرىت ئارىلىنى ئالالايدىغانلىقىغا گىتلېرنى ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى.

گىتلېرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ئۇرۇش قىلىدىغان كەڭ دائىرىلىك پىلانى، ئەسكىرىي كۆچلەرنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئىشلىتىدىغان خىيالى يوق ئىدى، نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى ۋاقتى كەلگەندىلا قارار قىلاتتى. شۇڭا كورت ستودېتنىڭ ھاۋادىن پاراشۇتچى قىسىمنى تاشلاش تەكلىپى ئۇنىڭغا باشقا تەكلىپلەرگە قارىغاندا خېلى بولىدىغاندەك تۇيۇلدى.

كېيىن، ستودېت لىدېرخانقا ئۆزىنىڭ كرىت پىلانىنى قانداق كۆپتۈرۈپ سۆزلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. دەسلەپتە گىتلېر بۇ پىلاننى ئانچە قوللىمىغان. ستودېت مۇنداق دەيدۇ: گرېتسىيىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ بالقان ئۇرۇشنى توختىتىپ قويماقچى بولدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا بېرىپ گېرىنگ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە كرىت ئارىلىنى پەقەت پاراشۇتچى قىسىملىرىمىز بىلەنلا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم. گېرىنگ ئاسانلا تەسىرلىنىدىغان ئادەم بولغاچقا، مېنىڭ بۇ پىلانىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى بايقاپ، دەررۇلا مېنى گىتلېر بىلەن كۆرۈشتۈردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن 21 ـ ئاپرېل كۈنى كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭغا بۇ پىلانىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ: «بۇ پىلانىڭىز ئاڭلىماققا ياخشى ئىكەن، لېكىن ئەمەلىي ئەمەس» دېدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى ئاخىر قايىل قىلدىم.

ئەمەلىيەتتە، گىتلېرنىڭ كرىت ئارىلى توغرۇلۇق ئويلىغىنى چېرچىلنىڭ ئويلىغىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ھەر ئىككىلىسى، كرىت ئارىلىنى بازا قىلغاندا، ئايروپىلان بىلەن بالقاننىڭ جەنۇبىنى، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگېي دېڭىزىنى

كونترول قىلغىلى، مىسىر بىلەن سۈۋەيش قانىلىغا ھۇجۇم قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. 15 ـ ئاپرېلدا، ھاۋا ئارمىيە 4 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ قوماندانى گېنېرال پولكوۋنىك لور ستودېتنىڭ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى گېرىنگقا ئاپىرىپ بەردى. ئەتىسى گېرىنگ گىتلېرغا يەتكۈزدى. 21 ـ ئاپرېلدا، گېرىنگ بىلەن ستودېت گىتلېرغا ئەھۋالنى قىسقىچە دوكلات قىلدى.

ستودېت ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن گىتلېرغا چۈشەندۈرەتتى، سۆزلەۋېتىپ، كەيپىياتى تۇراقسىز بۇ فىئورېرغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

لېكىن گىتلېر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ستودېت ھەممە گېپىنى دەپ بولغىچە بېرىلىپ ئاڭلىدى.

ئارىنى چىداپ بولمايدىغان جىمجىتلىق باستى، ئۆيىنىڭ ھاۋاسى يېتىشمىگەندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ ئۇسۇل بىلەن، ئەڭ ياخشىسى مالتاغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك، — دېدى باش شتاب باشلىقى مارشال ھېردى.

— ياق، — دېدى گىتلېر تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ. دەسلەپتە ھېردىغا ئالايغاندەك قىلدى، ئارقىدىن نەزەرىنى ستودېتقا يۆتكىدى.

ئېنىقكى، ئۇرۇشخۇمار بۇ غالجىر ئادەم بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. گەرچە ئەنگلىيىنىڭ بازىسى بولغان مالتا كرىت ئارىلىدىنمۇ مۇھىم ھەم خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن گىتلېر شانلىق غەلىبىلەر بىلەن بالقان ئۇرۇشىنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇش خىيالىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ ھۇجۇم نىشانىنى يەنىلا كرىت ئارىلىغا قاراتماقچى بولدى.

ستودېت گىتلېرنىڭ مۇددىئاسى بويىچە كرىت ئارىلىنى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ پىلانغا «يۇلتۇز» دەپ نام قويدى. «يۇلتۇز» پىلانىدا مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى: 11 ـ ھاۋا ئارمىيىسى كرىت ئارىلىغا ھاۋادىن پاراشۇتچى قىسىملارنى

تاشلايدۇ. 4 ـ ھاۋا ئارمىيە چولك ئەترىتىنىڭ 8 ـ ئەترىتى ئوت كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە ئارمىيىسى 7 ـ پاراشۇتچى قىسىم بىلەن 5 ـ تاغلىق رايون پىيادىلەر دىۋىزىيىسىدىن 2000 ئەسكەر، 433 بومباردىمانچى ئايروپىلان، 233 زەربىدار ئايروپىلان، 500 ترانسپورت ئايروپىلان، 50 رازۋېت ئايروپىلانى، 70 پاراخوت ئىشلىتىلىدۇ، پۈتۈن جەڭگە 4 ـ ھاۋا ئارمىيە چولك ئەترىتىنىڭ قوماندانى گېنېرال لور قوماندانلىق قىلىدۇ.

25 ـ ئاپرېلدا، گىتلېر كرىت ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ 25 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، «كرىت ئارىلىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار!» دەپ چاقىرىق قىلدى. ۋاقىت 30 ـ ئاپرېلغا بېكىتىلدى، كېيىن 19 ـ مايغا ئۆزگەرتىلدى.

14 ـ مايدا، ھۇجۇمغا قاتنىشىدىغان بارلىق قوشۇنلار ئافىنانىڭ سىرتىغا جايلاشقان بازىغا يىغىلىپ، جىددىي مەشق ئېلىپ باردى، بىر قىسىم قوشۇن كېچىدە ھاۋادىن سەكرەش مەشقىنى قىلدى. 8 ـ ھاۋا ئارمىيە قىسمى كرىتنى توختىماي رازۋېت قىلىپ تۇردى. بىرلا ۋاقىتتا يەنە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى شىمالىي ئافرىقىدا يېڭىدىن ھۇجۇم باشلاپ، ئەنگلىيىنىڭ بۇ يەردىن ئەسكەر يۆتكەپ كرىتقا ياردەم بېرىشىنى توستى.

ئەنگلىيىنىڭ چېۋەر ئاخباراتچىلىرى گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ بۇ يېڭى پىلانىنى ناھايىتى تېزلا بايقىۋالدى. چېرچىل قاتتىق غەمگە چۈشۈپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى گېنېرال ۋېۋېرنى ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېدى: «مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، گېرمانىيە كرىت ئارىلىغا ھاۋادىن پاراشۇتچى قوشۇنلىرىنى تاشلاپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىڭىزدا قايسى قوشۇنلار بار، سىزنىڭ پىلانىڭىز نېمە، بۇ ھەقتە ماڭا دوكلات قىلىڭ. بۇ ئۇلارنىڭ پاراشۇتچى قىسىملىرىنى يوقىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئارالنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش كېرەك.»

كرىت ئارىلىدا ئەنگلىيە ئىتتىپاقىنىڭ بىر دىۋىزىيە، بىر بىرىگادا، ئىككى پولك، 11 باتالىيون، بەش روتا، جەمئىي 40 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئەنگلىيىلىكلەر ئىگىلەيتتى.

ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا، گېنېرال ۋېۋېر كرىت ئارىلىغا ئۆزى بېرىپ چېرچىلنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدى ۋە ئارالنى قوغداۋاتقان يېڭى زېلاندىيە دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى گېنېرال مايور فرابوگنى ئارالدىكى قوشۇنلارنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى.

فرابوگ تېز سۈرئەتتە ئارالدىكى قوشۇنلارنى رەتكە سالدى، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى رېمونت قىلدى، نېمىسلارنىڭ پاراشۇتچىلىرى چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان جايلارغا مەرگەنلەرنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇردى، نېمىس رازۋېت ئايروپىلانلىرى بىلەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئالداش ئۈچۈن بىرقانچە يەرگە يالغان ئىستىھكاملارنى ياساپ قويدى. ئۇ سودا پورتى ۋە ماراما، لېموسنو، ئېراكرېن ئايرودروملىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئاساس قىلىپ، بۇ جايلارنى پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان مۇھىم بازا قىلىش ئارقىلىق نېمىسلارنىڭ ئاسماندىن، دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىشلىرىنى توسماقچى بولغانىدى.

29 ـ ئاپرېلدا، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى فرابوگقا تېلېگرامما يوللاپ، كرىت ئارىلىنىڭ ئاسماندىن ۋە دېڭىزدىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئىككى كۈندىن كېيىن، فرابوگ پەۋقۇلئاددە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى قىسىملاردىن جەڭگە تەييارلىق قىلىشنى

تەلەپ قىلدى. بۇيرۇقنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئەگەر دۈشمەن كرىت ئارىلىدا بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، بىز ئۇلار بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىمىز. ئالدىنقى ئايدا دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ كۆرگەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقىسىمۇ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. بىز چوقۇم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشىمىز كېرەك. دەررۇ ھەربىكەتكە كېلىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىڭلار. مەن ھازىر بار ئەسكىرىي كۈچىمىزنىڭ بۇ ئارالغا قىلىنىدىغان ھەرقانداق ھۇجۇمنى مەغلۇپ قىلىشقا يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.»

18 - مايدا، گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى بۇ ئارالدىكى نىشانلارنى كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى، ھاۋادىن تاشلىنىدىغان پاراشۇتچى قوشۇنلار بىلەن قىلىشىدىغان جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئارالنى قوغدىغۇچى قىسىملار زەبەردەست بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە بىلەن ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كرىت ئارىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئانچە كۆپ بىلمەيتتى. بىلىدىغىنى رازۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ مەلۇماتىدىكى نەرسىلەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىپ چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىدى، خالاس. ستودېت دەسلەپتە شىمالىي دېڭىز بويىدىكى يەتتە ئورۇندىن بىرلا ۋاقىتتا ئارالغا سەكرەش تەكلىپىنى بەرگەنىدى.

بۇرۇنقى جەڭلەردىكى غەلىبىلەر ئۇلارنى شۇ جەڭلەردىكى تاكتىكىغا قىزىقتۇراتتى. نورۋېگىيە بىلەن گوللاندىيىدە غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ستودېت پاراشۇتچى قىسىملارنى بىر جايدىن ئەمەس، بىرنەچچە جايدىن بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈپ دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىپ، ھېچنېمىگە ئۈلگۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشنىڭ ئەۋزەل چارە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن لور بىلەن گېرىنگنىڭ بېسىمى بىلەن، ستودېنت چۈشىدىغان ئورۇننى تۆتكە قىسقارتىۋەتتى (لور پۈتكۈل ھۇجۇمنى ماراما بىلەن سودا رايونىغا مەركەزلەشتۈرمەكچى ئىدى). ئاخىرىدا ماراما بىلەن سودا رايونلىرىغا بىر قېتىم ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئايروپىلانلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن لېمۇسنو، ئېراكرېنلارغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى.

گېرىنگنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن، ستودېنت ئىشلىتىدىغان ھەر خىل قوشۇنلارغا تېز سۈرئەتتە ئېرىشكەنمۇ بولدى. ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پاراشۇتچى ئارمىيە 7 - دىۋىزىيىسىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە تاغدا جەڭ قىلىدىغان 5 - دىۋىزىيە، 6 - دىۋىزىيىنىڭ بىر قىسمى، بىر برونېۋىك پولك، 5 - برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ بىر ماتورلاشقان باتالىيونى، بىر ساپيورلار باتالىيونى، زېنىت توپ قىسمىنىڭ ئىككى تارماق ئەترىتى بېرىلگەنىدى. ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەسكەرلەرگە موھتاج ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان 22 - دىۋىزىيە كېيىن بېرىلمەي، «بارباروسسا» ئۇرۇشىدا ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغانىدى. قوشۇنلارنى كرىت ئارىلىغا چۈشۈرۈش ۋە ھاۋادىكى چاقماق تېزلىكىدە بولىدىغان ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، ستودېنتقا 600 ترانسپورت ئايروپىلانى، 75 سىيرىلىپ ئۇچىدىغان ئايروپىلان، 280 بومباردىمانچى ئايروپىلان، 155 ستوكا تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان، 280 كۈرەشچى ئايروپىلان بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ستودېنت 25 مىڭ ئادەمگە، ئون چوڭ ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى.

يىغىن زالىدا، ستودېنت خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇرۇش پىلانىنى ئەتراپتىكىلەرگە چۈشەندۈردى. گېنېرال مائېندر غەربتىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلاتتى ۋە «زەربىدارلار پولكى»نى باشلاپ ماراماغا ھۇجۇم باشلايتتى.

ساسىيان كىرىت ئارىلىدىكى بازىلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى ھەم مەركىزىي ئەسكىرىي كۈچلەرنى (2 ـ، 3 ـ پاراشۇتچى پولك) باشلاپ گانىيا بىلەن لېموسنوغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلاتتى. بولېرنىڭ ۋەزىپىسى شەرقتىكى ئەسكىرىي كۈچلەر بىلەن پاراشۇتچى 1 ـ پولكنى باشلاپ ئېراكرېنغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. بۇ بىرنەچچە پولك ئۆز نىشانلىرىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھەممىسى ئۇچراشقانغا قەدەر تېز سۈرئەتتە شىمالىي دېڭىز بويىغا قاراپ كېڭىيىپ ماڭاتتى.

ستودېت خەرىتىسىگە شەرقتىن تارتىپ غەربكىچە بولغان ئېراكرېن، لېموسنو، گانىيا، ماراما قاتارلىق جايلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ پولكلار ۋە «زەربىدار پولكلار» نىڭ ئورنىغا بەلگە سىلىپ قويغانىدى. پاراشۇتچىلار چۈشىدىغان جايلار ئىگىلەنگەن ھامان، تاغلىق دېۋىزىيىلەر دەرھال ھاۋا ۋە دېڭىزدىن ياردەمگە كېلەتتى.

ستودېتنىڭ پىلانىدىكى تەپسىلاتلاردىن بۇ قېتىمقى ھاۋادىن چۈشۈپ جەڭ قىلىش تەسەۋۋۇرىنىڭ يېڭىلىققا تولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئاسان ئىدى، بۇنى بۇرۇن ھېچقانداق ئادەم ئويلاپ ھەم قىلىپ باقمىغانىدى. قارشى تەرەپنى بۇنداق بىر يېڭىچە ئۇرۇشقا قارىتا تەييارلىقى يوق، دەپ مۆلچەرلەشكىمۇ بولاتتى.

ئايروپىلانلارنىڭ توشۇش ئىقتىدارى ۋە كىرىت ئارىلىغا يېقىن ئايرودروملارنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا، ستودېت دەسلەپكى ھۇجۇمنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى: ئاۋۋال ماراماغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن بىرىنچى قېتىم ئۇچۇپ كەتكەن ئايروپىلانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن لېموسنو بىلەن ئېراكرېنگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. لېكىن ستودېت يالغۇز زور كۆلەملىك ھۇجۇملارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر قاتار كىچىك كۆلەمدىكى ھۇجۇملارنى قىلىش نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە

نىشانلارغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىشلا ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە ھۇجۇملار ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ھالقىلىق نىشانلارغا ياردەم بېرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش ئىدى.

ستودېت 400 كىشىلىك پاراشۇتچى تەييارلىق قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بارلىق قىسىملارنى ئاشۇ تارقاق ھۇجۇمغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ پىلانىدا، ھالقىلىق پەيتلەردە جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغان پاراشۇتچى قوشۇنلار بىلەن دېڭىزدا قورۇقلۇقا چىقىش قوشۇنلىرىنى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن نەرسە يوق ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ دېڭىز ئۈستىدە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

20 - ماي كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆتتە، گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى پاراشۇتچى قوشۇنىنى ئېلىپ ماڭغان ترانسپورت ئايروپىلانلىرى كرىت ئارىلىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

20 - ماي كۈنى سائەت يەتتىدە، ترانسپورت ئايروپىلانلىرى كۈرەشچى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسىدە كرىت ئارىلىغا يېتىپ كېلىپ، پاراشۇتچى ئەسكەرلەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خۇددى پەرىشتە ئاسماندىن چېچىۋەتكەن گۈللەرگە ئوخشاش، ئاسمان بوشلۇقىنى بىر ئېلىپ ئاستا - ئاستا پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى زېنىت توپ، مىلتىق، ئاپتوماتلىرى بىلەن زىچ ئوت كۈچى بەرپا قىلىپ، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى، گېرمانىيە ئەسكەرلىرىمۇ چۈشۈۋېتىپ، قوللىرىدىكى ئاپتوماتلىرى بىلەن پەسكە قارىتىپ ئېتىۋاتاتتى.

دۈشمەننىڭ ماراما ئايرودرومىغا چۈشمەكچى بولغان 2 -،

4 ـ باتالىيونلاردىكى پاراشوتچى ئەسكەرلىرى پەسكە سالامەت چۈشۈپ، ئۇ يەردىكى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن 1 ـ، 3 ـ باتالىيون چۈشتى. 3 ـ باتالىيون دەل يېڭى زېلاندىيىنىڭ 22 ـ باتالىيونى بىلەن 23 ـ باتالىيونىنىڭ ئىستىھكامى ئۈستىگە چۈشكەنىدى، ئۇلار قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سانى ئاز بولغانلىقتىن پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى.

غەربىي لىنىيىنىڭ قوماندانى مائېندر پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، 3 ـ باتالىيوننىڭ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئىگىلىمەكچى بولغان ئايرودرومنىڭ 107 ـ ئېگىزلىكنىڭ تېخىچە ئىنگلىزلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايرودرومغا شەرق بىلەن غەرب ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئەسكەرلىرىنى باشقىدىن تەشكىللەپ غەرب بىلەن جەنۇب تەرەپتىن ئاۋۋال 107 ـ ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلماقچى، ئۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئايرودرومغا باستۇرۇپ بارماقچى بولدى.

بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا نېمىسلار 107 ـ ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئارقىدىنلا ماراما ئايرودرومغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنىمۇ تارتىۋالدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولۇپ، 2000 ئادەمدىن ئاران 600 لا ئادەمى قالدى، قوماندان مائېندر ئېغىر يارىلاندى.

نېمىسلارنىڭ مەركىزىي ئارمىيە 3 ـ پولكىنىڭ پاراشوتچى ئەسكەرلىرى ماراما ئايرودرومى تەرەپكە چۈشكەن پاراشوتچىلار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا گانگانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گاراتو رايونىغا چۈشكەنىدى. ئۇلار دەل ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئىستىھكامى ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئەتراپى دۈشمەن بىلەن تولغان بولغاچقا، ئۆز جايىدىلا ئىستىھكام ياساپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى ياندۇرغان بولسىمۇ، 400 دىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، نەتىجىدە ئايرودرومنى ئالالمىدى.

شەرقىي تەرەپتىكى 1 ـ پاراشۇتچى پولك بىلەن 2 ـ پولكنىڭ ئىككى باتالىيونى ئايروپىلانغا مايىنى ئاستا قاچىلىغانلىق تۈپەيلى ۋاقتىدا ئۇچالماي قالدى، ئۇچقاندىن كېيىنمۇ 600 ئادىمى توشۇلماي قېپقالدى. سائەت بەش بولغاندا، ئاندىن ئېراكرىن رايونىغا چۈشۈشكە باشلىدى. سائەت يەتتە بولغاندىلا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يىغىلىپ بولدى. لېكىن بۇ قوشۇن قۇمغا ئوخشاش چېچىلىپ تۇراتتى، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى بولېر ئەسلىدىكى ئېراكرىن شەھىرى بىلەن ئايرودرومغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرودرومغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن قارارلىق چۈشكىچە نەتىجىسى كۆرۈلمىدى.

ستودېت بىر كۈن كەچكىچە ئافىنادىكى قوماندانلىق شتابىدىن چىقمىدى، كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. 300 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جەڭ مەيدانىنىڭ خەۋىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئۇ بېسىۋېلىشقا تېگىشلىك تۆت نىشاننىڭ بىرىنىمۇ بېسىۋېلىنمىغانلىقىنى، 7- پاراشۇتچىلار دىۋىزىيىسىنىڭ قىرىلىپ كېتىش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. كرىت ئارىلىنى پاراشۇتچى قوشۇنلار بىلەن بېسىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ فىئۇرېرغا ئۆزى مەسلىھەت بەرگەنىدى، بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولسا گىتلېرغا نېمە دەپ ھېساب بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مارىما تەرەپكە دەررۇ ياردەم بېرىپ جەڭ نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىشنى ئويلىدى. لېكىن ئەھۋالنى ئېنىق بىلمىگەچكە، زادىلا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى.

ستودېت خۇددى ئوتتۇر ۋۆەتكەن قىمارۋازدەك، تەۋەككۈلگە

دو تىكمەكچى بولدى. ئەتىسى سەھەردە، ماراما تەرەپكە چۈشكەن قوشۇنلىرىنىڭ ماراما ئايرودرومىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاندىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، بارلىق ترانسپورت ئايروپىلانلىرىنى پىيادە ئەسكەرلەر 5 - دىۋىزىيىسى بىلەن 600 پاراشۇتچى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ دەررۇ ئۇچۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئەسكەرلەر ماراما ئايرودرومىغا ياردەمگە ماڭغانىدى.

ئۇ 600 ئەسكەر چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ماراما ئايرودرومىغا چۈشۈشكە باشلىدى، لېكىن يەنە يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىنگلىزلارنىڭ ئىستىھكاملىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، ئاساسەن قىرىلىپ كەتتى، قالغان يېرىمى كۆزلىگەن نىشانغا چۈشۈپ، دەررۇ زەربىدارلار پولكىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈۋېتىلدى.

ئارقىدىنلا 5 - دىۋىزىيىنى ئېلىپ ماڭىدىغان ئايروپىلانلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە بىرىنچى تۈركۈمدىكى ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ئىنگلىزلارنىڭ توپ ئوقلىرى دائىرىسىدىن ئامان چىقىپ، ماراما ئايرودرومىغا قوندى، ئارقىدىن قالغان ئايروپىلانلارمۇ قونۇشقا باشلىدى. كەچتە 5 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولك ئەسكىرى تولۇق چۈشۈپ بولدى.

پاراشۇتچى قىسىملارغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 21 - ماي كېچىسى نېمىسلار ماتورلۇق قولۋاقلار ئەترىتى تەشكىللەپ، بىر باتالىيون پىيادە ئەسكەرلەرنى دېڭىز ئارقىلىق كرىت ئارىلىغا ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى، لېكىن دېڭىزدا كەلگىچە ئەنگلىيىنىڭ پاراخوتلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ، نۇرغۇنى توپ ئوقىنىڭ زەربىسىدە جانلىرىدىن ئايرىلدى، ئاز بىر قىسمى كەينىگە يېنىپ قېچىپ كەتتى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارالنى ساقلاۋاتقان قوماندانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فرابوگ بۇ قېتىمقى غەلىبىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە، 5 ـ بىرىگادىنى نېمىسلارنىڭ ماراما ئايرودرومىنى بېسىۋالغان قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن بۇيرۇق ۋاقتىدا يېتىپ كەلمەي، دەل ۋاقتىدا ھەرىكەت باشلاشقا بولمىدى. 22 ـ ماي سەھەردە ئاندىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەپسۇس، نېمىسلارنىڭ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ قېتىمقى ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

22 ـ، 23 ـ ماي كۈنلىرىدە، نېمىسلار 5 ـ دىۋىزىيىنىڭ قالغان قىسىملىرىنى كرىت ئارىلىغا تولۇق يەتكۈزۈپ كەلدى. 23 ـ ماي سەھەردە، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى فلوتىنى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدە بومباردىمان قىلىپ، چارلىغۇچى پاراخوتلىرى بىلەن قوغلىغۇچى پاراخوتلىرىدىن تۆتىنى دېڭىزغا چۆكتۈرىۋەتتى، كۆرەشچى پاراخوتىدىن بىرنى، قوغلىغۇچى پاراخوتىدىن ئىككىنى ئېغىر زەخىملەندۈردى. نەتىجىدە ئەنگلىيە فلوتى ئىسكەندەرىيىگە چېكىنىپ بېرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. گېرمانىيە دېڭىز ئارقىلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئارالدىكى قوشۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. پاراشۇتچى قوشۇنلار تەمىناتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 24 ـ مايدا كرىت ئارىلىنىڭ غەربىي رايونلىرىنى بېسىۋالدى، ئارقىدىن شەرق ۋە جەنۇب تەرەپكە يەلپۈگۈچ شەكلىدە ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

27 ـ مايدا، ئىتالىيىنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر پولكى سودادا ئۆرالغا چىقىپ، گېرمانىيىنىڭ پاراشۇتچى قوشۇنلىرىغا ياردەم بەردى. 28 ـ مايدا، نېمىسلار لېموسنو ئايرودرومىنى بېسىۋالدى. 29 ـ مايدا، گېرمانىيىنىڭ غەرب ۋە شەرق پاراشۇتچى قوشۇنلىرى بىرلىشىپ، گۈگۈم مەزگىلىدە ئېراكرېن

شەھىرى بىلەن ئايرودرومىنى بېسىۋالدى.

ئەنگلىيىنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى 28 ـ مايدىن بىرىنچى ئىيۇنغىچە چېكىنىشكە باشلاپ، 17 مىڭ ئادىمى چېكىنىپ بولدى، 6000 ئادىمى چېكىنىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئېمىسلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى.

12 كۈنلۈك كرىت ئۇرۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى گېرمانىيە ئارمىيىسى ئېلىپ بارغان كۆلىمى ئەڭ زور پاراشۇتچى قوشۇنلار ئۇرۇشى بولۇپ قالدى. گېرمانىيە ھاۋادىن 25 مىڭ ئەسكەر تاشلىدى، ئارالنى ئاخىرقى ھېسابتا بېسىۋالغىنى بىلەن 14 مىڭ ئادىمىدىن ئايرىلدى، 170 ترانسپورت ئايروپىلانى پاچاقلىنىپ كەتتى، بۇ ئەھۋال گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كەيپىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. «كرىت جېڭى پاراشۇتچى قوشۇنلار ئۇرۇشىنىڭ ئالتۇن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.» بۇ گەپ، 1941 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندا، پاراشۇتچى قىسىملارنىڭ قوماندانى گېنېرال ستودېنتقا «تۆمۈر كرېست ئوردېنى» بېرىش مۇراسىمىدا گىتلېرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن يەنە بىر ئوردېنى ئىدى. ستودېنتمۇ بۇ قېتىمقى جەڭ ئارقىلىق: «كرىت ئارىلى گېرمانىيە پاراشۇتچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولدى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كرىت ئۇرۇشىدىن باشلاپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تاماملانغىچە پاراشۇتچى قىسىملار زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ رولىمۇ بولمىدى.

گىتلېر يۇگوسلاۋىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى ھەم نۇرغۇن ستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارغا ئېرىشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شەرقىي ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەر دېڭىزىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ستراتېگىيىلىك جايلىرىنىمۇ بېسىۋالدى. ئېمىسلار ئەمدى كرىت ئارىلى ئارقىلىق شىمالدا بالقاننىڭ جەنۇبىنى كونترول قىلالايتتى، جەنۇبتا مىسىر بىلەن سۈۋەيش قانىلىنى بېسىۋالالايتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 14 دۆلەت، 5 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىن، 129 مىليون ئاھالە گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ بولدى، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئەمدىكى تاجاۋۇز قىلىش نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ قالدى.

# سەككىزىنچى باب گىتلېر: دۇنيا تا- رىخىدا بولۇپ باقمىغان شۇنداق بىر ئالدامچىلىقنى پىلانلايلىكى، پۈتۈن دۇنيا ئاغزىنى ئېچىپ قالسۇن

△ گىتلېر: گېرمانىيە ئىككى سەپتە تەڭ جەڭ قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك

△ مولوتوۋ بىلەن گىتلېرنىڭ تىل ئۇرۇشى، كىم يەڭدى؟ كىم يېڭىلدى؟

△ گىتلېر: ئىسپانىيە ئۇرۇشتىن كېيىنكى تارىخي ئورنىنى ئويلىشىشى كېرەك

△ : «باربا روسسا!»

△ زورگې توكيودىن سىگنال بەردى: 22-ئىيۇن!!

△ گىتلېر: بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

گېرمانىيە غەربىي ياۋروپادا خۇددى بىلمەي، ئۆزىنى جاھاندا بىر ساناۋاتقان كۈنلەردە، شەرقتىكى قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت - گېرمانىيە بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىشىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇپ، ياۋروپادا كۆيۈۋاتقان ئوتلارنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. ستالىن گىتلېرنىڭ كۆرۈنۈشتە مىليونلاپ ئەسكەر چىقىرىپ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلغىنى بىلەن، قورسىقىدا غەربكە شەپە بېرىپ قويۇپ شەرققە تېگىش ئويىنىڭ بارلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

گىتلېر قانداقمۇ ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلسۇن؟

«روسىيىنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك» بۇ، گىتلېرنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئىدىيىسى ئىدى.

ئۇ 20 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» دېگەن كىتابىدىلا بۇ خىل ئىدىيىسىنى ئاشكارىلىغانىدى.

گىتلېر ئۇ كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: «... شۇڭا، بىز دۆلەت سوتسىيالىستلىرى 600 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىشلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، نېمىسلارنىڭ جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ داۋاملىق سىلجىشىنى توختىتىپ، نەزەرىمىزنى شەرقىي زېمىنغا يۆتكىشىمىز كېرەك ... بۈگۈن ياۋروپا زېمىنى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئالدى بىلەن روسىيە ۋە ئۇنىڭ بېقىندى دۆلەتلىرىلا بولالايدۇ. قارىغاندا، تەقدىر بىزگە شۇ جايدا يول كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ ... شەرقنىڭ بۇ گىگانت ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى. يەھۇدىيلارنىڭ روسىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى روسىيىنىڭ بىر دۆلەت سۈپىتىدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.»

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى گىتلېرنىڭ «كاتتا ئىجادىيىتى» بولۇپ، شەرتنامە 10 يىللىق كۈچكە ئىگە ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئابستراكت پرىنسىپلا ئەمەس، ئۇ

يەنە ماھىيەتلىك مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ پولشانى بۆلۈشۈۋېلىشى، گېرمانىيىنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت (لېتۋا، ئېستونىيە، لاتۋىيە) بىلەن رومىنىيىنىڭ بېسارابىيە رايونىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىشى، دېگەندەك مەزمۇنلار.

سوۋېتلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە ئۇ جايلارنى بۆلۈشۈۋېلىشى ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق، شۇڭا، گېرمانىيىلىكلەر شەرتنامىگە ئەمەل قىلمايدۇ، دېگەن گەپلەرگە ئىشىنىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، دەپ ھېسابلايتتى.

گېرمانىيىلىكلەر قانداق ئويلىغان؟

گىتلېرنىڭ ئاديۇتانتى ن. فون بېگىنىڭ ئەسلىمىسىدە، شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇ گىتلېرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ستالىننىڭ سەمىمىيىتىگە دىققەت قىلىشنى ئېيتقاندا، گىتلېر شۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«شەرتنامە مەن ئۈچۈن ئىدراك جەھەتتىلا توي قىلغان بىلەن باراۋەر ئىش. بىز ستالىندىن ئەلۋەتتە سەگەك تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن ھازىر بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن پولشا توقۇنۇشىغا ئارىلىشىشىنى توسۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى.»

شۇ چاغدا ئۇلار بېگخوف قورۇقىدا پىيادە ئايلىنىپ يۈرگەندە، ئۇشتۇمتۇت، گېرمانىيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئادەمنى قورقۇنچ باسىدىغان شىمالىي قۇتۇپنىڭ يورۇقلۇقى ئازراق كۆرۈندۇ. گىتلېر بۇنى بىر مەيدان قانلىق جەڭنىڭ بېشارىتى، دەپ بىلگەن بولسا كېرەك، كېيىنكى ئۇلاپلا يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇرۇشمىسا بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇرۇشنى قانچە تېز قىلسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئۇنداق بولماي، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، ئۇزارغانسېرى قان شۇنچە كۆپ

تۈكۈلىدۇ.»

سوۋېتلىكلەر بىلەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بار ئىدى. رۇسلار نېمىسلار يول قويغان ئەھۋال ئاستىدا زېمىنىنى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلاتتى، نېمىسلار بولسا رۇسلارنى ئازراق يەمچۈك تاشلاپ بېرىپ، شۇنىڭ ھېسابىغا ئىككى تەرەپلەپ ئۇرۇش قىلىش خەۋپىدىن ساقلىنىشنى ئويلايتتى. شەرتنامە ئىمزالاندى، لېكىن ئۇلار كۆككە كۆتۈرگەندەك ئۇنداق يۇكسەك ئەخلاق ئاساسىدا ئىمزالانمىدى، ئەمما شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۇلار كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ناھايىتى دوستانە ئۆتتى.

بۇ «دوستلۇق» 1941 ـ يىلغىچە داۋام قىلدى.

بىرنەچچە يىللىق شېرىن كۈنلەردە گىتلېر غەربىي ياۋروپانى بېسىۋالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىزى بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىغا قاراپ كېڭەيدى. ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، بىر ـ بىرىگە كاشىلا قىلىشمايتتى.

ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىگە كۆز بېقىشىپ، كۆز قىسىشىپمۇ يۈرۈشۈۋاتاتتى.

1940 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېلدا، گېرمانىيە نورۋېگىيە بىلەن دانىيىنى بېسىۋېلىپ، بۇ ھەرىكىتىنى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەجبۇر بولغان ھەرىكەت دەۋالدى. شۇ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى مولوتوۋ گېرمانىيىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون. دې. شۇلېنبۇرگ بىلەن كۆرۈشۈپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، بىز گېرمانىيىنىڭ قوللانغان ئاشۇ چارىلىرىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە

ئېرىشىشنى تىلەيمىز» دېدى.

بىر ئايدىن كېيىن، مولوتوۋ يەنە بىر قېتىم چۈشىنىش هاسىل قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە ئارقىلىق رۇر تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ دۆلەتلەرگە هۇجۇم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە يەنە شۇنداق دېدى: «گېرمانىيە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك، مەن سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلاردىن زادىلا گۇمانلانمايمەن.»

17 ـ ئىيۇندا، يەنى فرانسىيە ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلغان كۈنى مولوتوۋ شۇلېنبۇرگنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ «سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى».

ئوخشاشلا، گېرمانىيىمۇ ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا بەزى دوستانە ئىپادىلەرنى بىلدۈردى.

14 ـ ئىيۇندا، يەنى نېمىس ئارمىيىسى پارىژغا كىرگەن كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى لىتۋاغا توققۇز سائەتتە جاۋاب بېرىش شەرتى قويۇلغان ئۇلتىماتۇم ئەۋەتىپ، لىتۋا هۆكۈمىتىنىڭ ئىستېپا بېرىشىنى، بەزى ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى قاماققا ئېلىشنى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بۇ دۆلەتنى بېسىۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى لاتۋىيە بىلەن ئېستونىيىگىمۇ شۇ مەزمۇندا ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىمۇ بېسىۋالدى.

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بۇ ئۈچ دۆلەتنى رۇسلارنىڭ بېسىۋېلىشى سوۋېت ـ گېرمانىيە شەرتنامىسىدە بار ئىش

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، لېكىن گىتلېرنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش ئىدى. بولۇپمۇ لىتۋانىڭ بېسىۋېلىنىشى شۇنداق ئىدى. چۈنكى بۇ گېرمانىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بىردىنبىر دۆلەت بولغاچقا، ئۇ يەرنى رۇسلار بېسىۋېلىپ گىتلېرنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتكەنىدى. لېكىن ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىشلار ئالدىدا ئامالسىز قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنىڭ روسىيىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ يوللىغان خەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىۋەتتى ۋە مولوتوۋنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ كاۋناس، رىگا ۋە تاللىندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىنى تېزلا تاقىۋەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بالقان يېرىم ئارىلىدا يەنە ھەرىكەت قوللىنىپ، بېسارابىيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. بۇ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا رومىنىيىلىكلەر روسىيىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان يەر ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بۇكوۋىناغا زېمىن ھوقۇقى تەلىپىنى قويدى. بۇ، رومىنىيە ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن ئېلىۋالغان يەر ئىدى، سوۋېت ـ گېرمانىيە شەرتنامىسىدە بۇ رايوننىڭ گېپى يوق ئىدى. نېمىسلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومىنىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ رومىنىيىنى بېسىۋېلىشتىن، گېرمانىيىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان نېفىت، ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەكلىرىنى كونترول قىلىۋېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. شۇڭا 26 ـ ئىيۇن كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رومىنىيىگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرغاندا، گېرمانىيە رۇمىنىيىگە خىزمەت ئىشلەپ، بېسارابىيە بىلەن بۇكوۋىنانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەرگۈزۈۋەتتى.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، گېرمانىيە باشتىن ـ ئاياغ ناھايىتى سەگەك تۇرغانىدى. گىتلېر پۈتۈن ياۋروپانى (روسىيىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا يول قويۇۋاتاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنچىلىك نادان ئەمەس ئىدى، ستالىن گېرمانىيىنىڭ ھامان ئۆزلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ھازىر تېخى ئەتىگەن، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنى، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنى يوقاتماي تۇرۇپ ملتىقىنى شەرققە قاراتمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئىككى تەرەپلەپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ـ دە.

شۇڭا، گېرمانىيىنىڭ ئىپادىلەۋاتقان «دوستلۇقى» مەجبۇرىي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بولسا خۇشامەت ئارىلاش ئىدى.

ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرىدا، چېرچىل ستالىنغا شەخسىي خەت يېزىپ، گېرمانىيىنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەنگلىيىگە خەۋپى بولغاندىن تاشقىرى، روسىيىگىمۇ خەۋپى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. ئۇ يەنە بولشېۋىكلاردا پايدىلىق ئىنكاس قوزغاش ئۈمىدىدە سول قانات ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى سىرتاففورد كرىپسنى موسكۋاغا دەرھال باش ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. لېكىن ستالىن ئەنگلىيىنى، ئەمدى تۈگەشتى، دەپ قارىغان بولسا كېرەك، چېرچىلغا جاۋاب خەت يازمىدى، يېڭى باش ئەلچىگىمۇ قىزغىن مۇئامىلىدە بولمىدى، يەنە تېخى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئويلىغانلىرىنى نېمىسلارغا ئاشكارىلاپ قويىدى. مولوتوۋ ستالىننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بۇ قېتىمقى مەخپىي سۆھبەت توغرىسىدىكى يازما ئەسلەتمىنى گېرمانىيە باش ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ ئەسلەتمىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى بۇنداق شەرھلەنگەنىدى: «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ ياۋروپادا

www.uyghurkitap.com

زومىگەرلىك قىلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ... بۇ ئەنگلىيە ئۈچۈنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈنمۇ خەۋپ. شۇڭا، ئىككى دۆلەت كېڭىشىپ گېرمانىيىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئۆزىمىزنى قوغداش يولىدا ئورتاق سىياسەت بېكىتىشىمىز ھەمدە ياۋروپانىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى قايتا قۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى كېڭىشىپ بېكىتىشىمىز كېرەك...»

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ستالىننىڭ پوزىتسىيىسىنىمۇ شەرھلىگەن: «ئۇ (ستالىننى دېمەكچى) قايسىبىر دۆلەتنىڭ ياۋروپاغا زومىگەر بولۇش خەۋپىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سەزمىدى. گېرمانىيىنىڭ ياۋروپانى يۇتۇۋېتىش خەۋپىنى تېخىمۇ سەزمىدى. ستالىن گېرمانىيىنىڭ سىياسىتىنى كۆزەتتى ھەم گېرمانىيىنىڭ ئاساسىي سىياسىئونلىرىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى يۇتۇۋېتىش نىيىتى بارلىقىنى سەزمىدى. ستالىن گېرمانىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۇنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە تەھلىكە سالىدۇ دەپ ھېسابلىمايدۇ...»

شۇلېنبۇرگ بۇ ھۆججەتنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى دەرھاللا «پەۋقۇلئاددە» تېلېگراما بىلەن بېرلىنغا يوللىدى. سوۋېت - گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىگە مەسئۇل بولغان رىببېنتروپ تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە «بۇ ئاخباراتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان» لىقىنى ئېيتتى.

بۇ ھەقىقەتەن راست گەپ ئىدى.

چۈنكى ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئارزۇسىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ، نەتىجىدە، گىتلېر نىشانىنى شەرققە قارىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغانىدى. مۇشۇنداق چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئادەمنى خۇشال

قىلىدىغان بۇنداق خەۋەر كەلسە، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي بولامدۇ؟

سوۋېت ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت بىلەن رومىنىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، غەربنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈرگەن گىتلېرغا خېلىلا ئاچچىق يۇتقۇزدى. ئۇنىڭ غەزىپى بارغانسېرى كۆچىيىۋاتاتتى، رۇسلارنىڭ داۋاملىق غەربكە كېڭىيىۋېرىشىگە ئەمدى يول قويالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىدىن يەنە شەرققە يۈزلىنىش خىيالىغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، سوۋېت - گېرمانىيە مۇناسىۋىتىدە تالاش - تارتىش باشلاندى. يۇزە قارىغان ئادەمگە بۇ تالاش - تارتىش خۇددى بىرنەرسىنى تالىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا گېرمانىيە ئاللىقاچان بۇ ئۇرۇشقا تەييارلىقنى باشلىۋەتكەنىدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنى پەقەتلا سەزمىدى.

موسكۋا بىلەن بېرلىننىڭ دە تالىشىشىغا كۆپىنچە گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى سەۋەبچى بولاتتى، بۇ ھەربىي ھەرىكەتلەر بولسا قارىماققا تەسىر دائىرە تالىشىشتەك كۆرۈنەتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ روسىيە تەرەپ شۇنداق ھېسابلايتتى.

گېرمانىيىلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومىنىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنى (بېسارابىيە بىلەن بۇكوۋىنا) بېسىۋالغاندىن كېيىن داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ، رومىنىيىنىڭ نېفىتلىكلىرىگە تەھدىت سېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ نېفتى گېرمانىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، ئەنگلىيە قامال قىلىۋالغاچقا، دېڭىز تەرەپتىن ئۆزىگە نېفىت كىرگۈزەلمەيتتى.

رومىنىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىن تەلىپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قالدۇرغاندىن كېيىن ۋېنگرىيە بىلەن بۇلغارىيىمۇ زېمىن تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋېنگرىيە ھەتتا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا تارتىۋالغان ترانسىلۋانىيىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولسا قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنىمۇ پۇراتتى.

ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا، گېرمانىيىنىڭ نېفىت مەنبەسى ئۈزۈلۈپلا قالماي، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ رومىنىيىنى بېسىۋېلىش خەۋپىنىڭمۇ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، گىتلېر 1 ـ سېنتەبىردە دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ رومىنىيىنىڭ نېفىتلىكىنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە، رومىنىيەلەرنى ئوق مەركىزىي دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىدى. ھۆكۈمنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ئىدى: رومىنىيە ترانسىلۋانىيىنىڭ يېرىمىنى ۋېنگرىيىگە، دوبرۇجانىڭ جەنۇب تەرىپىنى بۇلغارىيىگە بۆلۈپ بېرىش، رومىنىيىنىڭ قالغان زېمىنىنىڭ ئامانلىقىغا گېرمانىيە كاپالەتلىك قىلىش.

بۇ ھۆكۈم كۆرۈنۈشتە ئادىلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە گېرمانىيىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن چىقىرىلغانىدى، گېرمانىيىنىڭ رومىنىيىنىڭ قالغان زېمىنىنى قوغدايمىز دەپ ۋەدە بېرىشىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ھەربىي بازا قۇرۇپ ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قانۇنىي بانىسى ئىدى. موسكۋا تەرەپ بۇنىڭغا چىدىمىدى. شۇڭا 1 ـ سېنتەبىردە موسكۋادا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچى شۇلېنبۇرگ بۇ ھەقتىكى ئەسلەتمىنى مولوتوۋغا تاپشۇرغاندا، ئۇنىڭدىن: «ئادەتتىكى مۇئامىلىسىنىڭ ئەكسىچە، ناھايىتى سوغۇق» مۇئامىلىگە ئېرىشتى ۋە ئۇ ئاغزاكى ھالدا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ 3 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلدىڭلار، دەپ ئەيىبلىدى. شەرتنامىنىڭ بۇ ماددىسىدا، بۇنداق

مەسىلىلەردە كېڭىشىش بەلگىلەنگەنىدى، لېكىن گېرمانىيە تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېڭەشمىگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىر - بىرىنى ئەيىبلەشلەر ئەۋجىگە چىقتى. رىببېنتروپ موسكۋاغا تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۇزۇن بىر ئەسلەتمە ئەۋەتىپ، گېرمانىيىنىڭ شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى، چۈنكى روسىيىمۇ گېرمانىيە بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت بىلەن رومىنىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنى بېسىۋالغانىدى.

گېرمانىيىنىڭ ئەسلەتمىسىنىڭ گەپلىرى ناھايىتى قاتتىق ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋابىمۇ قەتئىي ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنىڭ شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىللە يەنە ئۆزلىرىنىڭ رومىنىيىدە تۇرغۇن مەنپەئەت - ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئەگەر گېرمانىيە شەرتنامىنىڭ 3 - ماددىسى «مەلۇم قولايسىزلىق ۋە چەكلىمىلىك» كەلتۈرۈپ بەردى، دەپ قارايدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ماددىنى ئۆزگەرتىش ياكى چىقىرىۋېتىشكە تەييار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈردى.

يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىش شىمال توغرۇلۇق ئىدى.

رىببېنتروپ شۇلېنبۇرگقا 16 - سېنتەبىر كۈنى تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇنىڭغا مولوتوۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى، كۆرۈشكەندە «گەپ ئارىلىقىدا» گېرمانىيىنىڭ فىنلاندىيىنىڭ، نورۋېگىيىنىڭ شىمالىغا پاردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش ئىشىنى بىر كار قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى.

فىنلاندىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىدىكى قوشنا دۆلەت بولۇپ، موسكۋا خېلىدىن بېرى گېرمانىيىنىڭ ئۇ يەردىكى ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

مولوتوۋ شۇلېنبۇرگقا شۇنداق دېدى: «مەن گېزىتلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گېرمانىيىنىڭ فىنلاندىيىدىكى ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتىم، گېرمانىيىنىڭ فىنلاندىيە بىلەن شۇ دۆلەت ئارقىلىق قوشۇنلىرىنى يۆتكەش توغرۇلۇق تۈزۈشكەن كېلىشىمىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەنسەم، دەپ ئويلايمەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، كېلىشىمنىڭ مەخپىي قىسىملىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە ھەم ئۇ كېلىشىمنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ، قايسى تەرەپكە قارىتىلغانلىقىنىمۇ ۋە نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگۈمىز بار.»

مولوتوۋ ئۇلارنى ئەيىبلەپ يەنە، ئۈچ كۈن ئىلگىرى موسكۋا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فىنلاندىيىنىڭ ئۈچ پورتىدا قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىنى ئاڭلىدى. «ئەمما گېرمانىيە بۇ ئىشنى بىزگە خەۋەر قىلغىنى يوق.»

سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە ئارمىيىسى فىنلاندىيىنى ئاللىبۇرۇن بېسىۋالدى، دەپ ئويلىغانىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مولوتوۋ بېرلىنغا بېرىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە گىتلېر بىلەن رەھىمسىز ھالدا سۆھبەتلەشتى، قاتتىق دە تالاش قىلىشتى، گىتلېرنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدا ھېچقانداق ئادەم ئۇلار بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ باقمىغانىدى.

مولوتوۋ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فىنلاندىيىدىن چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى، گىتلېر فىنلاندىيىنى بېسىۋالمىغانلىقىنى، پەقەت نورۋېگىيىگە ئەسكەر كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

گىتلېر مولوتوۋدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىدە ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بارمۇ ـ يوق! دەپ سورىدى.

مولوتوۋ ئۇنىڭغا گەپنى ئەگىتىپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىدى. «بالتىق دېڭىزىدا ئۇرۇش قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ،

بۇنداق قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ...» دېدى گىتلېر. ئاخىرقى گېپىنىڭ ئەمەلىيەتتە تەھدىت ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقاپ، بۇ خىل جىددىيلىك «ئويلاپ باقمىغان ئاقىۋەتلەر» نى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى. گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيىدە يەنە نېمىلەرگە ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى.

ئۇنىڭ تەكەللۇپنى بىلمەيدىغان مېھمىنى ئۇنىڭغا: «بىزگە لازىمى بېسارابىيىدەك بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ، فىنلاندىيىنى ئاشكارا يۇتۇۋالماقچى بولغانلىق ئىدى. بۇ گەپكە گىتلېرنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى.

مولوتوۋ دەررۇلا بۇ مۇستەبىتتىن بۇ مەسىلىگە بولغان پىكرىنى سورىدى.

گىتلېرنىڭ جاۋابىمۇ مۇجمەل ئىدى: «مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن، فىنلاندىيە بىلەن ھەرگىز ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇرۇشنىڭ تەسىرى قاتتىق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.»

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوق مەركىزىي دۆلەتلىرىنىڭ شەرتنامىلىرى توغرۇلۇقمۇ سۆزلىشىش بولدى.

25 - سېنتەبىردە، رىببېنتروپ موسكۋادىكى ئەلچىسى شۇلېنبۇرگقا تېلېگراما يوللىدى، بۇ چاغدا ئۇ ئەلچى دەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دۆلىتىگە ماڭغانىدى. تېلېگراممىنى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى قوبۇل قىلدى. تېلېگراممىنىڭ ئۈستىگە «مەخپىي — دۆلەت مەخپىيىتى» دېگەن خەتلەر يېزىپ قويۇلغانىدى. تېلېگراممىدا ئەتىسى بېرلىندىن بېرىلىدىغان ئالاھىدە بەلگىلىك خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تېلېگراممىدا دېيىلگەن كۆرسەتمىنى ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى دېيىلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ يولىيورۇقتا ۋەكالەتچىدىن مولوتوۋغا «ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە» ياپونىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە بىرلىكتە ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغانىدى.

26 ـ سېنتەبىردە ئۇ ۋەكالەتچى بۇ ئىشنى مولوتوۋغا يەتكۈزگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ دىپلوماتىيە كومىسسارى قاتمۇ قات شۈبھىلەر ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، شۇئان، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ 4 ـ ماددىسى بويىچە ئۇ ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى شەرتنامىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى، شۇنىڭدەك باشقا ھەرقانداق مەخپىي شەرتنامىلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆرۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق، دېدى. لېكىن بۇ تەلەپ ئەمەلگە ئاشمىدى.

2 ـ ئۆكتەبىردە، سوۋېت ئىتتىپاقى رىببېنتروپنىڭ ئۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ تېلېگراممىدا، ئىمزالىنىپ بولغان بۇ شەرتنامىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان شەرتنامە ئەمەسلىكى، شەرتنامىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق مەخپىي كېلىشىملەرنىڭ تۈزۈلمىگەنلىكى، ھېچقانداق توختامنامىمۇ تۈزۈلمىگەنلىكى ئېيتىلغانىدى.

ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى 27 ـ سېنتەبىردە بېرلىندا بىر خىل كومېدىيە شەكلىدىكى مۇھىت ۋە مۇراسىمدا ئىمزالاندى. بىرىنچى ماددىدا ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ياۋروپا يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئىككىنچى ماددىدا، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ياپونىيىنىڭ بۈيۈك شەرقىي ئاسىيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۈچىنچى ماددىدا، ئەگەر ئۈچ دۆلەتتىن قايسىبىرى ئامېرىكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالىدىكەن، ئۇلار ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ياپونىيە بىلەن ئىتالىيە ئىمزالىغان «ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى»نى گىتلېر زورغا قوللىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ ئىجادچىسى رىببېنتروپنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، بۇ شەرتنامىنى تۆت دۆلەت شەرتنامىسىگە ئايلاندۇرۇش تەكلىپىنىمۇ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مولوتوۋ 12 - نويابىردا بېرلىنغا كېلىپ، بىرلىشىش توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتناشتى. سۆھبەت كونا پرىزدېنت بىناسىدىكى رىببېنتروپنىڭ يېڭى ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سۆھبەتكە گىتلېر قاتناشمىدى.

نېمىسلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تولىمۇ قىزغىن بولدى. سىمىت شۇ چاغدىكى ئىشنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «مولوتوۋنىڭ ئەقىللىك شاھمات پىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان يۈزىدە خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئازراق كۈلكە كۆرۈندى.»

رىببېنتروپ ياخشىچاق بولماقچى بولغاندەك، ئۇلارغا كاپالەت بېرىپ: «ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى ھەرگىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان ئەمەس» دېدى ئۈنلۈك سۆزلەپ.

رىببېنتروپ يەنە شۇنداق دېدى: «ئەمەلىيەتتە، ياپونىيە ھازىر جەنۇبقا يۈزلەندى. ئۇلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بېسىۋالغان زېمىنلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر نەچچە ئەسىر ئالدىراش ئۆتىدۇ. ياشاش ئىمكانىيەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن گېرمانىيىمۇ جەنۇبقا، يەنى ئوتتۇرا ئافرىقا بىلەن ئىلگىرىكى مۇستەملىكىلىرىگە قاراپ كېڭەيمەكچى.»

ئارقىدىن ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا يەنە: «ھازىر ھەممىمىز جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى باشلىدۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن» دېدى.

ئارقىدىن ئۇ پارس قولتۇقى بىلەن گېرمانىيە ئانچە قىزىقمايدىغان رايونلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئاتاپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېنىقكى، ئۇ جاي ھىندىستان ئىدى.

لېكىن مولوتوۋ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، كونا شەكىلدىكى كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن رىببېنتروپقا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

رىببېنتروپ ئالاقزادە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىگە قاتنىشىش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما مولوتوۋنىڭ كاللىسى ئىنتايىن سەگەك ئىدى. سىمىت ئۆزىنىڭ بۇ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقلىرىنى گىتلېرغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ساقلاۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مولوتوۋ گىتلېرنىڭ گەپلىرىنى يەنە شۇنداق چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. گىتلېر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مولوتوۋ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە رازى بولمىغاندەك تەلەپپۇزدا:

— فىئۇرېرنىڭ بۇ گەپلىرى بەكمۇ ئادەتتىكى بولدى، ئازراقمۇ كونكرېت ئەمەس، ماڭا لازىمى تەپسىلات، — دېدى.

ئارقىدىنلا مولوتوۋ ئادەمنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇنداق دېدى:

— 1939 ـ يىلى تۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى ھازىرمۇ فىنلاندىيىگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ ـ يوق؟ ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىكى يېڭى تەرتىپ زادى قانداق نەرسە؟ سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشتا زادى قانداق رول ئالىدۇ؟ بۇلغارىيە، رومىنىيە ۋە تۈركىيىنىڭ ئورنى زادى قانداق بولىدۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن قارا دېڭىزدىكى مەنپەئەتى ھازىر قانداق بولىدۇ؟

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر چەت ئەللىك گىتلېر بىلەن قاراشلىرىنى يۈرەكلىك قويۇپ سۆزلىشەلىگەن ئەمەس. سىمىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ گىتلېرنى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا

خۇلاس، ۋىلسون چېمبېرلىننىڭ خېتىنى تاپشۇرغان چاغدىكىدەك ئاچچىقى بىلەن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق قىلماي، گەپلەرگە جىمجىت جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنى پەقەت ياۋروپانىڭ ئەھۋالىنىلا تەڭشەپ تۇرىدۇ، شۇڭا روسىيە بۇ شەرتنامىگە قاتناشمىسا ھېچقانداق مەسىلە ھەل قىلىنمايدۇ — يالغۇز ياۋروپادىلا ئەمەس، يىراق شەرقتىمۇ شۇنداق، دېدى ئۇ.

مولوتوۋ بۇ گەپتىن گۇمانلاندى.

— ئەگەر سىلەر روسىيىنى دۆت چاغلىماي، باراۋەر دوست قاتارىدا كۆرىدىغان بولساڭلار، — دېدى ئۇ، — بىز پرىنسىپ جەھەتتە ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىگە قاتنىشىمىز. ئەمما ئالدى بىلەن بۇ شەرتنامىنىڭ مەقسىتى بىلەن نىشانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئاۋۋال سىلەر ماڭا چوڭ ئاسىيانىڭ چېگرىسىنى نەدىن سىزىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ سوئالغا، ئېنىقكى، گىتلېرنىڭ مۇشت كۆتۈرۈش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن گىتلېر تۇيۇقسىز، سۆھبەتنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرايلى، «بولمىسا ھاۋا ھۇجۇمى توغرىسىدا سىگنال بېرىلسە بۇ يەرگە سولىنىپ قالىمىز» دەپ جاكارلىدى.

گىتلېر چەت ئەللىكلەر بىلەن بىللە تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ مولوتوۋنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، يول قويۇش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ يۇمشاقلىق مېھمىنىنىڭ جاھىللىقىنى ئازراقمۇ يۇمشىتالمىدى. ئەتىسىدىكى سۆھبەتتە مولوتوۋ تېخىمۇ ئۆچكىرىلەپ، فىنلاندىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گىتلېر ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا فىنلاندىيىنى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى ئويلىغانىدى، شۇڭا فىنلاندىيىنىڭ گېپى

چىقىشى بىلەنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاچچىقى بىلەن:

— بىزنىڭ ئۇ يەردە سىياسىي مەنپەئىتىمىز يوق! — دەپ توۋلاپ نارازىلىق بىلدۈردى.

مولوتوۋ ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى.

— ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايدىغان بولسا، — دېدى مولوتوۋ تەمكىن ئولتۇرۇپ، — فىنلاندىيە مەسىلىسىنى ئۇرۇش قىلمايمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن فىنلاندىيىدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى تۇرماسلىقى كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى نامايىشلارمۇ بولمىسۇن.

گىتلېر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تەمكىن ۋە كۆچلۈك تەلەپپۇزدا:

— فىنلاندىيىدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى پەقەت نورۋېگىيىگە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈنلا تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

مولوتوۋنىڭ گۇمانى تېخىچە يېشىلمىگەنىدى، گىتلېرنىڭ ئاچچىقىمۇ يانمىدى.

— ئۇلاردىن ياغاچ ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، فىنلاندىيە بىلەن تىنچلىقنى ساقلاپ قالىمىز، — دېدى گىتلېر يەنە. لېكىن ئاخىردىكى گېپى — بۇ گەپ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان بولسا كېرەك — ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى، — بالتىق دېڭىزىدا يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق توقۇنۇش فىنلاندىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، — ئەگەر مولوتوۋ بۇ گەپنىڭ تەھدىت سېلىش مەنىسى بارلىقىنى چۈشەنمىگەن بولسا، بۇ ئىشقا سەل قارىغان، بۇنىڭ بىلەن يەنە ئېغىر دەرىجىدە تاشقى ئىشلار خاتالىقى ئۆتكۈزگەن ھېسابلىناتتى.

— بۇ بالتىق دېڭىزىنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى

فىنلاندىيە مەسىلىسى، — دەپ جاۋاب بەردى مولوتوۋ جىددىي تەلەپپۇزدا.

— فىنلاندىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى گىتلېر قەتئىي تۇردە.

— ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ بۇلتۇر تۈزۈشكەن شەرتنامىمىزگە خىلاپلىق قىلدىڭلار.

بۇ قېتىمقى ئېلىشىش ئىنگلىزلار بىلەن ئېلىشقان چاغدىكىدەك ئۇنچىلىك قاتتىق بولمىسىمۇ، ھەرھالدا خېلى رەھىمسىز بولدى.

بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدە مولوتوۋ يەڭدى، گىتلېر يېڭىلدى. گىتلېر ھاۋا مۇداپىئە توغرىسىدىكى مۇنازىرىدىن يوللىغان مەلۇماتنى ئوقۇغاندا قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ تۆت دۆلەت شەرتنامىسىگە قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تازا سەمىمىي ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ ئاجىز ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتى، 1928-يىلدىن بېرى قەسەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشنى باشلاش ئويىغا كېلىپ، ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

گىتلېر ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى پەقەتلا ئاشكارىلىمىدى، شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچ خىل ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرى، ئاساسلىق نىشان يەنىلا ئەنگلىيە، دەپ يۈرۈشەتتى. مولوتوۋ بېرلىنغا كەلگەن كۈنى گىتلېر بىر بۇيرۇق چىقىرىپ، ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئەنگلىيىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى.

بۇ پىلاندا، گېرمانىيە بىر قاتار بىرلەشمە ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، ئىتالىيىنىڭ مىسىر بىلەن گرېتسىيىدە قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى تاماملاش، ئىتالىيىنىڭ مىسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاراللىرى، ئاسور ئاراللىرى، مادىرا ئاراللىرى ۋە ماراكەشلەردىكى بىر قىسىم تەسىر دائىرىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئەنگىلىزلارنىڭ چەت ئەللەردىكى باشقا ئىمپېرىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش بەلگىلەنگەنىدى.

بۇ پىلان ئەپچىل تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى بىرلەشمە ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى بۇ ئىشتىن گۇمانلىناتتى. بىرى ئىشەنچسىزرەك، يەنە بىرى بىتەرەپ دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قىيىنچىلىقلار بىر گىتلېرغىلا ئېنىق ئىدى. يېقىندىن بېرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۇرۇۋاتسىمۇ، گىتلېر يەنىلا ئىشەنچ بىلەن پېتائىن، مۇسسولىنى ۋە فرانكو بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر ئىدى.

گىتلېر ئالدى بىلەن ئىشنى فرانكودىن باشلىدى.

18 ـ نويابىردا، گىتلېر فرانكونىڭ پەۋقۇلئادە ئەلچىسى سېررانو سۇنېرغا:

— مەن جەبىلتارىققا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدىم، پەقەت ماڭا ئۇرۇش باشلاشقا سىگنالىلا لازىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

لېكىن، فرانكونىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بويسۇندۇرۇش قىيىن ئادەم ئىدى. ئۇ ئىسپانىيە ئاشلىققا موھتاج دەپ يەنە بىر قېتىم ئېيتتى. زېمىن تەلىپىنى يەنە قويدى، گىتلېر ئۇنىڭ كېيىنكى تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

— ئىسپانىيە غەلىبە قىلىدىغان تەرەپتە تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان مەنپەئەتى مىسلىسىز بولىدۇ، — دېدى گىتلېر.

— ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ناپولېئوننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغانغا ئوخشاش غەلىبە بولىدىغان بولسا، ئىسپانىيە ئۆزىگە قاراتقان ھەرقانداق تاجاۋۇزغا ھەر ۋاقىت قارشى تۇرىدۇ، — دېدى

سېررانو سونېر.
ئارقىدىنلا سېررانو سونېر يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلدى. بۇ گەپنىڭ يېرىمى تەھدىت، يېرىمى قوشۇلغانلىق مەنىسى بار ئىدى، ئۇ، ئىسپانىيە ئاز قالغان بىتەرەپلىك كۈنلىرىدە غەربتىن بۇغداي سېتىۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ، دېگەنىدى. بۇ، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان تەدبىر ئىدى، گىتلېر قاتتىق ئاچچىقى كەلسىمۇ، پۇشايمان قىلماقتىن باشقىغا ئامالى يوق ئىدى.
كېيىن گىتلېر ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا: «سېررانو سونېر ئەشەددىي ئالۋاستى ئىكەن... ھازىرقى ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ (گۆركارى)!» دېدى.
گىتلېر فرانكو ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، دېكابىرنىڭ باشلىرىدا جەبىلتارىقنى ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن ئاخىرقى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ قويغانىدى. ئۇ گېنېراللىرىغا «فېلىكس ئۇرۇشى» توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. شۈبھىسىزكى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ فرانكونىڭ رەسمىي قوشۇلغانلىقىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئاندىن فرانكونىڭ يېقىن ئاغىنىسىدىن بىرنى ئەۋەتىپ، فرانكونى ئۆزىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايتتى.
لېكىن گىتلېرنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى كانارىسنى تاللىۋالغانلىقى ئاپەت خاراكتېرلىك بىر ئىش بولغانىدى. چۈنكى ئۇ 1938 ـ يىلدىن بېرى گىتلېرغا قارشى ئىدى، ئاشكارا سورۇنلاردا گىتلېرنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئىسپانىيىلىكلەرگە تولۇق سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن، ئاستىرتتىن ئوق مەركىزىدىكى دۆلەتلەرنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى دەپ، فرانكوغا ئۇرۇشقا قاتناشماسلىق توغرۇلۇق نەسىھەت قىلاتتى.
كېيىن ئۇ گىتلېرغا فرانكونىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلغاندا، «ئەنگلىيە يېمىرىلىشكە ئاز قالغاندا» فرانكو ئاندىن ئۇرۇشقا قاتناشماقچى، دېدى. گىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاقەت قىلىپ تۇرالماي، 10 ـ دېكابىر كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گېنېراللىرىغا «فېلىكس» تىن ۋاز كېچىشنى بۇيرۇق قىلدى.

لېكىن، بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ فرانكوغا يەنە مۇراجىئەت قىلدى. ئۆزىنىڭ غەمكىنلىككە پاتقان ئۇزۇن بىر پارچە خېتىدە فرانكوغا ۋەدە بېرىپ، ئەگەر ئۇ جەبىلتارىققا تېزدىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ئىسپانىيىگە دەرھال ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، فرانكونى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يالۋۇرۇپ: «تىنجىتىش ئەڭ قىيىن بولغان تارىخىي كۈچ بىر ئۇچىمىزنىڭ قولىدا، سىز، مەن ۋە ئىتالىيىنىڭ باش مىنىستىرى مۇستەھكەم بىرلەشتۇق. شۇڭا، تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ كۈرەشتە ئەڭ يۈكسەك، مۇقەددەس بۇيرۇقنى بويسۇنۇشىمىز كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ئېغىر پەيتلەردە بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنى بۇ ئاپەتلەردىن پەقەت قەتئىي ئىرادىلا قۇتۇلدۇرالايدۇ» دېدى.

فرانكو شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گېپىگە يەنە بىر قېتىم قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمەلىيەتتە بولسا مىدىرلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادە كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن «فېلىكس» نى مەغلۇپ قىلىپ، ئەنگلىيىلىكلەر ئۇچۇن جەبىلتارىقنى ساقلاپ بەردى، گىتلېرنى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا توختىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ غەربكە ئېچىلىپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئەگەر ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يېپىلىپ قالىدىغان بولسا، پۈتكۈل شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ئوتتۇرا شەرق 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى، بايلىقى مول پۈتۈن ئەرەب دۇنياسى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. فرانكونىڭ گىتلېرغا قارشى چىقىشى ئىسپانىيىنىڭ ئۈمىدسىز ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ھامان مەغلۇپ بولىدىغان دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش

قورقۇنچىسىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب فرانكونىڭ يېرىم يەھۇدىي ئىكەنلىكى ئىدى (ئەنگلىيىنىڭ ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سامئېر هول بىلەن باشقا دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى بىلەتتى. گىتلېر يېقىندا فرانكونى سودىلىشىشقا ھېرىس يەھۇدىيلارغا ئوخشايدۇ، دەپ تىللىغانىدى، ئۇ ئۇنىڭ يېرىم يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن ئاڭلاپ شۇنداق دېدىمۇ ياكى قانداق، بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇ ئەمەلدارلىرى ھەتتا مولوتوۋنىڭ خوتۇنىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرغانىدى).

ستالىن ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن، ئاندىن گېرمانىيىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت دۆلەت شەرتنامىسىگە قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئەمما بىرنەچچە شەرتى بار ئىدى — مەسىلەن، گېرمانىيە فىنلاندىيىدىن چېقىپ كېتىشى كېرەك دېگەندەك. بۇ تەلەپلەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىگەنىدى. لېكىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنى ھەيران قالدۇرۇپ، گىتلېر ئۇلار بىلەن سودىلىشىشنى خالىمىدى، ھەتتا ئۇزۇنغىچە موسكۋاغا جاۋابمۇ ياندۇرمىدى.

گىتلېر قورال ئىشلىتىشنىڭ خىيالىدا ئىدى.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، گىتلېرنىڭ ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدىكى قوماندانلىرى رەسمىي ئۇرۇشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان مانېۋرلارنى ئۆتكۈزدى، جۈملىدىن روسىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مانېۋرىنىمۇ ئۆتكۈزدى. مانېۋر تۈگەپ ئۆگۈنى ئۈچ گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىرى گىتلېر، براۋھىچ، ھالدېر بىلەن كۆرۈشتى. گىتلېر ھالدېرنىڭ ھۇجۇم پىلانىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى تەستىقلىدى، ئەمما ناپولېئوننى دوراشقا، موسكۋاغا يۈرۈش قىلىشقا قارشى تۇردى.

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىش

ئۇنچىلىك مۇھىممۇ ئەمەس، — دېدى گىتلېر.

براۋھىچ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ:

— موسكۋا ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتناش مەركىزى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەربىي تەييارلىقلارنىڭ مەركىزى، — دېدى.

— كاللىسى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن، مېڭىسى قەدىمكى خىياللار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئادەملەرلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىش كېرەك دەپ ئويلايدۇ، — دېدى گىتلېر ئۇنىڭغا كەسكىن رەددىيە بېرىپ.

گىتلېر بولشېۋىكىزمنىڭ بۆشۈكى بولغان لېنىنگراد بىلەن ستالىنگرادقا بەكرەك قىزىقاتتى، بۇ ئىككى شەھەر يوقالسا بولشېۋىكىزمنىڭمۇ تۇخۇمى قۇرۇيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى.

براۋھىچ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بۇ، سىياسىئونلارنىڭ مەقسىتى، دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ قاتتىق نارازىلىق قوزغاپ، گىتلېر، سىياسىي بىلەن ستراتېگىيە بىر - بىرىگە بېقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ياۋروپادا زوراۋانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش - كەلتۈرەلمەسلىك پۈتۈنلەي روسىيە ئۇرۇشىغا باغلىق» دېدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى — ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرماقچى ئىدى.

بەش كۈندىن كېيىن، گىتلېر ئۆز ئادەملىرىنى يېقىن كەلگۈسىدە يىراقتا قىلىدىغان سەپىرىگە تەييارلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېرلىندا نۇتۇق سۆزلەپ، يەر شارىدىكى بايلىقنىڭ بۆلۈنۈشتىكى تەڭسىزلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ھەربىر كۋادرات ئىنگلىز مىلى زېمىنغا نېمىس مىللىتىدىن 360 ئادەم توغرا كېلىدۇ، باشقا دۆلەتلەردە بولسا ئادەم شۇنچىلىك شالاڭ، «بىز چوقۇم بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنى ھەل

قىلماي بولمايدۇ» دېدى.

گىتلېر 1941 - يىلى 8 - يانۋاردىن 9 - يانۋارغىچە بېرھتسېگادېن تېغىدىكى بېرگھوفتا بىر قېتىم ھەربىي يىغىن ئاچتى. بۇ ئېگىز تاغنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەنىدى، تاغنىڭ ھاۋاسى گىتلېرنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ «ئەنگلىيىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماي تۇرۇپ، گېرمانىيە ھاۋادا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولماي تۇرۇپ» ئەنگلىيىگە بىۋاستە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ «مۇمكىن ئەمەس»لىكىنى ئېتىراپ قىلدى. دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى كۈچىنى توپلاپ ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ترانسپورتى لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تەمىناتىنى ئۈزۈپ تاشلىشى كېرەك، دېدى.

گىتلېر ئىتالىيىنى قوللاش ئۈچۈن، لىۋىيىگە تانكىغا قارشى قىسىملارنى ۋە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتىنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئالبانىيىدە چېكىنىۋالغان ئىتالىيانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىككى يېرىم دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچتىن تەركىب تاپقان بىر كورپۇس قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ جەھەتتە، گرېتسىيىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان «مارىتا پىلانى»نى ئىجرا قىلىش جىددىيلەشتۈرۈلدى. ئۇ دەرھال قوشۇنلارنى رومىنىيىدىن بۇلغارىيىگە يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنداق قىلغاندا «مارىتا پىلانى» نى 26 - مارتتىن باشلاپلا ئىجرا قىلغىلى بولاتتى.

گىتلېر يەنە فرانسىيىنىڭ قالدۇق رايونلىرىنى ئىشغال قىلىش ۋە فرانسىيىنىڭ تولۇندىكى فلوتىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ، «ئەگەر فرانسىيە گەپكە كىرمىسە، ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش كېرەك» دېدى.

دەل مۇشۇ يىغىندا گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان «بارباروسسا» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشقا ئامېرىكا بىلەن روسىيە قاتنىشىدىغان بولسا، ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇنداق تەھدىت كېلىپ چىقىشنىڭ ھەرقانداق ئېھتىماللىقىنى باشتىلا يوقىتىش كېرەك. «ناۋادا روسىيە گۇم بولىدىغان بولسا، ياپونىيە دېمىنى ئېلىۋالالايدۇ، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئالدىدىكى تەھلىكىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.»

«بارباروسسا» گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پادىشاھى فرىدرىخ I نىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، قىزىل ساقال، دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. ئۇ قانلىق جەڭلەر بىلەن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ياۋروپاغا خوجا بولۇشنى ئويلىغان. گىتلېر پادىشاھ فرىدرىخنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ياۋروپاغا، ياۋروپادىن ئېشىپ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولماقچى بولدى.

گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ كەلگۈسى كۆرۈنۈشلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى، شۇڭا بىرنەچچە قېتىم: «بارباروسسا» باشلانغاندا، پۈتۈن دۇنيانىڭ قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتسۇن، گەپ قىلالماي قالسۇن!» دەپ توۋلاپ كەتكەنىدى.

«بارباروسسا»نى باھاردا باشلاشتىن ئىلگىرى، بالقاننىڭ جەنۇبىي قانىتىنى بېسىۋېلىش ۋە ئۇ يەردىكى ھەربىي كۈچلەرنى كۈچەيتىش كېرەك ئىدى. 1941 - يىل فېۋرالنىڭ 3 - ھەپتىسىدە، گېرمانىيىلىكلەر رومىنىيىدە 680 مىڭ كىشىلىك زور بىر قوشۇن تەشكىللىدى. رومىنىيە ئوكرائىنا بىلەن چېگرىداش ئىدى، پولشانىڭ چېگرىسىدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىق 480 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. 28 - فېۋرالدا، گېرمانىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى رومىنىيە ئارقىلىق دوناي

دەرياسىغا چىقىپ، بۇلغارىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىستىھكام-لىرىنى بېسىۋالدى، بۇلغارىيە ئەتىسى گېرمانىيە لاگېرىغا ئەزا بولۇپ كىردى.

ئىرادىلىك يۇگوسلاۋىيىلىكلەر ئانچە گەپكە كىرمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكى نېمىسلارنىڭ ئۇلارنىمۇ ئۆز لاگېرىغا سۆرەپ كىرىشكە سەۋەبچى بولاتتى. گىتلېر يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى ئاران تەستە ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كەلتۈرگەنىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئەتىسى (26 - مارت) سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھاكىمىيەتنى ھەربىيلەر تارتىۋالدى. گەرچە يېڭى ھۆكۈمەت گېرمانىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشنى خالايدىغانلىقىنى دەرھال بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ گېرمانىيىنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى بولۇشنى خالىمايدىغانلىقى گىتلېرغا مەلۇم ئىدى.

بېلگرادتىكى سىياسىي ئۆزگىرىش گىتلېرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراپ، غەزىپىگە پايلىماي، 3 - ئىمپېرىيىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بالايىئاپەت بولغانلىقى كېيىن ئىسپاتلانغان قارارنى چىقىرىۋەتتى.

27 - مارتتا، گىتلېر ئۆزىنىڭ گېنېراللىرىنى ئالدى-راپ - تېنەپ باش مىنىستىر بىناسىغا چاقىرىپ، يۇگوسلاۋىيىلىكلەردىن ئۆچ ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. ئۇ، بېلگراد سىياسىي ئۆزگىرىشى «بارباروسسا پىلانى» غا دەخلى قىلدى، «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سادىقلىقىنى جاكارلاش ئېھتىمالىنى كۈتمەيلا، يۇگوسلاۋىيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت بولالماسلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك» دېدى. ئاندىن «دىپلوماتىيە جەھەتتە سورۇشتە قىلماسلىق، ئۇلتىماتۇم تاپشۇرماسلىق» نى بۇيرۇق قىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇگوسلاۋىيىنى «رەھىمسىز قاتتىق ھەرىكەت بىلەن بىتچىت قىلىش كېرەك» دەپ جار سالدى.

شۇنىڭ بىلەن، گىتلېر يۇگوسلاۋىيىگە دەرھال تاجاۋۇز قىلىپ، بېلگرادنى كۆمپەيكۈم قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى چۈشۈردى.

ئاندىن گىتلېر بارلىق قارارلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قارارنى ئېلان قىلدى:

«بارباروسسا پىلانىنى كېچىكتۈرۈپ باشلاشقا مەجبۇرلاندۇق، ۋاقىت چەكلىمىسى كۆپ بولغاندا تۆت ھەپتە بولىدۇ.»

لېكىن «بارباروسسا»نىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرى يەنە داۋاملىشىۋاتاتتى. 20 ـ مايدا، دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى رادېر گىتلېرغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان مۇھىم خام ئەشيالارنى توختىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ شەرق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماللار ئىنتايىن كۆپ، بۇ تەرەپتىن ئۇياققا مېڭىۋاتقان ماللار ئازلاپ كەتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1 مىليون 500 مىڭ توننا ئاشلىقتىن باشقا، 100 توننا پاختا، 2 مىليون توننا نېفىت مەھسۇلاتلىرى، 1 مىليون 500 مىڭ توننا ياغاچ ماتېرىياللىرى، 140 مىڭ توننا مانگان بىلەن 25 مىڭ توننا خروم توشۇپ بولغانىدى. ستالىن گەرچە ھېسىنىڭ ئەنگلىيىگە كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا گىتلېرغا تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە تېز پويىز بىلەن يىراق شەرقتىن گېرمانىيىگە پولات قاتارلىق مۇھىم خام ئەشيالارنى يۆتكەشنى تەستىقلىغانىدى.

شۇ كۈنى شۇلېنبۇرگ مولوتوۋ بىلەن كۆرۈشتى. شۇلېنبۇرگ خېلىدىن بېرى ستالىننىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا

تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئۇنىڭ بۇ قارىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. شۇلېنبۇرگ سۆھبەت جەريانىدا «بارباروسسا» ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىگە قارىتا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنىلا دېدى. لېكىن دېكىنز ئارمىيە ئادمىرالى ياكى دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى گىتلېرنى ئۇ نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

30 - مايدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن كرىت ئارىلىنى تارتىۋېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، رادېر گىتلېرنى مىسىر بىلەن سۈۋەيش قانىلىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىراتتى، مەقسىتى ئۇنىڭ دىققىتىنى شەرقتىن چالغىتىش ئىدى.

— ھازىر ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. ياردەم بارىدىغانلا بولسا روممېل ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھۇجۇم ئەنگلىيە ئۈچۈن لوندونغا ھۇجۇم قىلغاندىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

بۇنداق تەسەللىلەرنى گىتلېر زادىلا ئاڭلىمايتتى. «بارباروسسا» ھەرىكەتتە ئىدى، چوڭ بىر بالايىئاپەت يۈز بەرمىسىلا ئۇنى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گىتلېرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مەخپىيەتلىك ئىدى، بىر يىلنىڭ ئالدىدا بېلگىيىدە يۈز بەرگەن بەختسىزلىك ھازىرمۇ ئۇنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە روسىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مۇسسولىنىگە ئېيتمىدى. 2 - ئىيۇندا ئۇ مۇسسولىنى بىلەن بورۇنا تاغ ئېغىزىدا سۆھبەتلەشكەن چاغدىمۇ، ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆپ سۆزلەپ، ھېسىنىڭ ئەنگلىيىگە كەتكەنلىكى، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتى، «بارباروسسا»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. بۇ ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشلا ئەمەس، مۇھىمى يەنە مۇسسولىنىنىڭ ئۆزىگە روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلىماسلىق توغرۇلۇق قىلغان گېپى ئۈچۈنمۇ ئىدى.

«بارباروسسا» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلانغاندا، شەرققە تۇتىشىدىغان تاشيول بىلەن تۆمۈريول ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 6 - ئىيۇن كۈنى گىتلېر ياپونىيىنىڭ باش ئەلچىسى داداۋنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىغا توختىماي تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، شەرققە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

— بۇنداق ئەھۋالدا، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان قاتتىق ئىشەنچىسى بۇ ياش ئەلچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، — بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇرۇش بولۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

داداۋنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەن باراۋەر گەپ ئىدى، شۇڭا ئۇ دەرھال توكيوغا سىگنال بېرىپ، (گېرمانىيە) نىڭ ھۇجۇم قىلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قاپتۇ، دېدى.

بۇ بىر كۈن گىتلېر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك كۈن بولغانىدى. ئۇ مارشال براۋىچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن بارلىق سىياسىي كومىسسارلىرىنى ئېتىپ تاشلاش توغرۇلۇق بىر كۆرسەتمە يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى، چۈنكى ئۇ ئادەملەر دۆلەت سوتسىيالىزمى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى كۆز قاراشلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

گىتلېرنىڭ باش قوماندانى ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇردى.

— مەن گېنېراللىرىمنىڭ مېنىڭ بۇيرۇقۇم توغرۇلۇق چۈشىنىش ھاسىل قىلىشلىرىنى تەلەپمۇ قىلمايمەن، — دېدى گىتلېر قىسقىلا قىلىپ، — ئەمما سىلەرگە ئىجرا قىلدۇرىمەن، بۇ بۇيرۇقتىكى سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — بۇ سىياسىي كومىسسارلار ۋەھشىي ئاسىيا ئۇرۇشىنىڭ ئىجادچىلىرى، شۇڭا ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق جازالاش كېرەك ... مەيلى ئۇلار جەڭدە ياكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە قولغا چۈشكەن بولسۇن، ھەممىسى بىردەك ئېتىپ تاشلانسۇن!

بۇ بۇيرۇقنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن ھەممىلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەترەتلىرى ئىجرا قىلدى. بۇ قارارنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ نامىدىن چۈشۈرۈلۈشى، گىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. ئۇ ھەربىي تەرەپ بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى چەمبەرچاس بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئىش قىلىدىغان شېرىكىگە ئايلاندۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى زور پىلانلارنى ئېسئاچىلار بىلەن بىللە ئورۇندايدىغان قىلاتتى.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، گىتلېر بىرىنچى بولۇپ قىزىل ئارمىيىنى يوقىتىش كېرەك، دەپ ھېسابلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدىغان، ئىشەنچلىك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. بولشېۋىكلاردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ھەم نەپرەتلىنىدىغان، ستالىندىن ئالىدىغان ھېسابى بار، روسىيىلىكلەر بىلەن قىلىدىغان قىسقا قانلىق جەڭلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەڭسىز شەرتنامىلىرىگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولغان فىنلاندىيە كۆپ چۈشەندۈرمىسىمۇ گېرمانىيىنىڭ سېپىگە سۆزسىز قوشۇلاتتى.

8 ـ ئىيۇلدا، گېرمانىيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسمى فىنلاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، مەنناسىن مارشال بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈپ قىسمەن سەپەرۋەرلىك ئېلىپ باردى.

گىتلېر رومىنىيىگىمۇ ئىشىنەتتى.

11 ـ ئىيۇل كۈنى، گىتلېر گېنېرال ئىئان ئاندونوس بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ روسىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى: لېكىن ئۇنىڭدىن بۇ ئۇرۇشتا ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلمىدى، «پەقەت رومىنىيە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇشىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بەرسىلا بولىدى» دېدى.

كەلگۈسىدىكى ئولجىلار ۋە ھەربىي جەھەتتىكى شان ـ شەرەپلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن، رومىنىيىنىڭ بۇ مۇستەبىتى بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ جاكارلىۋەتتى.

14 ـ مايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشپىيونى توكيودىن: «ئۇرۇش 22 ـ ئىيۇندا باشلىنىدۇ» دەپ ئېنىق مەلۇمات بەردى. لېكىن ستالىن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا مەلۇماتلارغا زادىلا ئىشەنمىدى. ئۇ 1942 ـ يىلى كەلمىگىچە ئۇرۇش پارتلىمايدۇ، دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى.

شۇڭلاشقا، شۇ كۈنى ستالىن تا س س غا بىر بايانات ئېلان قىلىپ، بارلىق ئۇرۇش ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. تا س س نىڭ بەرگەن باياناتىدا: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشىگە قىزىقىدىغان ئادەملەرنىڭ بۇ ئىغۋالىرىنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىغۋالاردۇر» دېيىلدى. بۇ بايانات ناھايىتى ئىشەنچلىك سۆزلەر بىلەن تولغان بولغاچقا، ئالدىنقى سەپتىكى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى جىددىيچىلىك بىردىنلا پەسىيىپ قالدى.

بېرلىندا، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تاللانغان يارامىلىق

ئوفىتسېرلار باش مىنىستىر بىناسىغا يىغىلىپ، تۇنجى قېتىم ئالاھىدە نۇتۇق ئاڭلىدى ۋە چۈشلۈك تاماققا داخىل بولدى. ھەربىر ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن بۇيرۇقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغانىدى، گىتلېر رەقىبىنىڭ بېشىغا سالماقچى بولۇۋاتقان بالايىـئاپەت توغرۇلۇقمۇ گەپ بولۇنمىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، ئوفىتسېرلار يىغىندىن چىقىپ زىياپەت زالىغا كىرىشتى. بۇ قېتىمقى تاماق باش مىنىستىر بىناسىدا باشقا چاغلاردا يېگەن تاماقلارغا ئوخشىمايتتى، شۇنچىلىك مەززىلىك ئىدى، كەيپىياتمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. گىتلېر سەھنىگە چىقىپ، «بارباروسسا» ئۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپ، روسىيىنىڭ بەربات بولۇشى ئەنگلىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېدى.

17 ـ ئىيۇندا، ئەڭ ئاخىرقى سىگنال چېلىنىپ، «بارباروسسا پىلانى» نىڭ 22 ـ ئىيۇن (يەكشەنبە) تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ يېرىمدا باشلىنىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى، گېرمانىيىنىڭ بىر مىلادشى سېرژانتى بىر ئوفىتسېرنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئېتىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ رۇسلارغا تەسلىم بولدى ۋە نېمىسلارنىڭ 22 ـ ئىيۇندا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا ئاشكارىلاپ قويدى.

ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىرلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. لېكىن ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىدىغان گېنېرال «قورققاننىڭ نېمە پايدىسى بار» دەپلا قويدى.

سائەت نۆلگە ئاز قېلىۋاتاتتى. گىتلېر تەمكىن ۋە ئىشەنچ بىلەن تۇرۇۋاتاتتى. 20 ـ ئىيۇن، جۈمە كۈنى ئۇ بۇرۇن ئۆزىگە خۇسۇسىي ئادۋوكات بولۇپ، كېيىن پولشادىكى ئىشغالىيەت

رايونلىرىدا ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان فرانكنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— بىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغاندەك تۇرىمىز، — دېدى.

فرانك ھەيران قېلىپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسۋېلىڭ! — دېدى گىتلېر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھۆجۇمغا ئۆتىدىغان قوشۇنلىرىنىڭ فرانكنىڭ تەۋەسىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

فرانك ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، گىتلېر قولىنى سىلكىپ ئۇنى گەپتىن توستى:

— مەن سىزنىڭ بىلمەكچى بولغان مەسىلىڭىزنى چۈشىنىمەن. لېكىن مەن ھىملېر ئىككىڭلار بىلەن چوقۇم چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىم كېرەك، — ئۇ ئىككىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى دېمەكچى ئىدى، — مەن بۇنداق بۆلۈنۈشكە تاقەت قىلالمايمەن، ئىككىڭىز چوقۇم بىر - بىرىڭىزنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

شۇ كۈنى كېچىدە، گىتلېرنىڭ ئەسكەرلەرگە چىقارغان چاقىرىقنامىسى مەخپىي بېسىپ تارقىتىۋېتىلدى. تۈن پەردىسىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئاۋانگارد قوشۇنلار ئالغا ئىلگىرىلەپ، 21 - ئىيۇن تاڭ سەھەردە ئۈچ مىليون گېرمانىيە ئەسكىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا زەبەردەست تۇرۇپ، ھۆجۇمنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

لوندوندا، دۆلەتكە قايتىپ بارغان كرىپسمۇ گېرمانىيىنىڭ روسىيىگە پات ئارىدا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لوندوندىكى باش ئەلچىسى مېيىسكىيغا ئېيتقانىدى.

— بىز ئىشەنچلىك بىر ئاخباراتقا ئىگە بولدۇق. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم 22 - ئىيۇندا بولىدىكەن، كېچىكسە 29 - ئىيۇنغىچە... سىزمۇ بىلىسىز، گىتلېر يەكشەنبە كۈنى ھۇجۇم قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان، — دېدى ئۇ.

مېيىسكىي دەرھال موسكۋاغا مەخپىي تېلېگراما يوللىدى. ستالىن ئاخىر قوراللىق قوشۇنلىرىغا جەڭ ھالىتىدە تۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بېرلىندا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچىسىگە گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ تۆت ئايدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا تېررىتورىيىسىگە 180 قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى توغرۇلۇق رىببېنتروپقا نارازىلىق بىلدۈرۈش توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى «سىستېمىلىق ۋە خەلقئارالىققا ئىگە» ۋەقە دەپ ئاتىدى.

تاڭ سەھەر سائەت بىر يېرىم بولدى. بۇ، بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزنى بىكار قىلىۋېتىشمۇ ئۈلگۈرگىلى بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلار ئىدى. بېندىل كوچىسى جىددىي كەيپىياتقا تولدى. باش مىنىستىر بىناسىدىن ھېچقانداق گەپ يوق ئىدى. «بارباروسسا» باشلاندى! باش مىنىستىر بىناسىدا، گىتلېر نېمە ئۈچۈن «بارباروسسا» ئۇرۇشىنى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇسسولىنىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق دەپ يازدى: «باش مىنىستىر، مەن بىرنەچچە ئاي باش قاتۇرۇپ ئويلىنىش ۋە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن كۈتۈش ئارقىلىق، ئاخىر ھاياتىمدا ئەڭ قىيىن قارارنى چىقاردىم. مەن بۇ خەتنى سىزگە دەل مۇشۇ چاغدا يېزىۋاتىمەن.» ئۇ خېتىدە يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغا زور كۆلەمدە توپلىنىۋاتقانلىقىنى، پەيتىنىڭمۇ دۈشمەن تەرەپتە ئىكەنلىكىنى يېزىپ، ئاخىرىدا: «شۇڭا، نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن، بىزگە يېپىلغان تورنى ئۇلار يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرى كېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلاشنى قارار قىلدىم» دېدى.

ئىتالىيىنىڭ گىرېتسىيە بىلەن ئافرىقىدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك قاراملىقلىرىنى گىتلېر زادىلا تەنقىدلەپ باقمىغان، باشقا ئاغرىنىشلاردىمۇ بولمىغانىدى. بۇ قېتىمقى خېتىمۇ باشتىن - ئاخىر ھۆرمەت، ھەتتا يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا يېزىلغانىدى. خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرى خۇددى توۋا قىلىۋاتقاندەكمۇ چىققانىدى. «گەرچە ئاخىرقى يارىشىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پۈتۈنلەي سەممىي نىيىتىمىز بولغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەت مېنى دائىم ئىنتايىن قايغۇغا سالاتتى. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ھامان مېنىڭ پۈتۈن ئېتىقادىمغا، ئىدىيەمگە ۋە مەجبۇرىيىتىمگە بىر ئاز مۇخالىپ كېلەتتى. مەن ھازىر روھىي جەھەتتىكى بۇ ئازابتىن قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتىمەن.»

موسكۋادا، مولوتوۋ شۇلېنبۇرگنى يېقىملىق قوبۇل قىلغانىدى. بۇ تاشقى ئىشلار كومىسسارى ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ رىببېنتروپقا ئېغىزاكى ئېيتىدىغان نوتىنىڭ كۆچىنى ئاشۇرۇشنى ئويلاۋاتاتتى. «بىرنەچچە ئالامەت گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەتتا گېرمانىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا دېگەن ئىغۋالارمۇ بار ...» دېدى ئۇ شۇلېنبۇرگقا. بۇ، كىشىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىشلار ئىدى. شۇلېنبۇرگ پەقەت، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى بېرلىنغا چوقۇم يەتكۈزىمەن، دېدى. ئىشخانىسىغا بارغاندىن كېيىن، خۇددى مولوتوۋغا ئوخشاش، گېرمانىيىنىڭ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئولتۇردى.

شەرقىي سەپتىكى بىر كوماندىر جەڭچىلەرگە گىتلېرنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ بەردى: «نۇرغۇن ئايلاردىن بېرى، خاتىرجەمسىزلىك ۋە بىئاراملىق مېڭەمنى چىرماپ، بېشىمنى ئالالماي قالدىم، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتمىسام بولمايتتى. ئەمدى هازىر سىلەرگە ئاخىر ئاشكارا سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم، كوماندىر ـ جەڭچىلىرىم!»

گىتلېر بۇ نۇتقىدا روسىيىنىڭ گېرمانىيە چېگرىسىغا ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىنى، چېگرىغا نۇرغۇن قېتىم تاجاۋۇز قىلغانلىقى، ئاخىر بولماي ئۆزلىرىنىڭ فىنلاندىيە ۋە رومىنىيىلەر بىلەن بىللە «تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانلىقى» نىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق نۇرغۇن سۆزلىگەنىدى. ئۇ يەنە شۇنداق دېگەن: «گېرمانىيە جەڭچىلىرى، سىلەر پات ئارىدا ئۇرۇشقا بارىسىلەر. بۇ ئىنتايىن جاپالىق ۋە هالقىلىق ئۇرۇش، ياۋروپانىڭ تەقدىرى، گېرمان مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ هايات ـ ماماتى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا!»

1 مىڭ 500 كىلومېتىرلىق ئەگرى ـ توقاي ئاكوپلاردا، بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ قارا دېڭىزغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلەردە نېمىس ئەسكەرلىرى بۇ نۇتۇقنى بېرىلىپ ئاڭلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىشەتتى. ئاكوپلاردا تۈگۈلۈپ يېتىپ، بىر تەرەپتىن قورقۇپ تۇرۇشاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۈمىدلىنىپمۇ تۇرۇشاتتى. بۇ، يازنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بۇ كېچە بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىسقا كېچە ئىدى، ئەمما تاڭنىڭ سۈزۈلۈشىنى كۈتۈپ ياتقان ئەسكەرلەر ئۈچۈن مەڭگۈ تاڭ ئاتماس كېچىدەك بىلىنەتتى.

يېرىم كېچىدە، موسكۋا ـ بېرلىن تېز پويىزى چېگرا كۆۋرۈكىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ گېرمانىيە تەۋەسىگە كىرىپ كەتتى. لىق ئاشلىق بېسىلغان بۇ پويىز ستالىننىڭ ئادولف

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گىتلېرغا تاپشۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مېلى ئىدى.

بېرلىن، بۇ كىچە ئۈمىدلىك كەيپىياتقا تولغانىدى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇخبىرلىرى «چەت ئەل مۇخبىرلىرى كۇلۇبى» غا يىغىلىپ، بىر توپ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن ئازراق خەۋەرگە ئېرىشىشنىڭ ئۈمىدىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. يېرىم كېچىگە ئاز قالدى، لېكىن دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن خەۋەر يوق. ئاخىر مۇخبىرلار ياتاقلىرىغا قايتىشقا باشلىدى.

باش مىنىستىر بىناسى، ھەرىكەتلەر غەيرىي تۈس ئېلىۋاتقاچقا، ھەتتا گىتلېرنىڭ ئاخبارات ئەمەلدارى دېتلىسقا (ئۇنىڭ «بارباروسسا» دىن پەقەتلا خەۋىرى يوق) ئوخشاش ئادەملەرمۇ: «رۇسلارغا قارشى زور بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. گىتلېر ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ماس ھالدا ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىپ ئولتۇراتتى. «ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئادىيۇتانتىغا، — روسىيە گۇمران بولىدۇ، بۇنداق گۇمرانلىق تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان.» لېكىن بۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، گىتلېر غەربكە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھارپىسىدىكىگە ئوخشاش، بۈگۈنمۇ بىر كېچە كىرپىك قاقمىغانىدى.

22 ـ ئىيۇن تاڭ سەھەر سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە — بۇ دەل فرانسىيە تەسلىم بولۇپ بىر يىلدىن كېيىنكى كۈن — گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئالدىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. 15 مىنۇتتىن كېيىن، پۇتكۇل شەرقىي سەپنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتتى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ يورۇقلۇقى ئاقىرىپ كېلىۋاتقان ئاسماننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتتى. ئۆزۈندىن بېرى خام خىيال قىلىنىپ كېلىۋاتقان «بارباروسسا»

ئەمدىلىكتە رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

لېكىن، «بارباروسسا» نىڭ ئىجادچىسى غەمگە پېتىپ قېلىۋاتاتتى. يۇگوسلاۋىيىدىكى قالايمىقانلىق «بارباروسسا» نى بەش ئاي كېچىكتۈرۈۋەتتى، بۇ كېچىكىشنىڭ كەلتۈرگەن ئېغىر ئاقىۋىتى ئەمدى بىلىنىشكە باشلىدى. گىتلېر تارىخقا پۇختا ئىدى. بەلكىم ئۇ 129 يىلنىڭ ئالدىدىكى 6 ـ ئاينىڭ مۇشۇ كۈنى موسكۋاغا كېتىۋاتقان ناپولېئوننىڭ نېمان دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئويلاۋاتقانمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ھۇجۇم باشلاشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى، باش ئەلچى فون بىسمارك رىمدا كىئانونى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا گىتلېرنىڭ ئۇزۇن خېتىنى تاپشۇرۇپ بەردى. كىئانو دەرھال مۇسسولىنىغا تېلېفون بەردى. يېرىم كېچىدە ئويغىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇسسولىنىنىڭ ئوغىسى قايناپ: «مەن ئاخشىمى ئۆزۈمنىڭ چاكارلىرىمنىمۇ پاراكەندە قىلمايمەن. لېكىن نېمىسلار ئادەمنىڭ ھالىغا يەتمەيدىكەن، خالىغان چاغدا ئادەمنى ئويغىتىۋېرىدىكەن» دەپ سۆزلەپ كەتتى.

موسكۋادا، شۇلېنبۇرگ كرېمىل سارىيىغا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. گېرمانىيە موسكۋاغا: سوۋېت ئىتتىپاقى «گېرمانىيىگە ئارقا تەرىپىدىن ئېتىلماقچى» بولۇۋاتقاچقا، فىئورېر گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە «بارلىق كۈچ ۋە چارە بىلەن بۇ تەھدىتكە قارشى تۇرۇش» توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى، دەپ باياناتى ئەۋەتكەنىدى. شۇلېنبۇرگ تەنتەنىلىك ھالدا بۇ باياناتنى ئوقۇپ بەردى. مولوتوۋ جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئاندىن ئازاب بىلەن: «بۇ ئۇرۇش دېمەكتۇر. سىلەرنىڭ ئايروپىلانلىرىڭلار تېخى يېڭىلا بىزنىڭ ئونغا يېقىن كەنتلىرىمىزنى بومباردىمان قىلدى. سىزنىڭچە بىز گە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكمىدى؟» دېدى.

ۋىلىيام كوچىسى. رىببېنتروپ روسىيىنىڭ باش ئەلچىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاڭ سەھەر سائەت تۆتتە قوبۇل قىلىمەن دەپ خەۋەر بەردى.

سىمىت ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئەزەلدىن بۇنداق ئالدىراش ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى، خۇددى قەپەزگە سولاپ قويغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، توختىماي: «روسىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بوپتۇق، فىئورېرنىڭ بۇ قارارى مۇتلەق توغرا» دەيتتى. سىمىت ئۇنى ئۆزىگە ئۆزى شۇ گەپ بىلەن مەدەت بېرىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. «ئۇلارغا ھازىر ھۇجۇم قىلمىساق، ئۇلار چوقۇم بىزگە ھۇجۇم قىلاتتى» دېدى ئۇ يەنە.

دەل سائەت تۆتتە، روسىيىنىڭ باش ئەلچىسى دېكانوزوۋ كىرىپ كەلدى، يەنە تېخى رىببېنتروپقا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازىلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، رىببېنتروپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: «بۇ ھازىر دەيدىغان مەسىلىلەر ئەمەس» دېدى. ئارقىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنى ھەربىي جەھەتتە قارشى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

«كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق بىر مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم.»

دېكانوزوۋ تېزلا ئۆزىگە كېلىپ، ۋەقەنىڭ بۇنداق تەرەققىياتىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى گېرمانىيىگە ئارتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى مۇنداقلا لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشمايلا چىقىپ كەتتى.

بېرلىندىكى مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتىپ، ئەتىگەن سائەت ئالتىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئېچىلىدىغان

مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىغا چاقىرىشتى. بىرنەچچە مۇخبىر ۋىلىيام كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىتىۋاتقان گىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىدى: «گېرمانىيە خەلقى! دۆلەت سوتسىيالىزمى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى! بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى! بىرنەچچە ئايدىن بېرى مەن ھەرخىل ئىشلارنىڭ بېسىمى بىلەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغانىدىم. ئەمدى ھازىر ئاخىر ئىچىمدىكى ئاشكارا دېيدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى.» سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ بېرىدىغان ماددىي ياردەملىرى بىلەن ئوق مەركىزىي دۆلەتلىرىنى تارمار قىلماقچى. شۇڭا «مەن بۈگۈن گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە تاپشۇردۇم. بۇ ئۇرۇشتا خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي».

# توققۇزىنچى باب گىتلېر : نۆۋەت روسىيىگە كەلدى!

△ گىتلېر: سوۋېت ئىتتىپاقى كونىراپ كەتكەن ئەسكى ئۆي، بىر ئىتتىرىشكە پايلىمايدۇ!

△ ستالىن: مەسىلە ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس

△ دىترىھ: ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بىزنى ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلغۇزماقچى بولغان شېرىن چۈشى بەربات بولدى

△ ھالدېر: ئەڭ مۇھىمى، بىز ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى سەل چاغلىدۇق

△ گىتلېر: لېنىنگرادنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋېتىش كېرەك

1941 ـ يىل 22 ـ ئىيۇن (يەكشەنبە) تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ يېرىمدا، گىتلېر ئۇرۇش ئېلان قىلماي، قاراقچىلارنىڭ چارىسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيىنىڭ بېقىندى دۆلەتلىرىدىن ئىتالىيە، فىنلاندىيە، رومىنىيە، ۋېنگرىيىلەرمۇ بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا قاتناشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ھەل قىلغۇچ

خاراكتېرگە ئىگە ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

22 ـ ئىيۇن سەھەردە، بېرلىندىكى ھەرقايسى گېزىتلەر يالاڭ بەتلىك قوشۇمچە خوش خەۋەر سانلىرىنى بېسىپ كوچىلاردا تارقىتىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ بىر ئىتتىپاقدىشىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغانلىق كىشىلەرنى بىر پەس گاڭگىرىتىپ قويىدى. لېكىن يەنە جامائەتتە بىرخىل يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ قىزىل پاچاقلار بىلەن نېمە ئۇچۇن بىرىنچى بولۇپ شەرتنامە تۈزۈشكەنلىكىنى پەقەت ئازلا ئادەم چۈشىنەتتى، شۇڭا گىتلېر گېبېبلىنى دەررۇ چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ مىنىستىرى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە تەشۋىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى: «فىئورېر بولشېۋىكلارنىڭ خائىنلىق قىلغان ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، بىز دۆلەت سوتسىيالىزمچىلىرى، شۇنىڭدەك پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى بىزنى ئالغا يېتەكلىگەن پرىنسىپلار قايتىپ كېلىپ، بولشېۋىكىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك.» ئاخىردا ئۇ، فىئورېر-نىڭ ئۆزىگە بۇ ئۇرۇشنى تۆت ئايدا تاماملايمەن، دەپ كاپالەت بەرگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، «مەن سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، بۇ ئۇرۇشنى تاماملاشقا سەككىز ھەپتىمۇ يېتىدۇ» دېدى.

تاجاۋۇزنى باشلاشتىن ئىلگىرى، گېرمانىيىنىڭ باش ئەلچىسى شۇلېنبۇرگ مولوتوۋغا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يالغانچىلىق ۋە بىمەنە گەپلەرگە توشقان بىر باياناتىنى تاپشۇردى. باياناتتا شۇنداق دېيىلگەنىدى: «گېرمانىيە، گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىگە سادىق بولۇپ كەلگەنىدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.» گېرمانىيىگە قارىتا: «بۇزغۇنچىلىق، تېررورلۇق ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىدە بول-

دى.» سوۋېت ئىتتىپاقى «گېرمانىيىنىڭ ياۋروپادا مۇقىم بىر يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا قارشى تۇردى.» ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ «رومىنىيە ۋە بۇلغارىيىدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.» «بارلىق قوشۇنلىرىنى بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ قارا دېڭىزغىچە بولغان ئۇزۇن ئۇرۇش سېپى» گە توپلاپ گېرمانىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە «تەھدىت» سالغانلىقى ئۈچۈن، «فىيۇرېر گېرمانىيىنىڭ پۈتۈن قورallلىق قىسىملىرىغا بۇنداق تەھلىكىگە قولىدىكى پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى.»

تاجاۋۇزچى قوشۇنلار شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار جەمئىي 190 دىۋىزىيىنى ئىشقا سالغان بولۇپ، 153 دىۋىزىيە پىيادە ئەسكەر، 19 دىۋىزىيە برونېۋىك قىسىم، 14 دىۋىزىيە ماتورلاشقان قىسىم ئىدى، 3 مىڭ 700 تانكا، 4 مىڭ 900 ئايروپىلان، 47 مىڭ زەمبىرەك ۋە 193 ھەربىي پاراخوت بار ئىدى. ئۇلار شىمالدىن بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ جەنۇبتىن قارا دېڭىزغىچە بولغان 2 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق جەڭ لىنىيىسىدە بىراقلا ھۇجۇم باشلىغانىدى. گىتلېر قولاق ئاڭلاپ باقمىغان «چاقماق تېزلىكى» دە ھۇجۇم باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالتە ھەپتىدىن ئىككى ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا گۇمران قىلىۋېتىپ، قىش پەسلىگىچە ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ پو ئېتىپ: «پۈتىمىز بىلەن يەرلا تېپىپ قويساق، ئۇ ئەسكى ئۆي پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ» دېگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە سائەتنىڭ ئىچىدىلا قىزىل ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى 1 مىڭ 200 ئايروپىلانىدىن ئايرىلدى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ قارشىلىقلىرىمۇ بىردەك بولمىدى. ستالىن مەسىلىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، قىزىل ئارمىيىنى

گېرمانىيە زېمىنىغا كىرىشتىن قاتتىق چەكلىدى، ھاۋا ئارمىيىسىمۇ چېگرا ئەتراپىدىكى 150 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى جايلارنىلا بومباردىمان قىلالايتتى. ستالىن يەنە ناتسىستلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا خاتا بېسىپ كىرگەنلىكىگىمۇ ئىشىنەتتى، ئۇرۇشنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق چەكلەشنى ئويلاپ، بىر تەرەپتىن ۋىليام كوچىنى بىلەن سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىشنى تىلەيتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مېيىسكىي ئۇنداق خام خىياللاردا ئەمەس ئىدى، ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرىنى زىيارەت قىلىپ بارغاندا، ئۇنىڭدىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتىش ئۈچۈن گىتلېرنىڭ «تىنچلىق ھۇجۇمى» غا ماقۇل دېيىش خىيالى بارمۇ - يوق، دەپ سورىغاندا، ئۇ مىنىستىر قەتئىي تۈردە، يوق، دەپ جاۋاب بەردى. شۇ كۈنى كەچتە چېرچىل پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سۆزلىگەن تەسىرلىك نۇتقىدا (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ: «ئەگەر گىتلېر دوزاخقا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، مەن تۆۋەن پالاتادا ئۇ يەردىكى ئەرۋاھلارغا پايدىلىق نۇتۇق سۆزلەيمەن» دېگەنىدى) دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئېيتقان ئۇ جاۋابنى ھۆكۈمەتنىڭ پىكرى قىلىپ سۆزلىدى: بىز گىتلېرنى تارمار قىلىشقا ۋە ناتسىستلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇشقا قەتئىي بەل باغلىدۇق. بىزنى ھېچقانداق نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ — توسۇپ قالالمايدۇ. بىز مەڭگۈ سۆھبەت ئۆتكۈزمەيمىز، مەڭگۈ گىتلېر ياكى ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىدە ئولتۇرمايمىز.» چېرچىل ئۆز سۆزىدە يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوستلارغا، ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمىزكى، ھەممىمىز ئاشۇنداق قىلايلى، ئاشۇنداق تەدبىرلەرنى تۈزەيلى ۋە ئۇنى سادىقلىق بىلەن ۋە تەۋرەنمەي ئىجرا قىلايلى!»

نېمىسلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلدى: بىرىنچى باسقۇچتا، ئالدى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ھەربىي رايونىنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتتى، ئاندىن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى، تانكا قىسىملارنىڭ ئالدىدا باشلاپ مېڭىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىككىنچى باسقۇچتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سەپ زاپاس قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئارخانگېلىسكى، ۋولگا، ئاستراخانلارنى بېسىۋالدى.

گىتلېر ئېيتقاندەك، «بارباروسسا پىلانى» قان ۋە ئوتتىن تۈزۈلگەن پىلان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارماقچى، كوممۇنىستلارنى جىسمانىي جەھەتتىن قىيما ـ چىيما قىلىۋەتمەكچى ئىدى.

گېرمانىيە فاشىستلىرى بۇ ئۇرۇشنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم شەكلى بىلەن باشلىدى. ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئايروپىلانلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى، قاتناش تۈگۈنلىرىنى، ھەربىي بازىلارنى، چېگرىغا كېلىۋاتقان قوشۇنلارنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە پاراشۇتچى قىسىملارنى تاشلاپ مۇھىم جايلارنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نەچچە مىڭ زەمبىرەك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا پونكىتلىرىنى، مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى، ئالاقە مەركەزلىرىنى، قوشۇنلارنىڭ توپلىشىپ تۇرغان جايلىرىنى توپقا تۇتۇپ، ئاندىن

ئۇستۇنلۇككە ئىگە تانكا ۋە ماتورلاشقان قىسىملىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ 1 مىڭ 500 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سەپتە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربتىكى 66 ئايرودرومى پاچاقلاپ تاشلاندى، بىرىنچى كۈن ئىچىدە 1 مىڭ 200 ئايروپىلانى چىقىمغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 800 ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپلا پاچاقلىنىپ كەتتى، نۇرغۇن مۇھىم شەھەرلەر، ئالاقە ئۇسكۈنىلىرى، قاتناش تۈگۈنلىرى، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىلىرى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ئىشپىيونلىرىنىڭ زەربىسىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. چېگرىلاردىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرى ئاساسەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، قوشۇنلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. چېگرىلاردىكى نۆۋەتچى قوشۇنلار قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ياردەم كېلىپ تۇرمىغاچقا، بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا گېرمانىيە ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈچ ھەپتە ئىچىدە 300 — 600 كىلومېتر ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىسسارىياتى جەڭ ئەھۋالىنى ئۇقماي تۇرۇپ، 22 - ئىيۇن سائەت يەتتە يېرىمدا 2 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چېگرىدىكى قوشۇنلاردىن شىددەت بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. كەچ سائەت 21 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، دۆلەت مۇداپىئە كومىسسارى «دۈشمەن چېكىندۈرۈل-دى» دەپ بېرىلگەن خاتا مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ، 3 - نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ قىزىل ئارمىيىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاساسىي يۆنىلىشتىكى دۈشمەننى تارمار قىلىشنى، دۈشمەن چېگرىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى كۈتكەن مەقسەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

يەتمەي، زىيان ئىنتايىن زورىيىپ كەتتى. ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ياماۋلاشتى.

گېرمانىيىنىڭ «شىمالىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، لېنىنگرادنى ئىشغال قىلىش ئىدى. 22 ـ ئىيۇن كۈنى، بۇ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە نۇرغۇن ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن شەرقىي پرۇسسىيىدىكى كيونىگسبېرگدىن بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلارغا قارىتا ھۇجۇم قوزغىدى. گۇگۇم مەزگىلىدە، 4 ـ تانكا دىۋىزىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر تانكىلىرى دۇبىسا دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى 8 ـ ۋە 11 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلەر بىرلەشكەن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. 23 ـ ۋە 24 ـ ئىيۇن كۈنلىرى ئۈچ تانكا دىۋىزىيىسى بىلەن قىلغان ھۇجۇمى گېرمانىيىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، نۇرغۇن زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 26 ـ ئىيۇندا، نېمىسلارنىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ يارىلانغان ئەسكەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان كىچىك بىر ئەترىتى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئەترىتى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، غەربىي دۋىنا دەرياسىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، دەريا ئېغىزىنى ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسىملىرى دەريادىن ئۆتۈپ تۇگفوپرسنى بېسىۋالدى. 29 ـ ئىيۇندا، نېمىسلار كرۇستپىلس رايونىدا غەربىي دۋىنا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 1 ـ ئىيۇلدا رىگانى بېسىۋالدى، 5 ـ ئىيۇلدا ئوستروۋنى بېسىۋالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئوستروۋ رايونى بىلەن پسكوۋ رايونىدا قىلغان قايتۇرما ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 9 ـ ئىيۇلدا پسكوۋنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالتىق دېڭىزى فلوتى لىيېپايادىن تاللىنغا

چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ «شىمالىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى 18 كۈن ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 400 — 450 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، لېنىنگراد ئوبلاستىغا يېتىپ كەلدى.

گېرمانىيىنىڭ «مەركىزىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بېلورۇسسىيىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئىدى. 22 - ئىيۇن سەھەردە، «مەركىزىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ 40 دىۋىزىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي سەپ ئوڭ قانات 3 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى نېمان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى 3 - تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، 23 - ئىيۇندا گرودنونى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. غەربىي لىنىيىنىڭ سول قانىتىدىكى 4 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە نېمىس ئايروپىلانلىرى بىلەن زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن كوبرىندىن چېكىنىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي لىنىيىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئىككى قانىتى گېرمانىيىنىڭ تانكىلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ مەركىزىدىكى 10 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىمۇ شۇنداق خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتاتتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈنىدە، غەرب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 14 -، 11 - ۋە 6 - كورپۇسلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا برىست بىلەن گرودنو تەرەپتە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇئەييەن غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھاۋادىن قوغداش ئاجىز بولغاچقا، يېقىلغۇ ۋە ئوق - دورا ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەچكە مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ 3 - تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى ۋىلنيۇسنى بېسىۋېلىپ، مىنسكىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېمىسلارنىڭ 2 - تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى

www.uyghurkitap.com

سلۇتسكىغا يېقىنلاپ كەلدى. مىنسكى خەتەر ئىچىدە قالغانىدى. 25 - ئىيۇندا، غەربىي سەپ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پولوۋ ستالىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 3 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن 10 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلەرنى شەرقتىكى رىتا، سلونىم، مىنسكى تەرەپلەرگە چېكىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئاپتوموبىل ۋە يېقىلغۇ كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار نېمىس ئارمىيىسىدىن قۇتۇلالمىدى. 29 - ئىيۇندا، گېرمانىيىنىڭ 3 -، 2 - تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرى مىنسكىدا ئۇچرىشىپ، بىئاۋىستوك بىلەن سلونىم رايونلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. سوۋېت ئارمىيىسى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن قاتتىق ئېلىشىپ نۇرغۇن چىقىم تارتتى. 3 - ئىيۇلدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى مىنسكىدىن چىقىپ شەرقتە، شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 9 - ئىيۇل كەچتە، ئۇ ئارمىيىنىڭ تانكا قىسىملىرى پولوتسكىدىن چىقىپ، ژلوبىننىڭ ئۇدۇلىدىن غەربىي دۋىنا دەرياسى بىلەن دنېپر دەريالىرىغا قىستاپ كەلدى ۋە ۋىزبوسكىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 22 - ئىيۇندىن 10 - ئىيۇلغىچە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنىغا 450 — 600 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بېلورۇسسىيىنى ئاساسەن ئىشغال قىلىپ بولدى، ئەمدى سمولېنسكى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى.

گېرمانىيىنىڭ «جەنۇبىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى كىيېۋ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۇكرائىنادىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى دنېپرنىڭ غەرب تەرىپىدە يوقىتىش ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پىلانى بويىچە، 6 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن 1 - تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى لۇبلىننىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىدىن شەرققە قاراپ

ئىلگىرىلەپ، كىيېۋنى ئىگىلىگەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، دنېپر دەرياسى ئارقىلىق قارا دېڭىز تەرەپكە يۈرۈش قىلىش، دنېپر دەرياسىنىڭ كېچىككىنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ 17 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيە لىۋېرپول، ۋىنىتسا تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلىش؛ 11 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيە رومىنىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىللە كامنس ـ پودولسكى ۋە موگىلىيوۋ ـ پودولسكى تەرەپتىن ئوكرائىناغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيىسىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىدى. گېرمانىيىنىڭ «جەنۇبىي» گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ 22 ـ ئىيۇندىن كېيىنكى ھۇجۇملىرى بىرقەدەر ئاستا بولۇۋاتاتتى، 24 ـ ئىيۇندا ئاندىن بىرنەچچە دىۋىزىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئۇدۇلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۇبنو تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى كىرپونوس 5 ـ، 6 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيەلەرنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە گېرمانىيىنىڭ 1 ـ تانكا گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن 8 ـ، 9 ـ، 15 ـ، 19 ـ ۋە 20 ـ بىرىگادىلار بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 24 ـ ئىيۇندىن 29 ـ ئىيۇنغىچە لۇتسكى، دۇبنو، برودى ئەتراپلىرىدا ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ تانكا جېڭىنى باشلىۋەتتى. سوۋېت ئارمىيىسىدە بىر تۇتاش قوماندانلىق كەمچىل ۋە قەدەم بىرلىكى يوق بولغاچقا، بۇ قايتۇرما ھۇجۇم مەغلۇپ بولدى. 30 ـ ئىيۇندا لۋوۋ بىلەن روۋنو قولدىن كەتتى. گېرمانىيىنىڭ 1 ـ تانكا گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى كېيىن باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، 4 ـ ئىيۇلدا ئوستروگقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، 9 ـ ئىيۇلدا ژىتومىرنى ئىشغال قىلدى. ئايرىم تانكا قوشۇنلىرى كىيېۋغا يېقىنلىشىپ باردى. 3 ـ ئىيۇلدا، گېرمانىيىنىڭ 11 ـ گۇرۇپپىۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى بىلەن رومىنىيە قوشۇنلىرى موگىلېيوۋ - پودولىسكىيغا يېتىپ بارغانىدى. بۇنىڭ بىلەن كىيېۋلا خەتەرگە ئۇچراپ قالماي، غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىمۇ نېمىسلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى 6 -، 26 - ۋە 12 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنى كوروسكىي، ۋولىنىسكى، شىۋتوفكا، كونا كونىستانتىنوۋكا، پرۇسكۇروۋ، پودولسكى قاتارلىق جايلارغا چېكىندۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى. جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتى كامىنس - پودولسكىنىڭ جەنۇبىغا چېكىندى. گېرمانىيە ئارمىيىسى غەربىي جەنۇب تەرەپكە 300 — 350 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى.

گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئۇزۇندىن بېرى پىلانلاپ كېلىۋاتاتتى. گىتلېر تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنلا سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش سۇيىقەستىنىڭ ئەڭ زور توسالغۇسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى زەربە بېرىش نىشانى دەپ بىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا بولشېۋىكىزمنى يوقىتىش مېنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىم، ناتسىستىزمنىڭ تۈپ ئىدىيىسى، دەپ جار سالغانىدى. ئۆزىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» دېگەن كىتابىدا سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا نومۇسسىزلارچە ھاقارەت ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇ شۇ كىتابىدا غالجىرلىق بىلەن شۇنداق دېگەن: «قانداقلا بولسۇن، شەرققە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش كېرەك. روسىيىنى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش لازىم.» 1940 - يىل 2 - ئىيۇندا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا، گىتلېر: «ئەگەر ئەنگلىيە ھازىر ، ئەقىلگە

كېلىپ بىز بىلەن سۈلھ قىلىدىغان بولسا، ، ئۇ چاغدا مەن ئۇ تەرەپتىن قولۇمنى ئاجرىتىپ، ئۇلۇغ ۋە ھەققانىي ئىشىمنى تاماملاش ئۈچۈن بولشېۋىكىزم بىلەن كۈرەش قىلىغان بولاتتىم.» دېدى. غەربىي ياۋروپادىكى ئۇرۇش تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە، بارلىق دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنىڭ تەھدىتىنى يوقىتىش ۋە ماركسىزم بىلەن كوممۇنىزمنى بەربات قىلىش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كومپارتىيىگە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش فاشىست گېرمانىيىنىڭ بېكىتىپ بولغان يۆنىلىشى.

گىتلېر شۇ خىل ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دېپلوماتىيە، ئىقتىساد، ھەربىي ۋە ستراتېگىيە جەھەتلەردە بىر - بىرىگە ماس ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلغان.

دېپلوماتىيە جەھەتتە، گىتلېر گېرمانىيىنى خەلقئارادىكى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى توپلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىتتىپاق قۇردى. 1940 - يىلى 27 - سېنتەبىردە ئىمزالانغان «گېرمانىيە - ئىتالىيە - ياپونىيە شەرتنامىسى» بىرىنچى بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۇنىڭدىن قالسا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىگە قارشى تۈزۈلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش غەرىزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، «شەرتنامە» بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىر مەۋجۇت سىياسىي ئورنىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، دەۋالغان (تۆتىنچى ماددىسىغا قاراڭ) . ئەمەلىيەتتە، «شەرتنامە»نىڭ رەزىل مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق. گىتلېر ياپونىيىنىڭ يىراق شەرقتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ۋە ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكياننى تالىشىۋاتقان زىددىيىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تىنچ ئوكيان تەرەپكە قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئەنگلىيە بىلەن ئۇلۇق ئوكياننى تالاشماقچى بولغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ھەربىي تەييارلىقلىرىنى كېڭەيتتى، ماددىي ئاساسنى تىكلىۋالدى. ئىشلەپچىقىرىشتا، ئاساسەن پولات سانائىتى بىلەن كۆمۈر سانائىتىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاۋستىرىيىنىڭ تۆمۈرىنى، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مانگاننى، پولشانىڭ كۆمۈرىنى، ۋېنگىرىيىنىڭ قەلەيىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. گېرمانىيە فاشىستلىرى بالقاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەنە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كان بايلىقلىرىنى، ئاشلىقنى، بولۇپمۇ رومىنىيىنىڭ نېفىتىنى زور مىقداردا بۇلاشقا باشلىدى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، گېرمانىيە فاشىستلىرى ئاساسەن ھەربىي قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇردى، قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي خىراجەتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1940 - يىل 1 - سېنتەبىردىن 1941 - يىل 1 - سېنتەبىرگىچە بولغان قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە ئاجراتقان ھەربىي خىراجىتى 61 مىليارد ماركقا يېتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن چىقىمىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ھەربىي قورال ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كەتكەن. گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھەربىي تەييارلىقى، بالقانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازىلارنى قۇرۇش بولدى. 1941 - يىل مارتتا، گېرمانىيە بۇلغارىيىگە، ئاپرېلدا يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلدى.

بالقاننى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، گىتلېر يەنە جەنۇب بىلەن شىمال ئىككى تەرەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغان بازا قۇرۇشقا ئۇرۇندى، جەنۇبتا مىسىر بىلەن ئىراقنى بېسىۋېلىپ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كاۋكاز تەرەپتىن تاجاۋۇز قىلماقچى، شىمالدا فىنلاندىيىنىڭ تۇكۇ پورتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولدى. 10 ـ ئاپرېلدىن 29 ـ ئاپرېلغىچە قۇرۇقلۇققا چىققان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سانى 22 مىڭغا يەتتى. مايدا، «شىمالىي قۇتۇپ كۆك تۈلكىسى» پىلانى بويىچە، فىنلاندىيىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭگە قاتنىشىشنى قارار قىلدى.

گېرمانىيە ستراتېگىيە جەھەتتە «دېڭىز شىرى ئالدامچىلىقى» ئارقىلىق يالغان بىلەن قالايمىقان قىلىش تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىخۇدلاشتۇرۇۋەتتى. گىتلېر شۇنداق دەيدۇ: «روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئاۋۋال تارىختا ئەڭ زور بىر ئالدامچىلىق قىلىش كېرەك.» شۇ مەقسەتتە ئۇچۇن ئۇ نۇرغۇن ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقلارنى قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى گاڭگىرىتىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا پائال تەييارلاندى.

ئۇرۇشنىڭ بېشىدىلا، 22 ـ ئىيۇندىن 9 ـ ئىيۇلغىچە گېرمانىيە قوشۇنلىرى لاتۋىيە، لىتۋا، بېلوروسىيە، ئوكرائىنا، مولداۋىيىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە روسىيىنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئوبلاستلارنى بېسىۋېلىپ، لېنىنگرادقا يېقىنلاپ كەلدى ۋە سمولېنسكىي بىلەن كىيېۋغا تەھدىت سالدى. بۇ جەرياندا سوۋېت ئارمىيىسى زور چىقىمغا ئۇچرىدى. غەربىي چېگرىدىكى 170 دىۋىزىيىنىڭ ئىچىدە 28 دىۋىزىيە يوقىتىلدى. 70 دىۋىزىيىنىڭ ئادەم ۋە قورالىنىڭ يېرىمى چىقىمغا ئۇچرىدى. فرانسىيىلىك ھېنرى مىشىر ئۆزىنىڭ «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى»

www.uyghurkitap.com

ئاملىق كىتابىدا، 18 كۈنلۈك جەڭدە «2 مىڭ ئاپتوموبىللىق ئەسكەر قوراللىرىنى تاشلاپ كەتتى، 300 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى، 3 مىڭ زەمبىرەك، 15 مىڭ تانكا، 2 مىڭ ئايروپىلاندىن ئايرىلدى» دەپ يازدى.

ئۇرۇش باشلىنىپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە، مارشال فون بوكنىڭ ناتسىستلار مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى، 30 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، 15 برونېۋىك ۋە ماتورلاشقان دىۋىزىيىسى بېئالىستوكتىن 700 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ سمولېنسكىيغا يېتىپ كەلدى. موسكۋا 1812 ـ يىلى ناپولېئون ئۆتكەن بۇ يولنىڭ شەرقىگە 300 كىلومېتىر كېلەتتى.

ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشلىرى جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا دەپ ئۈچ يولغا بۆلۈندى. شىمالىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە 29 دىۋىزىيە بىلەن 1000 ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە شەرقىي پرۇسسىيىدىن چىقىپ دۋىنسكى، ئوستروۋ ئارقىلىق ئۇدۇل لېنىنگرادقا قاراپ ماڭدى؛ مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە 51 دىۋىزىيە بىلەن 1500 ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە ۋارشاۋانىڭ شەرقىدىن چىقىپ لېستى، مىنسكى، سمولېنسكى ئارقىلىق موسكۋاغا قاراپ يول ئالدى؛ جەنۇبىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە 63 دىۋىزىيە بىلەن، 1 مىڭ 400 ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە، روبلىن بىلەن دوناي دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا ئۇرۇش باشلاپ، ئۇدۇل كىيېۋغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن لېنىنگراد بىلەن دونباسقا قىستاپ كەلدى.

روسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى شەھىرى — پادىشاھ پېتىر بالتىق دېڭىزى بويىغا قۇرغان پايتەخت لېنىنگراد (بۇرۇنقى نامى پېتىربۇرگ، پېتروگراد) بىلەن ھازىر بولشېۋىكلارنىڭ پايتەختى بولۇپ قالغان قەدىمكى شەھەر موسكۋا گىتلېرنىڭ قارىشىچە تېزلا ئېلىناتتى. ئۇ 18 ـ سېنتەبىردە: «لېنىنگراد ياكى موسكۋا تەسلىم بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىشقا

بولمايدۇ.»، «لېنىنگرادنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋېتىش كېرەك.»، «پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ هاياتلىق ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزغا بولمايدۇ ھەم ھەل قىلماسلىقىمىز كېرەك...» دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، گېببېلس كىشىلىرىگە: «بۇ يىل روسىيىدە 30 مىليون ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ» دېدى.

3 - ئۆكتەبر كۈنى، گىتلېر بېرلىنغا قايتىپ كېلىپ گېرمانىيە خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولدى، دەپ جاكارلىدى. «بۈگۈن شۇنى جاكارلايمەنكى، قىلچە قالدۇرۇپ قويماي جاكارلايمەنكى، — دېدى ئۇ مەغرۇر ھالدا، — شەرقتىكى دۈشمەن مەغلۇپ قىلىندى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى... قىسىملىرىمىزنىڭ ئارقىسىدا مەن 1933 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدىكى گېرمانىيە دۆلىتى زېمىنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان زېمىن تۇرماقتا.»

8 - ئۆكتەبردە، موسكۋانىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەر ئورېئول قولدىن كەتتى. گىتلېر ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئىلان قىلغۇچى ئەمەلدارى ئوتتو دىترىھنى ئايروپىلان بىلەن بېرلىنغا چاقىرتىپ كەلدى. دىترىھ دۇنيادىكى چوڭ گېزىتلەرنىڭ ئاخبارات مۇخبىرلىرىغا مۇنداق دەپ جاكارلىدى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋانى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان مارشال تىموشېنكو باشچىلىقىدىكى «ئاخىرقى بىر مۇكەممەل قىسمى» نېمىس ئارمىيىسىنىڭ موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پولاتتەك ئىككى مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىدە قورشاۋدا قالدى؛ بۇديوننىنىڭ جەنۇبتىكى قىسىملىرى تارمار قىلىنىپ توزۇپ كەتتى؛ مارشال ۋوروشىلوۋنىڭ 60 — 70 دىۋىزىيە كېلىدىغان قىسمى لېنىنگرادتا مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

«ھەر خىل ھەربىي ئەھمىيەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىتىرىخ ئاخىردا كۆرەتكەلەپ، — سوۋېت روسىيىسى مەغلۇپ قىلىندى. ئەنگلىيىنىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش شېرىن چۈشى يوققا چىقتى.»

گىتلېر بىلەن دىتىرىخ پونى بەك بالدۇر ئېتتۇەتكەنىدى. روسىيىلىكلەر 22 - ئىيۇندا تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان، قىسىملىرى ۋە قورال - ياراغلىرى زور زىيانغا ئۇچرىغان، ئارقىغا چېكىنىش جەريانىدا بىر قىسىم قوشۇنلىرى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىيۇلدىن باشلاپ، نېمىس ئارمىيىسى ئەزەلدىن يولۇقۇپ باقمىغان ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈنسېرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ھالدېرنىڭ خاتىرىلىرىدە، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇش سېپىدىكى گېرمانىيە گېنېراللىرىنىڭ دوكلاتلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بىلەن خەلقىنىڭ جان تىكىپ ئېلىشقان، شۇنىڭدەك نېمىس ئارمىيىسىنىڭمۇ پاجىئەلىك چىقىم تارتقان ئەھۋالى خاتىرىلەنگەنىدى.

گېنېرال بلۇمېنترىت كېيىن مۇنداق دەپ يازغان: «مىنىسكنى تالىشىش يولىدىكى تۇنجى ئوپېراتسىيىدىمۇ روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىپادىسى پولشا قوشۇنىنىڭ ۋە غەرب ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغان چاغدىكى ئىپادىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىدى. روسىيە قوشۇنى قورشاۋ ئىچىدە قالغان تەقدىردىمۇ ئىستىھكامىنى چىڭ ساقلاپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.» روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى، قورال - ياراقلىرىنىڭ ياخشىلىقى گىتلېرنىڭ ئويلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى دىۋىزىيىلىرى ئۈزۈلمەي ئۇرۇشقا كىرىپ تۇردى، گېرمانىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ بۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ھالدېر 11 - ئاۋغۇستتىكى خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «بىزنىڭ روسىيىدىن ئىبارەت گىگانت ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي

كۈچى ۋە ترانسپورت كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالغانلىقىمىز ھازىر بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ قالدى. بىز دەسلەپتە دۈشمەننىڭ 200 دىۋىزىيىسى بار دەپ مۆلچەرلىگەنىدۇق، ھازىر بەلگىسى ئېنىقلانغىنى 360 دىۋىزىيىگە يەتتى.» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى شۇ چاغدا 5 مىليون 370 مىڭ ئادەمگە يەتكەنىدى. رۇندستېد ئۇرۇشتىن كېيىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سوراقچىلىرىغا مۇنداق دەپ ئىقرار قىلدى: «ھۇجۇم باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، روسىيە توغرىسىدا بۇرۇن يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق جۆيلۈش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.»

گۇدېرىئان، بلۇمېنترىت ۋە سىپ دىترىخ قاتارلىق گېنېراللار ئۆزلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدا، روسىيىنىڭ T — 34 تىپلىق تانكىسىنى دەسلەپكى قېتىم ئۇچراتقاندا قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ تانكىدىن قىلچىمۇ ئالدىن خەۋىرى يوق ئىكەن. بۇ تانكىنىڭ برونېۋىكى ناھايىتى قېلىن بولغاچقا، گېرمانىيىنىڭ تانكا ئاتىدىغان توپ ئوقى تېگىپ قاڭقىپ كەتكەن، تانكا قىلچىمۇ زەخىملەنمىگەن. بلۇمېنترىت كېيىن مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق برونېۋىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كېيىنكى «تانكا تېررورلۇقى»نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، نېمىسلار يەر يۈزىدىكى قىسىملارنى ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن قوغداش ۋە ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا رازۋېتكا ئېلىپ بېرىش جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى، ئەمدى تۇنجى قېتىم بۇ ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ نەپ ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ئۇرۇش پارتلىغان بىرىنچى كۈنى ئايرودرومدا بومباردىمان قىلىنغان، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە زور زىيان تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى يېڭى دىۋىزىيە ۋە يېڭى پولكلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش ئۆزۈلمەي ئوتتۇرىغا چىقىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتاتتى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسنى يۆنىلىش توغرۇلۇق گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى بىلەن باش شتاب ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ تۇغۇلدى. براۋھىچ بىلەن ھالدېر باشچىلىقىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى پۈتۈن كۈچ بىلەن موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. گىتلېر بولسا ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى ئىدى. ئۇنىڭ ئوكرائىنانىڭ ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان رايونلىرىغا ۋە سانائەت رايونلىرىغا، شۇنىڭدەك كاۋكازدىكى روسىيە نېفىتلىكىگە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرگىنىگە ئۆزۈن بولغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ كىيېۋنىڭ شەرقىدىكى دنېپر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى چىڭ ساقلاۋاتقان بۇديوننى قىسىملىرىنى ئېزىقتۇرۇپ يوقىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى ئەمدى تاپتىم دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ لېنىنگرادنى ئېلىپ، شىمالدا فىنلاندىيە قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇ ئىككى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىدىن شىمالىي يۆنىلىشكە، بولۇپمۇ جەنۇبىي يۆنىلىشكە پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ۋە برونېۋىك دىۋىزىيىدىن بىرنەچچىنى يۆتكەش زۆرۈر ئىدى، موسكۋا ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا، گىتلېر ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك تالانتىنى ياقلىمايدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىرى بىلەن گېنېراللىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە «قارشى ئەسلەتمە» دە ئۇلارنى: «كاللىسىنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەزەرىيىلەر چىرىتىۋەتكەن ئادەملەر» دەپ تىللىدى.

ھالدېر ئەتىسىدىكى خاتىرىسىدە تازا قايناپ: «چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ! ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!» دېگەن. شۇ كۈنى

پۈتۈن يېرىم كۈن ۋە ئاخشىمى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى فون براۋخىچ بىلەن باش قوشۇپ، گىتلېرنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋە باش شتابنىڭ ئىشلىرىغا قىلغان، «يول قويۇشقا بولمايدىغان» مۇداخىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ ئاخىردا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باش قوماندانى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. براۋخىچ ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ھالدېر خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «چۈنكى ئۇ بۇنداق قىلىش ئەمەلىي ئەمەس، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق دەپ قارايدىكەن.» قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بۇ توخۇ يۈرەك مارشالى بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يېفرېيتورىغا بۇرۇنقىدەكلا تىز پۈككەن.

جەنۇبىي يۆنىلىش تەرەپتە، رۇندستېدنىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن گۇدېرىئاننىڭ برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ۋە پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىر ھۇجۇم قوزغىدى. كىيېۋ 19 - سېنتەبىردە قولدىن كەتتى. گىتلېرنىڭ قارىشىچە، بۇ «دۇنيادا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭ ئوپېراتسىيە ئىدى. لېكىن كىيېۋدا چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى گېنېراللىرى بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن گۇمانلانماقتا ئىدى. ئوتتۇرا يۆنىلىشتە، بوكنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى بولمىغان گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى سمولېنىسكنىڭ شەرقىدىكى يىراق بولمىغان دېسنا دەرياسى ئەتراپىدا ئىككى ئايدىن بېرى ئىلگىرىلىمەيۋاتاتتى. كۈزنىڭ يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغانىدى، شۇ چاغدا روسىيىنىڭ يوللىرى پاتقاقلىققا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەر - جاھاننى مۇز قاپلايدىغان زىمىستان قىش كېلەتتى.

شىمالىي يۆنىلىشتە، مارشال فون لېبنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1941 - يىل ئاۋغۇستنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرلىرىدا 32 پىيادىلەر دىۋىزىيىسى، تۆت ماتورلاشقان دىۋىزىيىسى، تۆت تانكا دىۋىزىيىسى، بىر ئاتلىق ئەسكەر بىرىگادىسى، 6 مىڭ زەمبىرەك، 4 مىڭ 500 مىناميوت ۋە 100 ئايروپىلان بىلەن لېنىنگرادقا ھۇجۇم قىلدى. گىتلېر 1 - سېنتەبىرنىڭ ئالدىدا لېنىنگرادنى چوقۇم ئىشغال قىلىمىز، دەپ جار سالدى ھەم بۇ شەھەرنى چوقۇم يەر شارىدىن يوق قىلىۋېتىش كېرەك، دەپ غالجىرلىق بىلەن چۇقان كۆتۈردى.

لېنىنگراد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى چوڭ شەھەر ۋە مۇھىم پورت ۋە سانائەت، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، نوپۇسى ئۈچ مىليون ئىدى. ستالىن ئۇ شەھەردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا چاقىردى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى لېنىنگرادنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى توسكانا، مۇكا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، لېنىنگرادنى شەرق تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالماقچى ۋە نېۋا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى بىلەن مېڭىپ لادوگا كۆلى تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. 9 - سېنتەبىردە، نېمىسلار دالادوگا كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ، شلىشىربۇرگنى بېسىۋېلىپ، لېنىنگرادنى قۇرۇقلۇق تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 900 كۈن داۋاملاشقان لېنىنگرادنى قوغداش جېڭىگە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلاندى.

گىتلېر ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە قامال قىلىش، توختىماي بومباردىمان قىلىش بىلەن لېنىنگرادنى تۈزلىۋېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

ھالدىرمۇ غالجىرلىشىپ، ئۇ يەردىكى ئاچارچىلىق گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ بېرىدۇ، دېدى.

لېنىنگراد خەلقى ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەردە قالغانىدى. پۈتۈن شەھەر مۇھاسىرىدە، قۇرۇقلۇقتا بىرمۇ يول يوق، پەقەت «هايات يولى» دەپ ئاتالغان لادوكا كۆلىلا ئىچكى قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. لېكىن بۇ يول بىلەن كەلگەن تەمىناتلار لېنىنگراد خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شەھەردە تېز ئارىدا ئاچارچىلىق باشلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ كۈندىلىك يەيدىغان بولكىسى يەتتە سەر توققۇز مىسقالغا چۈشۈپ قالدى، بالىلار بىلەن كېسەللەرنىڭ ۋە ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ كۈندىلىك نورمىسى ئۈچ سەر توققۇز مىسقال ئىدى.

لېكىن قەھرىمان لېنىنگراد ئارمىيە ۋە خەلقى گىتلېرنىڭ مۇھاسىرىسى ۋە بومباردىمانلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى، ئاچارچىلىقتىمۇ تىز پۈكمىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، نېمىس باسقۇنچىلىرى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. شەھەردىكى ھەرخىل مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتتى. ئىشچىلار دۈشمەننىڭ توپ ئوقلىرى ئاستىدىمۇ خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ئايرىلماي، داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ئۆزىنى قوغداش كۈرەشلىرى مەڭگۈ بۇزۇلماس پولات تامدەك نېمىسلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى. گېرمانىيىنىڭ فاشىست ئارمىيىسى بۇ قەھرىمان شەھەرگە زادىلا بېسىپ كىرەلمىدى.

گىتلېر ئەسلىدە لېنىنگرادنى ئالغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى شەرقىي شىمال تەرەپتىن يۆتكەپ كېلىپ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ تەتۈرىسىچە، لېنىنگرادنى ئالالمىدى. ئۇلار لېنىنگرادقا زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇ شەھەر يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

بۇ ئەھۋال گىتلېرنىڭ پۈتۈن پىلانىنى يەنە بىر قېتىم قالايمىقانلاشتۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىش نىيىتىدىن ۋاقىتىنچە ياندۇرۇپ، ھۇجۇم نىشانىنى موسكۋاغا قارىتىشقا مەجبۇر قىلدى.



www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب گىتلېر: كىيېۋ جېڭى دۇنيا تارىخىدا ئەڭ ئۇلۇغ بىر جەڭ بولۇپ قالغۇسى

△ گىتلېر: گېنېراللىرىمنىڭ ھەربىي ئىقتىسادتىن قىلچە خەۋىرى يوق

△ گىتلېر گۇدېرىئانغا: ئوڭغا بۇرۇل! كىيېۋغا قاراپ ئالغا! دېدى

△ ستالىن بۇدىيوننىنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتتى

△ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى: بىز گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە يول ئېچىۋاتىمىز

△ ستالىن: كىيېۋنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش كېرەك

△ تىموشېنكو چارىسىز قالدى

△ ئوبوستۇېرد: ئىمپېرىيە بايرىقى كىيېۋ ئاسمىنىدا لەپىلدىسۇن!

△ غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى بەربات بولدى

1941 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇستتا، گېرمانىيىنىڭ «مەركىزىي» گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى بىلەن «جەنۇبىي» گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىدى. ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقى 350 كىلومېتر كېلەتتى. تۈز سىزىق لىنىيىسىنىڭ مەركىزى بىلەن ئارقا سەپنىڭ ئارىلىقىمۇ 550 كىلومېتر بار ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە كېتىۋاتاتتى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇب كورپۇسى دەل مۇشۇ ئۈچ بۇرجەك رايوندا ئىدى. گىتلېر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، 21 ـ ئاۋغۇستتا 35 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ گېرمانىيە قوشۇنلىرىدىن قىرىم بىلەن دونېتسنىڭ سانائەت رايونلىرىنى بېسىۋېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق روسىيىنىڭ كاۋكازغا بارىدىغان نېفىت تەمىنات لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇيرۇقتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى يوقىتىش، گۇدېرىئاننى بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىگە قوماندانلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

گۇدېرىئان برونېۋىك قوشۇننىڭ قۇرغۇچىسى ۋە «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش» نىڭ مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ «فىئورېرنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا قىزىقمىدى» ھەم 2 ـ برونېۋىك گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىدىن ئەسكەر يۆتكەشكە قارشى چىقتى. 23 ـ ئاۋغۇستتا، گۇدېرىئان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا كېلىپ گىتلېر بىلەن كۆرۈشتى. گىتلېر ئۇنىڭ خىلمۇ خىل سەۋەبلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. ئاخىردا: «مېنىڭ گېنېراللىرىمنىڭ ھەربىي ئىقتىسادتىن قىلچە خەۋىرى يوق»

دېدى. بۇ بىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئاشكارىلىغانىدى: ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئويلىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ گۇدېرىئانغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەمدىكى نىشان كىيېۋ، دېدى. گۇدېرىئان ئۆزىنىڭ «فيۇرېر»نى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، ئەتراپتا تۇرغان گېنېراللارمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ گىتلېرنى قوللىدى.

گۇدېرىئان ئۆزى يالغۇز بولۇپ قېلىپ تالىشىشقا ئامالسىز قالدى. ئاخىردا ئۇ گىتلېردىن ئۆزىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرىنى پارچىلىۋەتمەي، سوغۇق چۈشكىچە جەڭ نىشانىغا يېتىۋېلىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. گىتلېر ئۇنىڭ تەلىپىنى تەستىقلىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى ھالدېر گىتلېرنىڭ ئەسلىدىكى پىلانىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئۇ گۇدېرىئاننىڭ پۈتۈن برونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى بىراقلا ئىشقا سېلىشقا قوشۇلمايتتى، لېكىن گۇدېرىئان زادىلا يول قويمىدى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى گەپكە كىرگۈزەلمەي تارقاپ كېتىشتى. لېكىن گۇدېرىئان قوماندانلىق شتابىغا بارغاندا، ئۇنىڭ برونېۋىكلىرى بۆلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغانىدى، نەتىجىدە، گۇدېرىئاننىڭ پۈتۈن ئەجرى يوققا چىقتى.

24 - ئاۋغۇستتا، گۇدېرىئان ئۆزىنىڭ 2 - برونېۋىك ئارمىيىسىدىن 74 ماتورلاشقان قىسىمنى ئوڭ قاناتقا، 47 ماتورلاشقان قىسىمنى سول قاناتقا قويۇپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بىر بۇيرۇققا ئامالسىز قول قويدى. 25 - ئاۋغۇستتا، گۇدېرىئان 2 - برونېۋىك ئارمىيىسىنى «مەركىزىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىدىن ئايرىپ چىقىپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلدى.

2 - برونېۋىك قىسىم جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىمسلارنىڭ «جەنۇبىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى كىيىۋنى قوغداۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 5 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى كىيىۋنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، گىتلېرنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلدى.

27 - ئاۋغۇستتا، ئۇلار گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىغا ئۆزىنىڭ جەڭ پىلانىنى سۇنۇپ، 2 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن ئەسلىدە «مەركىزىي» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە تەۋە بولغان 2 - برونېۋىك قىسمىنى تەڭ ئىشلىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17 - كىيېۋ ھەربىي رايون ئارمىيىسىنى جەنۇب بىلەن شىمالدىن تەڭ قورشاپ يوقىتىش تەكلىپىنى بەردى. مۇھاسىرىگە ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، گېرمانىيىنىڭ 17 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى دنېپر دەرياسىدىن ئۆتۈپ 1 - برونېۋىك قىسىم ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، تېز ۋاقىت ۋە تېز سۈرئەتتە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كەينىي تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشنىمۇ ئويلاشتى. 2 - برونېۋىك قىسىم شىمالدىن جەنۇبقا ھۇجۇم قوزغاپ، 1 - برونېۋىك قىسىم بىلەن كىيېۋنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇچرىشىپ مۇھاسىرىگە ئالماقچى بولۇشتى.

31 - ئاۋغۇستتا، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، گېرمانىيىنىڭ 17 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ قارىمىقىدىكى 11 - كورپۇس، 52 - كورپۇس دنېپر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كرېمېنچۇگتا ئاكوپ - پوتەيلەرنى ياسىدى. بۇ چاغدا نېمىس قوشۇنلىرى كىيېۋنى ئاساسەن قورشاۋغا ئېلىپ بولغانىدى، ئەمما قورشاۋ ئىچىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، ستالىن گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۈچۈن چوڭ بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا،

ستالىن بىلەن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشلىرىنى سېزىپ قالغانىدى. لېكىن ستالىن غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنى چېكىنىشنى توختىتىپ، ئەسلى ئورنىغا قايتىش، ھەرقانداق چىقىمغا قارىماي، گىسنا، سۇلا، دنېپر دەريالىرىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى قوغداش، دونېتس سانائەت رايونىدىن شەرققە ئېلىپ ماڭغان ماددىي بۇيۇملارنى غەربىي رايونغا يۆتكەش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە زور تۈركۈمدە باشقا جايلاردىن بۇ يەرگە ئەسكەر يۆتكىدى، ئۇلار گىسنا دەرياسى بىلەن دنېپر دەرياسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان رايوننى قوغدىماقچى ئىدى، كىيېۋ بولسا شۇ رايوننىڭ ئەڭ ئالدىغا جايلاشقانىدى.

كىيېۋ دنېپر دەرياسىنىڭ ئوڭ قاسنىقىغا جايلاشقانىدى. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ شەھەرنى كىي، شوك، ھورفو دەيدىغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بەرپا قىلغان بولۇپ، شەھەرگە بىرىنچى ئادەمنىڭ ئىسمى قويۇلغانىكەن. مىلادى 864 ـ يىلى، كىيېۋنى نوۋگورودلۇق نورمانلار بېسىۋالغان. 882 ـ يىلى كىيېۋ كىنەزى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان. 106 يىلدىن كېيىن، بۇ شەھەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىنىي مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. كېيىن موڭغۇللار كېلىپ، 1240 ـ يىلى كىيېۋنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. بىر مەزگىلگىچە ۋەيرانە پېتى يېتىپ، كېيىن يەنە گۈللىنىپ شەھەر بەرپا بولۇشقا باشلىدى. 1320 ـ يىلى كىيېۋ لىتۋانىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى، 1569 ـ يىلى پولشا تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى، 1686 ـ يىلى چار پادىشاھ تارتىۋالدى. 1917 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلغىچە، كىيېۋ مۇستەقىل ئوكرائىنانىڭ پايتەختى ئىدى، 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى ئوكرائىنا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى.

1939 ـ يىلى، كىيېۋنىڭ ئاھالىسى 846 مىڭ بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ئۇكرائىنانىڭ مەدەنىيەت - ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ قالدى. بىر ئۇنىۋېرسىتېت، بىر نەچچە مۇزېي، بىر قىرائەتخانا ۋە ھەرخىل سانائەت شىركەتلىرى، پاراخوت زاۋۇتى بار ئىدى.

1 - سېنتەبىردە، 27 - گورۇپپىۋوي ئارمىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كرېمېنچۇگدىكى تاسادىپىي كۆرسەتكەن ئازغىنا قارشىلىقىنى يېڭىپ، ئۇ يەرگە پوتەيلەرنى سالدى. بۇ چاغدا جەنۇبىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋەزىيەتنى تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلغانىدى:

«قارىغاندا، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي - جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 38 -، 26 -، 5 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنىڭ قوماندانلىقى ھازىرغىچە كۈچلۈك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. دېسنا دەرياسىنىڭ غەربىي - شىمال رايونىدىكى قىزىل ئارمىيە 2 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قىستىشى بىلەن 6 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىمىزنىڭ دنېپر دەرياسىدىكى ئىستىھكاملىرىغا بارغانسېرى كۈچلۈك بېسىم بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قىزىل ئارمىيە كىيېۋنى تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىمۇ 6 -، 2 - گورۇپپىۋوي ئارمىيەلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى، شۇڭا بىزنىڭ گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىمىزنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى — دۈشمەن ئارمىيىسىنى گىسنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا مەھكەم ئىسكەنجىگە ئېلىش.»

قورۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ قورۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى، مارشال فون رۇندستېد بۇ ئىشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا موسكۋاغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئىككى تەرەپتىن قارشىلىققا ئۇچرىماي ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىيېۋنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

چۈشىنەتتى.

شۇ كۈنى، فون رۇندستېد قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ۋەزىيەتنى تەپسىلىي تەھلىل قىلغان بىر دوكلاتنى سۇنۇپ، كىيىۋ ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 ـ سېنتەبىردە سۇنۇلغان بۇ دوكلاتتا ئالاھىدە تەكىتلەپ شۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئەگەر شەرقىي ئۇكرائىنا چېگرىسى ئىچىدىكى دۈشمەن يوقىتىلمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جەنۇبىي ياكى مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ جەڭنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالمايدۇ. بۇ ئىككى ئارمىيىنىڭ ھازىرقى ھەرىكەتلىرىدە ئىلگىرىلەش ئىنتايىن چوڭ، شۇڭا ئۇلارنى ئەمدى موسكۋا ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشتۇرىمىز دېيىدىغان بولساق، ئېنىقكى، كېچىككەن بولىمىز.

فون رۇندستېد ئۆزىنىڭ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا ئاللىبۇرۇن ئاتلانغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى شۇنىڭغىچە سۈس قاراپ كېلىۋاتاتتى. جەنۇبىي گورۇپپىۋوي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئاشۇ تەپسىلىي دوكلات ئارقىلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئاساسىي بۇيرۇقنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلىشنى ئويلىدى، جەنۇبىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك فون زودېستېئىن 1 ـ سېنتەبىردە 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى پولكوۋنىك فون ۋېسلېگە يازغان خۇسۇسىي خېتىدە مارشال رۇندستېدنىڭ قايغۇسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «موسكۋانى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بودىيوننىنى مەغلۇپ قىلىش كېرەك، قانچە تېز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا شۇنچە ياخشى.»

قوشۇنلار قوماندانلىق شتابى تېخىچە ئىنكاس قايتۇرمايۋاتاتتى. ئاخىر بولماي، مارشال فون رۇندستېد ھەرىكەت قوللىنىشقا باشلىدى. 4 - سېنتەبىردە، ئۇ 17 - گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنى مىرگورود - لىۋبىن لىنىيىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۆتۈشكە، بىرلا ۋاقىتتا يەنە 1 - گۇرۇپپىۋى برونىۋىك ئارمىيىسىنى كىسوگېل - پولتاۋا لىنىيىسىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

گېرمانىيە قوشۇنلار ئارمىيىسى مەركىزىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيە بىلەن شىمالىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيە شۇ كۈنلەردە خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى، كەسكىن قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارغانسېرى كۆپ ئەسكىرىي كۈچىنى گىسنا دەرياسى بىلەن دنېپر دەرياسى بويلىرىدىكى لىنىيىلەرگە قويۇۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ جەڭنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى قوللىرىغا ئېلىشتى.

6 - سېنتەبىردە، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جەنۇبىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيىگە شۇنداق دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى: «جەنۇبىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيە پرىنسىپ جەھەتتە، دنېپر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئالدىبۇرۇن باشلانغان ئۇرۇشقا پىلان بويىچە قاتنىشىدۇ. باش قوماندان مەركىزىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭلەرگە ئاتلىنىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بۇ بىرلەشمە جەڭنى تېز ئاياغلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

قوشۇنلار ئارمىيە قوماندانلىق شتابى 6 - سېنتەبىردىن باشلاپ، بۇ بىرلەشمە جەڭنىڭ قوماندانلىقىغا زور كۈچ بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. جەنۇبىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان ھەرىكەتلىرى پرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلۇشقا

ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزگىرىش بار ئىدى، يەنى 1 ـ برونېۋىك قىسىم پولتاۋا تەرەپكە ئەمەس، بەلكى زومنى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى ھەم ئۇ يەردە 2 ـ برونېۋىك قىسىم بىلەن ئالاقىلىشىۋالغانىدى. 17 ـ گۋاردىيە ئارمىيىنىڭ كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچى شەرقىي قاناتنى ساقلاۋاتاتتى، بىرلەشمە جەڭگە پەقەت بىرلا كورپۇس قاتنىشىۋاتاتتى.

7 ـ سېنتەبىردە، ھالدېر ئۆزى ئومانغا كەلدى. فون روندستېدنىڭ قوماندانلىق شتابى شۇ يەردە ئىدى. باش شتاب باشلىقى ھالدېر دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مارشال فون روندستېد ۋە ئۇنىڭ شتاب باشلىقى بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە جەنۇبىي گۋاردىيە ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ 8 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ بۇيرۇق بويىچە قوشۇنلار ئاخىرقى ھېسابتا بىرلەشمە ھۇجۇمغا قاتناشتى. بۇيرۇقنىڭ 3 ـ ماددىسىدا بۇ قېتىمقى بىرلەشمە جەڭنىڭ نىشانى بېكىتىلگەنىدى.

«كرېمېنچۇگ، نېسنىڭ، كونوتوپ رايونلىرىدىن يولغا چىقىپ، دنېپر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بىلەن دېسنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنى قورشاپ يوقىتىش كېرەك.»

بۇنىڭ بىلەن، كىيېۋ بىرلەشمە جېڭى — 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى تېپىك يوقىتىش ئۇرۇشى — ئاندىن «رەسمىي» باشلاندى. گېرمانىيىنىڭ ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر گۋاردىيە ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچى ئىككى برونېۋىك قىسىم (جەمئىي 581 تانكا)، 4 ـ ھاۋا ئارمىيە چوڭ ئەترىتى (203 بومباردىمانچى ئايروپىلان، 166 قىرغۇچى ئايروپىلان، 39 ئېغىر تېپلىق قىرغۇچى ئايروپىلان، 60 كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە 13 رازۋېتكا ئايروپىلانى) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە گۋاردىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوكرائىنادا جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

گۇدېرىئاننىڭ 2 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى بۇ ئامبۇر شەكىللىك ھۇجۇم يۆنىلىشىنىڭ سول قانىتىدا ئىدى. لېكىن بۇ ئارمىيىدىن بىر كورپۇسلا ئۇرۇشقا كىرەلىدى، چۈنكى يەنە بىر كورپۇس (47 ـ ماتورلاشقان كورپۇس) پۇتكۇل شەرقىي قاناتنى قوغدىشى كېرەك ئىدى. بۇ پالاكەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش گۇدېرىئاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەس ئىدى، گۇدېرىئانغا قويۇپ بەرسە، شەرقىي قاناتنى قوغدىمايلا، ئىككى كورپۇس برونېۋىكلىرى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، بۇ بىرلەشمە جەڭنى تېزلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ پىلانى ھەرقانداق قىلىسمۇ ئەمەلگە ئاشمايتتى، چۈنكى گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى 47 ـ ماتورلاشقان كورپۇسنىڭ دېسنا دەرياسىنىڭ شەرقىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. گۇرۇپپىۋىي ئارمىيەلەر بىلەن برونېۋىك گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى، ھەتتا بەزىلەر گۇدېرىئاننىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىماقچىمۇ بولۇشتى.

3 ـ سېنتەبىردە، 2 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى 24 ـ ماتورلاشقان كورپۇسنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكىتىگە قارىتا بۇيرۇق چىقاردى. بۇ ئاددىي بۇيرۇقتا شۇنداق دېيىلگەن: «دۈشمەن 2 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ سول تەرىپى بىلەن شەرقىي ـ جەنۇب تەرەپكە قاراپ چېكىنىۋاتىدۇ. 2 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى ئوڭ تەرەپتىن دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغىسۇن، 24 ـ ماتورلاشقان كورپۇس باخماچ ـ كونوتوپ لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلىسۇن . . . ئاندىن 10 ـ ماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر دېۋىزىيىسى كورۇپۇ كۆۋرۈكىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىسۇن. . . »

بۇ ھۇجۇم بىلەن 10 ـ ماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر

دۈشمەن بىرونىپۇلك دۈشمەن بىرىسى كەينى تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتتىن قۇتۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 4 ـ بىرونىپۇلك دۈشمەن بىرىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتىغا تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىرىپ، نەتىجىدە سوۋېت ئارمىيىسى سېيىم دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى.

7 ـ سېنتەبىردە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى دۈشمەن بىرىلىرى سېيىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى شۇندىلا دۈشمەن بىرونىپۇلك قىسىملىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينى تەرىپىدە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. گېنېرال مايور پوتاپوۋ مارشال بۇدىيوننىدىن ئېمىسلار بۇ يولنى كېسىپ تاشلاشتىن ئىلگىرى قوشۇننى شەرققە چېكىندۈرۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە چېكىنىشنىڭ ئېمىلىكىنى بىلمىگەن بۇ ياشانغان قەھرىمان ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپ يېتىپ، چېكىنىشكە قوشۇلدى.

بۇ چېكىنىشكە موسكۋا ئاربىلىشىپ، ستالىن ھەرقانداق قىسىمنىڭ چېكىنىشىگە قەتئىي يول قويمىدى. ئېمىسلارنىڭ 3ـ بىرونىپۇلك دۈشمەن بىرىسىنىڭ زەربىسىدە «بۇراسكىنىڭ يۇنىلىش ئارمىيىسى» بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان 21 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنى بۇدىيوننىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ستالىن بۇدىيوننىدا يېتەرلىك كۈچ بولسىلا گۇدېرىيانىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئۇ بۇدىيوننىڭ چېكىنىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەچكە، بۇ قېرى كازاك گېنېرالغا تېزلا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى.

سوۋېت ئارمىيىسى گاسنا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېكىنگەندىن كېيىن، 8 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ چېرنوۋس ـ نېژىن تۆمۈريولىنى بويلاپ مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇشقا باشلىدى. ھازىر چېرنىكوۋ شەھىرىنىڭ شىمالىغا سوزۇلغان ئەگ ئۈزۈن ئارىلىقى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قولىدا ئىدى. مەشەدە مۇداپىئە قۇرغان سوۋېت ئارمىيىسى مۇداپىئەسىنى ئۈچ تەرەپكە تەڭ يېيىشقا مەجبۇر بولدى. نېمىسلارنىڭ 98 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ بىر قىسمى جەنۇب تەرەپتىن بۇياققا يېتىپ كەلگەن ھەم 17 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىۋالغانىدى. شۇڭا بۇ يەردىكى سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن ئالاقىلىشىشىغا پەقەت شەرقىي ـ جەنۇب تەرەپتە تار بىرلا يول بار ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماق ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى. نېمىسلارنىڭ 43 ـ كورپۇسى دەل ئاشۇ بۆسۈلگەن جايلارنىڭ بىرىگە كىرىۋالغانىدى. سوۋېت قوشۇنلىرى مەلۇم رايونلاردا ھەرخىل شەكىللەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشقانىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى پارچىلىنىپ كەتتى، ئاز بىر قىسمىلا 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ تۇرۇشلۇق يەرلىرىدە جەڭ قىلىشىۋاتاتتى. 10 ـ سېنتەبىردە، 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى فون ۋېكس قوشۇنلىرىغا تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق چۈشۈردى:

«دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى، ناچار يول ۋە توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر سىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىڭلار بىرنەچچە كۈن

ئىچىدە باشلىنىدىغان زور كۆلەملىك جەڭلەر ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. بىز دۈشمەننى مۇشۇ جايدا مۇھاسىرىگە ئالىمىز ۋە يوقىتىمىز. سىلەر شۇنچە كۆپ جاپالىق جەڭلەرنى قىلغاندىن كېيىن دەم ئېلىشىڭلار كېرەك ئىدى. بىراق بىزنىڭ 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەننى تېز سۈرئەتتە يوقىتىش، چېكىندۈرۈش ئىشى تۇرۇپتۇ. بىز ئۈچۈن ھەر بىر سائەت ۋاقىت قىممەتلىك، غەلىبىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بۇ بىرلەشمە جەڭگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك،»

ئەمدى نۆۋەت مارشال فون لېبنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشىغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدا 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە دېسنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىدىن تېز سۈرئەتتە دنېپر دەرياسىدىن، كىيېۋنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە قوماندانىنىڭ قارىشىچە، كىيېۋنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي بولغاچقا، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن ئۆتۈشكە كۈچى يەتمەيتتى، شۇڭا 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ ئالغا بېسىشىغا يول ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن، 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە چېرنوۋس ئەتراپىدا بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىشى كېرەك ئىدى.

6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى 1941 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىردە چۈشۈرگەن قىسقا بۇيرۇقىدا كىيېۋنىڭ شىمالىدىكى كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكاملىرىنىڭ ئەھمىيىتىگە ناھايىتى ئېنىق چۈشەنچە بەرگەن:

«دنېپر دەرياسىدىكى كۆۋرۈك ئىستىھكاملىرىدا تۇرۇۋاتقان كوماندىر ـ جەڭچىلەر، سىلەر ھۇجۇم، مۇداپىئە ۋە جاپالىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەشغۇلاتلار داۋامىدا ئاجايىپ زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتتىڭلار، بىز ھازىر گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن يول ئېچىۋاتىمىز!»

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئاللىبۇرۇن باشلانغان يوقىتىش جېڭىنىڭ پۈتۈن كۆلىمىگە تېخىچە توغرا ھۆكۈم قىلالمىغانىدى. ئۇلار پەقەت ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەرگە قارىماي كېيىنكى قوغداپ قېلىشقىلا تەييارلىق قىلدى، شۇڭا ئۇلار دېسنا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوسجېرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى، ھەتتا چېرنوۋسىنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىغا قوشۇن يۆتكەپ كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇن يۆتكىشى دېسنا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى نېمىسلارنىڭ 98 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈچۈن ياخشىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى پولكلىرى شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ، موروۋسكىيدىن چېرنوۋسقىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىمولىنىنى ئىشغال قىلدى. 98 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، ئارقىدىنلا شىمالدىن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلغان 17 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ئۇ سوۋېت قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدى. كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ بۇ ئىككى دىۋىزىيىسى ئۇلارنىڭ ئۇ قوشۇنلىرىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا تارمار قىلدى.

11 ـ سېنتەبىردە، غەربتىن شەرققە ھۇجۇم قىلغان 6 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن شىمالدىن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلغان 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە شۇ يەردە ئۇچراشتى. 6 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە ئۆزىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ دنېپىر دەرياسى بىلەن دېسنا دەرياسىدىن ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى يەنە كېيىنكى بىرلەشمە جەڭگە قاتنىشىشتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەرىكەت

ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدى.

مارشال فون لېسىن بىر بۇيرۇقىدا بۇ جەڭگە شۇنداق باھا بەرگەن:

«جەنۇبتىكى جەڭ مەيدانىدا ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش باشلاندى، جەنۇبتىن تارتىپ شىمالغىچە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى بارغانلىكى يەرلىرىدە دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

بىزنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىمىزنىڭ شىمال قانىتىدىكى قەھرىمان 51 ـ كورپۇس دنېپر دەرياسى بىلەن دېسنا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى ئىنتايىن مۇشكۈل، يەر تۈزۈلۈشلىرى پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلارنى، يەر ۋە ئاسماندىكى دۈشمەنلەرنى يەڭگەندىن كېيىن قولغا كەلگەن، شۇڭا ئۇلار ئالىي مۇكاپاتلارغا لايىق. سوۋېت ئارمىيىسى بۇنداق تېز ھۇجۇمنى ئويلاپ باقمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. ھازىر يېڭى ھەرىكەت يولى ئېچىلدى.

6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، بۇ ئەھۋاللار سىلەرنىڭ ئۆتكەن بىر ئايدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن چارچاپ ھالىڭلاردىن كەتمىگەنلىكىڭلارنى، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى دۈشمەنلىرىمىزگە ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ قويدى.

قىزىل ئارمىيە جەنۇبىي جەڭ سېپىدە گۇمران بولۇش ھارپىسىدا تۇرماقتا.

ھازىر غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلار سىلەرنىڭ تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەتلىرىڭلار بىلەن غەلىبەڭلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرماقتا.

ئالغا! دۈشمەنگە قاراپ ئۇررا!

28 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن سائەت سەككىز، جەنۇبىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە «ئىككىنچى قەدەمدىكى بارباروسسا جەڭ پىلانى» توغرۇلۇق 7 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇيرۇقنىڭ بىشىدىلا پۈتكۈل دۈشمەن ئەھۋالى تەھلىل قىلىنغان ۋە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ دنېپر تەرەپكە چېكىنىشى پەرەز قىلىنغانىدى، شۇڭا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە دەرھال كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى.

1941 ـ يىلى سېنتەبىردە، نېمىسلارنىڭ 52 ـ كورپۇسى كرىيوپكا كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسى كرىيوپكىغا نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى، بۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەرنى بەرگۈسى يوقلۇقىنى، ھامان بىر كۈنى كۆۋرۈكنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

جەنۇبىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ خىيالى بويىچە، 1 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتكەن قورشاپ يوقىتىش جېڭىگە قاتناشماسلىقى كېرەك ئىدى. جەنۇبىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ 4 ـ سېنتەبىردىكى ئۇرۇش خاتىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان:

«كۆۋرۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 17 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن شىمالدىكى مىرگورود ـ لۇبنى (بۇ يەر ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى) لىنىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن مەقسەت، لېتس ـ نېژىن لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي ـ جەنۇب تەرەپكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان 6 ـ، 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە ماسلىشىپ، دنېپرنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بىلەن كىيېۋنىڭ شەرقىدىكى دۈشمەننى يوقىتىش. 17 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ يىراقتا بېرىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىشىگە كراسنوگراد ـ پولتاۋادىن ئۆتۈپ كەتكەن 1 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ياردەم بېرىدۇ.»

قورۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بۇ پىلانغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ئۇلار 1 ـ برونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى مۇھاسىرىنى بوغۇشتا ئاساسىي كۈچ ئورنىدا ئىشلەتمەكچى بولۇشقانىدى، جەنۇبىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە 11 ـ

سېنتەبىردىكى جەڭ خاتىرىسىدە بۇ پىلان توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:

«بىرىنچى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى بىلەن كۈچەيتىلگەن 1 - برونېۋىك گۇرۇپپېۋوي ئارمىيە كرېمېنچۇگ كۆۋرۈكىدىن چىقىپ رومنى - سۇلا دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، 2 - برونېۋىك گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىسى باخماچ - رومنى لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ۋەزىپىسى لومان دەرياسى بىلەن سۇلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 2 -، 6 - گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىلىرىنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەننىڭ كەينى لەرىپىگە ئۆتۈش.

17 - گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى پولتاۋا - خاركوۋ تەرەپكە ئىلگىرىلەپ شەرقىي قانىتىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

برونېۋىك قىسىملارنى مۇشۇنداق ئىشلىتىش پىلانى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ مەقسىتىگە ماس كەلگەچكە، جەنۇبىي گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى بۇ پىلاننى ئىككى كۈن ئىلگىرى چۈشۈرگەن 8 - نومۇرلۇق بۇيرۇقنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ بۇيرۇق بويىچە بولغاندا، 1 - برونېۋىك گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ، غەربتىكى سۇلا دەرياسى لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، رومنى بىلەن لۇبنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇلا دەرياسى توغرا كېلىدىغان جايىنى قامال قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇ جايدىن چېكىنىشىنى 17 - گۇرۇپپېۋوي ئارمىيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە توسۇپ تۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەھۋالغا قاراپ باشقا جايلارغا قاراپ يۈرۈش قىلاتتى.

13 - سېنتەبىر كۈنى كەچقۇرۇن، جەڭ مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «غەربىي - جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ تەقدىرىنىڭ بىر تەرەپ بولىدىغانلىقىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گېرمانىيىنىڭ 17 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى كرېمېنچۇگدا مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغان چاغدىن باشلاپلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئارمىيىسى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى سەزگەنىدى. گېنېرال پولكوۋنىك كىرپونوس 9 ـ سېنتەبىردىلا 5 ـ، 37 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنى دېسنا دەرياسى تەرەپكە چېكىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

شۇ كۈنى ئۇ بۇدىيوننىغا ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىدە زاپاس قوشۇننىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، مارشال بۇدىيوننى بۇ سەۋەبلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ھەربىي كومىسسار خرۇششېۋ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 11 ـ سېنتەبىر كۈنى موسكۋاغا دوكلات سۇندى:

«غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي كومىسسارىياتىنىڭ قارىشىچە، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن، يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپكە چېكىنىشىنى تەلەپ قىلىشى ئورۇنلۇق. دۈشمەننىڭ مەقسىتى يۆنىلىش ئارمىيىسىنى نوۋگورود ـ سېۋېرسكىي بىلەن كرېمېنچۇگ تەرەپتىن قورشاش. دۈشمەننىڭ بۇ سۈيقەستىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك گورۇپپىۋوي ئارمىيىلەرنى ئىشقا سېلىش كېرەك. لېكىن «غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ. ئەگەر ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇنداق كۈچلۈك ئارمىيىنى توپلاشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمىسە، ئۇ چاغدا «غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» ئارقىغا چېكىنمەي بولمايدۇ. چېكىنىش قانچىكى كەينىگە سۈرۈلسە، قوشۇن بىلەن تېخنىكىلىق قورالLARنىڭ زىيىنى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.»

گېنېرال پولكوۋنىك كىرپونوس مارشال بۇدىيوننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 11 ـ سېنتەبىر كۈنى موسكۋاغا باردى. لېكىن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆتۈنۈشلىرىنى ستالىن رەت قىلىۋەتتى،

چېكىنىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن بۇيرۇقىغا قاتتىق خاپا بولۇپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى چېكىنىشلەرنى رەت قىلدى، «غەربىي - جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» گە كىيېۋنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ قوغداپ قېلىش، گۇدېرىئاننىڭ برونېۋىك قوشۇنلىرىغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاييارلىقىنى قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

گېنېرال بولكوۋنىك كىرپونوس ئەتىجىسىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا موسكۋادىن بۇدىيوننىينىڭ قوماندانلىق شتابىغا بىر ئادەم كېلىپ، ستالىننىڭ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. ستالىن ئۇنىڭ جەنۇبىي روسىيىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا سىبىرىيە زاپاس يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانىنى قويدى. 13 - سېنتەبىردە، «مەركىزىي يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ قوماندانى تېموشېنكو بېلگورودقا كېلىپ، ئوكرائىنادىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالدى.

لېكىن مارشال تىموشېنكومۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئامالسىز قېلىپ، «غەربىي - جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ شتاب باشلىقى تۇپىكوۋنى يەنە بىر قېتىم موسكۋاغا ئەۋەتتى. بۇ قېتىم ستالىن كۆرۈنمەي تۇپىكوۋنى باش شتاب باشلىقى مارشال شاپوشنىكوۋ قوبۇل قىلدى. مارشال شاپوشنىكوۋ «غەربىي - جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ كىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى قوغداپ قېلىشىدا چىڭ تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولدى.

مۇھاسىرە جەڭ لىنىيىسىنىڭ شەرقىي قانىتى ئاخىر ساقلاپ قېلىندى.

20 - سېنتەبىردە، گۇدېرىئان ھەرقايسى برونېۋىك پولكلىرىغا جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىش توغرۇلۇق بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشۈردى، چۈنكى شۇ ئارىلىقتا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى بىلەن مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ئىككىنچى قەدەمدە موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى.

نېمىسلارنىڭ 29 ـ كورپۇسىنىڭ باشلىقى 1941 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىردە تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق چۈشۈردى:

29 ـ كورپۇسنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىگە:

6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە قوماندانى بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزدىن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ تېز ئىلگىرىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شىمالىي قاناتتىكى دىۋىزىيىلەر بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز ئۇلارنىڭ كەينىدە قالماي، بۇرۇنقى جەڭگىۋار روھىمىز ۋە قۇدرەتلىك كۈچىمىزنىڭ ھازىرمۇ بىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئوكرائىنا پايتەختى، مۇھىم نىشانىمىز بولغان كىيېۋ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. «ئىمپېرىيىمىزنىڭ بايرىقىنى كىيېۋ ئاسمىنىدا لەپىلدىتىش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىكى شوئارىمىز بولۇپ قالسۇن!»

فون ئوبېستفېر

شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە ئارمىيىسى كىيېۋنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىنى چىقىرىپ بولدى. بۇ شەھەر بۈگۈنگىچە دۈشمەننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەنىدى. ستالىننىڭ پىكرىگە ئاساسەن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ شەھەرنى مۇھىم ئىستىھكام قاتاردا قوغداپ قىلىشى كېرەك ئىدى. «غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» نىڭ قوماندانى 11 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ

موسكۋادىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ستالىن ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، «كىيېۋنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش»نى بۇيرۇدى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى، كىيېۋ فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى، دېگەن بارلىق شەرەپلەرنى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، ھەقىقىي بىر قورغانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. توپ-زەمبىرەك ئوقلىرى شەھەر ئىچىگە كېچە - كۈندۈز چۈشۈپ تۇراتتى، پۈتۈن يەرنى ئىس - ئۈتەك قاپلىغان، كوچىلار ئۆلۈكتەك جىمجىت، ئاھالىلەر بىنالارنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنىۋالغانىدى. ھەر قېتىم توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئۆچكەندە، كوچىلار ۋە مەيدانلار شۇئان ھەربىي ھەرىكەتلەر بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى، ھەربىي ئەشيالارنى باسقان ئاپتوموبىللار، ھارۋىلار ئالدىراپ ئالدىنقى سەپكە ماڭاتتى، ئۇ تەرەپتىن كېلىدىغىنى ئۇزۇپ سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى ئىدى. ئاساسلىق كوچىلارغا تانكىغا قارشى ئورەكلەر كولىنىپ مىنالار كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.

ستالىن ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كىيېۋنى قەتئىي قوغداپ قېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. كىيېۋنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پايدىسىنىڭ يوقلۇقى ستالىنغىمۇ مەلۇم، لېكىن كىيېۋ روسىيە تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، روسىيە پايتەختىنىڭ كىيېۋ ئاسمىنىدا داۋاملىق لەپىلدەپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈز - ئابروي مەسىلىسى ئىدى.

1941 - يىلى 15 - سېنتەبىردە، گېرمانىيىنىڭ 6 - گورۇپپىۋى ئارمىيىسى كىيېۋغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دۈشمەننىڭ كۈچى، بولۇپمۇ توپ كۈچلىرى ئاللىبۇرۇن ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى،

بىرلا ھۇجۇم بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيتتى. بۇيرۇق بويىچە، ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى 29 - كورپۇس ئۈستىگە ئالدى.

16 - سېنتەبىردە، گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى دىۋىزىيىلىرى پۇختا تەييارلىنىپ كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر قورال بىلەن قوراللانغان ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىقى بارا - بارا ئاجىزلاشتى.

17 - سېنتەبىردە، ستالىن ئاخىر كىيېۋدىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان گېنېرال مايور فون ھاتماننىڭ 71 - پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ئوڭ ۋە سول ئىككى قاناتتىكى جەڭدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئەمدىلىكتە پۇتۇن سەپ بويىچە ئىل دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. 19 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن بۇ دىۋىزىيە كىيېۋغا كىردى.

ئۇكرائىنانىڭ پايتەختى نېمىسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

19 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن، كىيېۋنى تالىشىش جېڭى ئاخىرلاشتى.

1941 - يىلى 19 - سېنتەبىردە، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى مۇنۇلارنى جاكارلىدى: «مارشال فون رۇندستېد بىلەن مارشال فون بوكنىڭ گورۇپپىۋى ئارمىيىلىرى قوزغىغان ھۇجۇم كەڭ كۆلەمدە قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا تەرەققىي قىلدى. گومېل بىرلەشمە جېڭىدىن كېيىن، بىزنىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرىمىز دېسنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، شىددەتلىك جەڭ بىلەن دېسنا دەرياسىدىن ئۆتتى،

ئاندىن ئۇ يەردىن داۋاملىق جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان لىنىيىلەردە جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىمىز بىلەن ئۇچراشتى. بۇ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلەر ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئاستىدا 120 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى دائىرىسىنىڭ ئۈستىدىكى كرېمېنچوگنىڭ ئىككى قانىتى ئارقىلىق دنېپر دەرياسىدىن ئۆتتى. 13 ـ سېنتەبىردە يۇقىرىدىكى ئارمىيىلەر كىيېۋنىڭ شەرقىگە 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئۇچراشتى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى مۇھاسىرىدە قالدى، يوقىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.»

دۇنيا جامائەتچىلىكى 19 ـ سېنتەبىردىلا كىيېۋنىڭ شەرقىدىكى بىرلەشمە جەڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى، بۇ چاغدا بىرلەشمە جەڭ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى» پۈتۈن بىر گەۋدە ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بۇ قېتىم جەڭ مىسلىسىز تۈردە داۋاملاشتى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇھاسىرە ئۇرۇشلىرى (ستالىنگراد، مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە، لور) ئىچىدە كىيېۋدا بولغان جەڭدەك جەڭ بولغىنى يوق.

گېنېرال پولكوۋنىك كىرپونوس قوماندانلىق قىلغان يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ساسلىقلاردا، ئورمانلاردا، ئېتىزلىقلاردا ئۇرۇش قىلىپ تارمار بولۇشىنى لوگىكىغا مۇۋاپىق ھەربىي ئىدىيە بىلەن تەھلىل قىلغىلى بولمايتتى. 22 ـ ئىيۇندىن باشلاپ، بۇ ئارمىيە ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭگىۋارلىقى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، قىسمەن رايونلاردا خېلىلا ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. لوخۋىتسا بىلەن لۇبېندا نېمىسلار مۇھاسىرىنىڭ ئېغىزىنى بوغقاندىن باشلاپ پارچىلىنىشقا باشلىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرى، كورپۇسلىرى ۋە دىۋىزىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر بىرنەچچە كۈن داۋاملىشىپ، 19 ـ سېنتەبىردىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى ناھايىتى تېزلا گۇمران بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ گۇمران بولۇپ كېتىشىنى كىيىپۇنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچىدىن دېگىلىمۇ، ئالىي قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىدىن دېگىلىمۇ بولمايتتى، ئاساسەن تېز يېمىرىلىشتىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقتىن كۆرۈشكە بولاتتى.

18 ـ سېنتەبردىن باشلاپ، گېنېرال پولكوۋنىك كىرپونوس ئۆزىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇپپىۋي ئارمىيىلىرىگە قوماندانلىق قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابى گورودىيتسا ئىدى، ھەرقايسى گۇرۇپپىۋي ئارمىيىلەر بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىسلارنىڭ توپ ئوقلىرى ئۈزۈلمەي چۈشۈپ تۇرغاچقا، گېنېرال پولكوۋنىك كىرپونوس يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىبىرىيىگە قوماندانلىققا ماڭغان بۇدىيوننى ستالىن ۋە ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى ھەربىي كومىسسارلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇ قوماندانلىق قىلغان ھەرقايسى گۇرۇپپىۋي ئارمىيىلەرنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور بولۇپ، بۇ ئىش ئۇ قېرى مارشالغا قاتتىق ئېغىر كەلگەنىدى. ستالىن ئۇنىڭغا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي ئوكرائىنادىكى مەغلۇبىيىتىدە مەسئۇلىيەتنى قىلچە ئۈستىگە ئالمىغان مارشال شاپوشنىكوۋ ئۇنى ئەيىبلەپ، بۇ قېرى كازاك گېنېرال «ئۆزى بىلگەن ستراتېگىيىنى قوللانغان بولغاچقا، بۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېدى.

18 ـ سېنتەبردە، موسكۋا «غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش

ئارمىيىسى» نىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالدى، 19 ـ سېنتەبىردە، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى بۇ خەۋەرنى دۇنياغا تارقىتىۋەتكەنىدى.

19 ـ سېنتەبىردە كىيېۋ قولدىن كەتتى. گىتلېرنىڭ قارىشىچە بۇ «دۇنيا تارىخىدىكى مىسلىسىز زور ئوپېراتسىيە» ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب «تەيفېڭ بورىنى» موسكۋادا توسۇلۇپ قالدى

△ گىتلېر: دۈشمەن يېڭىلدى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ

△ بېرلىن رادىئو ئىستانسىسى: موسكۋاغا كىرىش مۇراسىمى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى

△ موسكۋا ئاھالىسى: ناتسىستلارنىڭ قانلىق قوللىرىنى لېنىن قەبرىسىگە ھەرگىز تەگكۈزمەيمىز

△ ستالىن: سوۋېت ئىتتىپاقى مەڭگۈ يىمىرىلمەيدۇ

△ بوك: مېنىڭ ھازىر ماڭارغا يولۇم قالمىدى

△ گۇدېرىئان: بىزنىڭ موسكۋاغا قىلغان ھۇجۇمىمىز مەغلۇپ بولدى

△ گىتلېر: براۋھىچ شال پاخىلىدەك ئادەم

△ گىتلېرنىڭ «تەيفېڭ بورىنى پىلانى» ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولدى.

1941 - يىل 30 - سېنتەبىردە، گىتلېرنىڭ مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى «تەيفېڭ بورىنى» نامى بىلەن 74 دىۋىزىيە، 1 مىليون 800 مىڭ ئەسكەر، 17 مىڭ تانكا ۋە مىناميوت، 1 مىڭ 390 ئايروپىلان، 14 مىڭ زەمبىرەك تەييارلاپ جەنۇب تەرەپتىن موسكۋاغا ھۇجۇم قىلدى. 2 -

ئۆكتەبىردە، گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئوتتۇرا قىسمىدىن بۆسۈپ، موسكۋانىڭ بوسۇغىسىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قوماندانلىق باش شتابى، قىش كىرىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا نېمىسلار زور كۆلەمدە يەنە ھۇجۇم قوزغىمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئويلىغىنىدەك بولماي، ئىنتايىن ئالدىراپ قالدى. گۇدېرىيانىڭ 2 ـ ماتورلاشقان گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى 24 سائەت ئىچىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىگە 80 كىلومېتر ئىچكىرىلەپ كىردى، پىيادە ئەسكەرلىرىمۇ ئارمىيىسىز ئورۇنلارغا كىرىپ ئۇ يەرلەردىكى ئاجىز قارشىلىقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ماڭدى.

2 ـ ئۆكتەبىردە، گىتلېر غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى بىلەن بېرلىنغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ باقمىغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن تەنتەربىيە سارىيىغا كىرىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇ گېرمانىيە جامائەتچىلىكىگە ئۆزىنىڭ «قىشلىق ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش پىلانى»نى قوللاش توغرۇلۇق نۇتۇق سۆزلىمەكچى ئىدى، لېكىن مۇھىم بىر خەۋەر توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى. «22 ـ ئىيۇن كۈنى، — ئۇنىڭ ئاۋازى رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن ئىمپېرىيە ئاسمىنىدا ياڭرىدى، — دۇنيادا ئەڭ زور بىر ئوپېراتسىيە جېڭى باشلاندى.» ئۇ ھەممە ئىشنىڭ پىلان بويىچە مېڭىشىنى تەكىتلەپ، ئاخىردا، دۈشمەن «يېڭىلدى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ» دەپ جاكارلىۋىدى، ئاڭلىغۇچىلار تەلۋىلەرچە تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى.

گىتلېر ئاڭلىغۇچىلارغا بىرمۇنچە سانلىق مەلۇماتلارنى ئوقۇپ بېرىپ، 2 مىليون 500 مىڭ سوۋېت ئەسكەرلىرى

ئەسىرگە چۈشتى، 18 مىڭ تانكا، 22 مىڭ زەمبىرەك ئولجا ئېلىندى ياكى پاچاقلاپ تاشلاندى، 14 مىڭ 500 ئايروپىلان يوقىتىلدى، دېدى. سانلىق مەلۇماتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختىماي ئوقۇلۇشقا باشلىندى: گېرمانىيە قوشۇنلىرى مىڭ كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىردى، 25 مىڭ كىلومېتىرلىق روسىيە تۆمۈر يولىدا قاتناش ئەسلىگە كەلدى، يەنە تېخى نۇرغۇن قىسمى گېرمانىيىنىڭ تار رېلس يولىغا ئۆزگەرتىلدى. تېخى يېڭىلا، دۈشمەن يېڭىلدى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، دەپ بولۇپ، ئارقىدىنلا يۈرىكى پوكۇلداپ، شەرق بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇش ئىدېئولوگىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا گېرمانىيىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مەڭگۈ بۆلۈنمەيدىغان گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈۋېتىش كېرەك، «پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىغان بىر گەۋدىگە ئايلانغاندىلا، بىزدە ئۈمىد بولىدۇ. تەڭرى بىز تەرەپتە، ھەممىگە قادىر تەڭرى ھۇرۇنلارنى يۆلىمەيدۇ، قورقۇنچاقلارغا تېخىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ» دېدى.

بۇ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەنگەن نۇتۇق ئىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن غەلىبىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى بەربات بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا چاقىرغانىدى.

كەچقۇرۇن، گۆدېرىئاننىڭ تاكتىكىلىرىنىڭ ئورلوۋنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يېتىپ كېلىپ، كىشىلەرنى غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلدۈردى. ئۇلار خۇددى روسىيىلىكتەك، ترامۋايلاردا كېتىشىۋېتىپ بىر - بىرىگە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇشاتتى. ئەسلىدە ئۇرالغا چېكىندۇرۇپ كېتىش بەلگىلەنگەن زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز پېتى نېمىسلارغا ئولجىغا چۈشكەنىدى.

ئەتىسى گېتلېر «بۆرە ئۇۋىسى» غا قايتىپ كەتتى، كەچتە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاماقنى روھلۇق ئولتۇرۇپ يېدى. 6 ـ ئۆكتەبر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا پۈتۈنلەي چېخوسلوۋاكىيە توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ، ئۇ يەردىكى نۇرغۇن پائالىيەتلەر توغرۇلۇق گەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى «شەرقنىڭ يىراق جايلىرىغا ئاپىرىۋېتىش» بولغانىدى. بۇ ئىش بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىشنى سېلىپ، ئۇمۇ ئۇلارغا ئوخشاش يەھۇدىيلارنى بېرلىن بىلەن ۋېنادىمۇ ئاشۇ يىراق جايلارغا ئاپىرىۋېتىشنى ئويلاپ قالدى، چۈنكى يەھۇدىيلار دۈشمەن خەۋەرلىرىنى تارقىتىدىغان مەنبە ئىدى.

كۈندۈزدە، گۆدېرىئان بۇرانسكىينى ئىشغال قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ مۇكەممەل قوشۇنىنى قورشاۋغا ئېلىشنى تاماملىغانىدى. كەچتە گىتلېر خۇش كەيپ ئولتۇردى، سىياسەت توغرۇلۇق پاراڭ قىلماي، كۈلكىلىك پاراڭلارنى قىلدى. مايور ئېنگلنى بىر ئىت چىشلىۋاپتۇ، باش قوماندان شتابىدىكى غالجىرلىق كېسىلى شۇنىڭدىن تارقالغانىكەن، دېدى ئۇ لەتىپە سۆزلەپ. غەلىبە ئۈزلۈكسىز قولغا كېلىۋاتاتتى، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن جەڭ خەۋىرىدە، قىزىل ئارمىيىنى «ئاساسەن يېڭىلدى دېسەكمۇ بولىدۇ» دېيىلگەنىدى. موسكۋانىڭ ئېلىنىدىغانلىقىغا بىرنەچچە كۈنلا قالغانلىقىنى پەملىگەن گىتلېر، شەھەرگە بىرمۇ گېرمانىيىلىك كىرمىسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. چۈنكى ئۇ «موسكۋانى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، يەر شارىدىن يوق قىلىۋەتمەكچى» ئىدى.

9 ـ ئۆكتەبردە، گىتلېر ھەربىي يىغىندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىكى خۇشال ھالدا: «ئەمدى بىز ئەڭ يېڭى خەۋەرنى خەلققە يەتكۈزەيلى» دېدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، گىتلېر كۈتۈپخانىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ، دىتىرىخقا غەلىبە خەۋىرىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىپ، گېزىتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى، دىتېرىخ بۇ خەۋەرنى بېرلىندىكى گېزىتلەردە ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىر پارچە گېزىتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «ئەپەندىلەر، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا مۇخبىرلىق نامىم بىلەن ھۆددە قىلىمەن» دەپ توۋلاپ كەتتى. «ئۇق مەركىزى دۆلەتلىرى بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى.» «ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دىتېرىخقا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى» دەپ يازىدۇ «نيۇ - يورك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى خۇھاد سىيم.

شۇ كۈنى گېرمانىيە گېزىتلىرى قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىلەر توغرۇلۇق خەۋەرلەر باستى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ يوقىتىلغانلىقى كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلىپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايلاردا كۈلكە كۆرۈنۈشكە باشلىدى، قاۋاقخانىلاردا رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان «گېرمان مىللىتى ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن ناخشىلارنى ئاڭلىسا، كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تەڭ ئېيتىشىپ كېتەتتى.

بېرلىندا، موسكۋا ئىشغال قىلىنىپتۇ، دېگەن گەپلەر كۆپىيىپ قالدى.

ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يەنە بىر ئىش، دۆلەت سوتسىيالىزمىنى قوللىغان گېنېراللاردىن مارشال رېيخناۋ 6 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىگە بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارتىزانلارنى قاتتىق جازالاشنى ئېيتقان. بۇيرۇقتا ئۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى گېرمان مەدەنىيىتى بىلەن يەھۇدىيلار بولشېۋىكىزىم ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق ئۇرۇش. «شۇڭا ھەربىيلەر ئادەمگە ئوخشمايدىغان يەھۇدىيلارغا قارىتا قاتتىق ۋە ئادىل چارە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى توغرا تونۇشلىرى

كېرەك» دېگەن. باشقا گېنېراللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇقلارنى چۈشۈرگەن.

گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى، ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ يالغۇز تەشۋىقاتلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدە ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان گەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرىدىن پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلمىدى. 4 ـ ئۆكتەبىردە، گېببېلس بىلەن دىتىرىخ قول ئاستىدىكىلەرگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى:

«ھەربىي جەھەتتە، ئۇرۇشتىكى يېڭىش ـ يېڭىلىش ئاللىقاچان مۇئەييەنلىشىپ قالدى.» ئارقىدىنلا ئۇلار باشتىكى سۆزىگە زىت ھالدا، گېرمانىيە خەلقى شەرقتە بولۇۋاتقان ئۇرۇشقا ئون يىل قاتنىششقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشلىرى كېرەك. شۇڭا گېرمانىيە گېزىتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى خەلقنىڭ «بەرداشلىق بېرىش كۈچى»نى ئاشۇرۇش. شۇنداق قىلغاندىلا «باشقا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن مېڭىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تىنچلىقنىڭ تۈپتىن ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان بولىدۇ.»

ئەگەر گىتلېردىمۇ كېيىننى ئويلايدىغان ئاشۇنداق قاراش بولغان بولسا، موسكۋادىكى چەت ئەل دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ كۇيبىشېۋغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەرىبىر ئۇنداق قاراشلىرىدىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، موسكۋا پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قالغانىدى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ خەلق بىلەن تەڭ قېچىشىۋاتاتتى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتناش قىستاڭچىلىقى يۈز

بەرگەندى، ئالدامچىلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىشىۋاتاتتى.

بەزى ئىغۋالاردا، قېچىۋاتقان خەلق بىلەن ئىشچىلار ماگىزىنلارنى بۇلاۋېتىپتىمىش، لېنىننىڭ جەسىتىنى باشقا ياققا يۆتكەپ كېتىپتىمىش. ستالىن موسكۋادىن قېچىپ كېتىپتۇ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئادەملەر كوچىلاردا بارىكاتلارنى قۇرۇپ، ئۆلگىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، بىرمۇ ناتسىستنى شەھەرگە كىرگۈزمەيمىز دېيىشىۋېتىپتۇ. كۆپچىلىك موسكۋالىقلارنىڭ روھى بەكمۇ تۆۋەنمىش، ئۈمىدسىز ۋە مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ. نۇرغۇن ئادەم ئىشغالىيەتچىلەرنى ئۆز تىللىرىدا سۆزلەپ قارشى ئېلىش ئۈچۈن نېمىسچە ـ رۇسچە لۇغەتلەرنى ئېلىۋېتىپتۇ، دېگەندەك گەپلەر بار ئىدى.

بېرلىندا، ۋىلىيام كوچىسىدىكى چوڭ ـ چوڭ سورۇنلاردا كىشىلەر شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. ستالىن بولغارىيىنىڭ پادىشاھى بورىسنى ئەلچى قىلىپ گېرمانىيىدىن سۈلھ قىلىشنى تىلەپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىدى. فىلىس ھساي رىببېنتروپتىن بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ، گىتلېر ئۇلارنىڭ ئۇ تەلىپىنى رەت قىلدى. «رەت قىلغاندىمۇ كەسكىن رەت قىلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. گىتلېرنىڭ كۆپچىلىك گېنېراللىرىدىمۇ شۇنداق ئىشەنچ بار ئىدى. مەسىلەن، يودېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرقى زاپاس كۈچلىرىنى ئىشلىتىپ بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايتتى. 17 ـ ئۆكتەبر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، گىتلېرنىڭ قىلغان گەپلىرىنىڭ نۇرغۇنى شانلىق ئىستىقبال توغرۇلۇق بولدى.

نېمىس ئارمىيىسى ناپولېئون موسكۋاغا يۈرۈش قىلغان كونا يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. باشتا گويا تەيفېڭ بورىنىدەك ئەلپازىنى بۇزۇپ كەلدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، نېمىس ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋيازما بىلەن بريانسك ئارىلىقىدىكى ئىككى قوشۇنىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 20 ـ ئۆكتەبىرگە بارغاندا، گېرمانىيە برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ئالدى يۈرەر قىسمى موسكۋاغا 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يېتىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەر ۋە چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كۇيبىشېۋغا چېكىندى. بۇ چاغدا گىتلېرنىڭ گېنېراللىرىمۇ فىئورېرنىڭ يۈرەكلىك رەھبەرلىكىگە ۋە پايدىلىق ھاۋا شارائىتىغا تايىنىپ، روسىيىنىڭ زىمىستان قىشى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى موسكۋانى ئېلىشتا گەپ يوق دەپ ئىشىنىپ قالدى. بېرلىندىكى ناتسىستلارنىڭ رادىئولىرىمۇ، موسكۋانى كىرگەندە ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىمنىڭ تەييارلىقلىرى تەخ قىلىپ قويۇلدى، دەپ پو ئېتىشتى. گىتلېر ئۇ چاغدا موسكۋاغا ئاق ئات مىنىپ بوكرون تېغى تەرەپتىن كىرمەكچى بولغانىدى، ھەتتا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ مۇراسىم كىيىملىرى ۋە ئاق پەلەيلەرنى تەكتۇرۇشكە بېرىپمۇ قويۇشقانىدى.

لېكىن، كۈز يامغۇرى توختىماي ياغىدىغان، يوللار پاتقاق بولۇپ كېتىدىغان مەۋسۇم يېتىپ كەلگەنىدى. يول بويى ئاپتوموبىل بىلەن يۈرىدىغان چوڭ قوشۇننىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ كەتتى، بەزىدە توختاپمۇ قېلىشاتتى. پاتقاققا پېتىپ قالغان زەمبىرەكلەرنى ۋە ئوق ـ دورا ئاپتوموبىللىرىنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تانكىلارنى چېكىندۈرۈپ چىقىشقا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇش زۆرۈر بولسىمۇ، ئاپتوموبىللارنى چېتىشتا ئىشلىتىدىغان پولات زەنجىر ۋە ئىلمەكلەر كەمچىل بولغاچقا، نائىلاج ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانلىرىدىن تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

يامغۇر ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ يېغىشقا باشلىدى. گۇدېرىئان كېيىن ئەسلەپ: «كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە پاتقاقنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولدۇق» دېدى.

گېنېرال بلۇمېنترىت موسكۋا ئوپېراتسىيىسىدە 4 ـ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقى ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى بىچارىچىلىكنى جانلىق تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «پىيادە ئەسكەرلەر پاتقاقتا قەدەمدە بىر تېيىلاتتى، ھەربىر زەمبىرەكنى نۇغۇن ئاتلارغا سۆرەتكەندىلا ماگدۇرغىلى بولاتتى. ئەمما ئاپتوموبىللار ئازگاللاردا ئوقىغىچە پېتىپ كەتكەندى، ھەتتا سۆرەش ماشىنىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىمۇ ئىنتايىن قىيىنغا چۈشتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكنى كۆپ قىسمى مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى چارچاپ ھالىدىن كېتىپ قالغان قىسىملىرىمىزنى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى قىياس قىلىش بەلكىم قىيىن بولمىسا كېرەك.»

يامغۇر پەسلى تېخى تۈگىمەيلا زىمىستان قىش يېتىپ كەلدى، ناتسىستلارنىڭ ئەسكەرلىرى كىيىدىغان قىشلىق كىيىملەردىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ئۇلار ئالدىنقى سەپتىلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باتۇرلارچە كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقلىرىغا ئۇچراپ قالماي، يىراقلاردىكى ئارقا سەپلەرنىڭ ئورمانلىقلىرى، ساسلىقلىرىدىمۇ پارتىزانلارنىڭ يوشۇرۇن زەربىلىرىگە ئۇچراپ، ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويۇۋاتاتتى. بىر مەزگىل خۇدىنى بىلمەي قالغان فاشىستلارنىڭ ئىچىدە ئەمدى گۇمان ۋە ئۈمىدسىزلىك

كەيپياتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بلۇمېنترىت ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ يول بىلەن موسكۋاغا مېڭىپ ھاقان ناپولېئون قوشۇنلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرى ۋە پۈتۈنلەي گۇمران بولغان ئېچىنىشلىق ئوبرازلىرى ناتسىست ئىستېلاچىسىنىڭ كاللىسىنى پات ـ پات چىرماپ تۇراتتى. گېرمانىيە گېنېراللىرى ماركىز كاۋلەينكورتنىڭ بۇ فرانسىيە ئىستېلاچىسىنىڭ 1812 ـ يىلى قىشتا روسىيىدە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدا يازغان قورقۇنچلۇق ھېكايىسىنى ئوقۇشقا كىرىشتى ياكى قايتا ئوقۇشقا كىرىشتى.»

موسكۋانى قوغداش جېڭىدە، پايتەخت خەلقى ھېچنېمىدىن قورقماي، نېمىس فاشىستلىرى بىلەن ئۆلگىچە ئېلىشىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇلار ئېپتىخارلىق بىلەن، بىز قىزىل مەيداندا لېنىن ئۇچۇن جەڭ قىلىمىز، ناتسىستلارنىڭ قانلىق قوللىرىنى لېنىن قەبرىسىگە ھەرگىز تەگكۈزمەيمىز، دەپ قەسەملەر قىلىشتى.

6 ـ نويابردا، دۈشمەن موسكۋا بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. پايتەخت خەلقى يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ ياياكوۋسكىي ئىستانسىسىدا ئۇلۇغ ئۆكتەبر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ستالىن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا خاس باتۇرلۇق، بارلىق دۈشمەننى قىلچە مەنسىتمەيدىغان قورقماس روھ، يېڭى پرولېتارىيات ئارمىيىسىنىڭ فاشىستلارنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچ بىلەن لېنىن مۇزېيىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان قىزىل ئارمىيىنى قوبۇل قىلدى ۋە يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە شۇنداق دېدى: «سىلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش ئازادلىق ئۇرۇش، ھەققانىي ئۇرۇش»، «سىلەرنى ئۇلۇغ لېنىن

تۇغى يېتەكلەپ ماڭىدۇ! گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ! گېرمانىيە فاشىست قاراقچىلىرىنى يوقىتايلى!» بۇ مىسلىسىز زور پائالىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى، فاشىستلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.

قەھرىمان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى بىلەن گىتلېرنىڭ موسكۋاغا قوزغىغان «تەيفېڭ بورىنى» ھۇجۇمى نومۇسسىزلارچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

18 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن، گىتلېر مېيۇنخېنغا كېلىپ، يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارغا ناھايىتى تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە لوۋېنبىل قاۋاقخانىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، سۆزىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزىۋېلتنى ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېدى: ئەگەر ئامېرىكا فلوتلىرى گېرمانىيە پاراخوتلىرىغا ئوت ئېچىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، «تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان بولىدۇ». ئۇنىڭ بۇ تەھدىت سۆزلىرى ستالىنىنىڭ سۆزلىرىدەك ئۈنچىلىك كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىيالمىدى. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي سەپتىكى قاتماللىق ھالەت ئۇنىڭ بېشىنى خېلىلا قاتۇرغانىدى. ئەتىسى ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ناپولېئوننىڭ قوشۇنى روسىيىدە قالغان ئاقىۋەتكە قالماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن يەنە شۇنداق دېدى: «ئەگەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتالمىسا، ئۇ چاغدا ئىككى تەرەپ مۇرەسسەلىشىپ، تىنچلىق ئۈستىدە سۈلھ قىلىشىدۇ.»

لېكىن، مارشال فون بوك بۇ خىل ئۈمىدسىزلىككە قارشى بولۇپ، داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. براۋھىچ

بىلەن ھالدېرمۇ شۇنداق ئىدى. 12 ـ نويابىردا، ھالدېر ناھايىتى ئۇمىدۋارلىق بىلەن، روسىيە ھازىر يىمىرىلىشنىڭ گىرۋىكىدە تۇرماقتا، دەپ جاكارلىدى. گىتلېر بۇ گەپتىن روھلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن موسكۋاغا يەنە ھۇجۇم باشلىدى.

دەسلەپتە ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن بۇ ياخشى ھاۋا ئۇزۇن داۋاملاشماي، جەڭ مەيدانلىرى ناھايىتى تېزلا قار ـ مۇز ۋە پاتقاقچىلىققا پېتىپ كەتتى. ياپونىيىنىڭ باش ئەلچىسى ئۇنىڭ «بۆرە ئۇۋىسى» غا بارغاندا، گىتلېر ئۇنىڭغا قىش پەسلىنىڭ ئۇنىڭ ھاۋا رايى خادىملىرىنىڭ مۆلچەرىدىن بۇرۇن كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن، موسكۋانى بۇ يىل ئېلىش ـ ئالالماسلىقىمىز ئېنىق ئەمەس، دېدى. ئۇنىڭ خۇشال چاغلىرى ئەمدى كەتسە كەلمەسكە كەتكەنىدى، تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرغاندا، كۈلكىلىك گەپلەرنىمۇ قىلمايتتى، ئۇنىڭ بىللە تاماق يەيدىغانلارمۇ ئازلاپ قالغانىدى.

بارغانسېرى سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، كىشىلەر گىتلېرنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك تەييارلاشنى چەكلەش توغرۇلۇق چىقارغان بۇيرۇقىنى كەسكىن تەنقىد قىلىشقا باشلىدى.

21 ـ نويابىردا، گۇدېرىئان ھالدېرغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانلىقىنى دېدى. بوك بىلەن ئۆزى بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى يېڭى تاپشۇرۇۋالغان بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئامالسىز قالغانىدى. لېكىن، مارشال بوك گىتلېرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتقاچقا، گۇدېرىئاننىڭ تەلىپىگە پەقەتلا قۇلاق سالماي، موسكۋاغا قايتا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈۋەردى. ھۇجۇم قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىپ، يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى. بوك ئۆزى ئالدىنقى سەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، 24 ـ نويابىردا يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق چۈشۈردى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قار ـ شىۋىرغان ۋە سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى نەتىجىسىدە، بۇ قېتىمقى ھۇجۇممۇ مەغلۇپ بولدى.

بەش كۈندىن كېيىن، مارشال فون رۇندستېد بىر ھەپتە بۇرۇن ئىشغال قىلغان، كاۋكازنىڭ دەرۋازىسى ئاتالغان روستوۋدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. گىتلېر 50 كىلومېترلىق بۇ چېكىنىشنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن رۇندستېدقا تېلېگرامما يوللاپ، كەلگەن جايدىن مىدىرلىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. رۇندستېد ئۇنىڭغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ شۇنداق دېدى:

«ئىستىھكامنى چىڭ ساقلايمەن دېيىش ھەقىقەتەن ئالجىپ قالغانلىق. بىرىنچىدىن، قىسىملار ئىستىھكامنى چىڭ ساقلىيالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، چېكىنمىسەك يوقىتىلىمىز. بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىمەن، بولمىسا ئورنىمغا باشقا ئادەم ئەۋەتىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.»

تېلېگراممىنى بىر مىلادشى سىرژانت يازغانىدى. ئاخىردىكى گەپنى بولسا رۇندستېد ئۆزى قوشۇپ قويىدى. ئۇ گەپ گىتلېرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، نەتىجىدە ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا، شۇ كۈنى ئاخشىمى مۇنداق دەپ جاۋاب ئەۋەتتى:

«ئىلتىماسىڭىزغا قوشۇلىمەن، قوماندانلىق ھوقۇقىنى دەرھال تاپشۇرۇڭ.»

فون رېيھناۋ رۇندستېدنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن (رېيھناۋ گىتلېرغا ئاشكارا گەپ قىلالايدىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ بىرى) گىتلېر مىيۇسقا بېرىپ، بىرىنچى قول

ماتېرىيالنى ئۆزى ئىگىلىدى. ئەھۋال ئىگىلىگەن ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى رۇندستېدنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئارقىغا چېكىنمىسەك پۈتۈن ئارمىيە گۇمران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، دېگەندە، گىتلېر قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتى.

گىتلېر رېيىناۋنى ئۇ يەرگە ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى رۇندستېد بىلەن كۆرۈشتى. ئۆيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان رۇندستېد فيۇرېر ئازراق ھولسىمۇ ماڭا كۆڭۈل ئېيتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشقىچە تۈس ئېلىپ كەتتى.

— مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىستېپا سورىشىغا يول قويمايمەن، — دېدى گىتلېر.

— مەندىن باشقىلارغا شۇنداق قىلارسىز، مەن مېنىڭ ئۈستۈمدىكى باشلىقنىڭ يەنى ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارمايمەن. بۇ ئىشلارنى قىلغۇم يوق، — دېدى رۇندستېد.

روستوۋنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بېرلىندا، بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ قويدى. بىراق، بۇ مەغلۇبىيەت ئوتتۇرا رايون جەڭ سېپىدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاپەتكە قارىغاندا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. موسكۋاغا قوزغىغان ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم مەغلۇپ بولدى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا، نېمىس پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ بىر رازۋېتكا روتىسى موسكۋانىڭ شەھەر ياقىسىدىكى گىموكقا بۆسۈپ كىردى، كرېمل سارىيىنىڭ ئۇچلۇق مۇنارى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. لېكىن ئۇلار بىرنەچچە روسىيە تانكىسى ۋە زاۋۇتلاردىن جىددىي سەپەرۋەر قىلىنغان ئىشچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئېغىر دەرىجىدە ئاشقازان كېسەللى بار فون بوك براۋھىچقا تېلېفون بېرىپ، ئۆز قىسىملىرىنىڭ كۈچىنىڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3 ـ دېكابىردا، بوك ھالدېرغا تېلېفون بەردى. بۇ قېتىم ئۇ بەكمۇ ئۈمىدسىز ئىدى. بوك مۇداپىئەدە تۇرۇشنى ئېيتقاندا، ئالدىنقى سەپتىن يىراقتا تۇرغان بۇ باش شتاب باشلىقى كىشىلەر ئادەتلەنگەن نەسىھەت تەلەپپۇزىدا: «ئەڭ ياخشىسى مۇداپىئە — ھۇجۇمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش» دېدى.

ئەتىسى، گۇدېرىئان تېمپېراتۇرىنىڭ 31 گرادۇسقا چۈشكەنلىكىنى، قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىپ، تانكىلارنىڭ ماتورلىرىغا ئوت ياقمىسا ئوت ئالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، دۇربۇنلارنىڭ ئەينەكلىرى مۇز تۇتۇپ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى. ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق كىيىملىرى بىلەن يۈك پايپاقلىرىنىڭ يېتىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقى ئىدى. 5 ـ دېكابىردا تېمپېراتۇرا يەنە بەش گرادۇس چۈشتى، نەتىجىدە، گۇدېرىئان ھۇجۇمنى توختىتىپ قويۇپلا قالماي، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن قىسىملىرىنى مۇداپىئە لىنىيىسىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

5 ـ دېكابىر ھالقىلىق بىر كۈن بولدى. نېمىس ئارمىيىسى موسكۋا ئەتراپىدا 300 كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىم دۈگىلەك شەكىللىك ئىستېھكامىدا پۈتۈن سەپ بويىچە توسۇپ قويۇلدى. گۇدېرىئان كەچقۇرۇنلۇقى بوكقا ئۆزىنىڭ توسۇپ قويۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى چېكىنىشكىمۇ توغرا كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بوك ھالدېرغا تېلېفون بېرىپ: «ئۆزىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان» لىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، براۋھىچمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا باش شتاب باشلىقىغا ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى، بۇ كۈن گېرمانىيە گېنېراللىرى ئۈچۈن زۇلمەتلىك ۋە پاجىئەلىك كۈن بولدى.

گۇدېرىئان كېيىن مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىر قارارنى چىقىرىشىم بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىنمۇ تەس ئىش بولماس... موسكۋاغا قىلغان ھۇجۇملىرىمىز مەغلۇپ بولدى. قەھرىمان قىسىملىرىمىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىرى، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بىكارغا كەتتى. بىز ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق.»

ئۇرغۇن گېنېراللار، گىتلېرنىڭ 1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈمىدى ئاخىرقى بىر مىنۇتتا كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى، دەپ قاراشتى.

ئەتىسى، يەنى 6 - دېكابىردا، تېخى ئالتە ھەپتە بۇرۇنلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا يۆنىلىش سېپىنىڭ قوماندانى بولغان گېئورگى ژۇكوۋ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇنىڭ 7 - ئارمىيىسى، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسى — جەمئىي 100 مىڭ ئادەم، 7 مىڭ 652 زەمبىرەك، 774 تانكا، مىڭدىن ئارتۇق ئايروپىلان موسكۋا ئالدىنقى سېپىدىكى 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەپتە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئانچە نامى چىقمىغان بۇ گېنېرالنىڭ پىيادە ئەسكەر، توپچى قىسىم، تانكا قىسىم، ئاتلىق ئەسكەر ۋە ھاۋا ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان بۇنداق قۇدرەتلىك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى گىتلېرنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋە شىددەتلىك ھۇجۇمى گېرمانىيە قوشۇنىنى ۋە 3- ئىمپېرىيىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى. نېمىسلارنىڭ مۇداپىئە سېپى سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز بۆسۈۋېتىلدى، نېمىس ئارمىيىسى 130 يىل بۇرۇنقى ناپولېئوننىڭ زور قوشۇنىغا ئوخشاش روسىيىنىڭ قار - مۇزلىرىدا يىمىرىلىدىغاندەك ۋە يوقىتىلىدىغاندەك قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، 6 - دېكابىر 3 - ئىمپېرىيىنىڭ قىسقىغىنا تارىخىدىكى يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، بولغاندىمۇ ئەڭ ئەجەللىك بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. گىتلېرنىڭ كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى، شۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ئېتىبارەن ئۇ پەسكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

گىتلېرنىڭ موسكۋا ئوپېراتسىيىسىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئۇچرىغان تۇنجى قېتىملىق زور مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئۇلار قىسقىغىنا ئىككى ئاي ئىچىدە غەربىي ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى ئالتە دۆلەتنى بېسىۋېلىپ قالتىس كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەي قېلىشقانىدى. گىتلېر ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالتە ھەپتە ئىچىدە ئېلىپ، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ «چاقماق تېزلىكىدىكى جەڭ»لىرى پۇتۇنلەي مەغلۇپ بولدى، ناتسىستلارنىڭ شېرىن چۈشلىرىمۇ بەربات بولدى. ئۇلار روسىيىنىڭ پايتەختىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ئامبارلىرىنى بۇلىماقچى، قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى، ئۇرۇشتا كاتتا بايلارغا ئايلانماقچى ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا خوتۇنلىرىغا سىبىرىيىنىڭ سۆسەر جۇۋىلىرىنى، ئاستراخاننىڭ بېلىق تۇخۇملىرىنى ۋەدە قىلىشقانىدى، ئەمدى ھازىر بۇ شېرىن خىياللارنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلانغانىدى، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە غەربىي ئارقا سەپكە قاراپ رەسۋالارچە قاچماقتا ئىدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان گىتلېر غەزىپىگە چىدىماي، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرىنى يۆتكەشكە باشلىدى: رۇندستېد جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى فون بوكنىڭ خىزمىتىنى 18 ـ دېكابىردا مارشال فون كلۇگ ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەتتا قەھرىمان، ئۇرۇشقا ماھىر، ھازىرقى زامان ئۇرۇشنى ھەممىدىن بۇرۇن كەڭ كۆلەملىك برونېۋىك ئۇرۇشى ئارقىلىق يېڭىلىغان گېنېرال گودېرىئانمۇ يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن روژدېستۋو بايرىمىدا

ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن تانكا قىسىملىرى قوماندانى گېنېرال ھوپنېرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جىنايەت بىلەن گىتلېر تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ھەربىي ئۇنۋانىمۇ ئېلىۋېتىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى فون براۋھىچ 19 - دېكابىردا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. كېيىن گىتلېر ئۆز يېقىنلىرىغا براۋھىچ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ بەرگەن: «ئۇنىڭ ھەربىي دېگۈدەك يوق؛ ئۇ شال پاخىلىدەك ئادەم. براۋھىچ ئۆز ۋەزىپىسىدە يەنە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، بىرنەچچە ھەپتە تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئىشلار غايەت زور بالا - قازاغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.»

براۋھىچنىڭ ئورنىنى كىمنىڭ بېسىشى مەسىلىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئەربابلىرىنىڭ ئىچىدە ھەرخىل پەرەزلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گىتلېر مارشاللارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى رازى بولغۇدەك بىرەرىنى تاپالماي، ئاخىردا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېنادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۇ سادىق يېفرېيتور دۆلەت فيۇرېرى، ئۇرۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، قوراللىق قىسىملارنىڭ ئالىي قوماندانى، قوشۇمچە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قالدى. ھازىر گىتلېر داھىيلا ئەمەس، بەلكى قانۇننىڭ ئۆزى بولۇپ قالغانىدى. 1942- يىلى 26 - ئاپرېلدا، پارلامېنت بىر قانۇن ماقۇللاپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نېمىسنى قىرىش - چېپىش، بۇلاش - تالاشتەك مۇتلەق ھوقۇق ئاتا قىلدى. ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ۋارۋار قەبىلىسى دەۋرىدىمۇ بىرەر نېمىس ئۇنىڭغا ئوخشاش زوراۋان پادىشاھلىق نوپۇزىنى نامىدىمۇ، قانۇندىمۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ تەنھا ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن، گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئەسلىدە موسكۋاغا كىرىپ روژدېستۋو بايرىمىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغان نېمىس قوشۇنى ھازىر بۇ قورقۇنچلۇق قىشتا روسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قەدەممۇ قەدەم، بەزىدە تېز سۈرئەتتە چېكىندۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن ۋە بۆسۈپ ئۆتۈشىدىن قورقۇپمۇ چېكىنمەكتە ئىدى. نېمىس ئارمىيىسى فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا موسكۋادىن 120 كىلومېتردىن 300 كىلومېترغىچە كېلىدىغان جايغا چېكىندى. ھالدېر موسكۋاغا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىلىنغان بۇ قېتىملىق ھۇجۇمدا چىقىم بولغان ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى خاتىرىسىگە يېزىۋالغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «28 - فېۋرالغىچە جەمئىي 1 مىليون 5 مىڭ 600 ئادەم چىقىم بولدى. بۇ پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچنىڭ 31 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدۇ. گىتلېردىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ ھايۋان پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چىقالماس بولۇپ قالدى، موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.»

گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جەڭ مەيدانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 7 - دېكابىردا (يەكشەنبە) يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر ئىش يۈز بېرىپ، ياپونىيە پېرل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى.

# ئون ئىككىنچى باب گىتلېر: بىز بۇ ئۇرۇشتا ئۇتتۇرۇۋەتمەيمىز

△ پېورل ـ خاربوردىكى چوڭ ئاپەت

△ گىتلېر: پەقەت ئىككىلا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى بىر-بىرىگە توقۇنۇشمايدۇ — گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ

△ گىتلېر: مەن بىر ئىمپېرىيىنىڭ فيۇرېرى، يەنە مىڭ يىل خاتىرجەم ياشايمەن

△ رىببېنتروپ: روزۋېلت بىر تەلۋە

△ گىتلېر: بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىلدىن بۇيان يېڭىلىپ باقمىغان بىر دوستىمىز بار

△ روزۋېلت: پېورل ـ خاربور ۋەقەسى ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن نومۇس ئىش

△ گىتلېر: بىز ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز

△ گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى

1941 ـ يىل 7 ـ دېكابىردا (يەكشەنبە)، ياپونىيە بىرلەشمە فلوتىنىڭ 356 ئايروپىلانى ئالتە ئاۋىئاماتكىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسى پېورل ـ خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى ئەتىگەندە پېورل ـ خاربوردا ھاۋا ئوچۇق، سۇ يۈزى ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى، شامالمۇ يوق، تىنچ ئىدى، سائەت ئالتىدىن 45 مىنۇت (ھاۋاي ۋاقتى) ئۆتكەندە، ئامېرىكىنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتى پورتنىڭ سىرتىدا دۈشمەننىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋېتىپ، دېڭىزنىڭ تىنچلىقى ئازراق بۇزۇلغاندەك قىلدى، لېكىن سىگنال چېلىنمىدى. يەتتىدىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، ياپونىيىنىڭ بىرلەشمە فلوتىنىڭ بىرىنچى زەربىدار ئەترىتىنىڭ 185 ئايروپىلانى پېورل ـ خاربورنىڭ ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كىرىپ بومبا تاشلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نىشانى سەككىز كۈرەشچى پاراخوت ۋە باشقا پاراخوتلار بىلەن ھول، سكام قاتارلىق ئايرودروملاردىكى بىرنەچچە يۈز ئايروپىلاننى پارتلىتىۋېتىش ئىدى. ياپونىيە ئىشپىيونلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئاخبارات بېرىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ياپونىيە ئارمىيىسى پېورل ـ خاربورنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى، جەڭ ۋەزىيىتى ئېنىق ۋە كونكرېت ئىدى. 43 كۈرەشچى ئايروپىلان ئايرودرومنى ئوققا تۇتۇپ، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈلەلمەس قىلىۋەتتى؛ 51 بومباردىمانچى ئايروپىلان ئايرودروملارنى بومباردىمان قىلىشقا مەسئۇل ئىدى، يۇقىرى ئاتموسفېرادا ھەرىكەت قىلالايدىغان 40 ئايروپىلان، مىنا تاشلايدىغان 49 ئايروپىلان كۈرەشچى پاراخوتلار بىلەن باشقا پاراخوتلارنى پارتلاتماقچى ئىدى، «يالسان»، «ئىكرا سۇ ئېتى» ناملىق پاراخوتلار ۋە باشقا ماي پاراخوتلىرى بومبا چۈشۈشى بىلەنلا ئوت ئېلىپ، ئاسمانپەلەك ئىس ـ تۈتەك، ئوت يالقۇنلىرى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن پارتلاش ئاۋازلىرى، سىگنال ئاۋازلىرى پۈتۈن پورتنى بىر ئالدى.

دەل شۇ چاغدا، بىرىنچى تۈركۈم ئەترەتنىڭ قوماندانى رېيدا مىسوكو تۇيۇقسىز ھۇجۇمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى

بىلدۈرۈپ: «يولۋاس! يولۋاس! يولۋاس!» دەپ سىگنال بەردى.

نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىروسىما ئارىلىدىكى پاراخوتتا ئولتۇرغان ياپونىيىنىڭ بىرلەشمە دېڭىز فلوتىنىڭ قوماندانى ياماموتو يىسوروكو بۇ سىگنالنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلدى. جۇڭگودا جۇڭگو خەلقىنى كۆپلەپ قىرغان بۇ جاللات شۇ تۇرقىدا كۆرەڭلەپ، خۇشاللىقىدا تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى.

سائەت سەككىزدىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلار كېتىپ، قىسقا ۋاقىتلىق دەم ئېلىنىشتىن كېيىن ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ياپونىيىنىڭ 171 ئايروپىلانى سائەت سەككىزدىن 54 مىنۇت ئۆتكەندە پېرل - خاربورنىڭ ئاسمىنىدا يەنە پەيدا بولۇپ، بومباردىمان نىشانلىرىنى دەھشەتلىك بومباردىمان قىلىپ، سائەت توققۇزدىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە قايتىپ كەتتى. ياپونىيە ئۇچقۇچىلىرى ئاۋىئاماتكىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ناگىي كېيىنچىدىن ئۈچىنچى قېتىم بومباردىمان قىلىشقا بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى، لېكىن ناگىي كېيىنچى ئاشۇ مۇۋەپپەقىيىتىگە قانائەت قىلىپ، فلوتنى غەلىبە بىلەن پورتقا قايتۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پېرل - خاربوردىكى دېڭىز ئارمىيە زاۋۇتىنىڭ سېخلىرى ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بىللە زىيانغا ئۇچرىماي ئامان قالدى، بولۇپمۇ پورتنىڭ ئەتراپىدىكى ماي ئىسكىلاتىدا ساقلىنىۋاتقان 4 مىليون 500 مىڭ توننا ماي ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئۇ بولمىسا پېرل - خاربوردىكى دېڭىز فلوتلىرى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەيتتى.

بۇ قېتىمقى ھۇجۇم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىنكى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان يەنە بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئىدى. ياپونىيە ئايروپىلانلىرى پېرل - خاربورنى بومباردىمان قىلغان چاغدا، پورتتىكى چوڭ - كىچىك 96 پاراخوت فلوت بايرىقىنى چىقىرىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، قىرغاققا چىققان كوماندىر-

جەڭچىلەر دەم ئېلىۋاتاتتى، ۋاشىنگتوندىكى ئاق سارايدا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ياپونىيىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، دەل مۇشۇ چاغدا ئايروپىلانلار پورتقا بومبىلارنى ھېسابسىز تاشلاشقا باشلىدى، پورتتىكى پاراخوتلار بىلەن قورۇقلۇقتىكى قورۇلۇش — ئۇسكۈنىلەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان فلوتى ئېغىر چېقىلىشقا ئۇچرىدى. سەككىز كۈرەشچى پاراخوتنىڭ تۆتى چۆكۈپ كەتتى، تۆتى ئېغىر زەخىملەندى، يەنە يەڭگىل تىپلىق ئۈچ چارلىغۇچى، ئۈچ قوغلىغۇچى پاراخوتمۇ چۆكۈپ كەتتى، 300 دىن ئارتۇق ئايروپىلان پارتلاپ ۋەيران بولدى، ئۆلگەن، يارىلانغان دېڭىز ۋە قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر — جەڭچىلىرى 4 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئاۋىئاماتكىسى پورتتا بولمىغاچقا، بۇ قېتىمقى ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ياپونىيىنىڭ ئاران 30 نەچچە ئايروپىلانى بىلەن بىر نەچچىلا سۇ ئاستى پاراخوتى چىقىم بولدى.

بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم دېڭىزدىكى «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش» ئىدى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى قوراللىنىشىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ باش شتاب باشلىقى مارشال ياپونىيىنىڭ پېورل + خاربورنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى دەسلەپتە ئاڭلىغاندا، خاتا بېرىلىپ قالغان خەۋەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان، مۇشۇنىڭدىن ئامېرىكىنىڭ قايسى دەرىجىدە بىخۇتلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پېورل - خاربوردىكى مەغلۇبىيەت ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس.

ئىككى يىلدىن بېرى، گىتلېر ئامېرىكا بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئامېرىكىنىڭ «يەھۇدىي



www.uyghurkitap.com

گۇرۇھى» نىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. بۇ گۇرۇھ ۋاشىنگتونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماي، ھارلىق گېزىتلەرنىمۇ، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەرنىمۇ كونترول قىلالايتتى. شۇڭا روزۋېلت ئەنگلىيىگە ھەدەپ ياردەم بېرىۋاتقاندا غىڭ قىلالماي قالدى. گىتلېر ئامېرىكىلىقلارنى كۆزگە ئىلمىغان بىلەن ئۇلارنىڭ سانائەت كۈچىنى ئېتىراپ قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئامال بار ئامېرىكىنى ئۇلارغا قارشى مەلۇم تەييارلىقلارنى قىلىۋالغۇچە بىتەرەپ مەيداندا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشتى.

ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ئەنگلىيىگە توختىماي توشۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، گىتلېر ئاسادىپىي ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە سودا پاراخوتلىرىغا چېقىلماسلىق توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ئامېرىكا بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقارمىسىلا ئۇلارغا ئوق چىقىرىشقا مۇتلەق بولمايدۇ.» دېدى. لېكىن روزۋېلتنىڭ «بارباروسسا»غا بولغان تېز ئىنكاسى گىتلېرنىڭ سەۋر قاچىسىنى چېقىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گىتلېر روسىيىگە ھۇجۇم قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى پرېزىدېنت مۇۋەپپەق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋېللېسقا ئۆزىگە ۋەكالىتەن بىر بايانات ئېلان قىلىشنى بۇيرۇدى. باياناتتا باشقا بىر قاتتىق قول دۆلەتكە ياردەم بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، يەنىلا گىتلېرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. روزۋېلت بۇ نۇقتىسىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق دېمىگىنى بىلەن، ئۇنى ناھايىتى تېزلا ھەرىكەتتە كۆرسىتىپ، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىكى توڭلىتىۋېتىلگەن 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئېرىتتى، ئاندىن «بىتەرەپلىك قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ۋلادىۋوستوك پورتىنى ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا

ئېچىۋېتىلدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، 7 ـ ئىيۇلدا گېرمانىيە تەشۋىقاتى كۆچەيتىلىپ، «روزۋېلت ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى. ئاشكارىلىنىشىچە ئامېرىكا قوراللىق كۈچلىرى ئىسلاندىيىگە يېتىپ بېرىپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ ئارالنى ئەنگلىيىلىكلەر ئۈچۈن بېسىۋالدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. گېرمانىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق كونسولى تومسېن باش ئەلچى ۋىلىيامغا تېلېگرامما بېرىپ، بۇ، روزۋېلتنىڭ يەنە بىر سۇيىقەستى، دېگىزدا بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ گېرمانىيىنى ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، ئاندىن گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلماقچى، دېدى.

بۇ مەلۇمات گىتلېرنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ باش ئەلچى ئوشىماغا بۇرۇنقى قارارىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر تەكلىپنى بېرىپ: «ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە مەڭگۈ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز»، «بۇ خىل قاراش ئەلۋەتتە بىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىمىزنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك»، «ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۆزلىرى يېتىم قالدى، دەپ بىلگەن ھەرقانداق بىر دۆلەتكە مەڭگۈ قارشى تۇرىدۇ. ھازىر پەقەت ئىككى دۆلەتنىڭلا مەنپەئىتىدە زىددىيەت يوق، ئۇلار گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە، روزۋېلت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكنى يولغا قويۇپ ياۋروپا بىلەن ئاسىياغا بېسىم ئىشلىتىشنى ئويلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىياللىرى ناھايىتى روشەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مېنىڭ پىكرىم ئۇلارنى بىرلىشىپ تۇرۇپ يوق قىلىشىمىز كېرەك»، دېدى ۋە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «بايلىق» لىرىنى بىللە «تازىلىشىپ» بېرىشنى، يىراق شەرقتىكى بىر قىسىم زېمىننى بېسىۋېلىشنى ئۇلارغا يەمچۈك قىلىپ تاشلاپ بەرمەكچى بولدى.

توكيو بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆزرە

ئېيتىپ ئۆزىنىڭ پىكرىدە قالدى. ياپونىيە ئالدىبۇرۇنلا روسىيىگە شەرقتىن ھۇجۇم قىلماي، جەنۇبتىكى ھىندىچىنىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىپ بولغانىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، ھىندىچىنىنى ناھايىتى تېزلا بېسىۋالدى. روزۋېلت بۇنىڭغا قارىتا 26 - ئىيۇلدا ناھايىتى تېزلا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى توڭلىتىۋېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ قارار ياپونىيىنىڭ نېفىت مەنبەسىنى كېسىپ تاشلىدى. «نيۇ - يورك ۋاقتى گېزىتى» نىڭ قارىشىچە، «بۇ ھەرىكەت ئۇرۇشتىن باشقا ئەڭ كەسكىن زەربە» بولغان: ياپونىيىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو ۋە گوللاندىيىلەرنىڭ ياپونىيىنى قامال قىلىشلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەرىكەت بولغان ۋە ياپونىيىنىڭ ئاسىيادىكى داھىيلىق ئورنىنى ئىنكار قىلغانلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ھاياتىغا قىلىنغان بىر تەھدىت بولۇپ قالغان. نېمىلا بولسۇن بۇ يىراق شەرقتىكى ئۇرۇشقا بېسىلغان چوڭ بىر قەدەم بولدى، مەلۇم كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە يەنە روزۋېلتنىڭ گىتلېرغا قارشى ئارقا دەرۋازىدىن ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن باسقان قەدىمىمۇ بولۇپ قالغان.

بىر ئايدىن كېيىن، روزۋېلت بىلەن چېرچىل نيۇ - يوركتىكى فىنلاندىيىنىڭ سودا مەركىزىدە كۆرۈشۈپ، ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش نىشانلىرى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن روزۋېلت تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى. باياناتنىڭ ماددىلىرىدىن روزۋېلتنىڭ گىتلېرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى روشەن بىلگىلى بولاتتى. لېكىن قىزىق يېرى بۇ ئەھۋال گىتلېرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى، چۈنكى ئۇ باياناتتا ناتسىستلار بىلەن ناتسىستلارغا قارشى كۈچلەر پەرقلەندۈرۈلمىگەنىدى. «قارشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتى»نىڭ ئادەملىرى بۇ نىزامنامىنى روزۋېلتنىڭ پۈتۈن گېرمانىيىلىكلەرگە غەيرىي رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىشى دەپ چۈشىنىۋالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇلار نىزامنامىنىڭ 8 - ماددىسىدىن بىزار بولدى. ئۇنىڭدا: ئۇرۇشتىن كېيىن بارلىق گېرمانىيىلىكلەر قوراللىرىنى تاشلاشلىرى كېرەك دېيىلگەنىدى. ھاسسېل بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ژۇرنىلىدا شۇنداق يازىدۇ: «بۇ ماددا تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بارلىق مۇۋاپىق پۇرسەتلىرىنى بۇزۇۋەتكەن» ئىدى.

روزۋېلتنىڭ گىتلېرنى يوقىتىش قارارىغا كەلگەنلىكى مىليونلىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشى يولدا ماڭغانلىق ئىدى، ئۇلار گەرچە ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگوغا ھېسداشلىق قىلىشسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلىدىغان ئۇرۇشلارغا ئارىلىشىشنى خالىمايتتى، باشقا ئامېرىكىلىقلار بولسا كوممۇنىزمغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىلىدىغان ھەرقانداق ياردەمگە قارشى ئىدى، گېزىتلەردە، رادىئولاردا قىلىنىۋاتقان شىددەتلىك ھۇجۇملار ئالدىدا روزۋېلت قىلچە تەۋرەپ قالماي، 11 - سېنتەبىردىكى رادىئو نۇتقىدا شۇنداق دېدى: «بۈگۈندىن باشلاپ، گېرمانىيە ياكى ئىتالىيە پاراخوتلىرى بىزنىڭ دېڭىز تەۋەيىمىزگە ئۇسۇپ كىرىدىكەن (ئىسلاندىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىدىكى باشقا ئاراللارغا)، ئۇلار چوقۇم خەۋپكە ئۇچرايدۇ»، ئۇنىڭ بۇ گېپى گىتلېرنىڭ سۇ ئاستى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدىكى چەكلىمىنى ئېلىپ تاشلىشىغا تولۇق ئاساس بولالىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خەلقنىڭ رايىنى ياندۇرغۇسى كەلمىدى. دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى رادېرغا: «ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا سودا پاراخوتلىرى ۋەقەسىدىن ساقلىنىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ چاغدا ئۇ بۇ بۇيرۇقنى چۈشەندۈرۈپ روسىيىگە

قىلىنغان ئۇرۇش ئەمدى ئاياغلاشتى دېگەنىدى.

31 - ئۆكتەبىردە، ئامېرىكىنىڭ «روبىن مور» ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتى سودا پاراخوتلىرىنى قوغداپ كېتىۋاتقاندا، ئىسلاندىيىنىڭ غەربىگە مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ يۈزىدە ئۈزگۈچ مىنانىڭ زەربىسى بىلەن دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن گىتلېرنىڭ توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئارزۇسى بىتچىت بولدى، بۇ پاراخوت بىلەن 100 نەپەر ئامېرىكىلىقمۇ چۆكۈپ كەتكەنىدى.

روزۋېلت بۇ ئىشقا قارىتا ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئەمما ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى خادىملىرىغا فرانسىيىنىڭ 400 ئايروپىلانىنى ئېلىپ مۇرمانىسكىغا كېتىۋاتقان «نورماندىيە» ناملىق پاراخوتىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سان - فرانسىسكونىڭ «ئوچېرك گېزىتى» «بىتەرەپلىك قانۇنى»نى دەرھال بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، گېرمولانىنىڭ «ياۋاش ئادەم» ژۇرنىلى «دەررۇ ھەرىكەت قوللىنىش»نى تەلەپ قىلدى. ئەمما تەنھاچىلار گۇرۇھىنىڭ ئاۋام پالاتادىكى ۋەكىلى نېيئىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ «ئەگەر سەن قاۋاقخانىدىكى جېدەلگە ئارىلىشىدىكەنسەن، مۇشتلاشماي ئامالىڭ يوق» دېدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ۋەكىلىمۇ ھۆكۈمەتكە نەسىھەت قىلىپ: «بىز سوغۇق قان بولۇشىمىز كېرەك» دېدى.

روزۋېلت ئۈچۈن ئېيتقاندا، گېرمانىيىگە قارشى ئاشۇنداق پىكىر ئېقىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى تېپىلغۇسىز بىر ئىش ئىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ قەرز قانۇنى ئىشخانىسىغا: بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلسۇن، بۇنىڭغا دەرھال بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەتىسى، يەنى 8 - نويابىر كۈنى گىتلېر ميۇنخېندا ئۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇراپ تۇرغان بىر نۇتۇق ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ دېڭىزدا چۆكۈپ كەتكەن «روبىن مور» ناملىق پاراخوت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلىغانىدى. ئۇ: «پرېزىدېنت روزۋېلت ئۆز پاراخوتلىرىغا گېرمانىيە پاراخوتلىرىنى چېلىقتۇرغان ھامان ئوت ئېچىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، مەن گېرمانىيە پاراخوتلىرىغا ئامېرىكا پاراخوتلىرىنى يولۇقتۇرغاندا ئوت ئاچماسلىق، لېكىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى قوغداش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردۈم» دېدى. گەرچە ئۇ بۇ گەپنى غەزەپ بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن تۇتۇشۇپ قالماسلىقنى ئويلايتتى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەنىلا روزۋېلت بىلەن ئامېرىكا سانائىتىنىڭ كۈچىدىن قورقاتتى.

شۇ يىلى باش كۈزدە گىتلېر ئۆزىنىڭ «بۆرە ئۇۋىسى» دا «خەلقئارا خەۋەرلەر» نىڭ مۇخبىرى پېيېر ھوسنىنى قوبۇل قىلغاندا شۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ پرېزىدېنتىڭلار روزۋېلتتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن»، «مەن كۈتەلەيمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بۇ ئۇرۇشتا ئاستا ـ ئاستا يېڭىپ چىقىمەن. قوبۇل قىلىش سىرتتا بولغاچقا، ئۇ ئۈستىگە ئۇزۇن كۆل رەڭ ھەربىي پەلتو كىيىۋالغانىدى، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، خىيال بىلەن يىراقلارغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇتلا: «مەن ئىمپېرىيىنىڭ فىئورېرى، يەنە مىڭ يىل خاتىرجەم ياشىيالايمەن» دەپ تولۇپ كەتتى. ئارقىدىن يەنە پەلەي بار قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ھازىر گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مىللىي ۋەزىپىلىرىنى تەۋرىتەلەيدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپمۇ، ئۆز نەزەرىدىكى دۇنيا سەھنىسىدە ئاددىي بىر شەخسلەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېرچىل بىلەن روزۋېلتنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. «ئۇلار بايلىق ۋە سىياسەتنىڭ تار بىر دۇنياسى

ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاللا دەرىخى بىلەن يەھۇدىيلارنى ئاستىرتتىن قۇتراتماقتا. ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ قولىدا ھېچقانچە ھوقۇق قالمىدى، پارلامېنتتىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشلىرىغا ئۇچراۋاتىدۇ. مېنىڭ خەلقىم مېنىڭ ئارقا تىرىكىم، ئۇلار ماڭا ئىشىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ فىيۇرېرىغا ئىشىنىدۇ.»

ئىككىسى داۋاملىق مېڭىپ تۇرۇپ سۆھبەتلەشتى. گىتلېر ئۆزىنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان «تەلۋە» دىن يەنە بىر قېتىم ئاغرىندى: «مېنىڭ ئۆز خەلقىمگە خىزمەت قىلىدىغان 50 يىللىق پىلانىم بار. مەن ھەرگىزمۇ دالاد ۋە چېمبېرلىنغا ئوخشاش ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئەمەس، بۇ مەسىلىدە روزۋېلت ئەپەندىمۇ ماڭا ئوخشاش.

ھېس ئۇنىڭ روزۋېلتنىڭ ئىسمى چىققىنىلا قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان: «ئوشتۇمتۇت، — دېدى ھېس ئەسلەپ، — فىيۇرېرنىڭ كۆڭلىدىكى بىر مەخپىيەتلىكنى، ئۇ مەڭگۈ ئاشكارىلىمايدىغان ھەم مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر سىرنى بايقاپ قالدىم.» گىتلېر روزۋېلتتىن قورقىدىكەن. «شۇنداق، روزۋېلت ئەپەندى — يەنە ئۇنىڭ يەھۇدىيلىرى! — دېدى گىتلېر ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، — ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى قولىغا ئالماقچى، بىرگە قۇياشنىڭ بىر بۇرجىكىنىمۇ كۆرسەتكۈسى يوق، ئەنگلىيىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى، مەقسىتى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە مىراسخورى بولۇش.»

گىتلېرنىڭ ئامېرىكىغا قارىتا بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قاتتىق قول مۇئامىلىسى رىببېنتروپقا ئېيپادىلىنەتتى. 28 - نويابىر كەچتە ئۇ باش ئەلچى ئوشىمانى قوبۇل قىلىپ، ياپونىيىنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا ئالدىراتتى. ئوشىما ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جانابىڭىز گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ دەرىجىدىمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بەردى رىببېنتروپ باش ئەلچىگە، — روزۋېلت بىر تەلۋە، — دېدى ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەگەر ياپونىيە ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىغان بولسا، گېرمانىيە ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. بۇ ئەھۋالدا گېرمانىيە ئامېرىكا بىلەن ھەرگىز سۈلھ قىلمايدۇ. بۇ جەھەتتە فىئورېر بىر قارارغا كېلىپ بولغان.

ياپونىيە قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خەۋەر تولىمۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەر ئىدى. شۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ ئاۋىئاماتكىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەرىكەت ئەترىتى پېيورل - خاربورغا قاراپ ماڭغانىدى. نويابىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئوشىما گېرمانىيە تەرەپكە، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا يىراق شەرقتە ئەسكەر يۆتكەش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا چوقۇم ئۇلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىش كېرەك، دەپ ئۇقتۇرغاندا. . . ئۇ دۆلەتلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ ئۇرۇش پارتلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بالدۇر بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن، دېگەنىدى.

بۇ گەپ گېرمانىيە تەرەپكە يېتىپ بېرىپ، ئاندىن گېرمانىيىدىن بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن ئوشىما دەررۇ ياپونىيىگە خەۋەر قىلدى.

«بۆرە ئۇۋىسى» دا پېيورل - خاربور ۋەقەسىنى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلىغان ئادەم ئوت دېترىخ بولدى. ئۇ 7 - دېكابىر كەچتە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا گىتلېرغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. تېخى يېڭىلا روسىيە تەرەپتىن يامان خەۋەر ئاڭلاپ

ئەمكىن ئۆلتۈرغان گىتلېر ئۆتنىمۇ يامان خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن بۇ ئاخبارات خەۋەرلىرىگە مەسئۇل بۇ ئادىمى ئوقۇپ بەرگەن تېلېگراممىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلىنىپ، ئىنتايىن ھاياجان بىلەن: «بۇ خەۋەر راستمۇ؟» دەپ سورىدى.

دېتىرىخ ئۆزىنىڭ ئىشخانىدىن بەرگەن تېلېفوننىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك ئىدى. گىتلېر تېلېگراممىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ، پەلتوينىمۇ كىيمەي، شەپكىسىنىمۇ ئالماي يوشۇرۇن يەر ئاستى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قولىدا تېلېگرامما، چىرايى ھاياجان ھالەتتە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كاتىپ بىلەن يودېر ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كاتىپ ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ گىتلېرنىڭ يۈرىكىدىكى «ئېغىر تاش» نى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلغان، گىتلېر ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى باسالماي: «بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىلدىن بۇيان يېڭىلىپ باقمىغان بىر دوستىمىز بار بولدى!» دەپ توۋلاپ كەتتى.

ئامېرىكا ئادەتتە ياپونىيىنى ئەسكىري كۈچى يېتىشمەيدۇ، تەبىئىي بايلىقى كەم، نېفىت تەمىناتىدا قىيىنچىلىقى بار، ئۇرۇش قوزغىغان ھالەتتىمۇ شەرقىي - جەنۇب ئاسىيا بىلەن چەكلىنىدۇ، ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدەك كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسى بار دۆلەتكە چېقىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى، پېورل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن بىردىنلا ئۆزىنى خۇددى دۈشمەن تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇپ قويۇلغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، خۇددى روزۋېلت ئېيتقاندەك، پېورل - خاربور ۋەقەسى ياپونىيە ئۈچۈن چوڭ بىر قىمارغا تەۋەككۈل قىلىش، ئامېرىكا ئۈچۈن «مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز نومۇسلۇق ئىش» ئىدى.

پېورل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ئاشۇ كۈنى

ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسى يەنە ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى ئايروپىلانلارنىمۇ بومباردىمان قىلدى، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ يىراق شەرق فلوتىنىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلىنىدىغان «شاھزادە ئۇئېلس»، «چېكىندۈرۈش» ناملىق ئىككى پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ياپونىيە قوشۇنلىرى ئەنگلىيىگە تەۋە مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردا قۇرۇقلۇققا چىقتى! بۇنىڭ بىلەن تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى! ئامېرىكىنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئەركىلىتىپ يامان ئۆگىتىپ قويغان ئەركىسى ئاخىر ئۆزىگە مۇشت ئاتتى.

ياپونىيىنىڭ پېورل - خاربوردىكى ئامېرىكا فلوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى بېرلىننى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى: گىتلېر ياپونىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ماتسوكا يوسۇكېغا، گېرمانىيە ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىغا قازاتقان ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ، دەپ يالغان سۆزلىگەن، رىببېنتروپمۇ باش ئەلچى ئوشىماغا كاپالەت بەرگەنىدى، ئەمما بۇ كاپالەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھازىرغىچە ئىمزالانمىغانىدى، شۇڭلاشقا، ياپونىيە تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پېورل - خاربورغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى گېرمانىيىلىكلەرگە قىلچە بىلدۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنلەردە گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقان گېنېراللىرى بىلەن رەسۋا بولۇپ چېكىنىۋاتقان قوشۇنلىرىنى رەتكە سېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

پېورل - خاربور ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى، روسىيىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئۈمىدسىز مەلۇماتلار گىتلېرنى يېڭى بىر يولىيورۇق چىقىرىشقا مەجبۇرلىغانىدى. بۇ يولىيورۇق 24 سائەتتىن كېيىن چۈشۈرۈلدى. «بۇ يىل شەرق لەرەپتە قىش بالدۇر كەلگەچكە، تەمىناتنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مۇمكىن

بولمىدى، — دېدى ئۇ يولىيورۇقىدا، — قاتتىق سوغۇق بىزنى چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇملاردىن ۋاز كېچىپ مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئۇ مۇداپىئەگە دائىر بىر نەچچە بەلگىلىمىنى بېكىتكەندىن كېيىن، بۇ كۆرسەتمىنى تارقىتىش ئىشىنى ھالدېرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى پېيورل - خاربور ۋەقەسى پەيدا قىلغان كرىزىسنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن بېرلىنغا ماڭدى.

ياپونىيىنىڭ پېيورل - خاربورغا ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرىنىڭ خۇشاللىقى ئەمدى ھازىر ئازراق غەم - قايغۇغا ئالماشقانىدى. چۈنكى بۇ ۋەقە بىلەن ستالىن ياپونىيىنىڭ شەرقتىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئاسىيادىكى پۈتۈن قوشۇنىنى گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە يۆتكىگەنىدى. «ئامېرىكىغا قارشى بۇ ئۇرۇش بىر پاجىئە بولدى.» دېدى كېيىن گىتلېر ئىقرار بولۇپ.

9 - دېكابىردا، بېرلىنغا ئەڭ بالدۇر ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئادەم رىببېنتروپ بولدى. ئۇ، گېنېرال ئوشمانىڭ گېرمانىيىدىن ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان يېقىمسىز بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. رىببېنتروپ گېرمانىيە بۇنداق ئىشنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك، دەپ ھېسابلايتتى، چۈنكى ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىدە، ياپونىيە باشقىلارنىڭ بىۋاستە ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

گىتلېرنىڭ بۇ بوشلۇقتىن پايدىلانغۇسى يوق ئىدى. «ئەگەر بىز ياپونىيە تەرەپتە تۇرمايدىغان بولساق ئۇ چاغدا ئۇ شەرتنامە سىياسىي جەھەتتە ئۆلگەن بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئاساسىي سەۋەب بۇنىڭدىمۇ ئەمەس، ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئامېرىكا بىزنىڭ پاراخوتلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇلار كۈچلۈك ئامىل بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بولدى.

گىتلېر ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش قارارىنى يەككىلىك بىلەن چىقارغان ئەمەس، ساددا خىياللارنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس. ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ روھىنى قوغداپ قېلىشتىن باشقا يەنە بىر سالماقلىق سەۋەبمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ياپونىيىدىن كېلىۋاتقان پاردەملەر ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان خىلمۇخىل پايدىسىز ئامىللار تۈپەيلىدىن ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. تەشۋىقات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقداشقا ئىگە بولۇش كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى روسىيىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دەررۇ ئۇرۇش ئېلان قىلىش گىتلېرنىڭ دۇنيا قارىشىغىمۇ ماس كېلەتتى. 1941 ـ يىلى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بۇ ئىككى دۈشمەنگە — خەلقئارالىق ماركسىزمچى (روسىيە) بىلەن خەلقئارالىق مونوپول كاپىتالىزمدىن (ئامېرىكا) ئىبارەت يەھۇدىيلارنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا — قارىتا ئۇرۇش ئېلان قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

لېكىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بۇ قارارنى زور خاتالىق، روزۋېلتنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى يەنە بىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى، دەپ قارايتتى. روزۋېلت ھەرگىز بىرىنچى بولۇپ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلمايتتى، چۈنكى مەملىكەت ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم ئۇرۇشقا قارشى بولغاچقا، ئۇ بۇ قاراملىقنى ھەرگىز قىلمايتتى. پېرل ـ خاربور ۋەقەسى چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك يىمىرىلمەس بىر ئىتتىپاقلىق پەيدا بولغانىدى. 11 ـ دېكابىر كۈنى گىتلېر دۆلەت مەجلىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى: «بىز مەڭگۈ بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلمىز». روزۋېلتمۇ ۋودروۋ ۋىلسونغا ئوخشاش «تەلۋە» ئادەم. «ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ ئاشۇ قوزغىدى،

ئاندىن ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى بۇرمىلىدى، ئارقىدىن يەنە كاتولىك دىنىنىڭ ساختا نىقابىغا ئورىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇشقا يېتەكلىدى، تېخى ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ نەقەدەر ئادىل ئىكەنلىكىنى خۇداغا ئىسپاتلىتىمەن دەپ قەسەم ئىچتى.» ئۇ يەھۇدىي مىللىتى بىلەن بولشېۋىك روسىيىسى ۋە روزۋېلت ھاكىمىيىتىنى بىر ئورۇنغا قويۇپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر خىتابنامە ئېلان قىلدى: «شۇڭا، مەن بۈگۈن بىر نوتا تەييارلاپ قويدۇم، ئامېرىكىنىڭ ۋاقىتلىق ئىش بېجىرگۈچىسىگە بەرمەكچىمەن...» ئۇنىڭ سۆزى تەنتەنە قىلىشقان ئەسەبىي شاۋقۇن ئىچىدە غايىب بولدى. «بۈگۈندىن باشلاپ» گېرمانىيە «ئامېرىكىغا قارىتا ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى.» ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ بۇ گەپكە قارىتا قىزغىنلىقىدىن كۆڭۈل بۆلۈشى كۆپرەك بولدى. ھالدېر يىغىن زالىدىن چىقىپلا «بۆرە ئۇۋىسى» دىكى ياردەمچىسى گېنېرال ۋارلىمېنغا تېلېفون بېرىپ: «ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ فيۇرېر بايا ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى» دېدى.

ۋارلىمېنمۇ دەل ئۇ يەردىكىلەر بىلەن شۇ ئىشنى سۆزلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ھەيرانمۇ بولمىدى.

— ئەمدى بىز تەھلىل قىلىپ باقايلى، ئامېرىكا ئالدى بىلەن زادى نەگە ئەسكەر ئەۋەتىشى مۇمكىن، يىراق شەرققىمۇ ياكى ياۋروپاغىمۇ؟ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىساق، باشقا قارارلارنى چىقىرىشىمىز قىيىن بولىدۇ.

— قوشۇلىمەن، ئۇنى تەھلىل قىلىش تولىمۇ زۆرۈر، بىراق ھازىرغىچە بىز ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇ ھەقتە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق، شۇڭا بۇ خىزمەتنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بىر ئامالىنى قىلايلى، — دېدى ھالدىر، — ئەتە مەن قايتىپ بارغاندا پاراڭلىشايلى.

ئامېرىكىدىن ئەنسىرەش كەيپىياتى شەرقتىن كەلگەن بىر شۇم خەۋەر بىلەن ئازراق سۇسلاپ قالدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا رايوندىكى چېكىنىشى ئالدى - ئارقىغا قارىماي قېچىش خەۋپىگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. موسكۋانىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەن ئوترا رايونى تاشلىۋېتىلگەن زەمبىرەك، ئاپتوموبىل ۋە تانكىلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ روھى بارغانسېرى چۈشۈپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ روھى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب گىتلېرنىڭ «ئالتۇن ئۈزۈك»ى يوقاپ كەتتى

△ ناتسىستلار: بولشېۋىكلارنىڭ ئىستىھكاملىرى فىئورېرنىڭ پۈتى ئاستىدا

△ گىتلېر: ستالىنگراد بىز ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە

△ ستالىن: پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشى، ئارقىغا چېكىنمەسلىكى كېرەك

△ گىتلېر پائۇلۇسقا بۇيرۇق قىلدى: كەينىگە بىر قەدەممۇ چېكىنىشكە بولمايدۇ

△ پائۇلۇس بىلەن شمىت: مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش كېرەك! بۆسۈپ چىقىش كېرەك!

△ پائۇلۇس گىتلېرغا تېلېگرامما بەردى: ئەڭ ئاخىرقى يىمىرىلىش 24 سائەت ئىچىدە بولىدۇ

1941 ـ يىلى قىشتا گىتلېر موسكۋا بوسۇغىسىدا تۈنجى قېتىم قاتتىق يېڭىلدى، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن ئالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي ئىدى، ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نوپۇسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كەڭرى زېمىنلار ناتسىستلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇرۇش ھالىتىگە كۆچۈپ كەتكەن خەلق ئىگىلىكى ھازىرچە ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىمالدىن بالتىق دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئۇرۇش لىنىيىسىدە ھۇجۇم قوزغاپ، 20- فېۋرالدا ئاساسەن ئاياغلاشتۇردى. مارتنىڭ ئاخىرىدا پاتقاقچىلىق پەسلى باشلىنىپ، كىشىلەرنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئاققان ئالدىنقى سەپ بىر مەزگىل جىمىپ قالدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 30 - مارتتا يوللىغان بىر مەلۇماتىدا قىش پەسلىدىكى جەڭدە تارتقان ئېچىنىشلىق زىيانلىرىنى تەپسىلىي ئاشكارىلىغان. شەرقىي لىنىيىدىكى 162 - دىۋىزىيىنىڭ ئىچىدە پەقەت سەككىز دىۋىزىيىلا قايتا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى، 16 برونېۋىك دىۋىزىيىنىڭ ئاران 140 تانكىسىلا ئىشلەتكىلى بولاتتى، بۇ سان بىر دىۋىزىيىدە بولۇشقا تېگىشلىك تانكىنىڭ ساندىنمۇ ئاز ئىدى.

پۈتۈن قوشۇن ئۇرۇشتىن توختاپ رەتكە سېلىنىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان گىتلېر يازلىق ھۇجۇمنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن تىرىشىشلار نەتىجىسىدە 266 دىۋىزىيىنى قوراشتۇرۇپ چىقالىدى، ئۇنىڭ 193 ى گېرمانىيىنىڭ ئىدى، مۇشۇ كۈچ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ زور كۆلەمدە يازلىق ھۇجۇمنى باشلىماقچى ئىدى، گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق باش شتابىنىڭ پىلانى: كۈچنى توپلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، شەرقتە ۋولگا دەرياسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ستالىنگرادنى ئېلىش؛ جەنۇبتا كاۋكازنىڭ نېفىتلىكىنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاۋكاز ئارقىلىق

ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. گىتلېر A، B گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا كاۋكاز بىلەن ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى گىتلېرنىڭ پىلانى بويىچە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گىتلېرنىڭ «ئالتۇن ئۈزۈكى» دەپ نامى بار، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى پائۇلۇس قوماندانلىق قىلغان 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە دون دەرياسىنىڭ باش ئەگمىگە يېتىپ كېلىپ، ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ستالىنگرادقا كىردى. ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقات قوراللىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ: «بولشېۋىكلارنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسى فىئورېرنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دەپ جار سېلىشتى. گىتلېرمۇ خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويدى، لېكىن ئۇ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ستالىنگرادقا بۇنداق تېز كىرىپ كېتىشىنىڭ ماشىنا قاتتىق تورموز قىلغاندا ئالدىغا مۇدۇرۇپ كېتىدىغان قىسقىلا بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ستالىنگرادنىڭ ئەسلى ئىسمى سارىتسىن ئىدى. 1918 ـ يىلى ستالىن مۇشۇ شەھەردە قىزىل ئارمىيە بىلەن ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ سارىتسىننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلغانىدى. 1919 ـ يىلى ستالىن يەنە جەنۇبىي سەپتىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ سارىتسىننى تارتىۋېلىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سارىتسىن ستالىننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتاتتى. خرۇششېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى ۋولگرادقا ئۆزگەرتىۋەتتى. ستالىنگراد دون دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سانائەت شەھىرى، قاتناش تۈگۈنى ئىدى، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇنلا، گىتلېر ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كاۋكازنى دونېتىستىكى سانائەت رايونىنى، كۇباننىڭ بۇغداي چىقىدىغان رايونلىرىنى، كاۋكازنىڭ نېفىت چىقىدىغان جايلىرىنى ئىسىۋېلىشنى قەست قىلىپ كەلگەنىدى. موسكۋا جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچى ۋە ماددىي تەمىناتى كەمچىل بولغاچقا، گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىشى مۇمكىن بولماي قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا غەربىي ياۋروپادا ئىككىنچى جەڭ مەيدانى ئاچمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياۋروپادىكى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، 1 مىليون 500 مىڭ ئەسكىرى بىلەن كاۋكاز ۋە ستالىنگرادنى ئىسىۋېلىپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئۆزگەرتمەكچى، ئاندىن شىمال تەرەپتىن موسكۋانى قايتا قورشاۋغا ئالماقچى، جەنۇبتا پارس قولتۇقىدىن چىقماقچى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، ياپونىيىنى سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى غەرب بىلەن شەرقتىن قىستاپ مەغلۇپ قىلماقچى؛ ئەڭ ئاخىرىدا غەربىي سەپكە قايتىپ، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنى يېڭىپ دۇنياغا خوجا بولماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ستالىنگراد بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھەل قىلغۇچى ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈنمۇ ستالىنگراد ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى، سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا، ياۋروپا بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

گىتلېر ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلغان ئوڭ قانات قوشۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە كېيىنكى

قايغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قرىم يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. 1942 ـ يىلى 8 ـ مايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى كېرچ يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلىپ، نېمىسلار ئاخىر 16 ـ ماي كۈنى كېرچنى بېسىۋالدى. ئۇلار سېۋاستوپولدىن باشقا پۈتۈن قرىم يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. نېمىسلارنىڭ قرىمغا بېسىپ كىرىشى ستالىنگراد جېڭىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

سېۋاستوپول مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، ستالىنگراد ئۇرۇشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. 7 ـ ئىيۇلدا، مانىستېيىننىڭ 11 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى بۇ شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. 27 كۈنلۈك جەڭدە، نېمىسلار بۇ شەھەرگە 30 مىڭ تونىنا توپ ئوقى، 125 مىڭ قاداق ئېغىرلىقتىكى بومبا تاشلىدى. سېۋاستوپول خەلقى بىلەن ئارمىيىسى ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نېمىس قوشۇنلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى. ئوق- دورىلىرى تۈگەپ كەتكەندە قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى، قورال بولمىغاندا، مۇشت ۋە چىشلىرى بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن 250 كېچە ـ كۈندۈز كۈرەش قىلدى. 4 ـ ئىيۇلدا، نېمىسلار بۇ شەھەرنى بېسىۋالدى.

1942 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى موسكۋا جېڭىنىڭ غەلىبىسى ۋە گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، خاركوۋ رايونىدا ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قالايمىقان قىلىۋېتىش، شۇ ئارقىلىق جەڭ مەيدانىدا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋېلىشنى قارار قىلدى. 12 ـ مايدا، تىموشېنكونىڭ قوماندانلىقىدىكى غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى خاركوۋغا ھۇجۇم قىلدى.

www.uyghurkitap.com

جەڭ باشلانغاندىلا سوۋېت قوشۇنلىرى 20 — 30 كىلومېتىر ئىلگىرىلىدى. 17 ـ مايدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنلىرىنى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن قورشىۋالدى. 19 ـ مايدا، گېرمانىيىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى يول قوشۇنى سوۋېت قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

قىرىمنىڭ قولدىن كېتىشى، خاركوۋدىكى مەغلۇبىيەت سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىنى ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى، قوماندانلىق شتاب يەنە پۈتۈن جەڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، نېمىسلارنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى ستالىنگراد، ستالىنگرادنى قوغداپ قېلىش جەنۇبىي سەپكە ۋە پۈتكۈل جەڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان مۇھىم ھالقا، دېگەن تونۇشقا كەلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ستالىن ژۇكوۋ بىلەن خۇئاسىلېۋسكىينى ستالىنگراد جېڭىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيىسى بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى ستالىنگراد بىلەن كاۋكازغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. 62 ـ، 63 ـ ۋە 64 ـ بىرلەشمە كورپۇسلارنى ستالىنگرادقا يۆتكەپ، ستالىنگراد يۆنىلىش ئارمىيىسى قۇردى. ستالىن 227 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئارمىيە ـ خەلقتىن «ئاداققىچە جەڭ قىلىش»نى، «كەينىگە بىر قەدەممۇ چېكىنمەسلىك»نى، ستالىنگرادنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى.

1942 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇندا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى شىمالدا كۇرسكىدىن جەنۇبتا تاگانروگقىچە بولغان 700 كىلومېتىرلىق ئۇرۇش سېپىدە ھۇجۇم قوزغىدى. بىر ھەپتىگە قالماي نېمىسلارنىڭ سول قانىتى ۋورونېژ دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ باردى. ئاندىن دون دەرياسى بىلەن دونېتس دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى كارىدور بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ستالىنگرادقا

يۈرۈش قىلدى، 24 ـ ئىيۇلدا، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى روستوۋنى ئىشغال قىلدى.
گىتلېر بىر مەزگىللىك بۇ غەلىبىدىن ئىسەنگىرەپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەمدى قارشىلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ، ستالىنگرادنى كېتىۋېتىپلا بېسىۋالغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ يەرگە كۆپ قوشۇن ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلاپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېرمانىيە ئارمىيىسى دون دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، A ، B گۇرۇپپىسىغا ئايرىلغان ئارمىيىلەرگە ئىككى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى، ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىدىغانغا ئاجرىتىلغان 4 ـ گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنى كاۋكازغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.
بۇنىڭ بىلەن، ستالىنگراد تەرەپتە گېرمانىيىنىڭ پەقەت پائۇلۇس قوماندانلىق قىلىۋاتقان 6 ـ گۇرۇپپىۋي ئارمىيىسىلا قالدى.
پائۇلۇس ھېسسىياتلىق ئاددىي بىر خىزمەتچىنىڭ ئوغلى ئىدى. كېيىن رۇمىنىيىلىك بىر ئاقسۆڭەككە كۈيئوغۇل بولدى. ئۇ كەمتەر، ئەستايىدىل، كىشىلەرگە مۇلايىم، ھۆرمەتچان، ئەمما تولىمۇ ئېھتىياتچان، سەل جۈرئەتسىزرەك، مەشىق كۆرگەن، ئەمما تەجرىبىلىك ناچالنىك ئىدى، 1929 ـ يىلى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىدا ستارشى لېيتېنانت بولغانىدى، ئۆزىنى ئۆتمەي برونېۋىك قىسىمغا يۆتكىلىپ، ماتورلاشقان تەجرىبە قىسىمدا بىر نەچچە ئاي كوماندىر بولۇپ تۇردى، شۇڭا ئۇنىڭ قوماندانلىق جەھەتتە كۆپ تەجرىبىسى يوق ئىدى. 1940 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى ھالدېر ئۇنى شتابقا يۆتكەپ مۇھىم بىر ۋەزىپىگە قويدى، ئارقىدىنلا شتابنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلدى، باش شتابتا ئىشلەۋاتقان چاغدا «بارباروسسا» پىلانىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دەسلەپكى ئىشلىرىنى شۇ تۈزۈپ ئىشلىدى. 1942 ـ يىلى يانۋاردا، پائۇلۇس گېنېرال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلدى ۋە 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى بولدى. بۇ، شەرقىي سەپتىكى ئەڭ چوڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ئىدى.

پائۇلۇس ئىشچان ۋە قابىلىيەتلىك ئوفىتسېر ئىدى، ئۇرغۇن خىزمەتلىرىنى گىتلېر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. 1942 ـ يىلى 11 ئاي ئىچىدە ناھايىتى تېزلا گېنېرال لېيتېنانتلىقتىن گېنېرال پولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. گىتلېر ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى، ستالىنگراد جېڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئالىي قوماندانلىق شتابىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىدىكى باشقارما باشلىقى يودېرنىڭ ئورنىغا قويماقچى بولغانىدى. پائۇلۇسنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاددىي بولۇشى ۋە كەمتەرلىك قىياپىتى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى، ئۇ ھالدېرنى قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۆزىگە يېقىن كۆرەتتى، لېكىن كىشىگە خۇشامەت قىلىدىغان چاكىنا ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ گىتلېرنىڭ كەسكىنلىكىگە ۋە ھەربىي تالانتىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرەتتى. گىتلېر برونېۋىك قوشۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاكتىپ تەرەپدارلىرىدىن ئىدى، شۇڭا پائۇلۇس بىلەن گەپلىرى دائىم بىر يەردىن چىقاتتى. پائۇلۇس ئۆزىنىڭ ھەم گىتلېرنىڭ، ھەم ھالدېرنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ نام-شۆھرەتكە بېرىلمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭدا جىددىي پەيتلەردە مەشھۇر قوماندانلارغا خاس قەتئىيلىك كەمچىل ئىدى، ھالدېر ئۇنى دائىم لەمكىن، سوغۇققان دەپ تەرىپلەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ مىجەزىگە ئەزمە، پاسسىپ دېگەن سۆزلەر مۇۋاپىق كېلەتتى، ئۇ يودېرغا ئوخشاش تۇغۇلۇشىدىنلا ئىتائەتمەن ئادەم ئىدى، گىتلېر ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىيلىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

1940 ـ يىلى، پائۇلۇس گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بىلەن فون رېيخېناۋنىڭ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىدە سەككىز ئاي شتاب باشلىقى بولۇپ تۇردى. رېيخېناۋ ئىيۇلدا مارشاللىققا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كەچۈرمىش ۋە تەجرىبە جەھەتتىن پەرقى چوڭ ئىدى. گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، پائۇلۇسنىڭ تەجرىبىسىنىڭ ئازلىقى، ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى بىلەن كارى بولماي، ئىقتىدارلىق ئون نەچچە كورپۇس كوماندىرلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇنى رېيخېناۋنىڭ ئورنىغا ئىز باسار قىلىپ تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى شتاب باشلىقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن خاركوۋدىكى جەڭ ۋە «كۆك رەڭ» ئوپېراتسىيىسىدە زور نەتىجە كۆرسەتكەن قوماندان بولۇپ قالدى.

ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا، 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە بەش كورپۇس، جەمئىي 18 دىۋىزىيە بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيە بىر ماتورلاشقان دىۋىزىيە بار ئىدى. بۇ ئۈچ دىۋىزىيە 40 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسى بولۇپ تەشكىللەندى. 17 ـ ئاۋغۇست كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە دون دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۈچ كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى ۋېركاچىتىن بىر يول ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى 60 كىلومېتىر ئىچكىرى بۆسۈپ كىرىپ، ستالىنگرادنىڭ شىمالىغا يېتىپ باردى، 23 ـ ئاۋغۇستتا ۋولگا دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 62 ـ، 64 ـ كورپۇسلىرى ئىككىگە بۆلۈۋېتىلدى. نېمىسلارنىڭ ئايروپىلانلىرى شەھەر مەركىزىنى شىددەت بىلەن بومباردىمان قىلدى، پىيادە ئەسكەرلىرى شەھەرنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ستالىنگراد ئىنتايىن خەتەر ئىچىدە قالغانىدى.

مۇشۇ جىددىي پەيتتە، ستالىنگراد خەلقى قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ نىمىسلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشىغا يېقىندىن ماسلاشتى، ئۇلار ئاخىر نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئىستىھكاملارنى ساقلاپ قالدى.

25 - ئاۋغۇست كۈنى، ستالىنگرادتا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكى جاكارلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ شەھەر خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقىرىلدى. مۇراجىئەتنامىدە 1918 - يىل ئەسكە ئېلىنىپ: «بوران - چاپقۇنلۇق 1918 - يىلدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋە ئەزىز ھاياتلىرى بىلەن سارىتسىننى قوغداپ قالغان» دېيىلگەن، شەھەردىكى ئارمىيە - خەلقنى قۇربان بېرىشتىن قورقماي بۇ قەھرىمان شەھەرنى قوغداشقا چاقىرىق قىلغانىدى. ستالىنگرادتىكى ئارمىيە - خەلق جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىش ئۈچۈن بارلىق تەييارلىقلارنى قىلىپ قويدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى دون دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى ئىشغال قىلىپ، ستالىنگرادنى شىمال، غەرب، جەنۇب ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ستالىن بىر تەرەپتىن ستالىنگرادتىكى ئارمىيە - خەلقنى «ئاخىرقى بىر ئادەم قالغىچە بوشاشماي جەڭ قىلىش» قا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىگە ستالىنگرادقا كېلىدىغان ياردەم يېتىپ كەلگىچە دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇيتتى.

12 - سېنتەبىردە، ژۇكوۋنىڭ 62 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى ستالىنگرادنى قوغداش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

14 ـ ئۆكتەبىردە، نېمىسلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، شەھەرنى توختىماي بەش سائەت بومباردىمان قىلغاندىن ۋە توپقا تۇتقاندىن كېيىن، بەش پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى بىلەن ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيىنى قاتناشتۇرۇپ، بەش كىلومېترلىك تار مۇداپىئە لىنىيىسىگە يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. مىسلىسىز شىددەتلىك جەڭ بىلەن نېمىسلار بۇ لىنىيىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەرلەر كۆپ قىرىلىپ كەتكەچكە جەڭگىۋار كۈچى ۋە ھۇجۇم ئىقتىدارى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى، بۇ يەردىكى جەڭ ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. پائۇلۇسنىڭ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ روھى بەك چۈشۈپ كەتكەچكە قايتا ھۇجۇم قوزغاشقا كۈچى يەتمەي، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى.

گىتلېر ستالىنگرادتا يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان، پائۇلۇسنىڭ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى تولىمۇ ئاستا بولۇۋاتاتتى، ئالدىغا ھەربىر سىلجىغاندا ناھايىتى زور بەدەللەرنى بېرەتتى. پائۇلۇس بىلەن شەرق ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى رېينھارد گرون خەتەردىن سىگنال بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى شىمال تەرەپتە كەڭ كۆلەمدە توپلىنىۋاتىدۇ، دېدى. «دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك پەرەز قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق، چۈنكى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تولىمۇ تۇراقسىز، — دېدى گرون 12 ـ نويابىردىكى دوكلاتىدا، — ئەمما، دۈشمەن رۇمىنىيىنىڭ 3 ـ كورپۇسىغا بالدۇر ھۇجۇم قىلىشى، ستالىنگرادقا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بىزنىڭ شەرقتىكى قوشۇنلىرىمىزنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن بىزنى ستالىنگرادتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن.»

گىتلېر سىرتتا بولغاچقا، بۇ دوكلاتتىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپمىدى. ئۇمۇ رۇمىنىيە ئارمىيىسىگە بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇ يەردە مەسىلىنىڭ بار – يوقلۇقىنىمۇ ئالاھىدە سورىغانىدى. شۇ ھەپتىدە بىر ھەپتە يىغىنغا قاتناشقان پوكامور ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ سوئالىغا، يوق، دەپلا جاۋاب بېرىلەتتى.» يامان خەۋەرلەرنىڭ كېلىشى ئاستا بولغاچقا، گىتلېر ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كۈچى زادى قانداق، ھېچكىم بىلمەيتتى. گىتلېر يېقىندا قاتتىق تەنقىدلىگەن («دۈشمەننىڭ كۈچىنى تىنماي كۆپتۈرىسىلەر» دېگەنىدى ئۇ) بولغاچقا، ئۇنىڭ تەنقىدى قورقۇلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىكىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، نەتىجىدە پولشا بىلەن فرانسىيىدىكى خاتالىقنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى.

19 – نويابىردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى 40 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن رۇمىنىيىنىڭ 3 – كورپۇسىغا ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى جىنىنىڭ بارچە قارشىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر سانى كۆپ سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ كەتتى. B گورۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى بۇ ئىشقا دەررۇ ئىنكاس قايتۇرۇپ، باشتا پائۇلۇسقا ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، قىسىملارنى سول قاناتتىن كېلىدىغان خەۋپكە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن رۇمىنىيە ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، 6 – گورۇپپىۋىي ئارمىيىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.

گىتلېر ئۇنداق قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى. بۇندىن بۇرۇن بېرىلگەن دوكلاتلار ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاللىقاچان قانسىراپ ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى

قايتۇرما ھۇجۇمى جان تالىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ستالىنگرادتىكى قوشۇنلارغا، ياردەمگە كېتىۋاتقان قوشۇنلار يول ئۈستىدە، ستالىنگرادتا جان تىكىپ ئېلىشىڭلار، دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن بۇ گەپلەرمۇ گېنېرالنىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ نەقەدەر قالايمىقانچىلىقتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنىدى. مايور ئېنگېل ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ يەر ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى، فيۇرېرنىڭ ئۆزىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئازاب بىلەن تولغان ئۇ بىر نەچچە سائەتتە ئۇياق – بۇياققا مېڭىپلا يۈردى. گېنېراللىرىنىڭ ھەممىسىنى كونا كېسەللىرى يەنە قوزغالدى، دەپ ئەيىبلىدى.»

گىتلېر جەڭگە كىرگەن تانكىلىرىنىڭ كەينىگە چېكىنىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. 21 – نويابىردا، رۇمىنىيىنىڭ 3 – كورپۇسى (چاشقانلار تۇك يوللىرىنى غاجىلاپ ئۈزۈۋەتكەچكە، تانكىلارنىڭ تەگدىن تولىسى ماگالماي قالغانىدى) پارچىلىنىپ كەتتى. رۇمىنىيىلىك بىر ئوفىتسېر كۈندىلىك خاتىرىسىگە شۇنداق يازغان: «بىز ۋە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتۇق؟ نېمىشقا بۇنچىلىك كۆپ جەبىر – جاپالارنى تارتىمىز؟»

پائۇلۇس بىلەن ئۇنىڭ شتاب باشلىقى شمىت ئۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خەۋپنى پەقەت ئاشۇ كۈنىلا سەزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تانكىلىرى قوماندانلىق شتابىغا بىر نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا كېلىپ قالغانىدى، بۇ، 6 – گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ مۇھىم قاتناش يوللىرىنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، قوماندانلىق شتابىنى ئالدىراپ – تېنەپ يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، پائۇلۇس يۇقىرىدىن چېكىنىشنى ئىلتىماس قىلدى، يۇقىرى رەھبەرلىك ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى تەستىقلىماقچى بولۇپ ئالىي قوماندانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شتابىدىن يولىيورۇق سورىدى: ھالدېر ئۇلارنىڭ چېكىنىش ئىلتىماسىغا قوشۇلدى، لېكىن گىتلېر يەنە بولمايدۇ، دەپ تۇرىۋالدى. «مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بەرسۇن، ستالىنگرادنىڭ ئەتراپىنى چوقۇم قاتتىق ساقلىشى كېرەك.» دېدى ئۇ.

ئەتىسى، يەنى 22 - نويابىر كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئامبۇر شەكلىدە زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، 6 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. گېرمانىيىنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇنى 100 نەچچە تانكا، 1800 زەمبىرەك ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل ئاپتوموبىللار بىلەن چوڭ بىر ئويمانلىقتا قاپسىلىپ قالدى. 6 - گورۇپپىۋوي ئارمىيە شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يىغىن ئاچقاندا، بەزىلەر غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. «بولمايدۇ، — دېدى شتاب باشلىقى شىمىت، — يېقىلغۇ يېتىشمەيدۇ. ئەگەر قورشاۋنى مەجبۇرىي بۆسۈپ چىقىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ چاغدا ناپولېئوننىڭ ئەينى يىللاردىكى ئاقىۋىتىگە قالىمىز، (كىرپە) مۇداپىئەسىگە ئۆتمەي بولمايدۇ.»

چۈشتىن كېيىن ۋەزىيەت تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ، شىمىت ئۆزىنىڭ ئۇ قارىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا پائۇلۇس يېڭى بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇقتا جايىڭلاردىن مىدىرلىماي بۇيرۇق كۈتۈڭلار، دېيىلگەنىدى. «ئەمدى بىزگە ئويلىنىۋالىدىغانغا ۋاقىت چىقتى، — دېدى پائۇلۇس شتاب باشلىقىغا، — ئىككىمىز ئايرىم ئولتۇرۇپ ئويلىنايلى، بىر سائەتتىن كېيىن يېنىمغا كىرىڭ، ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقامدۇ - قانداق، كۆرۈپ باقايلى.» ئىككىسىنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى: مۇھاسىرىنى غەربىي - جەنۇب تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئىدى.

بۇ چاغدا گىتلېر «بۆرە ئۇۋىسى»غا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ئىدى. چېكىنىش ئۇنىڭ كاللىسىغا زادىلا سىغمايتتى. شۇ كۈنى

كەچتە ئۇ ئۆز نامىدىن پائۇلۇسقا تېلېگراممىا بېرىپ: «6 ـ گۇرۇپپىۋى ئارمىيە چوقۇم چۇشىنىشى كېرەك، مەن سىزگە ياردەم ئەۋەتىپ مۇھاسىرىنى تارمار قىلىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىمەن، تېز ئارىدا بۇيرۇق چۇشۇرىمەن.» دېدى. پائۇلۇس ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ماقۇل كۆردى. لېكىن قول ئاستىدىكى بىر كورپۇسنىڭ قوماندانى پائۇلۇسنى چېكىنىشكە ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇق چۇشۇرۇشكە مەجبۇر قىلىش ئۇچۇن ئۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ كورپۇسىغا چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى. پائۇلۇسنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىشقا ھوقۇقى بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى، سەۋەبى، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. قىزىق يېرى، كېيىن گىتلېر ئۇلارنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى پائۇلۇسقا ئارتىپ، ھېلىقى كورپۇس قوماندانىنى قوشۇنغا مۇستەقىل قوماندانلىق قىلالىغانلىقى ئۇچۇن مۇكاپاتلىغان.

23 ـ نويابىردا، 6 ـ گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ قوماندانى ئۆز نامىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، گىتلېر پائۇلۇستىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ يەنە ئۇنىمىدى. گېرىنگ ئۇنىڭغا ئايروپىلان بىلەن 6 ـ گۇرۇپپىۋى ئارمىيىگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بۇ مارشالنىڭ ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى دېگەندەك كۆپ بولمىسىمۇ، گىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەتىسى چۇشتىن كېيىن پائۇلۇسقا: «ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ» چىڭ تۇرۇشنى، تەمىناتنى ھاۋادىن تاشلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېگراممىا بەردى. ئۇ گېرىنگنىڭ يەڭگىللىك بىلەن بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرى بىلەنلا ستالىنگرادنى ئادەتتىكى بىر قەلئە، دەپ بىلىپ قالغانىدى، شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ گېرمانىيە ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ 250 مىڭ ئەسكىرىنىڭ جېنىنى سېلىپ بەردى.

گىتلېر پائۇلۇسقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قوماندانلىق ھوقۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى پائۇلۇستىن مارشال مانىستېيىنگە ئېلىپ بەردى. مانىستېيىننىڭ قوماندانلىق قىلىدىغىنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن دون گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى بولۇپ، ۋەزىپىسى ستالىنگرادتا مۇھاسىرىدە قالغان گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ غەربكە سىلجىشىنى توسۇش ئىدى. شۇ كۈنى مانىستېيىن پائۇلۇستا قايتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن «بىز ئامال بار سىزنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرىمىز. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز، فيۇرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ۋولگا بىلەن شىمالدىكى ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ، پېتەرلىك كۈچ توپلىغاندىن كېيىن ئارقا سەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش.» دېگەن مەزمۇندا تېلېگراممىسىنى ئەۋەتتى. پائۇلۇس ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى 6 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە تۇرغان جاينى قاتتىق قوغداش بىلەن بىللە چېكىنىش ئۈچۈن تار بىر كارىدور ئېچىش كېرەك، دەپ چۈشىنىپ، ئەسلىدىكى گىتلېرنىڭ، رۇخسەت قىلمىغىنىغا قارىماي مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش، دېگەن پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

شۇ كۈنى كېچىدە ستالىنگرادقا تەمىنات يەتكۈزۈپ بەرگىلى كەلگەن نېمىس ئايروپىلانلىرىنىڭ ئىچىدە 22 ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلدى، 25 - نويابىردا يەنە توققۇز ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلدى. پائۇلۇس ئاران 75 توننا يېمەكلىككە ۋە ئوق - دورىغا ئېرىشتى. 26 - نويابىردا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى نېيتزلېر «بۆرە ئۇۋىسى» غا بېرىپ، گىتلېرنىڭ غەزىپىگە قارىماي، پائۇلۇسنىڭ «ئەركىن ھەرىكەت» قىلىشىغا يول قويۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. بۇ، ئۇلار مۇھاسىرىنى مەجبۇرىي بۆسۈپ چىقىشلىرى كېرەك، ئەگەر مەغلۇپ بولسا تەسلىم بولىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. گىتلېر بۇ تەكلىپنى

شۇئان رەت قىلدى، پەقەت مانىستېيىننىڭ ئۇلارنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىغىلا ماقۇل بولدى. ئۇ ھەرخىل قارشى پىكىرلەرگە گېرىنگىنىڭ تەمىناتنى ھاۋادىن يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان ۋەدىسى بىلەن جاۋاب بەردى.

شۇ كۈنى پائۇلۇس مانىستېيىننىڭ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە يازدەم بەرمەكچى بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە رەھمەت خېتى يازدى. خەتتە ئۇ گىتلېرغا ئۆزلىرىنىڭ «ئەركىن ھەرىكەت» قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى يېزىپ، ئۇنى مۇنداق چۈشەندۇردى: «مېنىڭ بۇنداق ھوقۇقنى تەلەپ قىلىشىم، چۈشۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بۇيرۇق ۋاقتىدا چۈشۈرۈلمەي، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە چۈشۈرۈلۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇندۇر. مەن سىزنىڭ مېنىڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدەمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.»

پائۇلۇس كېچە سائەت 12 گە بەش مىنۇت قالغاندا گىتلېرنىڭ خۇسۇسىي تېلېگراممىسىنى قوبۇل قىلدى. تېلېگراممىدا ئۇلاردىن ئىستىھكاملىرىنى مەھكەم ساقلاش تەلەپ قىلىنغان، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى تېز ئارىدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىلگەنىدى.

ناپولېئون روسسىيىنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا، شىۋىرغانلىرىدا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تەمىنى راسا تېتىغانىدى. 130 يىلدىن كېيىن، گىتلېر تېتىۋاتاتتى. مانىستېيىن قىشتىكى بۇ شىۋىرغاننىڭ تەمىنى روسسىيىلىكلەرگە تېتىتىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، بۇ قېتىمقى 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئورۇشنى «قىشتىكى شىۋىرغان» دەپ ئاتىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى مانىستېيىننىڭ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باشلاپ، جەنۇب بىلەن

شىمال ئىككى تەرەپتىن قىسىپ كېلىشكە باشلىدى، نەتىجىدە مانىستېيىنىن پائۇلۇسنىڭ قوشۇنىغا 30 كىلومېتىر قالغان يەردە ئالدىغا بىر قەدەممۇ سىلجىيالماي تۇرۇپ قالدى. دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا، قورشاۋدا قېلىپ تارمار بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئارقىغا چېكىنىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

يېڭى يىل ھارپىسىدا، گىتلېر خۇسۇسىي ئايروپىلاننى ئەۋەتىپ، ستالىنگرادتىكى 14 ـ برونېۋىك كورپۇسنىڭ قوماندانى ھانس ھىبونى گېرمانىيىگە ئېلىپ كەلدى. ھانس نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. گىتلېر ئۇنىڭدىن 6 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ ئەھۋالىنى توغرا، تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھانس 6 ـ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ ھازىرقى خاراب ئەھۋالىنى بىرىنى قويماي تولۇق سۆزلەپ بەردى. گىتلېر جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ: «نۇرغۇن ئەھۋاللار مەن ئۈچۈن يېڭى ئىكەن.» دېدى ۋە ھازىر فرانسىيىدە تۇرۇۋاتقان برونېۋىك پولكلىرىنى ستالىنگرادقا ياردەمگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي ھاۋادىن ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ستالىنگرادتىكى مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا قاتتىق بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھانس قىسىملارغا يېڭى ئۈمىد بېغىشلايدىغان بۇيرۇقنى ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يېتىپ بارغان كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىگە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تاشلىغانىدى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە ئۇلارنىڭ تەسلىم بولمىسا گۇمران بولىدىغانلىقلىرى يېزىلغانىدى. پائۇلۇس ھانس ئېلىپ كەلگەن يېڭى خەۋەرنىڭ ئىلھامى بىلەن قول ئاستىدىكى قوماندانلارغا تەسلىم بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى

ھۇجۇم باشلىدى. 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ غەربىي سېپى ئارايغىلى تۇردى، يېمەكلىك بىلەن ئوق ـ دورىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى، ھەربىر زەمبىرەك بىر كۈندە پەقەت بىر پايلا ئوق ئاتالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەسكەرلەرمۇ بىر كۈندە بىر پارچە بولكا، بىر كىسىم ئات گۆشىلا يېيەلەيتتى. گېرىنگ ۋەدە قىلغان تەمىناتنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلا ھاۋادىن تاشلاپ بېرىلىۋاتاتتى. گىتلېرمۇ خام خىياللىرىنى تاشلاپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق گەپ قىلىدىغان، گېرىنگنى «بۇ ئادەمنىڭ كاللىسى سېمىز چوشقىنىڭ كاللىسىغا ئوخشايدۇ» دەپ تىللايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ھاقارەتلەيدىغىنى ھاۋا ترانسپورتىنى قايتا تەشكىللەپ 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان مارشال مىلچ بولسا كېرەك. گىتلېر مىلچنى بۇرۇن ئىككى قېتىم ماختاپ، «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن گەپنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم، دېگەنىدى. يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىلچ «بۆرە ئۇۋىسى»غا كەلگەندە، گىتلېر ئۇنىڭغا ھەركۈنى ستالىنگرادقا 300 توننا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ھەرقانداق قوماندانغا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بەرگەنىدى. مىلچ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، كۈندە قوشۇلىدىغان 60 توننا تەمىناتنى 80 تونىنىغا چىقىرىپ، مۇھاسىرىدىكى قوشۇنلارغا ئازراق ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىلچ ئۇ پىلاننى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، بۇنىڭ ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدى.

20 ـ يانۋاردا، بىرىنچىغىچە تارىيىپ كەتكەن ئۇرۇش سېپىدە پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلدى، بولۇپمۇ جەنۇب جىددىي كېتىۋاتقان جايلاردا شۇنداق بولدى. پائۇلۇس كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە چىدىماي يۇقىرىغا يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلماقچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىمىت بىلەن باشقا ئىككى شتاب كوماندىرىدىن پىكىر ئالدى. ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرەيلەنلا (ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ كوماندىرى) داۋاملىق جەڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پائۇلۇس مانستېيىن بىلەن گىتلېرغا ئوخشاش مەزمۇندا ئىككى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، داۋاملىق جەڭ قىلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا «پۇتۇنلەي يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش»نى تەلەپ قىلدى.

مانستېيىن بىلەن زېيتزلېر گىتلېرنىڭ پايدىلىق جاۋاب ياندۇرۇشىغا كۆپ كۈچىدى، لېكىن گىتلېر 6 ـ گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنى «ئاخىرقى بىر جەڭچى قالغىچە جەڭ قىلىش»قا بۇيرۇدى، بولمىغان يېرىگە كەلگەندە، چېكىنىش تەرەپدارلىرى چىرۋۇس ئىسىملىك بىر مايورنى ئايروپىلان بىلەن ستالىنگرادقا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ھېرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن گىتلېرنى ئۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇشنى قارار قىلىشتى. ئۇ مايور ستالىنگرادقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، گىتلېر ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىز ئەڭ خەتەرلىك يەرگە بېرىپ كەلدىڭىز» دېدى. ئاندىن بىر باتالىئون تانكا بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان يەنە بىر پىلاننى كۆتۈرۈپ چىقتى.

چىرۋۇس ئۇنىڭ بۇ پىلاننى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بىر كورپۇس بىرونېۋىك قوشۇن بىلەن مەغلۇپ بولۇۋاتقان يەردە بىر باتالىئون تانكا بىلەن غەلىبە قىلغىلى بولامدۇ؟ گىتلېر گەپتىن توختاپ قالغان ئارىلىقتا مايور ئالدىن تەييارلىۋالغان بىرمۇنچە سانلىق مەلۇماتلار بار بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، مۇھاسىرىدە قالغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قانداق ئاچ قېلىۋاتقانلىقى، سوغۇقتا قانداق توڭلاپ كېتىۋاتقانلىقى، تەمىناتنىڭ قانداق بولۇپ كۈندىن كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان جەبىر ـ جاپالىرى دېگەندەك بىر قاتار

مەسىلىلەرنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ئاخىرىدا:

— فىئورېر، ماڭا رۇخسەت قىلىسىڭىز، مەن ستالىنگرادتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلىرىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوق قالغۇچە ئېلىشىشنى ئېيتالمايمەن. چۈنكى ئۇلاردا داۋاملىق جەڭ قىلغۇدەك جىسمانىي قۇۋۋەتمۇ يوق، ئاتقۇدەك ئاخىرقى بىرپاي ئوقمۇ يوق، — دېدى.

گىتلېر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— ئەرلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاسانلا ئەسلىگە كېلىدۇ، — دېدى ئۇ.

مايورنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، گىتلېر پائۇلۇسقا: «تەسلىم بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، قوشۇنلىرىمىز ئاخىرغىچە ئېلىشسۇن!» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

ئەمەلىيەتتە، گىتلېرمۇ تۈرلۈك خىياللار بىلەن قاتتىق قىينىلىۋاتاتتى. ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە باشقىدىن روھلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ كاسابلانكىدا ئاچقان يىغىنى تۈگەپلا روزۋېلتنىڭ ئوق مەركىزىي دۆلەتلىرىنى شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا قىستىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. روزۋېلت دۇنيانىڭ توقۇنۇشلىرىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلمايتتى، شۇڭا بۇ ئەھۋال گىتلېر ئۈچۈن تېپىلماس بىر تەشۋىقات ماتېرىيالى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئەمدى ئۇ ئادەملىرىنى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇرلىيالايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شۇ ئىشتىن كېيىن گىتلېر ئۆزىنىڭ بىر ياردەمچىسىدىن پائۇلۇسقا بولالمىغان چاغدا ئۆزىنى ئېتىۋېلىشى ئۈچۈن تاپانچا ئەۋەتكەن. نېمىسلارنىڭ قوشۇنلىرى ئاندا ـ ساندا تەسلىم بولۇشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئەمما پائۇلۇس تېخىچە قاتتىق تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تەسلىم بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى نەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىۋىزىيە قوماندانلىرىغا ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا تېخى يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار چوقۇم گىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرغىچە ئېلىشىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. پائۇلۇس ئۆز ئالدىغا شۇنداق قارارنى چىقىرالىغان بىلەن، ئەسكەرلىرىنىڭ قىيىنلىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ۋىجدانى ئازابلىناتتى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يېقىنغىچە يەنە شۇنداق ئۈستۈن ئىدى.

1943 - يىلى 8 - يانۋار ئەتىگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پائۇلۇسقا ئولتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشنى، تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پائۇلۇس تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى. 10 - نويابىر سەھەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى 5000 توپ - زەمبىرەك بىلەن 6 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى. جەڭ ئۇزۇن داۋام قىلمايلا، پائۇلۇسنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتر، كەڭلىكى 14 كىلومېتر كېلىدىغان تار دائىرە ئىچىدىلا قېپقالدى، ئىستىھكاملىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. 30 - يانۋاردا، پائۇلۇس گىتلېرغا تېلېگرامما يوللاپ: «ئاخىرقى يىمىرىلىش 24 سائەتتىن ئاشمايدۇ.» دېدى.

نېمىسلارنىڭ بۇ ئارمىيىسى پۈتۈنلەي يوقىلىش ھارپىسىدا، گىتلېر كۈلكىلىك بىر ئويۇن ئوينىدى، يەنى ئۇ 1943 - يىل 30 - يانۋاردىكى فاشىستلارنىڭ گېرمانىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىغا 10 يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا، پائۇلۇسقا مارشاللىق ئۇنۋان بەردى، ستالىنگرادتا قورشاۋدا ياتقان 117 ئوفىتسېرنى بىر دەرىجىدىن ئۆستۈردى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرماقچى ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەرقانچە ئۆستۈرۈپمۇ، بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرالمىدى.

31 - يانۋاردا، ستالىنگرادتىكى نېمىس ئارمىيىسى پۈتۈنلەي

يوقىتىلدى. پائۇلۇس بىلەن ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى مەركىزىي تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئەسىرگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىت بېسىپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل - جۇل، نۆلدىن تۆۋەن 30 گىرادۇس سوغۇقتا بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى يالىڭاياق ئىدى. ئوفىتسېرلىرىنىڭ يانچۇقلىرىدا بولكا بىلەن قېزا توشۇپ تۇراتتى. فاشىستلارنىڭ تەكەببۇر، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان مارشالىنىڭ بۇرۇنقى «يېڭىلمەس» ھەيۋىسى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇلۇپ، قەغەز يولۋاسلىق ئەسلى قىياپىتى ئېچىلىپ قالغانىدى، يالغان ئاغرىق بولۇۋېلىپ، نېمىسلارنىڭ نوسۇلكىسىدا شۈمشىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ شتاب باشلىقى ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن تەسلىمنامىگە قول قويدى.

شۇ كۈنى تەسلىم بولغان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى، دىۋىزىيە باشلىقى فون ترام بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى: «بىزنىڭ يېڭىلىپ قالغان، نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىز بولغان... ئەمما بۇنداق ئېچىنىشلىق...». چېچىغا ئاق كىرگەن گېنېرال سىلېرمۇ ھەسرەتلىنىپ: «مەن 60 ياشقا كىرىپ قالدىم، گېرمانىيە ئارمىيىسىدە ئىشلەۋاتقىنىمغىمۇ 40 يىل بولدى، ئەمما بۇنداق مەغلۇپ بولۇشنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دېدى.

2 - فېۋرالدا، موسكۋا پائۇلۇسنىڭ ئارمىيىسىنىڭ تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى تارقاتتى. چۈشلۈك يىغىندا ئولتۇرغان زېيتزلېر بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدى. ئەمما گىتلېر ئىشەنگەنىدى. «ئۇلار تەسلىم بولدى، رەسمىي، مۇتلەق تەسلىم بولدى، — دېدى ئۇ بۇ گەپنى چىڭ تۇرۇپ، — بولمىسا ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرقى ئوقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشلىرى كېرەك ئىدى.» زېيتزلېر پائۇلۇسنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا يەنىلا

www.uyghurkitap.com

ئىشەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ بىر يەردە يېتىپ قالغاندۇ، دېگەندە گېستىلېر يەنە شۇنداق دېدى: «ياق، ئۇ راستىنلا تەسلىم بولدى. ئۇلار ئۇنى موسكۋاغا ئاپىرىپ ك گ ب غا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە قىلچە ئويلانمايلا شىمالدىكى ئارمىيىمىزنىمۇ تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.» ئۇ باش - ئايىغى يوق گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالغان ئوفىتسېرلىرىنى ماختاپ كەتتى. «شۇنداق قىلىش نېمىدېگەن ئاددىي ئىش! بىر پاي ئوق ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتىغۇ. ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەتسىزلىك قىلىش نېمىدېگەن قورقۇنچاقلىق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئۆلۈمىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىلەرگە ئاجايىپ بىر ياخشى ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىغۇ؟ شۇنداق بولسا باشقىلارنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئورنى قالامتى؟»

ئۇ پائۇلۇسنى داۋاملىق تىللاۋەردى: «مەن نېمىدەپ مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئۆستۈرۈپ مارشال قىلدىم. مەن ئەسلىدە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپسىنى قاندۇرۇشنى ئويلىغانىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە تەيىنلىگەن ئەڭ ئاخىرقى مارشالىم ئىدىغۇ، مەندىن نەسىھەت، سىلەر ھەرگىز تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى چۈجىنى جۈجە دەپ سانىماڭلار. مەن زادىلا بىلەلمىدىم. بىر ئادەم شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن — مېنىڭ يەنە، بۇ نېمىدېگەن ئاسان ئىش، دېگۈم كېلىدۇ، — ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ باش - ئايىغى يوق ئىدى، بىر - بىرىگە باغلاشمايتتى؛ — . . . ئۇنى ئۇنىڭ ئويلاپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. نېمىدېگەن بىمەنە، كۈلكىلىك ئىش بۇ. ئۇ ئۇلاپلا بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ موسكۋاغا بارغۇسى كېلىپ قاپتۇ، بۇ قانداق تاللاش؟ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانغا قىلچە ئاساسى يوققۇ؟»

1943 ـ يىلى 2 ـ فېۋرالدا، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ستالىنگراد ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇرۇشتىن كېيىن، گىتلېر ھەسرەت بىلەن: مېنىڭ «ئالتۇن ئۈزۈك» ىم يوقالدى، دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب گىتلېر: ياكى غەلىبە قىلىش كېرەك، ياكى ئۆلۈش كېرەك

△ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تەكەببۇر بىرونېۋىك قوشۇنى نىل دەرياسىنى كۆردى

△ روممېل ئۆيىگە يازغان خېتىدە قايغۇ بىلەن: ئەپسۇس، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەمگە باقمايدىكەن، دېدى

△ روممېل: ھەربىي تەمىنات ۋاقتىدا يېتىپ كەلمەيدىغان بولسا، شىمالىي ئافرىقىدىن چېكىنىپ چىقىمىز

△ گىتلېر: بىر ئادەم مۇھىم ئورۇندا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە، بارا ـ بارا جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپ كېتىدىكەن

△ چېرچىل: ئالامېيىن ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن، بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ

△ گىتلېرنىڭ مەھشەر كۈنى باشلاندى

1942 ـ يىل بىرىنچى ئىيۇلدا، شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيىنىڭ 8 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئىسكەندىرىيە پورتىغا

60 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالامېئىن دېگەن يەردە يېمىرىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى، بۇ ئەھۋالغا ئەنگلىيە جامائەتچىلىكى تولىمۇ ھەيران ئىدى؛ تېخى 35 كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۈرۈش قىلىشقا ماھىر بۇ ئارمىيە 1 مىڭ 200 كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي لىۋىيە قۇملۇقىدىكى مۇستەھكەم ئىستىھكامدا تۇرۇپ روممېلنىڭ ئافرىقا ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپلا قالماي، يېمىرىلىپ كېتىشكىمۇ يۈزلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. نېمىسلارنىڭ تەكەببۇر برونېۋىك قىسمى ئىسكەندىرىيە پورتى بىلەن قاھىرەنىڭ دەرۋازىسىغا قىستاپ كېلىۋاتاتتى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي ئافرىقا جەڭ مەيدانىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشى، توبرۇكتىكى مەغلۇبىيەت چېرچىلنى قاتتىق لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئەگەر نېمىسلار مىسىرغا بېسىپ كىرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئوتتۇرا شەرق ئارقىلىق ياۋروپا جەڭ مەيدانلىرىغا كىرىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلەتتى. لېكىن يەنە روممېلنىڭ بۇ غەلىبىلىرى ھەرگىز تۇغسانسىز قولغا كەلگەن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمۇ بار ئىدى، قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى سەپ ئۇزىراپ، ئارقا سەپ كۆپ ئارقىدا قېلىپ، ئويلاپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىۋاتاتتى. بۇ جەھەتتە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، يېتەرلىك ئارقا سەپ ياردىمىگە ئىگە ئىدى، ئايروپىلانلىرى روممېلنىڭ ترانسپورت لىنىيىلىرىگە دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى.

1 ـ ئىيۇل چارشەنبە كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى روممېلنىڭ ئالامېئىن ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا قوماندانلىق شتابى ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، جەڭچىلەر ئۇ كۈننى «كۈل رەڭ چارشەنبە» دەپ ئاتاشتى، قاھىرەلىكلەر كۆيدۈرۈلۈۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۇجەتلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسنى كۆرۈپ سىرتقا قاراپ قېچىشقا باشلىدى، پويىز ئىستانسىلىرى ئادەم بىلەن توشتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، روممېل ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قوزغىماي، ئەنگلىيە قوشۇنى سەل ئۆزىنى بېسىۋالدى ھەم ئازراق ئارام ئېلىپ قالدى. 2 ـ ئىيۇلدا، روممېل ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزدەك، جەڭچىلىرى چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى، ئاران 40 تانكىلا جەڭگە كىرگەن بولۇپ، ئۇنچىلىك تانكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ جىنىرىكنىڭ زور تۈركۈمدىكى تانكىلىرى روممېلنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى، ئاخىر روممېلنىڭ شېرىن خىياللىرى بەربات بولدى. 3 ـ ئىيۇلدا، روممېل يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، لېكىن بۇ قېتىم ئاران 26 تانكىسى جەڭگە كىرگەن بولغاچقا، يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى. روممېل 4 ـ ئىيۇلدا ئۆيىگە يازغان خېتىدە شۇنداق دېدى: «ئەپسۇس، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەمگە باقمايدىكەن. قارشىلىق بەكمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز بولسا خوراپ تۈگەۋاتىدۇ.» روممېلنىڭ ھۇجۇمى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھۇجۇمنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قوشۇننى رەتكە سېلىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە تەرەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر يۆتكىۋالدى.

ئىيۇلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم قاتتىق ئېلىشىپ، نەرە تارتقاندەك بىر خىل جەڭ ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. روممېلنىڭ قوشۇنلىرى كۈچەيتىلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، ئەنگلىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى ئۈزۈلدۈرمەي بومباردىمان قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ياردەمگە

كېلىۋاتقان پاراخوتلىرىنىڭ 30 ـ 40 پىرسەنتى ھۇجۇمغا ئۇچراپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپ، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئالدىنقى سەپكە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇۋاتاتتى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلاپ، روممېلنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

13 ـ ئىيۇلدا، روممېل ئافرىقا ئارمىيىسىنىڭ برونېۋىكلىرىنى يىغىپ، يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالامېئىن ئوپېراتسىيىسى رەسمىي باشلاندى. روممېلنىڭ ھۇجۇمى ئۇنچىلىك ئوڭۇشلۇقمۇ ئەمەس ئىدى، ماڭدامدا بىر توسالغۇغا ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى توپلاپ باشقىدىن ھۇجۇم باشلىغىچە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى كېچىلەپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئالامېئىننىڭ ئەتراپىدىكى لوۋات ئېگىزلىكىنى تالىشىش جېڭى ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ئۇ ئېگىزلىكنى ساقلاۋاتقان ئەنگلىيە قوشۇنلىرى نېمىسلارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى.

پۈتۈن بىر ئايدا ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم، ھۇجۇم مۇداپىئە جەڭلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. تار بىر جەڭ لىنىيىسىدىكى بۇ جىددىي ئېلىشىشتا ئىككى تەرەپنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى. بۇ جەڭ رەھىمسىز خورىتىش جېڭىگە ئايلىنىپ كەتكەندى. روممېلنىڭ توبرۇكتا ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىن غەنىيمەت ئالغان نەرسىلىرىنى جەڭدە پۈتۈنلەي ئىشلىتىپ تۈگەتتى. ئۇ بۇ خىل خوراشقا چىدىماي قېلىۋاتاتتى. ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى بىلەن پاراخوتلىرى ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان ياردەمنى ئاساسەن ئۈزۈپ تاشلىغان، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا كېلىۋاتقان ياردەملەر بولسا شىمالىي ئافرىقىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بولۇپمۇ ستۋولى 74 مىللىمېترلىق يېڭى شەكىلدىكى تانكىلار ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە كۆچەيتىۋەتكەنىدى.

31 ـ ئاۋغۇستتا، روممېل ئەنگلىيىنىڭ 8 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى قورشىۋېلىش مەقسىتىدە ئىسكەندىرىيە پورتى بىلەن قاھىرەگە يېقىنلاپ كەلدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ياقىسىدىن گايتالا ئويمانلىقىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆلدە تومۇز ئىسسىقتا قاتتىق جەڭ بولدى. لېكىن روممېل مەقسىتىگە يېتەلمەي، 3 ـ سېنتەبىر كۈنى يېرىم يولدا جەڭنى توختىتىپ، ھۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۆتتى. مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيىسى مىڭ تەسلىكتە ئادەم، توپ ـ زەمبىرەك، تانكا، ئايروپىلان جەھەتلەردە كۈچلۈك يارددەمگە ئېرىشتى (تانكا بىلەن ئايروپىلان ئاساسەن ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلگەنىدى). 15 ـ ئاۋغۇست كۈنى يېڭىدىن ئىككى قوماندان يۆتكەپ كېلىندى: بىرى مىجەزى غەلىتە، ئەمما تالانتلىق گېنېرال سېر بېرنارد لاۋمونتگومېرى بولۇپ 8 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، يەنە بىر گېنېرال سىرھارولد ئالېكساندىر ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئاتاقلىق ستراتېگىيىچى ۋە ئىقتىدارلىق مەمۇرىي ئەمەلدار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ ئوتتۇرا شەرقنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

روممېلنىڭ سالامەتلىكى بەكمۇ ناچار ئىدى، ئىككى قولتۇقىدىن ئىككى ئادەم يۆلەپ ماڭاتتى، ئاغرىق ئازابىدا كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى. ئاخىر ئۇ كېسىلىنى داۋالىتىپ كېلىش ئۈچۈن، 29 ـ سېنتەبىردە ئافرىقىدىن ئايرىلدى.

روممېلنىڭ بىرىنچى چۈشكەن يېرى رىم بولدى. ئۇ يەردە مۇسسولىنى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىز مەن تەلەپ قىلغان دائىرىدىكى ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئافرىقىدىن قايتىپ چىقىمىز» دېدى. ئاندىن ئايروپىلان بىلەن فىئورېرنىڭ روسىيىدىكى قوماندانلىق شتابىغا باردى. ئۇ چاغدا

گىتلېر دەل كاۋكازدا ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان گېنېراللىرىنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى.

ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئۇلارنى ئالامېيىندا ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا رۇسىيىدىكى ستالىنگرادتىمۇ شۇنداق ئەھۋال بولۇۋاتاتتى. گىتلېرنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، ئىچى سۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. رۇسىيىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچتىن كەلگەن خۇشاللىق ئۇ يەرنىڭ قىش پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن تارقاپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ رومېلنى خېلى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

گىتلېر يېقىننى كۆرەلمەيدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، خەرىتىنى كۆزەينەك بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ رومېلنىڭ ئالامېيىن ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇ گەپنى ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىغا يۆتكىدى. رومېل ئۇ ئىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاپەت خاراكتېرى بار قىيىنچىلىق دەپ تەھلىل قىلدى. سېنتەبىرنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىلا ئەنگلىيىلىكلەر ھەربىي لازىمەتلىكلەر باسقان يەتتە پاراخوت بىلەن ئۈچ ماي پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتكەنىدى. رومېل بۇ ئەھۋالنى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى خائىنلار ياكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغۇچىلارنىڭ (ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر ئىش) ئىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغانمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ يۈرەتتى. رومېل بېنزىن، ئوق ـ دورا ۋە جەڭچىلەرنىڭ تەمىناتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ھازىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، تەمىنات ئۈزۈلمەي تولۇق كېلىپ تۇرسىلا ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ قالالايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بايان قىلدى.

گىتلېر ئۇنىڭ گەپلىرىگە خاپا بولمىدى، بۇرۇن بولغان بولسا چوقۇم تېرىككەن بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سەل تەخىر قىلىڭ، مەن ئافرىقىغا كېرەكلىك ياردەمنى چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ، بىز چوقۇم ئىسكەندىرىيە پورتىنى ئىشغال قىلىمىز، دېدى ئۇ. ئاندىن يېڭى يول ئارقىلىق روممېلغا كېرەكلىك تەمىناتلارنى، تانكا، ئايروپىلان، كۆپ خىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان مىنامىيوت قاتارلىق ئەنگلىيىدە يوق ئىلغار قوراللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى. ئۇ يەنە يېڭى ياسالغان بىر خىل مەخپىي قورال توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۇ قورال پارتلىسا «ئىككى ئىنگلىز يىراقلىقتا ئاتلىق كېتىۋاتقان ئادەم ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلىدۇ» دېدى. ئۇ ئاتوم بومبىسىنى دېمەكچى ئىدى.

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن گىتلېر روممېلنى ياخشى دەم ئېلىڭ، دېدى. روممېل ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋېناغا كەتتى. ئۇ يەردىن داۋالىنىش ئۈچۈن ئاۋستىرىيىنىڭ سېممېرىڭ ئورمانلىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ 1942 - يىلى ئۆكتەبىردە سېممېرىڭ ئورمانلىقىغا كېتىۋاتقىنىمۇ «نازاكەت» پىلانىنىڭ پات ئارىدا باشلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. روممېل تاغنىڭ ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا كېتىۋېتىپ خوتۇنىغا «ئۇ (گىتلېر) شۇنچە كۆپ گەپ قىلىپ، يەنە مېنى تەخىر قىلىڭ دەيدۇ.» دېدى. ئەمەلىيەتتە گىتلېر روممېلنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن روشەن ھالدا نارازى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «مەن بىر ئادەمنى مۇھىم ئورۇندا ئۇزاق تۇرغۇزماسلىق كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە ئۇ ئادەمنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپ كېتىدىكەن... گېرىڭمۇ شۇنداق بولدى، روممېلنىڭمۇ بۇرۇنقى غەيرىتى ھازىر يوق.» دېگەنىدى. شۇنداق قىلىپ گىتلېر بىلەن روممېلنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىشقا باشلىدى.

1942 - يىلى 23 - ئۆكتەبىر كۈگۈم چۈشۈشكە باشلاۋاتاتتى، ئالامېيىن ئالدىنقى سېپى جىمجىت، ياۋا ئىتلارنىڭ

قاۋاشلىرى ۋە بەلگە ئوقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىمۇ تىمتاس. ئەنگلىيە شۇ كۈنى كەچتە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. گېنېرال ستۇم شتاب كوماندىرلىرى بىلەن قوپال تاختايدىن ياساپ قويغان ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئۇۋلاپ كېلىشكەن جەرەننىڭ گۆشى شۇنداق تاتلىق پىشقانىدى.

24 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، روممېل گىتلېردىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلدى. ئۇ شۇنداق دېدى: «روممېل ئافرىقىدىن شۇم خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ئەھۋالنى بىر دىنلا ئۇققىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. گېنېرال ستۇمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى خەقلەر ئۇقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز ئافرىقىغا قايتىپ بارالىغۇدەك بولسىڭىز ئۇ يەرنىڭ خىزمىتىنى يېڭىباشتىن قولىڭىزغا ئالالامسىز؟» روممېل كېسەللى ساقايمىغان بولسىمۇ، دەرھال ئافرىقىغا قايتىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى.

25 ـ ئۆكتەبىر سەھەردە روممېل گېرمانىيىدىن تېز سۈرئەتتە ئالامېيىن ئالدىنقى سېپىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىغا 48 سائەت بولغانىدى.

روممېل بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم تەشكىللىگەن، پۈتۈن ئارمىيىگە، ئاخىرغىچە ئېلىشىش، قاچقۇچىلار، بۇيرۇققا بويسۇنمىغۇچىلارنى ھەربىي قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىش توغرۇلۇق قاتتىق بۇيرۇقلارنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ ۋەزىيەتنى زادىلا ئوڭشىيالمىدى.

مونتگومېرى 23 ـ ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت توققۇزدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ھۇجۇم قوزغىدى. 25 ـ ئۆكتەبىر كەچتە روممېل ئالامېيىننىڭ غەربىدىكى قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ بارغىنىدا، نېمىس ئارمىيىسى مەغلۇپ بولغانىدى، 8 ـ گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرى، تانكىلىرى ۋە ئايروپىلانلىرى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئىتالىيە، گېرمانىيە

ئارمىيىسى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جەڭ لىنىيىسىنى قاتتىق ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن روممېل يەنىلا زەربىگە ئۇچراۋاتقان ھەرقايسى دىۋىزىيىلەرنى چېنىنىڭ بارىچە يۆتكەپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىيەتتىن قىلچە ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئادەم، تانكا، بېنزىن جەھەتلەردە زاپاس كۈچى يوق ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسى بۇ چاغدا ھاۋا بوشلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىپ، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئادەملىرىنى، برونېۋىك ئاپتوموبىللىرىنى ۋە ئېشىپ قالغان ھەربىي ماددىي ئەشيالىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بومباردىمان قىلماقتا ئىدى.

روممېل ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قالسا، ئۇ چاغدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگىشىپ كېتەتتى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن ئېغىر قوراللارنى ۋە ماتورلاشمىغان ئىتالىيە پىيادە ئەسكەرلىرىنى يېڭى مۇداپىئە لىنىيىسىگە دەرھال يۆتكەپ بارالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئامالسىز يېڭى مۇداپىئە لىنىيىسىگە چېكىنىشنى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭغىچە ئالائېمىن ئالدىنقى سېپىنىڭ شىمال تەرىپىنى ئەنگلىيىلىكلەر بۆسۈپ بولغانىدى. 29 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، روممېل جەڭگە كىرمەيدىغان بارلىق قوشۇننى مېرشاماتلو رايونىغا چېكىنىپ يېڭى مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇشقا بۇيرۇدى.

2 ـ نويابىر كۈنى، مونتگومېرىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە برونېۋىك قىسىملىرى جەڭ سېپىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۇ مۇداپىئە لىنىيىسىنى ساقلاۋاتقان ئىتالىيە دىۋىزىيىسىنى بېسىپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى،

روممېل 3 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەرقىي پىروسسىيىدىكى گىتلېرنىڭ چوڭ لاگىرىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ: «بۇ يەرنى ئەمدى ساقلىيالمايمىز. ھازىرقى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ غەربتىكى 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى فۇكا ئىستىھكامىغا چېكىنىشنى ئۇيلاۋاتىمىز.» دېدى.

ئەتىسى ئۇ شۇنداق قىلىشقا باشلىغاندا، ئالىي قوماندان ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر تېلېگراممىا ئەۋەتتى:

قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى روممېلغا:

مەن گېرمانىيە خەلقى بىلەن بىللە سىزنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا ۋە رەھبەرلىكىڭىزدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا بولغان سادىق ئىشەنچىم بىلەن مىسىردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قەھرىمانە مۇداپىئە ئۇرۇشىغا يېقىندىن دىققەت قىلماقتىمەن. سىز تۇرۇۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاشقا بولىدۇكى، ھەرگىز بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنىشكە بولمايدۇ. ھەر بىر تال مىلتىق، ھەربىر جەڭچىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئويدا بولۇشقا بولمايدۇ... ياكى غەلىبە قىلىش كېرەك، ياكى ئۆلۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، بۇنى قول ئاستىڭىزدىكىلەرگىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ.

ئادولف گىتلېر

روممېل بۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن بىر چەتكە تاشلاپ قويدى، بۇ، پۈتۈن قوشۇننى ھالاكەتكە سۆرەپ بارىدىغان بۇيرۇق ئىدى، لېكىن ئۇ ھەربىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ئادەم بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان بولغاچقا، روممېل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئامالسىز ئۇ بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىش قارارىغا كېلىپ، قول ئاستىدىكىلەردىن كۆچى يەتكەن دائىرە ئىچىدە جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ غەلىبىنى قول كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى 4 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچكىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن روممېلنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى 20 كىلومېتىر ئارىلىقتا بۆسۈپ تاشلاندى. ئىتالىيىنىڭ تۆت دىۋىزىيىسى تەسلىم بولدى، توققۇز گېنېرالى ئەسىرگە چۈشتى.

روممېلنىڭ ئەمدى گىتلېرنىڭ بۇيرۇقىدا چىڭ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندى، بولمىسا ئۇنىڭ ئافرىقا ئارمىيىسى پۈتۈنلەي تۈگىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇيرۇقنى قايرىپ قويۇپ، چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. كەچ سائەت سەككىزدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېرمۇ ئامالسىز ئۇلارنىڭ چېكىنىشىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن روممېلنىڭ 70 مىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى فۇكاغا قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى.

لېكىن فۇكا بازىسىنى مونتگومېرىنىڭ تانكىلىرى بېسىپ ئۆتكەندى. روممېل ئۆزىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مىڭ كىلومېتىر چېكىنىپ، تاكى بەنى غازىنىڭ غەربىگىچە چېكىندى، لېكىن ئۇ يەرگە بارغىنى بىلەنمۇ ئۇنىڭغا دۈشمەنى ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بولمىدى، قالغان قىسمىدا ئىتالىيە ئەسكىرىدىن 25 مىڭ كىشى، نېمىس ئەسكىرىدىن 10 مىڭ كىشى بار ئىدى، تانكا 60 ئىدى.

6 ـ نويابىر سەھەردە، روممېل مېرشا ـ ماتلو تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. شۇ كۈنى مونتگومېرى ماتلونىڭ شەرق تەرىپىدىن تورنى يىغىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ روممېلنى تۇتىنچى قېتىم ئىسكەنجىگە ئېلىشى ئىدى، لېكىن روممېل بۇ قېتىممۇ قېچىپ

كەتتى. ئۇ چاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يول پاتقاق بولغاچقا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىدى. روممېل قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئاخىر شىمالىي ئافرىقىنىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىرغا سوزۇلغان دېڭىز بويىدىكى قاقاس، ئادەمزاتسىز چۆللۈكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچارچىلىقنىڭ، ئۇرۇشنىڭ دەردىنى ھارغىچە تارتىپ، ئاخىر تۇنىسقا يېتىپ كەلدى.

8 - گورۇپپىۋوي ئارمىيە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە غەلىبىگە ئېرىشتى. ئالامېيىن ئوپېراتسىيىسى ئاخىر مونتگومېرىنىڭ روممېلنىڭ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ، ئەنگلىيىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى ئىدى ھەم 1940 - يىلدىن 1943 يىلغىچە شىمالىي ئافرىقىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇندىن ئېتىبارەن، ناتسىستلار گېرمانىيىسى شىمالىي ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولدى، ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگىمۇ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ 20 مىڭ ئادىمى ئۆلدى، 30 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭى گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئىدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قائىدىدىن سىرت ھالدا لوندوندىكى چېركاۋلارغا غەلىبىنى تەبرىكلەپ قوڭغۇراق چېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ غەلىبىسىگە يۈكسەك باھا بېرىپ: «ئۇ ئەمەلىيەتتە تەقدىرىمىزنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدىن دېرەك بەردى، ئىلگىرى بىز يېڭىلمەس ئوزۇندا ئىدۇق، ئەمدى ھازىر ھەر جەڭدە غەلىبە قىلماي قالمايدىغان ئورۇنغا ئۆتتۇق» دېدى.

بۇ ئادولف گىتلېرنىڭ مەھشەر كۈنىنىڭ باشلىنىشى ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ئۇنىڭ دۈشمەننىڭ ھازىرغا قەدەر قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ھەل قىلغۇچ جېڭى ئىدى. گەرچە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك جەڭ روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قار ـ مۇز قاپلاپ كەتكەن ئوتلاقتا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭ، پارتلاشتىن بۇرۇن، گىتلېرغا شىمالىي ئافرىقىدىن بۇنىڭدىنمۇ يامان خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەر ئوق مەركىزى كۈچلىرىنىڭ دۇنيانىڭ بۇ رايونىدىكى تەقدىرىنى بەلگىلىدى.

3 ـ نويابىر كۈنىلا، فيۇرېر روممېلنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى دەسلەپكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە فلوتىنىڭ جەبىلتارىق بوغۇزىغا توپلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى بۇ فلوتنىڭ قاياققا ماڭىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى، گىتلېر ئۇلارنى مالتاغا كېتىۋاتقان پاراخوتلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى فلوت، دەپ قارايتتى. بۇ بەكمۇ قىزىقارلىق ئىش ئىدى، چۈنكى يىرىم ئاي ئىلگىرى، يەنى 15 ـ ئۆكتەبىردە، ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى مەسلىھەتچى خادىملار «ئانگلو ـ ساكسون» لارنىڭ پات ئارىدا غەربىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىر نەچچە دوكلاتنى مۇھاكىمە قىلغانىدى. ئاخباراتنىڭ رىمدىن كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، چۈنكى بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى يەنە 9 ـ ئۆكتەبىردە، كىئانو ھەربىي ئاخبارات ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن خاتىرىسىگە «ئانگلو ساكسون» لار شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ.» دەپ يازغان. بۇ خەۋەر كىئانونى بەكمۇ پەرىشان قىلغانىدى. ئۇ: «بۇ قېتىم قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئىتالىيە زېمىنىغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى سەزمەكتىمەن.» دېگەنىدى.

ئەمەلىيەت ئۇنىڭ مۆلچەرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

گىتلېر دەسلەپتە بۇ ئاخباراتتىن خەۋەر تاپقاندا، بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ چاغدا روسىيىلىكلەرنىڭ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى توختىتالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن بېشى قېتىپ تۇراتتى، باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ 15 - ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ئېئودېل فرانسۇزلارنىڭ، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىدىغان قوشۇنىنى چېكىندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ۋىشى فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىغا ياردەملىشىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىدىن قارىغاندا، فىئورېر بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىغان، بۇنداق قىلىش ئىتالىيانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى مۇمكىن، ئۇلار فرانسىيىنىڭ كۈچىنى زورايتىدىغان ھەرقانداق تەدبىردىن قىزغىنىدۇ دەپ قارىغان. 3 - نويابىرغا قەدەر، گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىدا ھېچكىم بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىغان، لېكىن شۇ كۈنى، جەبلتارىقنىڭ ئىسپانىيە تەرەپتىكى گېرمانىيە ئاخبارات خادىملىرى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن پاراخوتنى توپلىشىۋاتىدۇ دەپ دوكلات قىلغان بولسىمۇ، گىتلېر ئالامېئىندىكى روممېلغا يەل بېرىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ مالتاغا قاراپ كېتىۋاتقان پاراخوتلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى فلوتنىڭ كىچىك ئىشى دەپ قاراپ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەن.

5 - نويابىردا، ئالىي قوماندانلىق شتابى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر قوشۇنى جەبلتارىقتىن شەرققە قاراپ يولغا چىقتى، دېگەن دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن 7 - نويابىر تاڭ سەھەردە يەنى ئامېرىكا - ئەنگلىيە قوشۇنى شىمالىي ئافرىقىدىن

قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلاشتىن 12 سائەت ئىلگىرى، گىتلېر ئاندىن جەبىلتارىقتىن كەلگەن ئەڭ يېڭى ئاخبارات ئۈستىدە ئازراق باش قاتۇردى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ شەرقىي پروسسىيىدىكى چوڭ لاگىردا: ئەنگلىيىنىڭ جەبىلتارىقتا تۇرۇشلۇق دېڭىز ئارمىيىسى ئاتلانتىك ئوكياندىن يۆتكەپ كېلىنگەن نۇرغۇن ترانسپورت پاراخوتلىرى ۋە ھەربىي پاراخوتلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرققە قاراپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا يول ئالدى، دېگەن دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالدى. مەسلىھەتچىلەر بىلەن فىئورېر بۇ دوكلاتنى ئۇزاق تەھلىل قىلدى. بۇلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ نۇرغۇن دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرىنىڭ نىشانى قەيەر؟ گىتلېر: مەن ھازىر مۇنداق قاراشقا مايىلمەن، يەنى رومېلغا ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىش ئۈچۈن غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تۆت - بەش دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ترىپولى ياكى بەنى غازىدا كەڭ كۆلەمدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئالاقىچىسى، ئادمىرال سېئودور كرانىك: «دۈشمەن قوشۇنلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى دىۋىزىيىدىن ئاشمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئىككى دىۋىزىيىمۇ بولسۇن، ھەرىكەت قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە». گىتلېر ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يۆنىلىشىدىكى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى دەرھال كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، «ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جاۋابنى ئالدى. ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، شۇ كۈنى ئەتىگەندە گىتلېر بىرلا ئىشنى بېجىرگەن، يەنى غەربىي لىنىيىنىڭ باش قوماندانى رۇندستېدقا «ئانتونى پىلانى»نى ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرۇشنى ئۇقتۇرغان. بۇ پىلان فرانسىيىنىڭ شۇ چاغقىچە گېرمانىيە تەرىپىدىن تىزگىنلەنمەي قالغان رايونلىرىنى ئىشغال قىلىشنىڭ بەلگىسى

ئىدى.

گىتلېر بۇ شۇم خەۋەرنى، روممېلنىڭ قىسىمىن ئەھۋالىنى ئويلىمىدى، ئەگەر ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان بولسا، روممېلنىڭ كۆتى ئىنتايىن تەس بولاتتى. گىتلېر يېقىندا روسىيىدىن كەلگەن بىر مەلۇماتنى ئويلاپ قويمىدى. بۇ ئاخباراتتا: سوۋېت قوشۇنلىرى ستالىنگرادتىكى گېرمانىيە 6 - گرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، دون دەرياسىنىڭ بويىدا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاش ئالدىدا تۇرىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى.

7 - نويابىر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، گىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ميۇنخېنغا كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە دۆلەت سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ كونا ئەزالىرى يىلدا بىر بولىدىغان «پىۋىخانا سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى، گىتلېر يىغىندا نۇتۇق سۆزلەيتتى.

ھالدېرنىڭ ئېيتىشىدەك، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە گىتلېرنىڭ سىياسەتۋازلىق تەبىئىتى ھەربىي تەبىئىتىنى بېسىپ چۈشكەنىدى، ئۇ شەرقىي پروسسىيىدىكى ئالىي قوماندانلىق شتابىنى ۋاقىتىنچە براندىنبېلس ئىسىملىك بىر پولكوۋنىكقا ئۆتكۈزۈپ بەردى: ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى مەسئۇل ئوفىتسېرلار مارشال كېيتېل بىلەن گېنېرال ئىئودېل پىۋىخانىدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن گىتلېر بىلەن بىللە كەتتى. گىتلېر بىپايان جەڭ سېپىدىكى دېڭىز بىيە، پولك، ھەتتا پاتالىيونلارنىڭ ھەرىكىتىنى شەخسەن ئۆزى سورۇشتە قىلىپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ناتسىستلىق بىناسى قىيسىيىشقا باشلىغان پەيتتە، ئۇ مۇھىم بولمىغان بىر سىياسىي ئىش ئۈچۈن جەڭ لىنىيىسىدىن بىرنەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراق جايغا كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەقىقەتەن غەلىتە ۋە غالجىرانە ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلاشتىن 12 سائەت ئىلگىرى، گىتلېر
ئاندىن جەبىلتارىقتىن كەلگەن ئەڭ يېڭى ئاخبارات ئۈستىدە ئازراق
باش قاتۇردى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ شەرقىي
پروسسىيىدىكى چوڭ لاگىردا: ئەنگلىيىنىڭ جەبىلتارىقتا
تۇرۇشلۇق دېڭىز ئارمىيىسى ئاتلانتىك ئوكياندىن يۆتكەپ
كېلىنگەن تۇرغۇن ترانسپورت پاراخوتلىرى ۋە ھەربىي پاراخوتلار
بىلەن بىرلىشىپ، شەرققە قاراپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا يول
ئالدى، دېگەن دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالدى. مەسلىھەتچىلەر بىلەن
فىئورېر بۇ دوكلاتنى ئۇزاق تەھلىل قىلدى. بۇلار نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ تۇرغۇن دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرىنىڭ
نىشانى قەيەر؟ گىتلېر: مەن ھازىر مۇنداق قاراشقا مايىلمەن،
يەنى روممېلغا ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىش ئۈچۈن غەربتىكى
ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تۆت - بەش دېۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچى
بىلەن ترىپولى ياكى بەنى غازىدا كەڭ كۆلەمدە قۇرۇقلۇققا
چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ئالىي
قوماندانلىق شتابىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئالاقىچىسى، ئادمىرال
سېئودور كرانىك: «دۈشمەن قوشۇنلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا
ئىككى دېۋىزىيىدىن ئاشمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئىككى
دېۋىزىيىمۇ بولسۇن، ھەرىكەت قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇش
كېرەك، ئەلۋەتتە». گىتلېر ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يۆنىلىشىدىكى
ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى دەرھال كۈچەيتىشنى تەلەپ
قىلىۋىدى، «ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جاۋابنى ئالدى.
ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە ئاساسەن
ھۆكۈم قىلغاندا، شۇ كۈنى ئەتىگەندە گىتلېر بىرلا ئىشنى
بېجىرگەن، يەنى غەربىي لىنىيىنىڭ باش قوماندانى رۇندستېدقا
«ئانتونى پىلانى»نى ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرۇشنى ئۇقتۇرغان.
ئۇ پىلان فرانسىيىنىڭ شۇ چاغقىچە گېرمانىيە تەرىپىدىن
ئىزگىنلەنمەي قالغان رايونلىرىنى ئىشغال قىلىشنىڭ بەلگىسى

# ئون بەشىنچى باب «20 ـ ئىيۇل ۋەقەسى» — گىتلېرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش

△ «يەكچەشمە پولكوۋنىك» : گېرمانىيىنى بىز قۇتقۇلدۇرىمىز
△ پارتلىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، «جەبرائىل» تەييار
△ گۈم قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ گىتلېرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قېتىپلا قالدى
△ ستاۋفېنبېرگ: مەن بايا گىتلېرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆردۈم
△ كېيتېل: فىئورېر يەڭگىل يارىلاندى، ستاۋفېنبېرگ نەدە؟
△ گىتلېر: قارا نىيەت، ۋىجدانسىز، نەپرەتلىك، ئەخمەق بۇ ئوفىتسېرلارنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەسلىك كېرەك

1943 ـ يىلى، گىتلېر خۇددى ئەقلىدىن ئازغان بىر تەلۋە يانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئىنتايىن تەس كۈندە قالدى. شۇ يىلى يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئالتە قېتىم ئىزدەنگەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ مارتتىكىسى ئەڭ گەۋدىلىك ئىدى، ئۇ چاغدا گىتلېر شەرقىي سەپتىكى سمولېنسكىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان مارشال كىلوگىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئىدى. ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاندا بىللە كېتىۋاتقان ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرى بىرەيلەن ئاغىنەمگە ئالغاچ كەتسىڭىز دەپ بەرگەن ئىككى بوتۇلكا كونياكنى ئالدى، ئىككى بوتۇلكا كانيەك پۇختا ئورالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قەرەللىك بومبا ئىدى، بومبا ئۇلار ئايروپىلانغا چىقىپ 30 مىنۇتتىن كېيىن پارتلايتتى. سۇيىقەستچىلەر سمولېنسكىدا تۇرۇپ گىتلېرنىڭ پارتلاپ كەتكەن خەۋىرىنى كۈتتى، ئاخىر كۈتكەن خەۋەرمۇ كەلدى، گىتلېر سالامەت ئىدى، بومبا پارتلىماپتۇ.

1944 ـ يىلى ئىيۇلدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بېرلىننى سانسىز قېتىملاپ بومباردىمان قىلدى، نۇرغۇن رايونلار ۋەيران بولدى. ھەركۈنى ئاخشام دېگۈدەك بومباردىمان بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، بىنالار توختىماي ئۆرۈلۈپ، ئوق ئېتىپ، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرمۇ ئامال قىلالماي قېلىۋاتاتتى.

20 ـ ئىيۇل كۈنى كۈن بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى، يامغۇرنىڭ شەپىسىمۇ بار ئىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىدا قاراۋۇلدا تۇرغان ئەسكەرلەر رەتلىك كىيىنىپ قېتىپ تۇرۇشاتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قايغۇلۇق خەۋەرلەرنىڭ بېسىمى بىلەن شتابنىڭ ئىچى بۆلەكچىلا جىمىپ كەتكەنىدى. ئىشلار رېتى بىلەن تەرتىپلىك كېتىۋاتاتتى. زاپاس ئارمىيە باش ئىدارىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال خروم ئىشخانىسىدا جىددىي ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى، لېكىن زاپاس قوشۇننىڭ سانى تولىمۇ ئاز بولۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭغا يېقىن بىر ئىشخانىدا ئۈچ ئوفىتسېر ئۇزاق

پارتلاشقاندىن كېيىن، خوشلىشايلى دەپ تۇرۇشىغا، فلوت زاپاس ئارمىيە قوماندانى گېنېرال ئولبرىخت، شتاب باشلىقى پولكوۋنىك ستاۋفېنبېرگ ۋە لېيتېنانت ھېفدونلارنى ئېلىپ قالدى. ئۇلار راستېنبۇرگدىكى گىتلېرنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ بارماقچى ئىدى. شتاۋفېنبېرگ 36 ياشلاردا بار، قاراچاچ، كېلىشكەن، سول كۆزىگە قارا لاتا تارتىۋېلىپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدى، مەيدىسى ئوردىنلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، تېلېفوندا سۆزلىشىشكە بولمايدىغان ئىشلارنى ئايروپىلان بىلەن بېرىپ گىتلېرغا مەلۇم قىلىپ كېلەتتى. بۇ قېتىم ئۇ لېيتېنانت ھېفدون بىلەن بىللە بارماقچى ئىدى، ئىككىلىسىنىڭ قولتۇقىدا قارا پاپكا بار ئىدى. ستاۋفېنبېرگ ساق قالغان ئۈچ بارمىقى بىلەن قول ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇنىڭ قولى مىنا پارتلىغاندا ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرقىسى يالغان قول ئىدى.

ستاۋفېنبېرگنىڭ پېشانىسىدىن پۇرقۇراپ تەر چىقىپ تۇراتتى، چىرايىغا قارىغان ئادەم بىئارام بولاتتى. سول كۆزى يوق، كۆزىنىڭ ئورنى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ جىددىيلىشىپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇ پۈتۈن پاپكىسىدىكى بومبا بىلەن سالزبۇرگدا گىتلېرنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىدى.

1944 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇلدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئارمىيىلىرى بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ كارپات تاغلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل شەرقىي لىنىيىدە كەينىگە چېكىنىۋاتاتتى، ئالتە ھەپتە ئىلگىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھۇجۇم قىلغاندىن بېرى غەربىي سەپنىڭ ئەھۋالىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بەزى گېرمانىيە گېنېراللىرى مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ: «ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن ساقلانماق تەس بولۇپ قالدى، ۋەزىيەتنى پەقەت سىياسىي جەھەتتە قىلىنغان قارار بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولۇشى مۇمكىن.» دەپ قاراشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

فىئورېرنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ، — دېدى كلوگ ئافرىقا گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ بۇ قەھرىمانىغا.

— سارائ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى روممېل ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — غەربىي لىنىيىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆرمەستىن بۇرۇن قالايمىقان گەپ قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن كلوگ غەربىي سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، 48 سائەتتىن كېيىن، سەممىيلىك بىلەن روممېلدىن كەچۈرۈم سورىدى:

— ئەھۋال پۈتۈنلەي سىز ماڭا ئېيتقاندەك ئىكەن. فىئورېر نۇرغۇن خەۋەرلەرنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىمۇ، لېكىن يەنىلا چۈشىدە ياشاۋاتقاندەك تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەگەر بىرەرىمىز ئۇنى چۈشىدىن ئويغىتىپ ئىشتىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ چوقۇم بۇ ئىش ئۈچۈن باشقا بىرىنى قۇربانلىق قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، كلوگ ناھايىتى غەمكىن ھالدا باش شتابقا قايتىپ كەتتى. 20 ـ ئىيۇل سەھەردە ئۇ يەنە لا ـ روشېلغا كېلىپ، روممېل 15 ـ ئىيۇلدا يازغان ئەسلەتمىنى قايتا ئوقۇپ چىقتى. تۆۋەندىكى شۇ ئەسلەتمىنىڭ قىسقارتمىسى:

«نورماندىيىدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن كۈنگە يامانلاپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالدى. جەڭ شىددەتلىك، دۈشمەن تەرەپ قوراللىرىنىڭ قۇدرىتى كۈچلۈك ھەم ھاۋادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، بىز تەرەپنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. . . 97 مىڭ ئادىمىمىزدىن (بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىڭ 360 نەپەر ئوفىتسېر، 28 نەپەر گېنېرال، 354 نەپەر كوماندىر بار) ئايرىلدۇق. ياردەمگە پەقەت ئالتە مىڭلا ئەسكەر كەلدى. ھەربىي ئەشيالارنىڭ زىيىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ، دۈشمەن

ئارمىيىسى ئىككى - ئۈچ ھەپتە ئىچىدە بىزنىڭ ئاجىز مۇداپىئە لىنىيىمىزدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ فرانسىيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىۋاتىمىز. بۇ قېتىمقى بۆسۈشنىڭ ئاقىۋىتى مۆلچەرلىگۈسىز.»

روممېل يەنە ئۆز قەلىمى بىلەن خەتنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزنى قوشۇپ قويىدى: «يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. مەن گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ نۇقتىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىم بارلىقىنى ھېس قىلىماقتىمەن.»

بۇ ئەسلەتمە ئەسلىدە مارشال كلوگقا ئەمەس، گىتلېرغا يېزىلغان بولۇپ، قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن كلوگنىڭ قولىغا كېلىپ قالغانىدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن كلوگ بۇ خەتنى گىتلېرغا يوللىماقچى ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى تۈرلۈك ئىدى: بىرى، روممېل ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ئىدى، 17 - ئىيۇل كۈنى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ لىۋاننىڭ ئەتراپىدا كېتىۋاتقاندا ئۈچ ئايروپىلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېغىر يارىلانغانىدى، خۇدىنى بىلمەيتتى، ئامان قېلىشىمۇ ناتايىن ئىدى؛ يەنە بىرى، كلوگ بۇ ئەسلەتمىنى يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ پىكرى بىلەن قوشۇپ سۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق قىلىش بولسا ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. تۆۋەندىكى گەپلىرىدىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ:

«بۇنى روممېلنىڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ بۇ گەپلىرى بىلەن ماڭا مەلۇم دەرىجىدە سىگنال بەرگەنمۇ بولىدى. 20 - ئىيۇل كۈنى مەن ئۇنىڭدىن: ‹سىزنىڭچە، بىز نورماندىيىدە قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟›، دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:

«ئاۋۋال بىز ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئادەملەردىن سوراپ باقايلى. ئەگەر ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى مەن تەسەۋۋۇر قىلغان ئەھۋال بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ چاغدا بىز گىتلېرغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلايلى ھەم ئۇنىڭدىن غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلايلى. ئۇ چوقۇم بىزنىڭ تەكلىپىمىزنى رەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئاندىن گىتلېرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئويلاۋاتقان كىشىلەر پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.»

روممېلنىڭ راستچىللىقى ماڭا ئۇنىڭ بېرلىندىكى سۇيىقەستچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشقانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بەردى. مەن دۆلەت سوتسىيالىزمى پارتىيىسىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاشنى قوۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى قىلچە يوشۇرمىدىم، ئەمما سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشنى قەتئىي رەت قىلدىم. مەن ئاخىردىكى مەسىلىگە بىۋاسىتە جاۋاب بېرىدىغان چاغدا، مېنىڭ قارارىم جەڭ مەيدانىدىكى قوماندانىنىڭ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە بەرگەن جاۋابىغا قاراپ چىقىرىلىدۇ، دېدىم. 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ ئىيۇل كۈنلىرى روممېل ئۆزى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىنتايىن مەيۈسلىنەرلىك ئىدى. ئۇ ئەسلەتمىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، پەرەزلىرىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئۇ ئەسلەتمىنى يۇقىرىغا سۇنۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. ۋىجداندىن گەپ قىلسام، مەن ئەسلەتمىنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىنى قوللايتتىم، لېكىن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغۇم يوق ئىدى، چۈنكى بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، بۇ ئۇلتىماتۇمغا مەسئۇل بولماسلىقمۇ خاتا بولاتتى.»

شۇنىڭ بىلەن مارشال كلوگ يەنە 24 سائەت ئويلىنىپ

بېقىش قارارىغا كەلدى.

بۇ سۇيىقەستنى تازا قوللاپ كېتەلمىگەنلەر يالغۇز كلۇگلا ئەمەس ئىدى. ئالىي ئوفىتسېرلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ ھەرخىل ئىدى. بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقان مۇھىم شەخسلەر خىزمەتتىن چېكىنگەن گېنېرال بېك، گېنېرال ۋىتسىزلېبېن، گېنېرال ترېسكوۋ، گېنېرال ستېف، گېنېرال ئولبرېھت، گېنېرال ھوپنا، گېنېرال ۋېسلې، گېنېرال دوماس، پولكوۋنىك ستاۋفېنبېرگ، پولكوۋنىك شلابرېندورفلار ئىدى.

بېك ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە بېكىتكەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ فىئورېرى ئىدى، ئۇ باش شتابنىڭ شتاب باشلىقى ۋاقتىدا گىتلېرنىڭ گېنېرال بورىنبۇگ بىلەن گېنېرال فىلىچنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتكىنىگە ئاشكارا قارشى چىققانىدى. 1938 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئايرىلغانىدى، بۇ قېتىمقى سۇيىقەستنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى شۇ ئادەم ئىدى. 1944 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك ئاغرىقى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇپمۇ بۇ ئىشتىن باش تارتمىدى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا گىتلېرغا قارشى بولغاچقا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئەڭ ئىشىنەتتى.

بۇ مەخپىي سۇيىقەستنىڭ زەربىدارلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش بېجىرگۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىيلەر ئىدى، ئەمما ھېچقايسىدا يېڭى ھۆكۈمەتتىن ئەمەل تۇتۇش خىيالى يوق ئىدى. باش مىنىستىرلىككە گودېلېرنى، مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىككە روسانى بېكىتىشنى. ئىچكى كابىنېتنىڭ ئادەملىرىنى تاللاش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش ئىدى، چۈنكى گىتلېر ئۆلگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمەتكە بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقۇچىلار، ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلاردىكى ھەرخىل گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىشى كېرەك ئىدى.

ستاۋفېنبېرگ ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن تارتىپ بومبا

پارتلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىر مىنۇتنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى.

گىتلېرنىڭ باش شتابى «بۆرە ئۇۋىسى» دەپ ئاتىلاتتى، راستىنبۇرگ شەھىرىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دائىرىسى سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قات ـ قات ئۈچ ھالقا شەكلىدە ئورۇنلاشقانىدى. بۇ ھالقىلارنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا يول بىلەن كىرگىلى بولاتتى. ئەڭ سىرتتىكى ھالقىغا پويىز ئىستانسىسى بىلەن ئايرودروم جايلاشقانىدى، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ گازارمىلىرىمۇ شۇ ھالقا ئىچىدە ئىدى. ئىككىنچى ھالقىنى شتابنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىگىلىگەنىدى، ئەڭ ئىچىدىكى ھالقىنىڭ تۆت ئەتراپىغا مىنا كۆمۈۋېتىلگەن، ئەتراپى توك سىملىرى بىلەن ئورىۋېتىلگەنىدى، بۇ ھالقىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر 30 قەدەمدە بىردىن قاراۋۇل تۇراتتى. ئۇ يەرنىڭ كىرىش ئېغىزى بىرلا ئىدى، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن گېستاپوچىلار قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى، كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ گۇۋاھنامىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى، ئۇ گۇۋاھنامىلەرمۇ پەقەت بىر قېتىمغىلا بولاتتى. گىتلېرنىڭ ئۆيى ئاشۇ چەمبەرنىڭ مەركىزىدە بېتون بىلەن قاتۇرۇلغان، يېرىمى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، يېرىمى يەرنىڭ ئاستىدا تۇرىدىغان بىر يەردە ئىدى، ئەتراپى دائىم بىللە يۈرىدىغان ئوفىتسېرلارنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى، گىتلېرنىڭ يەنە بىر ياغاچ ئۆيىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنى ناھايىتى ئاز ئىشلىتەتتى.

ستاۋفېنبېرگ ئۇ يەرگە پەقەت بىر قېتىملا بارغانىدى، ئەمما ھەممە يېرىنى تەپسىلىي كۆرۈۋالغانىدى، يىغىن سائەت 12 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەنلەردە باشلىناتتى، ئۇ مەلۇماتنى ئوقۇپ ۋە گىتلېرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ تېلېفون بەرگىلى چىقىپ كەتمەكچى ئىدى، ئۇ بومبىنىڭ ۋاقتىنى توغرىلىشى، ئاندىن ھۆججەت سومكىسىنى مەجلىسخانىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. بۇ بومبا 150 مىللىمېتىر

ستۋۇللۇق زەمبىرەكنىڭ ئوقچىلىك كۇچكە ئىگە ئىدى. بىتون بىلەن ئىقابلانغان بۇنداق ئورۇندا تېخىمۇ قاتتىق پارتلايتتى.

بومبا پارتلاپ گىتلېر ئۆلگەندىن كېيىن، ستاۋفېنبېرگ دەرھال بېرلىندىكى بېك بىلەن ئولبرېھت ۋە باشقا شېرىكلىرىگە تېلېفون بەرمەكچى، ئاندىن باش شتابتىكى ئالاقە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ۋېلگېبېل «بۆرە ئۇۋىسى» بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ھەرقايسى ئىشغالىيەت رايونلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سىم يوللىرىنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىماقچى ئىدى.

ئۇنىڭغا ئۆلاپلا ئولبرېھت گىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خرومغا ئېيتىپ، مۇشۇ ئىش تۇپەيلى كېلىپ چىققىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلاننى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. گېنېرال خروم يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا «جەۋرائىل پىلانى» سىلىنغان كونۋېرتلارنى ئېچىشنى بۇيرۇيتتى. بۇ پىلاننى سۇيىقەستچىلەر تۈزۈشكەنىدى. بۇ پىلان بويىچە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزۈۋالاتتى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەتلىرى گازارمىلاردىن چىقىرىلمايتتى، باشلىقلىرى نەزەربەند قىلىناتتى. بۇ پىلانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت بۇيرۇقلىرى بارلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىرىغا چۈشۈرۈلەتتى.

بېرلىن ئەتراپىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن تانكا قىسىملىرى شەھەرگە كىرىپ ئاساسلىق ھۆكۈمەت بىنالىرىنى قورشايتتى. 35 ياشلىق مايورلېم قوماندانلىق قىلغان مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش شتابىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى. يېڭى باش مىنىستىر گودېلېر پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلىمەكچى ئىدى، ئۇنىڭ بېك كۆرۈپ تەستىقلىغان نۇتقىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتا شەرھلەنگەنىدى:

«يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۇرۇشنى ئەزەلدىن خالىغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى تىنچلىقنى ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇرۇش. ئۇرۇش قىلىشۋاتقان دۆلەتلەر قانچىلىك قۇربان بەرسىمۇ ھېچقانداق مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، يېڭى ھۆكۈمەت ئۇرۇشنى دەرھال توختاتماقچى؛ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇرۇش قوزغاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئادەملەر چوقۇم جازالىنىدۇ؛ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، تېز سۈرئەتتە سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ.»

ستاۋفېنبېرگ ئولتۇرغان ئايروپىلان سىرتقى چەمبەردىكى ئايرودرومغا قوندى. ساقلاپ تۇرغان ماشىنا ھېفتون بىلەن ئىككىسىنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار بىرىنچى چەمبەردىكى قاراۋۇللارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن ئىككىنچى چەمبەر ئىچىگە كىردى، ئۈنىڭدىنمۇ ئۆتكەندىن كېيىن، قاراۋۇللار ئۇلارغا سالام بېرىپ گۇۋاھنامىلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن بىرىنچى چەمبەر ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇزۇن ماڭماي ماشىنا توختاپ ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. شۇئان بىر ئوفىتسېر ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

ئۇ ئۇلارنى گىتلېرنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۆيىگە ئەمەس، ئەسلىدىكى ياغاچ ئۆيگە باشلاپ كىردى. بەك ئىسسىق بولۇپ كەتكەچكە يىغىن مەشەدە ئېچىلىدىغان بولغانىدى. ستاۋفېنبېرگ بۇنىڭلىق بىلەن پىلاننى ئۆزگەرتمىدى. ئۇنىڭ مەجرۇھ قوللىرى بومبىنىڭ سالمىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، بىر سائەت ياكى 30 مىنۇتتىن كېيىن بارلىق نەرسىلەر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، گېرمانىيىنىڭ تەقدىرىدە يېڭى بىر بەت ئېچىلاتتى.

«توختاڭلار!» دېدى بىر قاراۋۇل ئۇلار كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مارشال ھالدېرنى باشلاپ چىقتى. ھالدېر: «كىرىڭلار، يىغىن ئەمدى باشلاندى.» دەپ، ئۇلارنى باشلاپ كىرىپ كەتتى.

سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندى، ھالدېر بىلەن

ستاۋفېنبېرگ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى، ھېفدون تاشقىرىدىكى بىر قاتار تېلېفون قويۇلغان ئۆيدە قېپقالدى. ئۇستەل ئۈستىدە، تامدا ھەر خىل خەرىتىلەر تۇراتتى. ئۈچ ئارمىيىنىڭ 20 نەچچە ئالىي قوماندانلىرى ئۆز ۋۇنلۇقى ئالتە مېتر كېلىدىغان خەرىتە ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى. ئالتە نەپەر تېز خاتىرىلىگۈچى كاتىپلارمۇ بار ئىدى. گىتلېر ئۈستەلنىڭ بىر بېشىدا تۇراتتى. ستاۋفېنبېرگ گىرېنگ بىلەن ھىمملېرنىڭ بۇلارنىڭ ئىچىدە يوقلۇقىنى بايقىدى، گىتلېر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دوكلاتىنى ئوقۇشنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە سوئاللارنى سورىدى، ستاۋفېنبېرگ بىر - بىرلەپ جاۋاپ بەردى. ئەمدى نۆۋەت باشقا بىرىگە كەلگەنىدى.

ستاۋفېنبېرگ سومكىسىنى ئۆزىنىڭ بىر پۇتىغا يۆلەپ قويۇپ قويدى، گىتلېرغا بىر نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئېسئاچىلارنىڭ بىر ئوفىتسېرى كىرىپ ئۇنىڭغا تېلېفون كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، بۇ، ھېفدوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بەرگەن تېلېفونى ئىدى، ستاۋفېنبېرگ يالغاندىن سومكىسىدىن بىر ھۆججەتنى ئىزدىگەن بولۇپ، بومبىنىڭ پارتلاش ۋاقتىنى توغرىلاپ قويۇپ، ئاندىن مەجلىسخانىدىن چىقىپ كەتتى. ھېفدون ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى، ئىككىسى يېقىنلا بىر يەرگە توختىتىپ قويغان ماشىنىغا قاراپ ماڭدى.

سائەت 12 دىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، مەجلىسخانىدىن تۇيۇقسىز بىر ئوت كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك بىر پارتلاش ئاۋاز ئاڭلاندى. ياغاچ ئۆينىڭ ئۆگزىسى پارتلاشتا ئېچىلىپ، ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئېسئاچىلار قېتىپلا قېلىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئەسلىرىگە كېلىشىپ ياغاچ ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بىردەمدىلا نوسولكىلار پەيدا بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىن ئۆلۈكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇلارنىڭ گىتلېرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى ستاۋفېنبېرگ خۇشال بولۇپ، — چاپسان بۇ يەردىن كېتەيلى.

ئىككىسى دەرھال ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭدى. بىرىنچى توساققا كەلگەندە توختىدى. قاراۋۇللار پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولغاچقا سەل گۇمان بىلەن تۇرۇپ قېلىشتى، ستاۋفېنبېرگ ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— جىددىي ۋەزىپە بار، — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن مەجرۇھ چىرايى ھەرقانداق ئادەمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. ئۇ ئېسئاچىلار مەيدىسى ئوردېن بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا فيۇرېرنىڭ مەجلىسخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولغاچقا، «جىددىي ۋەزىپە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا «يول بېرىڭلار!» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭدىن قانداقمۇ گۇمان قىلغىلى بولسۇن؟

ئۇلار ئىككىنچى چەمبەردىنمۇ شۇنداق ئاسان ئۆتۈپ، ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى. ئايروپىلان ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

— دەررۇ ئۇچۇشىمىز كېرەك، — دېدى ستاۋفېنبېرگ ئۇچقۇچىغا، — ئاۋۋال مەن تېلېفون بېرىۋالاي.

ئۇ دەررۇ تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئولبرىھتقا تېلېفون بېرىپ، مەخپىي بەلگىلەر بىلەن گىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، پىلان بويىچە ئىش قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىر، بېرلىن.

ئولبرىھت گېنېرال فرومنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— بىرى باش شتابتا فيۇرېرغا قەست قىلىپتۇ. فيۇرېر ئۆلۈپتۇ. ئەمدى بىز دەرھال «جەبرائىل پىلانى» نى باشلايلى، — دېدى.

— فىئورېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى سىز نەدىن بىلدىڭىز؟ — سورىدى فروم.

— ستاۋفېنبېرگدىن تېلېفون كەلدى، — جاۋاب بەردى ئولبرېھت. فروم سەل ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاندىن:

— مەن بىر پولكوۋنىكنىڭ گېپى بىلەنلا ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چۈشورەلمەيمەن. راستېنبورگقا تېلېفون بېرىپ سوراپ بېقىشىم كېرەك.

— تېلېفونىڭىز ئۇلانمايدۇ، — دېدى ئولبرېھت، — ئۇ يەرنىڭ تېلېفون باش ئاپپاراتىمۇ بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن تېلېفون ئۇلاندى، تېلېفوننى كېيتېل ئالدى.

— بېرلىندا فىئورېرنى سۇيىقەستكە ئۇچراپتۇ دېگەن گەپ چىقىپ قالدىمۇ؟ — سورىدى فروم.

— ئۇ راست، ئەمما مەغلۇپ بولدى. فىئورېر ھېچنېمە بولمىدى، يارىسى يەڭگىل، ستاۋفېنبېرگ نەدە؟ — سورىدى كېيتېل.

— ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىدى، — جاۋاب بەردى فروم.

— كېيتېل يالغان گەپ قىلىشۋاتىدۇ، — دېدى ئولبرېھت، ئاندىن ئىشخانىدىن چىقىپ بېكنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— فروم بىلەن كېيتېل تېلېفوندا سۆزلەشتى. ئۇ فىئورېرنى يەڭگىل يارىلاندى، دېدى. ئۇ چوقۇم يالغان گەپ قىلدى. ستاۋفېنبېرگ شۇنداق ئېنىق دېگەن تۇرسا، — دېدى ئولبرېھت بېككە.

ئۇ ئىككىسى ستاۋفېنبېرگ قايتىپ كەلگەندە ئاندىن بىر قارارغا كەلمەكچى بولدى. لېكىن ھازىرغىچە جىمجىت، ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق ئىدى.

سائەت تۆتتە ستاۋفېنبېرگ تەرلەپ - پىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— نېمە؟ سىلەر تېخىچە تەدبىر قوللانمىدىڭلارمۇ؟ سىز

مېنىڭ تېلېفونىمنى ئالغان ئەمەسمۇ؟ پارتلاش ناھايىتى قاتتىق بولدى، بومبىنىڭ ئادەملەرنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ساق قالمايدۇ.

بېك بىلەن ئۇلبرىھت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— كېيتېل ئۆلمەپتۇ، مەن بەرگەن تېلېفوننى شۇ ئالدى.

— ۋېلگېبېل باش ئاپپاراتنى بۇزۇۋەتمەپتىمۇ؟

— كېيتېلنىڭ ئېيتىشىچە، فىئورېر ھايات ئىكەن.

— كېيتېل ئۆلمىگەن بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ گېپى يالغان، — توۋلاپ كەتتى ستاۋفېنبېرگ، — مەن فىئورېرنىڭ جەسىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، گىتلېر ئۆلۈپ بولدى، لېكىن سىلەر ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇپسىلەر.

بېك بىلەن ئۇلبرىھت بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.

گىتلېر راستىنلا ئۆلمىگەنىدى. ئەسلىدە بىر گېنېرال سومكىنى پۇتقا تاقاشتى دەپ، ئۇستەلنىڭ ئىچكىرىگىرەك تېپىۋەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن سومكا گىتلېردىن يىراقلاپ كېتىپ گىتلېر ئامان قالغانىدى.

گىتلېرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئۈچ سائەت «توختاپ قالغان ئۈچ سائەت» بولدى. سۈيىقەستچىلەرنىڭ كۈچلۈك ھەربىي ئارقا تىرىكى يوق ئىدى. ئېسئاچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھىمملېرمۇ ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغاچقا بېرلىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى قوشۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ باندىلېر كوچىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئەگەر ئۈچ سائەتكىچە سۈيىقەستچىلەرنىڭ قولىدىكى 4 - ھەربىي مەكتەپنىڭ سىرخىل قوشۇنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ شەھەرنىڭ مەركىزىگە يۈرۈش قىلغان بولسا بۇ قېتىمقى ھەرىكەت غەلىبە قىلىپمۇ قالغان بولاتتى. لېكىن قوشۇنلارنى يۆتكەش ھوقۇقى فرومنىڭ قولىدا بولغاچقا ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە قوشۇلماي،

قىممەتلىك ئۈچ سائەت ۋاقىت بىكارلا ئۆتۈپ كەتتى.

سائەت تۆتتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ستاۋفېنبېرگ باندېلېر كوچىسىدىكى باش شتابقا يېتىپ كېلىپ، شۇئان فرومنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. فرومنىڭ ھەيران قېلىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە شۇئان غەزىپى كېلىپ، پولكوۋنىك ستاۋفېنبېرگنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. نەسىھەت كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار فرومنى نەزەربەند قىلىپ، ئورنىغا گېنېرال پولكوۋنىك ھونپانى قويۇشتى. ستاۋفېنبېرگ دەرھال تېلېفوننى قولغا ئېلىپ قوشۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

ستاۋفېنبېرگ ياۋروپادىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىنىڭ ھەرقايسى قوماندانلىق شتابلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېفون بېرىۋاتقان چاغدا ئېسئاچىلار بۇ «يەكچەشمە پولكوۋنىك» تىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى. ئېسئاچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھىمملېر شەرقىي پرۇسسىيىدە تۇرۇپ بۇ قاتىلنى قولغا ئېلىش توغرۇلۇق تېلېفون بەردى، لېكىن گىتلېر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر باشقا ئادەم دەپ پەرەز قىلىپ يۈرەتتى. ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئېسئاچىلار قوشۇنلىرى ھەرىكەتكە كەلدى.

سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قىسىملار قانداق قىلدۇ؟ قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بىناسى ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى. بەزىلەر كېيىملىرىدىن ناتسىستلارنىڭ بەلگىلىرىنى يۇلۇپ تاشلاشقانىدى. ئەمدىلىكتە قورقۇپ، تاقىۋېلىش ئۈچۈن يىپ - يىڭنە ئىزدەشكە باشلاۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشتە ھەرىكەتلىنىش ئاستا بولۇپ قالغانلىقتىن بولۇۋاتاتتى، ئەگەر ئاشۇ قىممەتلىك ئۈچ سائەت ئىچىدە ئەسكەر يۆتكەشكە باشلىغان بولسا، بۇ چاغقىچە قىسىملار شەھەرگە كىرىپ بولاتتى.

سائەت تۆتتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى رادىئودا ئاڭلىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ستاۋفېنبېرگ شۇنىڭغىچە مۇ تەن بەرمەي تۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا بىرىنچى تۈركۈمدىكى تانكىلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ بولغانلىقى توغرۇلۇق خۇشاللىنارلىق بىر خەۋەر كەلدى. ئەمما سائەت يەتتە بولغاندا، رادىئودىن گىتلېرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، بىرلا ۋاقىتتا يەنە گىتلېر زاپاس قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھىمملېر چۈشكەن ئايروپىلان بېرلىننىڭ سىرتىدىكى ئايرودرومغا قوندى. ئىسيانچىلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بېرلىنغا كىرىشكە باشلىدى، 30 مىنۇتتىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋالغان تانكىلار قاياقققىدۇر غايىپ بولدى.

نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، گىتلېرنىڭ ھايات قالغانلىقى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. ستاۋفېنبېرگ قويۇپ قويغان بومبا پارتلىغاندا، گىتلېر ئۈستەلگە دۈم يېتىۋالغاچقا، ئۈستەلنىڭ قېلىن ياغىچى بومبىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتكەن، بومبا چويۇن قاپلىق بولمىغاچقا، ئۇششاق پارچىلىرى بولمىغان، گىتلېرنىڭ پەقەت قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ، جەينىكى ئازراق سۈرۈلۈپ، بەدىنى ئاز ـ تولا كۆيۈپ كەتكەن، ئەمما ھايات قالغان، ھەممىدىن يامان بولغىنى، بۇ سىر سۈيىقەستچىلەرنىڭ ئىچىدىن ئاشكارىلىنىپ، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونىنىڭ كوماندىرى مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىپ قويغان. پىلان بويىچە مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى بىلەن سىمسىز رادىئو پونكىتلىرىنى ئىشغال قىلىشقا مەسئۇل بولغان ھەربىي مەكتەپ مۇدىرلىمىغان، سىگنال بېرىلگەندە مەكتەپ مۇدىرى ئورنىدا بولمىغان. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ئاز بىر قىسىم ئالىي ئوفىتسېرلارنىڭ ئىچىدىلا بولغاچقا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويغان.

گىتلېرنىڭ رادىئو نۇتقى قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بىناسىغا يېتىپ كەلگەندە ئىككىلىنىپ تۇرغان بىر توپ ئوفىتسېرلار

ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 2 ـ قەۋەتكە توپلىنىشىپ، قورال ـ ياراق ئىدارىسىدىن ئەكېلىنگەن قوراللار بىلەن تۇنجى ئېتىشىشنى باشلىۋەتتى.

سائەت 10 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ستاۋفېنبېرگ بىنانىڭ ئىچىدىكى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەمدى ئىشنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىناغا باستۇرۇپ كىرگەن شۇنچە كۆپ ئوفىتسېرلارنى كۆرۈپ بىردىنلا بوشىشىپ، خۇددى قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەندەك لاسىسىدە بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆزىنى تۇتقىلى كىرگەنلەرگە: «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن بولغان، قالغانلار خۇددى ئەسكەرلەر بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلغاندەك، مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە قىلغان، ئۇلارغا ھەرقانداق جىنايەت ئارتىشقا مۇتلەق بولمايدۇ.» دېدى.

ستاۋفېنبېرگ قاتارلىق تۆت ئادەمنى ھويلىغا سۆرەپ ئاچىقىپ، كۆزلىرىگە چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرىنى بېرىپ تۇرۇپ ئېتىپ تاشلىدى. ستاۋفېنبېرگ: «ياشىسۇن بۈيۈك گېرمانىيە!» دەپ توۋلىدى.

ھەممە ئىش ئۆتمۇشكە ئايلاندى. «بىر ئوچۇم قارانىيەت، ۋىجدانسىز، نەپرەتلىك، ئەخمەق ئوفىتسېرلار» گىتلېر شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىدا سۇيىقەستچىلەرگە ئاشۇنداق باھا بەرگەنىدى.

ئەتىسى، مەخپىي بىر ساقچى تەشكىلاتى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىشنى باشلىۋەتتى. بۇ سۇيىقەستكە قاتناشمىغان رۇندستېدقا ئوخشاش بەزى مارشاللار بىلەن گېنېراللار جاۋابكار ئوفىتسېرلارنى ھەربىي سوتتا سوتلاشنى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئاۋغۇستتا، جاۋابكارلىققا تارتىلغان فېلىگېبېل، ھوپنا قاتارلىق سەككىز نەپەر ئوفىتسېر ھەربىي سوتتا مەخپىي سوراق قىلىندى. ھەممىسى بۇ سۇيىقەستكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتناشقانلىقىغا ئىقرار بولۇپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى، جازا ئىجرا قىلىنغاندا تارتىلغان سۈرەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېزىتلەر بىلەن رادىئولاردا گودېلېرنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە 100 مىڭ مارك مۇكاپات بېرىش ۋەدە قىلىنغان ئۇقتۇرۇشلار ئېلان قىلىندى. سۇيىقەستچىلەر ئىچكى جەھەتتە باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەنگەن بۇ ئادەم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېرلىن، شەرقىي پرۇسسىيە قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىر تۇتۇلۇپ قالدى ۋە 1945 - يىلى 2 - فېۋرال كۈنى ئېتىپ تاشلاندى. فروممۇ سۇيىقەستچىلەرنى باستۇرغاندا كەسكىن بولمىدى، «قورقۇنچاق» دېگەن جىنايەت بىلەن 19 - مارت كۈنى ئېتىپ تاشلاندى. گېنېرال شلابرېندورف سۇيىقەست مەغلۇپ بولغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۆزىنى ئېتىۋالغانىدى، لېكىن ئوق خاتا ئېتىلىپ قېلىپ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېسىئاچىلار ئۇنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. بۇ ئىشتا چېتىلىپ قالغان باشقا ئادەملەرمۇ ئېتىپ تاشلاندى ياكى تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ شۇ يەردە ئېتىلدى، دارغا ئېسىلىپ تۈگىدى. 1945 - يىلى مارتتا ئاندىن قىرغىنچىلىق توختىدى. لېكىن سىرتتا پەقەت دارغا ئېسىلغانلارلا مەلۇم قىلىنىپ، باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىردەك ئېلان قىلىنمىدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايتتى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ پەرىزىچە ئۆلتۈرۈلگەنلەر تۆت مىڭدىن ئاشقان.

نۇرغۇن ئادەملەر قولغا ئېلىنماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقان. مارشال كلوگ ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بېرلىنغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلاندا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. مارشال روممېل زەھەر

ئىچىش ياكى «خەلق سوتى» نىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈشتىن بىرنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنىپ، نەتىجىدە 1944 - يىلى 14 - ئۆكتەبىردە ئۆز ئۆيىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. ھۆكۈمەت ئۇنى ئېغىر يارىلىنىپ، بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تارىختىكى «ئەڭ ئۇلۇغ گېرمانىيە گېنېراللىرىنىڭ بىرى» دەپ نام بەردى.

«20 - ئىيۇل ۋەقەسى» ئەنە شۇنداق بىچارىلەرچە مەغلۇپ بولدى. ئۇ، سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ جۇرئەتسىزلىكى، تەشكىللاتچانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئادەملەرنىڭ خەلقنىڭ قوزغىلىشىدىن قورققانلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغانىدى.

«20 - ئىيۇل ۋەقەسى» گە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېرلارمۇ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار گىتلېر يوقالسىلا گېرمان مىللىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى گېرمانىيە خەلقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ كەڭ قاتلاملىرىنىڭ گىتلېرنىڭ فاشىست ھاكىمىيىتىگە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى، لېكىن ئۇ ۋەقەگە قاتناشقان ھەربىر شەخس ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋال «20 - ئىيۇل ۋەقەسى» گە باغلىنىشلىق بۇ گۇرۇھنىڭ پۈتكۈل سىياسىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىنىڭ بېسىمى بىلەن، بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن كېلىشىپ، غەربىي ياۋروپادىكى ئۇرۇشنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى كۆپ قېتىم غۇلغۇلا قىلىشقانىدى.

«20 - ئىيۇل ۋەقەسى» گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گېرمانىيە خەلقىنىڭ ناتسىستلارغا قارشى غەزەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى، ناتسىستلارنىڭ، فىئورېرنىڭ قورقىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇڭا، گىتلېر «ئۇلاردىن دۆلەت سوتسىيالىزمى پارتىيىسى دائىم ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل بويىچە ھېساب ئېلىش»قا قەسەم قىلدى.

# ئون ئالتىنچى باب گىتلېر: نەس
# باسقان فرانسۇز خوتۇنلىرى

△ گىتلېر: ئويلىمىغانلا يەردىن جىنسىيەت توغرۇلۇق گەپ بولدى

△ گىتلېر: يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار توي قىلماي هامىلىدار بولۇپ قالغان ئانىلارنى مەدھىيىلەشلىرى كېرەك

△ گىتلېر: مەخپىي قورالنى چوقۇم ئىشلىتىش كېرەك

△ ستالىن يازلىق هۇجۇمنى مەڭگۇ داۋاملاشتۇرمايدۇ . . . .

△ گىتلېر: غەربىي سەپتىكى قىسىملىرىمىزنى فرانسۇز خوتۇنلار، ئېسىل تاماق، شېرىن شارابلار كاردىن چىقىرىۋەتتى

1944 ـ يىلنىڭ بېشىدا، گىتلېر يەنە بۇرۇنقىدەك شۇنداق غالجىر بولسىمۇ، لېكىن تاشقى قىياپىتىدە هەيران قالارلىق دەرىجىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، هارغىنلىق، بوشىشىش ۋە قېرىشقا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىككى پۇتىنى سۆرەپ، خۇددى قېرى بوۋايلاردەك ئالدىغا ئېڭىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماڭمىدىغان بولۇپ قالدى، ئاسان تېرىكىش، ئاسان خاپا بولۇش چىرايىغا چوڭقۇر قورۇقلارنى سالغانىدى. كۆزلىرى خۇددى ھەممە نېمىدىن نارازى بولۇۋاتقاندەك قېتىپلا تۇراتتى. كاتېپلىرى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ تىترەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ئوڭ قولى بىلەن تىترەۋاتقان سول قولىنى تۇتۇۋالىدىغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم بايقاپ قېلىشتى. ئىستاكان بىلەن چاي ئىچكەندە قولىنىڭ تىترىشى تېخىمۇ روشەن بىلىنىپ قالاتتى، بۇ ئەھۋالنى يوشۇرىمەن دەپمۇ يوشۇرۇپ كېتەلمەيتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئالامەتلەرگە جىددىي قارىمايتتى. خۇسۇسىي دوختۇرى مولېر ئۇنىڭ كېسىلىنى يوشۇرۇپ، سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى دەپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا گىتلېرنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتاتتى، پۇتۇن بەدىنى تىترەپ تۇراتتى، كارىۋاتقا چىقىپ ياتقاندا سول پۇتىنىڭ تىترىشى زادىلا بېسىلمايتتى، ئۇنى باسىمەن دەپمۇ باسالمايتتى.

مولېرنىڭ گىتلېرنىڭ كېسىلىگە قويغان ئىككى قېتىملىق دىئاگنوزىدىن ئۇنىڭ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى، ئۇنىڭ ئاشقازىنى يېغىلىپ قالىدىغان كېسىلى يەنە باشلىنىپ، مولېر ئۇنى ئۇۇۋۇلاپ داۋالاشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ باققانىدى، گىتلېر ئىلگىرىكىدەكلا ئۇنى رەت قىلدى. دوختۇر ھەر كۈنى كەچتە بالدۇر يېتىپ ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما گىتلېر كۈندە 10 سائەت دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ ۋە: «ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنگلىزلار ھەر كۈنى بىزگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىۋاتسا» دەپ، بالدۇر يېتىپ ئارام ئېلىشقا زادىلا ئۇنىماي كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بومباردىمانچى ئايروپىلان گېرمانىيە ھاۋا بوشلۇقىدىن چىقىپ كەتمىگۈچە ياتمايتتى. گىتلېرنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن مولېر ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بىئارام بولسا، قەھۋە ياكى يۈرەكنى

كۆچەيتىدىغان دورا ئىچىشىنى، كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم ساپ ھاۋاغا چىقىپ نەپەسلىنىشىنى تاپىلاپ تۇراتتى، ئارىلاپ ئۆزى ئۇنىڭغا گلۇكوزا ياكى ھورمون ئوكۇلى ئۇرۇپ قوياتتى.

بەزىدە ھورمون ئوكۇلى ئۇرۇلغاندا گېتلېر بىر قىسما قىلىقلارنى قىلىپ قوياتتى: بىر قېتىم ھەتتا جىنسىيەت توغرۇلۇق غەلىتە گەپلەرنىمۇ قىلدى، بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان گەپ بولغاچقا، كاتىپلىرى ھەيران قېلىشىپ موللېرغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتقاندا، موللېر كۈلۈپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا «ئاشۇنداق خىياللارنى قوزغايدىغان» ئوكۇل سېلىپ قويغانلىقىنى دېدى.

گېتلېرنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پىكىر قىلىشلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاش يەنە شۇنداق جانلىق ئىدى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلەرنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ھورمانغا ئۆزىنىڭ گېرمانىيىنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك جاراھىتىنى ساقايتىشنىڭ غەلىتە بىر چارىسىنى ئېيتقان. ئۇ شۇنداق دېگەن: ئەگەر گېرمانىيىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنمايدىكەن، ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلغان بىلەنمۇ بەرىبىر بۇ جەڭدە ئۇتتۇرۇۋېتىمىز. بۇ مەسىلىنى ئۇ قانداق ھەل قىلماقچى؟ بۇ ھەقتە ئۇ شۇنداق دەيدۇ: ئەگەر گېرمانىيىلىك ئاياللارغا ئەر تېپىپ بەرمەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى، يەنى گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ (بەلكىم ئۈچ - تۆت مىليونچە باردۇ) پۈتكۈل تۇغۇت ئىقتىدارى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ساغلام نېمىس ئاياللىرى ئىچىدە — توي قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن — كۆپ بالا تۇغۇپ گېرمانىيىنىڭ كەلگۈسىنى قوغدايدىغان ئۇلۇغ بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن شائىرلار، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار توي قىلماي ھامىلىدار بولۇپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانىلارنى مەدھىيىلەيدىغان بولسۇن. ھايۋانغا ئوخشاش كۆپىيىش ئۈچۈن، ئەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىدىغان بولسۇن، نېمىس قىزلىرىغا ئىپپىتىنى ساقلاش دەيدىغان چاكىنا ئادەتلەرنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن تەربىيە بېرىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، گېرمانىيە ھەتتا پۈتۈن ياۋروپا، ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. «بىز ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ 1850 ـ يىل، 1870 ـ يىل ۋە 1900 ـ يىللاردىكى نوپۇس جەدۋەللىرىگە قاراپ باقايلى»، «شۇ چاغدا بىز 1945 ـ يىلىدىكى خەرىتىنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز».

1944 ـ يىلى كىرگەندىن كېيىن، گىتلېر ھامان بىر كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە 1943 ـ يىلى دېكابىردىن 1944 ـ يىلى ئاپرېلغىچە دۈشمەن گېزىتلىرىدىكى گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى بىزنى قورقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان گەپلەر دەپ چۈشىنىۋاتاتتى. رومېل ئىككىسى بۇ خىل ھۇجۇم باشلىنىدىغان بولسا، ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر ئارمىيىلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

دۈشمەن زادى نەدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى مۇمكىن؟ بۇ مەسىلىدە گىتلېر بىلەن ئۇنىڭ گېنېراللىرىنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

رومېل بىلەن رۇندستېد دۈشمەننى سومپورپور قولتۇقىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئاندىن ئەڭ يېقىن يول بىلەن پارىژغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتى. گىتلېر بولسا خېلى ئۇزۇنغىچە دۈشمەننىڭ ئەڭ غەربتىكى نورماندىيىدىن ئەمەس برىتانىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ، شۇڭا شېربور يېرىم ئارىلىنى ستراتېگىيىلىك قورغان

قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. غەربتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن ئەكسىچە خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، گىتلېر ئۆزىنىڭ قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋەردى. 6 - ئاپرېلدا ئاندىن ئۇ خەرىتىدىكى نورماندىيە قىرغىقىنى قېرىنداشى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بىز باشقا جايلارغا ئەۋەتمىسە بولمايدىغان قوشۇنلاردىن باشقا كۈچىمىزنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ جايغا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى. شېيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇھاسىرىدىن تېخى يېڭىلا قۇتۇلۇپ كەلگەن «ئىمپېرىيە» دىۋىزىيىسىنى نورماندىيىگە يېرىشقا بۇيرۇدى. روممېل بىلەن رۇندستېدنىڭ ئىزىنخاۋېرنىڭ مەقسىتىگە بولغان چۈشەنچىسى ھەرخىل ئىدى، ئىككىلىسىلا ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇراتتى. لېكىن 1 - مايدا، رودېرنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىدىكىلەر ئۇ ئىككىسىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. گىتلېرمۇ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى 5 - گۇرۇپپىۋى ئارمىيىنىڭ ئەمەس، 7 - گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنىڭ تەۋەلىكىدە بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. 6 - مايدا، گىتلېر يودېرغا يەنە تېلېفون بېرىپ، رۇندستېدنىڭ شتاب باشلىقىغا «نورماندىيىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك» دېگەن گېپىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇردى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيەلەرنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قىلىدىغان مۇقەررەر قايتۇرما ھۇجۇمىغا قانداق قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە گىتلېرنىڭ گېنېراللىرىنىڭ پىكىرلىرى بىردەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا دەسلەپتە مەسئۇل بولغان رۇندستېد فرانسىيە تەۋەسىدە جانلىق بىر مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇش، ئارقا سەپتە كۈچلۈك برونېۋىك قىسىملىرى زاپاس تۇرۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. روممېل بولسا، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوشۇنلىرىنى قۇرۇقلۇققا چىقىۋاتقان چاغدىلا تارمار قىلىۋېتىش كېرەك، ئۇلار قۇرۇقلۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىۋالىدىغانلا بولسا يىمىرىلمەس بىر كۈچكە ئايلىنىپ، ئۇنى كەينىگە چېكىندۈرمەك ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. شۇڭا گېرمانىيە برونېۋىكلىرى دېڭىز بويلىرىغا يۆتكەپ كېلىنىشى كېرەك، بولمىسا جەڭ باشلانغاندا كېچىكىپ قالىمىز؛ ناۋادا دۈشمەن تۆمۈريوللار بىلەن تاشيوللارنى بۇزۇۋېتىدىغان بولسا برونېۋىكلار جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى، بۇ، گىتلېرنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. «تاجاۋۇز بىر ئاي كېچىكتۈرۈلىدىغان بولسا، بىز ھېچبولمىغاندا بىر ئوتتۇرا ئەترەتلىك ئايروپىلانلىرىمىزنى تەييارلىۋالالايمىز . . . بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش. ئۇ چاغدا توختىماي بومباردىمان قىلىنسا دۈشمەن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. رېئاكتىۋ ئايروپىلاندىن بىرى بولسىمۇ ئۇلار ئوخشاشلا قورقۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سائەتلەپ ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ. يېرىم كۈن داۋاملاشتۇرالىساق، ئۇنىڭغىچە بىزنىڭ زاپاس قوشۇنلىرىمىز يېتىپ كېلىدۇ.» بۇنىڭدا گىتلېر يەنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئاسان پەرقلەندۈرۈۋالالايتتى.

1944 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا، روممېل غەربىي سەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە ئاتلانتىك ئوكيان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرغانىدى. ئۇ گىتلېرنىڭ قوللىشى بىلەن غەربكە يېڭى دېۋىزىيىلەرنى يۆتكەشكە باشلىدى، ھەر ئايدا ئۆزىنى بىرنەچچە مىليون سۇ مىناسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ مىنالارنى ئۇ دېڭىز ياقىلىرىغا ئورناتماقچى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز ئىچىگە دۈشمەن پاراخوتلىرىنىڭ قىرغاققا يېقىنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نۇرغۇن توسۇقلارنى قۇردى.

گىتلېر ئاتلانتىك ئوكياننىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

ئۇرۇشتا ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان يىلپىز ماركىلىق تانكىلىرىنى بۇ يەردە توسۇق ئورنىدا ئىشلىتىشنى، ئىشلىتىلمىگەن بېتون تاختىلارنى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا ئاپىرىپ ئىشلىتىشنى، ئۈچ مىڭ تانكا ۋە زەمبىرەكنى دەرھال شۇ يەرگە يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئەڭ مۇھىمى، ئەنگلىيە بوغۇزى ئەتراپىدىكى بارلىق گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەلەرنىڭ تاكتىكا جەھەتتە ئىشلىتىش ھوقۇقىنىمۇ روممېلغا تۇتقۇزدى. 5 - يانۋاردا روممېل بۇ رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنى قوپاللىق بىلەن سەگەكلەشتۈرۈپ خېلىلا قورقىتىپ قويدى. گىتلېر نۇرغۇن گېنېراللىرىنىڭ روممېلنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداق تۇرۇپمۇ بۇ چۆل تۈلكىسىنىڭ ئۆزىگە يېڭى ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

گىتلېر غەربىي سەپتە پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان زور كۆلەملىك ھۇجۇمدىن ئەنسىرەپ تۇرغان كۈنلەردە، شەرقتىكى جەڭ مەيدانىدىن تېخىمۇ يامان خەۋەرلەر كېلىشكە باشلاپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئويلاپ باقمىغان تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ قىرىمدىكى سېۋاستوپولغا كېلىپ قالغانىدى. 5 - مايدىن 7 - ماي كېچىگىچە بولغان قىسقىغىنا ئارىلىقتا گېرمانىيە ئارمىيىسى زور چىقىمغا ئۇچرىدى. شۆئېتنېر زېيتزلېرغا تېلېفون بېرىپ، 17 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ 2 مىڭ 795 ئادەمدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېيتتى. 8 - ماي كېچىدە، گىتلېر مەغلۇپ بولغانلىقىغا ئىقرار بولۇپ، 17 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى دېڭىز ۋە ھاۋا ئارقىلىق سېۋاستوپولدىن چېكىندۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بەش كۈندىن كېيىن، دۈشمەن ئەڭ ئاخىرقى خالتا شەكىللىك ئىستىھكامنى ئىشغال قىلدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى 37 مىڭ 500 نەپەر گېرمانىيە ۋە رۇمىنىيە ئەسكەرلىرى رۇمىنىيە

تەۋەسىگە چېكىنىپ كىرىۋالغانىدى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتكە گىتلېرنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، بۇ گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنى نومۇسقا قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلىرىنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ ھەربىي زاۋۇتلاردا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ئەسكەرلەردە گۇناھ يوق ئىدى. شۇئېتنېر زېيتزلېر ۋە ئېيسئاچىلارنىڭ باشلىقلىرى ئارقىلىق گىتلېرغا ئۆزىنىڭ ئالدىدا بۇ ئارمىيە قوماندانلىق قىلغان كلېيستنىڭ ئۇستىدىن: قىسىملارنىڭ ئىنتىزامى شۇنچىلىك ناچار، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز، ئەسكەرلەر ئەتىدىن - كەچكىچە هاراق ئىچىپ لەلەڭلەپ يۈرۈشىدۇ، دەپ ئەرز قىلدى. 17 - گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بولسا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئاغرىنىشاتتى. ئۇلار سېۋاستوپولدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئۇستىبېشىنى قان - يىرىڭ، توپا - تەرەت ۋە پاسكىنا ھالەتتە ئۇ يەردىن چېكىنىپ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پاراخوتلىرىغا چىققاندا، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ تىرناقچىلىك كىر قونمىغان پاكىز كىيىملەردە تۇرۇشقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەنىدى.

1944 - يىلى 6 - ئىيۇن كۈنى، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان نورماندىيە ئوپېراتسىيىسى باشلاندى. ئېيزىنخاۋېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۈمەن مىڭلىغان ئەسكەرلەر ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. گىتلېر ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرى قاتتىق پەخىرلىنىدىغان ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى دېڭىزغا ھەيدىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلار ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ھاۋا ئارمىيىسىگە دۇچ كېلىپ

قالدى. 6 ـ ئىيۇندا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى فرانسىيىگە 319 ـ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بولسا 10 مىڭ 585 قېتىم ھۇجۇم قىلدى.

8 ـ ئىيۇندا، گېرىنگنىڭ ئۆرلەپ تۇرغان كەيپىياتى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى، شۇ كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ پەقەت 100 ئايروپىلانلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندى، ئۇچقۇچىلىرى 800 دىن ئاشاتتى، ئەمما ئۇلارغا ئايروپىلان يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى نورماندىيە ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىۋالدى. ھەتتا نېمىس ئارمىيىسى ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنىڭ ئارقا سەپلىرىدىن بىر كۈنى كەچكىچە ئەسكەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكىگىلى بولمىدى. ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ زاپاس قوشۇنلىرى بىلەن 21 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ شۇ چاغدا قىلغان ھۇجۇملىرىمۇ مەغلۇپ بولدى. دۈشمەن پاراخوتلىرى ئايروپىلانلارنىڭ يول كۆرسىتىشلىرى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى، گىتلېرنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمۇ ئۇ پاراخوتلارغا يېقىن بارالمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گۇدېرىئان ۋەزىيەت توغرۇلۇق گىتلېرغا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ: «تانكا قىسىملىرى ھەرقانچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ باشقا ئىككى قوشۇننىڭ كېمىنى تولدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ» دېدى. رۇندستېد قوراللىق قوشۇنلىرى-نى توپلاپ، 11 ـ ئىيۇن تاڭ سەھەردە غەرب تەرەپتىكى 3 ـ زەمبىرەك قوشۇنىنىڭ «توپ ئوقلىرى تېمى» نىڭ ھىمايىسى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى پىلانلىدى. لېكىن 10 ـ ئىيۇن كۈنى كەچقۇرۇندا، ئۇ پىلاندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى، چۈنكى دۈشمەن تانكىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئۇنىڭ توپلىغان قوشۇنلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىپ قويغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

10 ـ ئىيۇنغا كەلگەندە، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇلار «ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ياۋروپادا ئىككىنچى سەپ ئاچتى» دەپ ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەش باشلانغانىدى. گېرىنگ دونىتزدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ: سىلەر بىزگە ئەنگلىيە بوغۇزىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغان دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرىنى ئۇرۇشقا سېلىپ تەۋەككۇل قىلمايدۇ، دېمىگەنمىدىڭلار، «بېسىملىق مىنا» نى دېڭىز بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارشى چىقمىغانمىدىڭلار، ئەمدى قېنى بىزگە بەرگەن ۋەدەڭلار، دېدى. دېنىستمۇ بوش كەلمەي گېرىنگكە ۋارقىرىدى: «هازىر قايسى چاغ، سىز تېخىچە بۇ گەپنى قىلىسىزغۇ، بۇ گەپلىرىڭىز هازىرقى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.» دۈشمەننىڭ ئەمدىكى نىشانى شېربوردىكى تېگى چوڭقۇر پورتلار ئىدى، رۇندستېد 11 ـ ئىيۇل كۈنى، ئەگەر دۈشمەنلەرنىڭ بۇ هۇجۇمى تارمار قىلىنمايدىغان بولسا، فىيۇرېر «ئاخىرقى قارار» چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئاگاهلاندۇرۇش بەردى، ئەتىسى روممېل كېيتېلغا يازغان خېتىدىمۇ مۇشۇ كۆز قاراشنى تەكرارلىدى. بۇ چاغدا گىتلېرمۇ ئۆزىنىڭ بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئىككى ئېسئاچىلار دىۋىزىيىسىنى نورماندىيىگە يولغا سالدى ۋە روسىيىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ئاشۇ قوشۇنلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ نورماندىيىدىكى ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

گىتلېر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ كۈچلۈك هۇجۇمىنى قۇرۇقلۇق ۋە هاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن قايتۇرۇشنى ئويلاش بىلەن بىللە يەنە مەخپىي قوراللىرىمۇ ئىشقا سالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېببېلس VI دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن داۋدەننى ئەنگلىيىنىڭ

پايتەختى لوندونغا تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئۇ 1944 - يىلى 6 - ئىيۇندىلا بۇ داۋدەننى لوندونغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلغانىدى. ئەمدى يوشۇرۇپ قويۇلغان ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ ئىچىدىن داۋدەن قويۇپ بېرىدىغان ئىغىر تۆمۈر ئۇسكۈنىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەنگلىيە بوغۇزىغا جايلاشتۇرۇلغان داۋدەن قويۇپ بېرىدىغان 64 ئورۇنغا توشۇپ بېرىش كېرەك ئىدى. 11 - ئىيۇنغا كەلگەندە، ئۇلار داۋدەن قويۇپ بېرىشنىڭ ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە فرانسىيىنىڭ تۆمۈريوللىرى بىلەن تاشيوللىرىنى بومباردىمان قىلىپ قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتكەن، تۆمۈريول ترانسپورتى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇسكۈنىلەرنىڭ بەزىلىرى يوقالغان، بەزىلىرى باشقا يەرلەرگە قويۇپ قويۇلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ گىتلېر داۋدەننى دېگەن چاغدا قويۇپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى.

12 - ئىيۇل كۈنى، گېرمانىيە لوندونغا داۋدەن قويۇپ بېرىشنى رەسمىي باشلىدى. لېكىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئورۇننىڭ تەييارلىقى پۇختا بولمىغاچقا، قويۇپ بېرىلگەن 10 داۋدەننىڭ تۆتى ئازراق مېڭىپلا چۈشۈپ كەتتى، ئىككىسى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، ئۈچى باشقا يەرگە چۈشتى، بىرى لوندوندىكى بىر تۆمۈر كۆۋرۈككە چۈشۈپ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىۋەتتى. گىتلېر گېرىنگدىن: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىۋىدى، گېرىنگ ئالدىراپ - تېنەپ: بۇ داۋدەننى ياساشقا مارشال مىلچ مەسئۇل بولغان، دېدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ بۇ مەخپىي قورالنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ياسانقانلىقىنى سۆزلەپ يۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر مىلچنى چاقىرتىپ، داۋدەننى قويۇپ بېرىشكە مەسئۇل قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇسكۈنىلەر تەكشىلىپ، 15 - ئىيۇندىن باشلاپ يەنە داۋدەن قويۇپ بېرىش باشلاندى. ئەتىسىگىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لوندونغا 224 دانە داۋدەن ئېتىلدى، رازۋېت ئايروپىلانلىرى داۋدەنلەرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، لوندوننىڭ ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى.

ئىنگلىزلار نېمىسلارنىڭ بۇنداقمۇ ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا مۇداپىئە كۈچلىرى بىلەن كۆرەشچى ئايروپىلانلار مۇداپىئەسىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، Ⅵ ناملىق داۋدەن بازىسىنى ۋەيران قىلىشنى گېرمانىيىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى، ئايروپىلان زاۋۇتلىرى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى قاتارلىق مۇھىم جايلىرىنى ۋەيران قىلىش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشنى قارار قىلدى. لېكىن گىتلېرنىڭ چېرچىلنىڭ بۇ قارارىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. 17 - ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە گىتلېر مىلچقا تېلېفون بېرىپ ئۇنى تەبرىكلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھەربىي تەييارلىقلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سپېرگە A—4 نامىلىق داۋدەننى ئىشلەپ چىقىرىشنى توختىتىپ، Ⅵ نامىلىق داۋدەن بىلەن رېئاكتىۋ ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

گىتلېر ئۆزىنىڭ ھازىر ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. شەرقىي سەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتى؛ غەربىي سەپتە، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە «2 - قېتىملىق تاجاۋۇز قىلىش» ھەربىي كۈچىنى پا - دې - كالې بوغۇزىغا تاشلاپ، نېمىسلارنىڭ داۋدەن بازىسىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتاتتى. بۇ ھەم ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. شۇڭا بارلىق كوماندىرلاردا غەلىبىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلەتتى. گىتلېر شۇ زۆرۈرىيەت ئۈچۈن 16 - ئىيۇن كۈنى ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سوۋاسون ئەتراپىدىكى چوڭ لاگېرىغا بېرىپ

رۇندستېد ۋە روممېللار بىلەن سۆھبەتلەشتى، داۋدەن بازىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال خېنېماننى تەبرىكلىدى. بۇ سۆھبەتتە يەنە روممېلنى ئەيىبلىدى، روممېل نورماندىيە دۈشمەنلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، قوراللارنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، دۈشمەننىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۇلار يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭلەر توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشتى، گىتلېر ئۇلاردىن شېربولنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. روممېلنىڭ شتاب باشلىقى ھانس شۇئان گۇرۇپپىۋي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تېلېفون بېرىپ: «قانچىلىك قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسۇن شېربولنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش كېرەك. . . بىر غېرىچ يەرنىمۇ تارتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەتىسى گىتلېر بىرگوفقا قايتىپ كەلگەندە ئۇ ئەنسىرىگەن خەۋەر يەنى ئامېرىكىنىڭ شېربول يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قانىتىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئاڭلاندى. چۈشتىن كېيىن سائەت 11 دە ئۇ ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن ئىئودىلغا:

— ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا ئۇ يەرگە يېتىپ بارغانلىقىنى دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار زادى يېتىپ باردىمۇ — يوق؟ — دېدى.

— يېتىپ باردى، — دېدى بۇ گېنېرال ئىقرار قىلىپ.

غەربىي سەپنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك ناچار ئىكەن، شەرقىي سەپىچۇ؟ گىتلېر تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئارمىيىسى سېۋاستوپولنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن باشقا كۆپ جايلارنى ئالالمىغانىدى. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ شەرقىي ئۇرۇش سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، نورماندىيىدىكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ستالىن يازلىق ھۇجۇمنى ئۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇۋەتمەيتتى، مەسىلە ئۇنىڭ ئەمدى نەگە ھۇجۇم قىلىشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

مايدا، گىتلېر كېۋر ئارقىلىق دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى چارلاپ بىلگەنىدى، كېۋر مودېلىنىڭ شىمالىي ئۇكرائىنا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئاپرېلدا ياردەمگە بارغان چاغ ئىدى. مودېل مايدا مۇشۇ جايغا ھۇجۇم قوزغىماقچى بولغانىدى، مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇنىڭغا 56 - برونېۋىك دىۋىزىيىسى «ۋاقىتلىق» ئاجرىتىپ بېرىلگەنىدى. 11 - ئىيۇلدا گىتلېر كېۋر ھۇجۇمىنى بىكار قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ دىۋىزىيەلەرنى نورماندىيىگە يۆتكەشكە توغرا كەلگەنىدى. ئەگەر سوۋېت ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلىپ قالسا، 800 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان چەمبىرەكسىمان مۇداپىئە لىنىيىسىنى پەقەت مارشال بولىنشىنىڭ 37 دىۋىزىيىسى قوغداشقا توغرا كېلەتتى.

روسىيە ئالدىنقى سەپىدىكى بارلىق سىمسىز تېلېفون - تېلېگراممىلار خۇددى گاچىدەك تىلسىز بولۇپ قالدى. گىتلېر ئۆزىنىڭ پەرىزى بويىچە ستالىن ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، ئەمما 5 - ئاي پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە گېنېرال زېيتزلېرنىڭ شەرقىي ئاخبارات تارماق ئىدارىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بولسا، مودېلنىڭ شىمالىي ئۇكرائىنا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋاتقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى، دەپ بىلىپ كەلگەنىدى. گران 13 - ئىيۇل كۈنى، گەرچە ئاخباراتتا شۇنداق دېيىلسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنلىرى ئۇ جايدىن مەركىزىي رايونلارغا قاراپ يۆتكىلىۋاتىدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئەتىسى گېنېرال زېيتزلېر بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇسىنگې بۇ قاراشلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىرىنچى بولۇپ گېرمانىيىنىڭ ئاساسلىق

كۆچى — مودېلىنىڭ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىگە تېگىش قىلىدۇ، دېگەن قارارغا كېلىشتى.

زېيتزلېر بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قاراشلارنىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. 17 - ئىيۇن كۈنى، ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ سمولېنىسكىي ئەتراپىدا ھۇجۇم قوزغاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. تېلېگراممىنى تەرجىمە قىلىدىغان بىر خادىم ئەسىرگە چۈشۈپ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ چوڭ ئەترىتىنىڭ قىرىمدىن سمولېنىسكىغا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى؛ 4. مىڭ 500 ئايروپىلاننىڭ مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ قويىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇ يەردىكى ھۇجۇمى ئەمەلگە ئاشماي، نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇ يەردىكى قىسىملىرىنى سمولېنىسكىغا يۆتكەپ، ئۇ يەردىكى 9 - ۋە 4 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىلىرىنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. 18 - ۋە 19 - ئىيۇن كۈنلىرى گىتلېر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 4 - كورپۇسىنى گېمئېردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى بومباردىمان قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بۇ قىسمىنى نورماندىيىگە يۆلكەشكە ئۇنىمىغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى. 20 - ئىيۇنغىچە زېيتزلېر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ھۇجۇم نىشانىنى مودېلىنىڭ ئارمىيىسىگە قاراتقان دەپ كەلدى، گىتلېر بولسا ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئەتىسى ھاۋا ئارمىيىسى: «ئومۇمىي پەرەزدىن قارىغاندا، مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيىگە قارىتىلغان ھۇجۇم ئەتە باشلىنىدۇ.» دېگەن مەزمۇندا بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. 22 - ئىيۇن كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە گىتلېر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 6 - كورپۇسىغا پۈتۈنلەي ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بولىدىغان ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆرۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق

چۈشۈردى.

22 ـ ئىيۇن كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئالداش ئۇسۇلى بىلەن ئاستا ـ ئاستا باشلاندى. دەسلەپتە ئۇلار بىرنەچچە روتا بىلەن ھۇجۇم باشلاپ ۋېتېپوسكىنىڭ ئىككى قانىتىدىن ئازراق يوچۇق ئاچتى. زېيتزلېر يەنىلا گىتلېرنىڭ دىققىتىنى جەنۇب بىلەن شىمالىي ئۇكرائىنا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى تەرىپىدىن كېلىدىغان خەتەرگە بۇراش خىيالىدا ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرى ئاشۇ ئىككى يوچۇقتىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا ھاۋا ئارمىيىسى 6 ـ كورپۇسىنىڭ ئاران 40 ئايروپىلانى بار ئىدى. بىر ئاي ئىلگىرى گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بوسىشنى مىنىسكىدىكى مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سېپىنى مەھكەم قوغداشنى، بولۇپمۇ ۋېتېپوسكى، ئورشا، موگىليوۋ، بوبۇلېيىسكىي قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلارنى ئاخىرقى بىر ئەسكەر قالغىچە قوغداشنى تاپشۇردى. لېكىن 25 ـ ئىيۇندا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 4 ـ كورپۇس بىلەن 9 ـ كورپۇسىنىڭ كۆپ قىسىم كۈچىنى يوقاتتى. نېمىسلار شۇ چاغدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچىلىكلىكىنى چۈشەندى. گىتلېر بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، زېيتزلېر بىلەن بوسىشنىڭ، ئۇلگۇرەلەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ «قورغانلار»دىن ۋاز كېچىش پىلانىنى رەت قىلدى. نەتىجىدە بوسىش مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى ئالتە دىۋىزىيىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ئاخىر بولالماي شىمالىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. ھىممىلېر بۇ قېتىمقى بۇ مەغلۇبىيەتنى بوسىشنىڭ قوماندانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئورۇشقا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىدى، گىتلېرمۇ ئۇنىڭ بۇ

قارشىغا قوشۇلۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى.

1944 - يىل 26 - ئىيۇندىن كېيىن، گىتلېر ئۇدا بىرنەچچە كۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى فون كلوگنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا VI ناملىق دەھشەتلىك ئۇچار بومبىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى چۈشەندۈردى. دۈشمەننىڭ 250 ئايروپىلانى ھەر كۈنى VI ناملىق ئۇچار بومبا بازىسىنى چارلاپ يۈرۈۋاتاتتى. گىتلېر قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئۇچار بومبىلىرىنى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ رەڭگىدە ئالا بالداق قىلىپ سىرلاشنى بۇيرۇدى. 26 - ئىيۇندا، داۋەن بىلەن لوندوننى بومباردىمان قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى پا - دې - كالى بوغۇزىدا ئىككىنچى قېتىم ئاپەت خاراكتېرلىك ھۇجۇم قوزغاشقا مەجبۇرلاش ئارزۇسىدا بولدى. ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى ئۇچقۇر بومبىدىن 250 نى ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، گىتلېر ئۇ ساننى 10 ھەسسە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە يەنە بىر قېتىم زور ئاپەتكە دۇچ كەلدى، كىشىلەر بۇ ئاپەتنى 1940 - يىلدىكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولدى دېيىشتى.

گىتلېر ماختىنىپ كلوگقا 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا پارىژغا تاشلىغان پۈتۈن بومبىنىڭ كۈچىنى يىغىپ كەلسە بىر VI ناملىق داۋەننىڭ كۈچىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ «بىز بۇ ئۇچقۇر بومبىنى ئىجاد قىلىپ ئادەم ۋە ئايروپىلانلارنى كۆپ تېجەپ قالدۇق، ئۇنىڭغا يېقىلغۇمۇ كەتمەيدۇ.» دېدى.

رۇندستېد روممېلنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر خەۋەرنى ئەۋەتىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 30 دىۋىزىيىسىنىڭ نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىققانلىقىنى، يەنە 67 دىۋىزىيىسىنىڭ ئەنگلىيىدە تەييارلىقتا تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ ئەھۋال پا - دې - كالې بوغۇزىنى ساقلاۋاتقان سارموئىنىڭ 15 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنىڭ قىلچە ئاجىزلاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. گىتلېر ئاخىر رۇندستېد بىلەن روممېلنىڭ «ئاچچىق ھۆكمى» — شېربۇر يېرىم ئارىلىدىكى ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن قارىشىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. 29 - ئىيۇل كۈنى فرانسىيىدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە ئاخىر قوشۇلغانمۇ بولدى.

29 - ئىيۇلدا، گىتلېر گېنېراللىرىغا غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۈستىدە كۆپ سۆزلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دېڭىز بويلىرىدىكى دۈشمەن ھەربىي پاراخوتلىرىنى قوغلىۋېتىش ياكى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىش، ئۇلارنىڭ ترانسپورت پاراخوتلىرىنى قۇرۇقلۇققا يولاتماسلىق كېرەك ئىدى. گىتلېر دېڭىز ياقىلىرىدىكى سۇ ئىچىگە قۇدرىتى كۈچلۈك يېڭى مەخپىي سۇ مىنالىرىنى ئورنىتىش تەكلىپىنى بەردى. «پۈتكۈل ترانسپورت پاراخوتلىرىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىش، ئۇلار يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال - ياراقلىرىنى بىر - بىرلەپ يوقاتقانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى.» دېدى ئۇ. ئۇ يەنە ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق قوراللارنى ھەتتا مەخپىي سۇ مىنالىرى، سىمسىز باشقۇرۇلىدىغان زەربىدار ماتورلۇق قولۋاقلارنى، سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى، VI ناملىق داۋدەئلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئالدىنقى شەرتى ماشىنىلاشقان ترانسپورتنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيىدە ماشىنىلاشقان دۈشمەن بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇش ئىدى. ئۈچىنچىسى قايتۇرما ھۇجۇم ئىدى. ئۇ تەكلىپ قىلغان قايتۇرما ھۇجۇم ئارقا سەپنىڭ ياردىمى بولمايدىغان بولسا ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

گىتلېر شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك «ھاۋادىن مۇھاپىزەت قىلىش يولى» بەرپا قىلىشنى، ئۇ يولنى زور تۈركۈمدىكى زېنىت توپ ۋە ئايروپىلانلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

گېرىنگ ئۆزىنىڭ گېنېراللىرىنى چاقىرىپ گىتلېرنىڭ غەربىي سەپتە باشقىدىن ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىۋاتقان چاغدا، گىتلېر كېتىپلېرگە مارشال رۇندستېدنى ئۆزاق مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پۇراتقانىدى. ئۇ غەربىي سەپنىڭ بۇ قوماندانىنىڭ بىرەر قېتىممۇ ھەل قىلغۇچ پىلانلارنى قۇرالمىغانلىقىدىن نارازى ئىدى، ئۇنىڭ غەربىي سەپتىكى قوشۇنلىرىنى فرانسۇز خوتۇنلار، ئېسىل تاماق، شېرىن شارابلار كارىدىن چىقىرىۋەتتى، رۇندستېدنىڭ قوشۇنلارنىڭ چېرىكلىشىپ كېتىشى، جەڭگىۋارلىقىنىڭ بوشاپ كېتىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، دەپ قارايتتى.

گىتلېرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى رۇندستېدنى روھسىزلاندۇرالمىدى، ئەكسىچە ئۇ 1 ـ ئىيۇل كۈنى ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىغا تەكلىپ بېرىپ، بىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىكىمىز كېرەك، كائىندىن ۋاز كېچىپ، دۈشمەن پاراخوتلىرىنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسىدىن چېقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، دېدى.

گەرچە رۇندستېدنىڭ بۇ تەكلىپى كۈچسىز دەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىئودېلنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئۇ تەكلىپى فرانسىيەدىن چېكىنىپ چىقىشنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك تۈنجى قەدىمى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى: بىرى، چېكىنىپ چىقىپ كېتىش، يەنە بىرى، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ئاداققىچە ئېلىشىش، لېكىن گىتلېر رۇندستېدنىڭ ئۇ تەكلىپىنى مۇتلەق قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە روممېلغا: «ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش سېپىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. دۈشمەننىڭ ھەرقانداق ھۇجۇملىرىنى قوغداش ئۇرۇشى ۋە قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇملار بىلەن باتۇرلارچە ياندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.» دېدى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئادىيۇتانتى بوگماننى رۇندستېدقا كىرىپ ئوردېنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. رۇندستېد ئوردېن بىلەن بىللە شۇم خەۋەردىن دېرەك بېرىدىغان سېرىق رەڭ كونۋېرتمۇ تاپشۇرۇۋال-دى، بۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا مارشال كلوگنىڭ بارىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىدى.

# ئون يەتتىنچى باب گىتلېر: روممېل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرى ھەم جىنايەتكارى

△ گىتلېر: روممېل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ئۇنىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان جىنايىتى يوشۇرۇپ قېلىنىدۇ
△ روممېل خانىم: مېنىڭ ئېرىم گىتلېرغا سادىق ئىدى
△ روممېلنىڭ گىتلېرغا بولغان سادىقلىقى بىلەن خوتۇنىغا بولغان ۋاپادارلىقى ئوخشىشىپ كېتەتتى
△ گىتلېر ئاخىر روممېلغا كەڭ قورساقلىق قىلىشتىن ئۆزگەردى

1944 ـ يىل 14 ـ ئۆكتەبىردە، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بىر گېنېرالنىڭ ئۆلۈمى ئاددىي بىر خەۋەر بىلەن جاكارلاندى:

مۇسىبەتنامە

1944 ـ يىل 17 ـ ئىيۇل كۈنى، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئېرىم، ئوغلۇمنىڭ ئەڭ سادىق دوستى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ سىردىشى ئېغىر يارىلىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 53 يېشىدا قازا تاپتى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئېرۋىن روممېل شەرەپ پولكىنىڭ چەۋەندازى:

زەيتۇن يوپۇرمىقى، قىلىچ ۋە برىليانت چۈشۈرۈلگەن چەۋەندازلىق كرېست ئوردېنىغا مۇشەررەپ بولغان، شەرەپ بىلەن ياردار بولغۇچىلار ئوردېنى ۋە باشقا تۆرلۈك شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەنىدى.

پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغانىدى.

پۈتۈن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

لوس ماريا روممېل

تەزىيەنامىنىڭ ئاخىرىغا «ھەرقانداق تەزىيەنامىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئالاھىدە داغدۇغىلىق بولدى: ناتسىستلار ئۇنىڭغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتتى، ناتسىستلارنىڭ نۇرغۇن كاتتىباشلىرى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى، مۇراسىمدا گىتلېرنىڭ روممېلغا يازغان تەزىيەنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. گىتلېر ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن روممېل ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى تېپىشماق بولۇپ قالدى. ئۇ قانداق ئېغىر يارىلانغان؟ راستتىنلا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن گىتلېرنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېقىندا يۈز بەرگەن گىتلېرنى قەستلەش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ـ ئەمەس؟

شۇ چاغدىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بار نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن بۇ تېپىشماق تېزلا يېشىلدى. روممېل ئېغىر يارىلىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى گىتلېرنىڭ

مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆلگەن. شۇ چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق:
1944 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، فرانسىيە ئالدىنقى سېپىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن قىلىۋاتقان ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان روممېل ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تۇشتۇمتۇت ئەنگلىيىنىڭ ئىككى ئايروپىلانى كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئوققا تۇتتى، روممېلنىڭ باش سۆڭىكى يېرىلغان، ئىككى چېكىسىنىڭ ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەن، سول كۆزىمۇ يارىلىنىپ مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەنىدى. دوختۇرلار ئۇنى شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەسئۇل دوختۇر غەربىي سەپ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى كلۇگقا روممېلنىڭ هازىرغىچە هوشسىز يېتىۋاتقانلىقىنى، 1945 ـ يىلى كىرگىچە مۇشۇ هالەتتە يېتىشى مۇمكىنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

لېكىن، ئۇ دۇنيانىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ بولغان روممېل ئۆلمەكتە يوق، ئەكسىچە مۆجىزە يۈز بېرىپ، بارا ـ بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 18 ـ ئىيۇل كۈنى ئۇنىڭ سېزىملىرى ئەسلىگە كەلدى، 22 ـ ئىيۇلدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرالايدىغان بولۇپ، شتاب باشلىقى سپېدېلنىڭ يېقىندىكى جەڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلىدى ۋە بەزى يوليورۇقلارنى بەردى. 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى، ئىنگلىزلارنىڭ روممېل ئۆلدى دېگەن تەشۋىقاتىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ھەربىي كىيىملىرىنى كىيىپ پارىژدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇخبىرلارغا: «ئىنگلىزلار مېنى خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلدى دەپ تەشۋىق قىلىشلىرى بىرىنچى قېتىم ئەمەس، ئەمما مەن ئۆلمىدىم، ئۇنداق ئاسانمۇ ئۆلمەيمەن.» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

8 ـ ئاۋغۇستتا ئۇ يۇرتى ھېرلىنگىنگە قايتىپ بېرىپ داۋالاندى. ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 12 ـ ئۆكتەبردە ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى مۇستەقىل ھەيدەپ 50 ئىنگلىز مىلى يىراقلىققا بارالايدىغان بولدى. ئۇ سالامەتلىكىنىڭ شۇنچىلىك تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ۋە تېز ئارىدا ئالدىنقى سەپكە قايتىپ بېرىپ قوماندانلىق ھوقۇقىنى قايتا قولغا ئېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەردە، بېرلىندىكى «دەپنە ئىشلىرى تەتقىقات ئورنى» ئاللىبۇرۇن «روممېلنى مارشال يەرلىكىدە قويۇش» پىلانىنى تۈزۈپ، پەقەت ۋاقتى بىلەن ئورنىنىلا بوش قالدۇرغانىدى، قەبرىسىگە قويۇلىدىغان ئالاھىدە گۈلچەمبىرەكمۇ بېرلىندىن ئۇنىڭ يۇرتىغا ئېلىپ كېلىنگەنىدى. دېمەك، روممېلنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى.

14 ـ ئۆكتەبردە، روممېل ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئافرىقا ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، ئوردېنلىرىنى تاقاپ خۇشال ھالدا بېرلىندىن كەلگەن ئىككى گېنېرالنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاخشام ئۇ تېلېفوندا فيۇرېرنىڭ ئۇنى «قايتا خىزمەتكە تەيىنلەش» ئىشىنى مەسلىھەتلەشكىلى گېنېرال ۋىلھېلم بۇرگدورفنى ئەۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش ئاڭلىغانىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئېگىز بوي، قىزىل يۈز گېنېرال ۋىلھېلم بۇرگدورف بىلەن گىتلېرنىڭ ئاديوتانتى گېنېرال ئېرنىست مايسېل روممېلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار بىردەم ئۇياق ـ بۇياقنىڭ گەپلىرىنى قىلىشقاندىن كېيىن، بۇرگدورف ھۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق گەپ باشلىۋىدى، روممېل خانىم بىلەن ئوغلى ئۆزىنى سوراپ قوبۇلخانىدىن چىقىپ كەتتى.

روممېل ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئاديوتانتى ئاردىنجىسقا نورماندىيە جېڭى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ بۇرگدورفنى مۇشۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتىگە كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ

قالغانىدى. روممېل خاتالاشقانىدى، بۇرگدورف گەپنى باشلىشى بىلەنلا روممېلنى سوغۇق تەر باستى.

— سىز فيۇرېرغا سۇيىقەست قىلغان جىنايەت بىلەن ئەيىبلەندىڭىز، — دېدى بۇرگدورف جىددىي تەرىزدە. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر قەغەز يۈزىدە پاش قىلغان ماتېرىياللارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ زەربىدىن روممېلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇزۇنغىچە ئىككىلا تەرەپ سۆزسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىردا روممېل ئامالسىز:

— ماقۇل، بۇ ئاقىۋەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كېتەي، — دېدى. ئاخىردا يەنە، — بۇ ئىشتىن فيۇرېرنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئازراق ئۈمىدلىنىپ.

بۇرگدورف بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ياشلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، فيۇرېرنىڭ ئەگەر روممېل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ئۇنىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان جىنايىتىنى مەخپىي تۇتىدىغانلىقىنى، گېرمانىيىلىكلەرگە ئۇقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا خاتىرە مۇنارى تىكلەپ، ئۆلۈمگە مەملىكەت بويىچە ماتەم بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا چېقىلمايدىغانلىقىنى، خانىمىنىڭ مارشال ئۆلچىمى بويىچە تەمىنات ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ سىزنىڭ ئىلگىرى ئىمپېرىيە ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنى، — دېدى بۇرگدورف.

شۇندىلا روممېل ئۇزۇل - كېسىل ئۈمىدسىزلىككە پاتتى.

— سىزنىڭ ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ جىمجىت يەرلەردە بىردەم تۇرۇپ كەلسەم بولامدۇ؟ — سورىدى ئۇ بۇرگدورفتىن يۈرىكى

قاتتىق ئېزىلگەن هالدا، — هازىرچە تاپانچىغا قولۇم بارمايدىغان ئوخشايدۇ.

— مەن بىر دورا ئالغاچ كەلدىم، ئۈچ مىنۇتتىلا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، — دېدى بۇرگدورف خۇددى روممېلغا جېنىنى ئالىدىغان زەھەر ئەمەس، كېسىلىگە شىپا بولىدىغان ئېسىل بىر دورا ئېلىپ كەلگەندەك خاتىرجەم تەلەپپۇزدا. بۇرگدورف شۇ گەپنى قىلىپلا كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتتى. روممېلمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. روممېل خانىم ئۇنىڭ چىرايىنىڭ باشقىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆيۈنۈپ سورىدى:

— نېمە ئىش ئىكەن؟ فىئورېر سىزنى ئالدىنقى سەپكە بارسۇن دەپتىمۇ؟

— مەن 15 مىنۇت ئىچىدە ئۆلۈشۈم كېرەك.

روممېلنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى، تەلەپپۇزىمۇ سوغۇق ئىدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — روممېل خانىم ئۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ھەيران بولۇپ سورىدى.

—فىئورېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەن يا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشىم، يا بولمىسا سوتقا چۈشۈشۈم كېرەك. ئىككىدىن بىرنى تاللايدىكەنمەن. ستۇلپناگېل، سپېيدېل، خوفاكلار 20 - ئىيۇل سۇيىقەستىگە مېنىمۇ چېتىۋاپتۇ، گودېلېرنىڭ تىزىملىكىدە مەن ئۇلار سايلىغان پرېزىدېنت ئوخشايمەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا نېمە دېيىشلىرى مۇمكىن؟

ئۇ خوتۇنى بىلەن ۋىدالىشىپ بولۇپ ھەربىي شەپكىسىنى، پەلتوسىنى كىيدى. ئوغلى مانفرېد بىلەن ئادىيوتانتى سۇنغان پەلەي بىلەن مارشاللىق ھاسىسىنى ئېلىپ مەردانە قەدەملەر بىلەن دەرۋازىدىن چىقتى ۋە ئۆزىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان ماشىنىغا ھېچقانداق تەمتىرىمەي چىقىپ ئولتۇردى.

سائەت بىردىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇ ئۇلمىدىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا جىمجىت ياتاتتى، زەھەر ئىچىپ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ مەسئۇل دوختۇرى جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتىۋىدى، بۇرگدورف قەتئىي رەت قىلىپ:

— جەسەتكە تېگىشكە بولمايدۇ، بېرلىن مارشالنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، روممېلنىڭ ئاغرىپ ئۆلمىگەنلىكى ئېنىق بولدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىمۇ يەنە سىر پېتى قېلىۋەردى: ئۇ گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقانىدى.

روممېل ئۆلۈشنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇ گىتلېرغا قارشى تۇرغان قەھرىمان سۈپىتىدە خەلقنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

روممېلنى تەتقىق قىلغان ئادەملەرنىڭ قارىشىچە، ئافرىقا ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغان ئاشۇ چاغلاردىلا ئۇنىڭ كاللىسىدا گىتلېرغا قارشى بىر خىيال بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. شۇ چاغدا ئۇ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئافرىقىدا قۇتۇلدۇرغۇسىز مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن، ئەمما گىتلېر ئۇنىڭ ئافرىقا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، مىڭلىغان ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە قۇلاق سالماي، ئەكسىچە «يا غەلىبە قىلىش، يا ئۆلۈش كېرەك» دېگەن. روممېل شۇنىڭدىلا گىتلېرنىڭ ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا قارىتا شۇ قەدەر يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە كېيىن باشقىلارغا: «مەن يا ئۆلىمەن، يا غەلىبە قىلىمەن.» دېگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، گىتلېرنىڭ گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلارنى ئېتىپ تاشلاش توغرۇلۇق چىقارغان «بىرگە ئون ئىككى» (قارشى تەرەپ بىر ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرىدىكەن، ناتسىستلار

قارشى تەرەپنىڭ ئون ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك) دېگەن بۇيرۇقىدىنمۇ ناتسىستلارنىڭ گېرمانىيە خەلقىنىڭ نامى بىلەن قىلغان ئىشلىرىدىن قاتتىق يىرگەنگەن ۋە ئۇ بۇيرۇقنى پۈرلەپ تاشلىۋېتىپ، گىتلېرنىڭ گېرمانىيە خەلقىنى چوڭقۇر ھاڭغا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

ئۇ نورماندىيە رايونىدىكى قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدىغان B گۇرۇپپىۋي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن چاغدىلا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پات ئارىدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ۋە 1944 - يىلى ئاپرېلدا گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئىشلار باش ۋالىيسى، گېرمانىيىنىڭ گىتلېرغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گېنېرال فون ستۇلپناگېل بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قانداق قىلغاندا غەربىي سەپتىكى جەڭنى توختاتقىلى ۋە گىتلېرنىڭ ناتسىستلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھلىل يۈرگۈزگەنىدى. ھەتتا ئۇلار ئېيزىنخاۋېر بىلەن مونتگومېرىيگە تىنچلىق تەلىپىنى قويۇشقىمۇ تەييارلىق قىلىشقانىدى. بۇ خىل تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئاساسى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىلەر گېرمانىيىنىڭ شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلىشنى توختاتسا، گېرمانىيە ئارمىيىسى غەربىي سەپتىن شەرقىي سەپكە بارىدىغان، ئۇ يەردە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، رۇمىنىيە، لېۋورپول، ۋىسلا دەرياسى لىنىيىلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەر بىلەن بىللە «غەرب مەدەنىيىتى» نى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، رومېل ئىشەنچلىك بىر برونېۋىك قىسىمنىڭ كۈچى بىلەن گىتلېرنى قولغا ئېلىپ سوتقا تاپشۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇ يەنە گىتلېرنى بىر يولىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۈمىد قىلمىغان، ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئەكسىچە گىتلېرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىش

بولاتتى.

يۇقىرىدىكى پىلانى ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما روممېل ئىنتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قورۇقلۇقا چىققاندىن كېيىن گىتلېرغا ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، دەررۇ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان.

يۇقىرىدىكى روممېلنىڭ گىتلېرغا قارشى تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە بولغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى شتاب باشلىقى ھەم يېقىن دوستى، ياردەمچىسى سپېيدېلنىڭ ئۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ، خەلقلەرنى تېخىمۇ ئىشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، روممېلنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولمىغانلىقى ۋە ناتسىستلارنىڭ بەلگىسى بولغان سېرىق ئىزناكنى تاقىمىغانلىقى كىشىلەرنى روممېلنىڭ گىتلېرغا قارشى قەھرىمان ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندۈرىدۇ.

لېكىن، روممېلنىڭ ئۆيىدىكىلىرى، خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ناتسىستلار تېخى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەشمىگەن چاغلاردا ياكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بولسۇن، گىتلېرغا قارشى سۇيىقەستلەرنىڭ ھەممىسى نومۇسسىزلىق، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ. گىتلېرغا سادىق بولۇش روممېلنىڭ مارشاللىق ئەڭ مۇھىم بىر بۇرچى ئىدى، دەپ قارىغان. 1945 - يىلى 9 - سېنتەبىر كۈنى روممېلنىڭ خانىمى تۆۋەندىكى مەزمۇندا بىر باياناتمۇ ئېلان قىلدى:

«روممېلنىڭ نامىنىڭ پاكلىقىنى، شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەن تۆۋەندىكىلەرنى جاكارلايمەن: مېنىڭ ئېرىم (1944 - يىلى) 20 - ئىيۇل سۇيىقەستىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ياكى ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئارىلاشمىغان. مېنىڭ ئېرىم ئىزچىل ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى، ئارزۇلىرى ۋە پىلانلىرىنى ئەڭ ئالىي رەھبەرلىككە، گەرچە ئۇلار ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى خالىمىسىمۇ، مەلۇم قىلىپ تۇرغان.»

روممېل خانىمنىڭ بۇ باياناتى بىلەن، روممېل زادى گىتلېرغا قارشى تۇرغان قەھرىمانمۇ ـ ئەمەس، دېگەن بۇ گۇمان ئۇزۇنغىچە يېشىلمەي كەلگەنىدى.

ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى زادى قانداق؟

روممېل زادى گىتلېرغا قارشىمىدى؟ دېگەن بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى، خاراكتېرىنى بىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى كىچىككىنە بىر ۋەقە ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلىشى مۇمكىن.

1944 ـ يىلى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى، روممېل فرانسىيىدە ئالدىنقى سەپتە قىسىملارنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. يول ئۈستىدە دائىم گېرمانىيىلىك ئاياللار قوشۇنى گېرمانىيە جەڭچىلىرى ئۈچۈن ئاچقان مېھمانخانىلارغا چۈشۈپ، شۇ يەردە دەم ئېلىپ ئۆتەتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىنلا مېھمانخانىدىكى قىزلار ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا ئەركىلىشىپمۇ قوياتتى. روممېل ئۇلارغا دائىم سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن ئۇ گرانىت تاش ئەمەس ـ دە. ئاخىر بىر كۈنى چىرايلىق قىزلارنىڭ ناز ـ خۇلقلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ ئەتىرىنىڭ ئۆتكۈر خۇش بۇيى ھىدى بىلەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن روممېل يەنىلا روممېل ـ دە. ئۇ 1917 ـ يىلى خوتۇنى لۇس بىلەن توي قىلغاندا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ ئۆتىمەن، دەپ بەرگەن قەسىمىنى ئۇنتۇمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزى ئۇنى ئۇ قەسىمنى ئۇنتۇماسلىق، كۆز ئالدىدىكى

بۇ گۈزەللەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغاندەك بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپلا ئۆيدىن چىقىپ، ساپيورلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋىليام مېس بىلەن بىللە يولغا چىقىپ كەتتى. روممېل كېتىۋېتىپ، ئەستايىدىل تۇردە مېسقا: «بىلەمسىز، مېس، بەزى قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم» دېدى.

رومېلنىڭ گىتلېرغا بولغان ھېسسىياتىمۇ ئادەتتىكىدەك ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى.

رومېل تاسادىپىي بىر ئىش بىلەن گىتلېرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانىدى. 1936 - يىلى سېنتەبىردە، پولكوۋنىك رومېل گىتلېرنىڭ مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، ناتسىستلارنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىنىڭ قوغداش خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز گىتلېرنىڭ سىرتقا ساياھەت قىلىپ چىققۇسى كېلىپ قېلىپ، رومېلغا، مەن بىلەن پەقەت ئالتىلا ماشىنا بىللە بارسۇن، دېدى. بۇ بۇيرۇق ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئورۇندىماق قىيىن ئىدى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە يۇقىرىقى تەبىقىلەرنىڭ ئىچىدە كىمنىڭكى بولسۇن، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن گىتلېر بىلەن بىللە سىرتلارنى ئايلىنىپ كەلگۈسى كېلەتتى. شۇڭلاشقا گىتلېرنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماق ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. لېكىن ئەزەلدىن كەسكىن ۋە تەدبىرلىك رومېل بۇ نازۇك ئىشنى پەۋقۇلئاددە بىر چارە بىلەن بىرتەرەپ قىلماقچى بولدى.

شۇ كۈنى گىتلېرنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ماشىنىلارنىڭ ئالدىدىكى ئالتە ماشىنا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، رومېل يول ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، قالغان ماشىنىلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈزمەي، ھەممىسىگە قايتىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.

رومېلنىڭ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بۇ قىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان ماشىنىلاردا ئولتۇرغان ناتسىستلارنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى. گىتلېرنىڭ ماشىنىسى بىلەن قالغان ئالتە ماشىنا ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ ئۇلار ھەدەپ قوللىرىنى شىلتىيتى، سىگنال بېرەتتى، لېكىن روممېل زادىلا ئۇلارغا يول بەرمەيتتى. ئۇ كاتتا ئەربابلار ماشىنىلىرىنىڭ دېرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ: «نېمىدېگەن باشباشتاق نېمىسەن، پولكوۋنىك، بۇ ئىشىڭنى بىز چوقۇم فيۇرېرغا ئېيتىمىز، شۇ چاغدا كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن» دەپ تۇۋلىشىپ كەتتى.

«ئەپەندىلەر، ھەرقانچە ۋارقىرىساڭلارمۇ ئەھمىيىتى يوق، مەن ئالدى تەرەپتىكى يولنىڭ ئېغىزىغا ئىككى تانكىنى تۇرغۇزۇپ قويدۇم، ھېچقايسىڭلار ئۆتەلمەيسىلەر» دېدى روممېل قىلچە تەۋرەنمەي.

ناتسىستلارنىڭ ئۇ كاتتىباشلىرى دېگەندەك، روممېلنىڭ ئۈستىدىن گىتلېرغا ئەرز قىلىشتى، بۇ ئەھۋال گىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، شۇ كۈنىلا روممېلنى چاقىرتىپ كۆرۈشتى. لېكىن ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن، گىتلېر ئۇنى ئەيىبلىمەكتە يوق، ئەكسىچە بۇيرۇقنى قەتئىي ئېغىشماي ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ماختىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمەيدىغان بۇ پولكوۋنىكقا دىققەت قىلىدىغان بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، روممېل يازغان «پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمى» ناملىق بىر كىتابچە نەشر قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ ھەربىي مەكتەپتە دەرس ئۆتكەندە سۆزلىگەن دەرسلىكلەردىن رەتلەپ چىقارغان كىتابى ئىدى. بۇ كىتاب نەشردىن چىقىپلا بازار تېپىپ كەتتى، گىتلېرمۇ بۇ كىتابقا قىزىقىپ قېلىپ، پىيادە ئەسكەرلەر دەرسلىكىگە ئائىت ئەڭ ياخشى كىتاب، دەپ ماختىدى، شۇنىڭدىن كېيىن روممېلنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. گىتلېرنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى شىلاخىنى (بۇ

ئادەم 500 مىڭ ئادەملىك «گىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى» نىڭ داھىيسى. ياشلارغا ناتسىستلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، گىتلېرنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن) ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭغا روممېلنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن گىتلېرنىڭ روممېلنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش قارارىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇ روممېلنى فىئورېرنىڭ چوڭ لاگېرىنىڭ ۋاقىتلىق مۇھاپىزەت قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. كېيىن يەنە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى ھالدېر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە روممېلنىڭ مەنسىپىنى ئۇست ـ ئۇستىلەپ ئۆستۈرۈۋەردى:

1938 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇستتا، گىتلېر روممېلنى باش مىنىستىر بىناسىغا چاقىرتىپ، يېپيېڭى گېنېرال فورمىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن گېنېراللىق ئۇنۋانىنىڭ يېڭى يىلدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە جاكارلىدى.

1940 ـ يىلى، 49 ياشلىق روممېل گېنېرال پولكوۋنىكلىقا ئۆستۈرۈلۈپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىچىدە ئەڭ ياش گېنېرال پولكوۋنىك بولۇپ قالدى، ئۇ گىتلېرنىڭ كۆپچىلىك گېنېراللارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئۆزىگە شۇنچىلىك شەپقەت ياغدۇرغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ، خوتۇنىغا يازغان خېتىدە شۇنداق دېگەن: «يېقىندا ئۆستۈرۈلگىنىمگە پەقەت بىر فىئورېرغىلا رەھمەت ئېيتىمەن... مېنىڭ ھازىر قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىمنى پەقەت سىزلا تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. مەن ئېرىشكەن ھەممە نەرسە فىئورېرنىڭ شاپائىتىدىن بولدى، بۇ ئىشلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن نەچچە ـ نەچچە باراۋەر كۆپ بولۇپ كەتتى.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئۆتمەي، روممېل يەنە شۇ گىتلېرنىڭ شەپقەت ياغدۇرۇشى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بولدى.

ئەمەلىيەتتە، روممېل ئۆزىنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا گىتلېرنى ئالاھىدە بىلىپ كەتكەن ئەمەس ئىدى، ئاساسلىقى گىتلېرنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى بەكمۇ قۇۋۋەتلەيتتى.

گىتلېر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ گېرمانىيىنىڭ كۈچىنى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتكەنىدى. روممېلدىمۇ شۇ سەۋەب بىلەن 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت بىلەن قاتتىق نومۇسلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش، گىتلېرغا قارىتا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ناشئېگىر بىلەن كارىسباتلارنىڭ گېرمانىيە خەرىتىسىگە باشقىدىن كىرگەنلىكىگە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەنتەنە قىلغان كۆرۈنۈشلىرى ۋە چېخوسلوۋاكىيە-نىڭ تالاش - تارتىشتا تۇرۇۋاتقان سودېت رايونىنى گېرمانىيىگە بېرىۋەتكەنلىكى، گېرمانىيىنىڭ بىر تامچىمۇ قان ئاققۇزماي ئۇ جايلارغا ئىگە بولغانلىقى روممېلنىڭ «ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر» بۇ ئادەمگە بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر ئۇنىڭ نەزەرىدە قەھرىمان، دۇنيادا ئەڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇ گىتلېرغا بولغان ئېتىقادىنى خۇسۇسىي خەتلىرىدىمۇ «ياشىسۇن گىتلېر!» دەپ يېزىپ ئىپادىلەيدىغان بولدى.

1937 - يىلدىن باشلاپ، روممېل ئەڭ زور قىزىقىش بىلەن ناتسىستلارنىڭ تەسىرىنى ئارمىيىگە سىڭدۈرۈشكە باشلىدى.

1938 - يىل 1 - دېكابىر كۈنى، روممېل ئۇرۇش قىلىش مىنىستىرلىكىدە گىتلېرنىڭ مەخپىي دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاتىرىسىگە مۇنداق بىر گەپنى يېزىپ قويىدى: «بۈگۈنكى ھەربىيلەردە سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەرلىك

بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ھەرقاچان بىزنىڭ يېڭى سىياسىتىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئادەملەر»، «گېرمانىيە ئارمىيىسى گېرمانىيە پەلسەپە ھاياتىنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قىلىچتۇر.»

روممېل بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئۇ گىتلېرنىڭ بۇ گېپىنى گېنېراللار بىلەن ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئېيتقانلىقىنى بىلەتتى.

رومېل بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئىسىدە مەھكەم تۇتقان ۋە ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىۋالغان، شۇ چاغدىن باشلاپلا ناتسىستلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان. كېيىن گىتلېرنىڭ ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بىرقاتار غەلىبىلىرى روممېلنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان. گىتلېرنىڭ پولشاغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان روممېل خۇشال بولۇپ ئۆزىنى باسالماي قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۇرۇشنىڭ 14 كۈنلا داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن؛ گىتلېرنىڭ گېرمانىيە ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشالمايدىغانلىقىغا، ئارىلاشسا گېرمانىيىنىڭ ئۇلارغا ئاسانلا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

روممېلنىڭ 30 - يىللاردىكى خۇسۇسىي خەت - چەكلىرىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەر ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى گىتلېرغا بولغان ھېسسىياتى ۋە رەھمىتىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقىماي قالمايدۇ، بولۇپمۇ گىتلېرنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتى ۋە «ھەربىي تالانتى»غا بولغان قايىللىقى دىنىي ئەسەبىيلىكتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇ باشقا ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە گىتلېرغا مەڭگۈ سادىق بولۇشقا قەسەم بېرىپلا قالماي، 1944 - يىلى مارتتا، يەنى گىتلېرنىڭ كۈنى بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقان چاغدىمۇ باشقا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىرى بىلەن بىللە گىتلېرغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ يازغان ئىككىنچى پارچە خەتكىمۇ قول قويۇپ، فيۇرېرغا بولغان ساداقىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى قېتىملىق قەسەم بېرىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇ رومېلنى گىتلېرنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا مەھكەم باغلىۋالغانىدى. چۈنكى رومېلنىڭ كاللىسىدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، ئۆزىنىڭ قەسەملىرىدىن تايماسلىق مۇستەھكەم بىر ئېتىقاد بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىدى، پۈتكۈل ھەربىي ھاياتىنى ئەنە شۇ ئېتىقادى ئىدارە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئۆزىگە مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىمۇ قىلچە شۈبھىسىز ھالدا بۇيرۇققا مۇتلەق بويسۇنىدىغان ياخشى بىر ھەربىي ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. 1941 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى براۋچىچقا: «ئالدى بىلەن مەن قول ئاستىمدىكى ئوفىتسېرلىرىمنى بۇيرۇققا مۇتلەق بويسۇنىدىغان نەمۇنىلەرگە ئايلاندۇرۇشۇم كېرەك» دېگەن. كېيىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان ئوغلى مانفرېدقا ناھايىتى جىددىي تەرىزدە: «بۇيرۇققا مۇتلەق بويسۇنۇشۇڭ كېرەك....» دېگەن.

رومېل مانا مۇشۇنداق مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن كۆز قاراشنىڭ رولى بىلەن 30 ـ يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە گىتلېرغا بىردەك سادىق بولۇپ كەلگەنىدى، گەرچە كېيىنكى چاغلاردىكىسى ئىلگىرىكىسىگە يەتمىسىمۇ، بەزىدە مەجبۇرلانسىمۇ، ئومۇمەن سادىقلىقىدىن قالمىغانىدى.

رومېل كېيىن گىتلېرنىڭ ناتسىست ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گېرمانىيە بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالدى، بولۇپمۇ گىتلېرنىڭ بىرگە ئون ئىككى سېلىشتۇرما بىلەن ئەسىرلەرنى ئېتىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ساگان جازا لاگېرىدىن قاچقان 50 نەپەر ئەنگلىيە ئۇچقۇچىلىرىنى ئېتىپ تاشلاش توغرۇلۇق بۇيرۇق

چۇشۇرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، گىتلېرنىڭ قوللىرىنىڭ «پاكىز ئەمەس»لىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىلەر نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيەت تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويغان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىككىلىنىشكە، تېگىرقاشقا باشلىدى، كاللىسىدا غەلىتە ـ غەلىتە خىياللار پەيدا بولۇپ، بىردەم غەربىي سەپ قوماندانى مارشال كلۇگىنى گىتلېرغا گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى غەربىي سەپتىن چېكىندۇرۇپ كېتىشكە كۆندۇرۇش ئۈچۈن بىللە خەت يېزىشقا دالالەت قىلىشنى ئويلىسا، بىردەم ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى مۇنتگومېرىغا خەت يېزىپ، نورماندىيىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بېرىش شەرتى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي سەپكە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش تەكلىپىنى بېرىشنى ئويلايتتى. لېكىن بۇ خىياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاللىسىدا بىردەم كۆرۈنۈپ، بىردەم يوقاپ تۇراتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇ خىياللىرىنى مىدىرلاتماي تۇتۇپمۇ تۇرالايتتى. لېكىن تۇتۇپ تۇرغىنى بىلەن، كۆپ بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگە ئازراق پۇرىتىپ قويالايتتى، خالاس. ئۇ خىياللىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ گىتلېرغا بولغان ساداقىتى خوتۇنىغا بولغان ۋاپادارلىقىغا شۇنچىلىك ئوخشاپ قالاتتى. چىرايلىق قىزلارنىڭ ناز ـ خۇلقلىرى ئۇنى يۇمشىتىپ «قىلتاققا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغان» بىلەن، ئۇنىڭ ئۇ قىلتاققا راستىنلا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇ گىتلېرغا خائىنلىق قىلىشنى ئويلاپ «قىلتاققا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغان» بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ قىلتاققا زادىلا «چۈشمىگەن» ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن گىتلېرنى ئۆلتۈرۈشكە ئائىت ھەرقانداق پىلان ۋە ھەرىكەتكە قاتناشمىغانىدى. 1944 ـ يىل 15 ـ ئىيۇندا گىتلېرغا يازغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇلتىماتۇمىغا كەلسەك، بۇ قورسقىدىكىنى دېيىشكە جۈرئەت قىلىدىغان «ۋەزىر» نىڭ ئۆزى سادىق بولۇپ ئۆتۈۋاتقان «پادىشاھى» غا سۇنغان تەكلىپىدەكلا بىر ئىش بولۇپ، بەزىلەر ئېيتقاندەك «گىتلېرغا قارشى خىتابنامە» ئەمەس ئىدى.

روممېل ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى.

بىز جۇڭگولۇقلاردا «ئەركىشىنى ئۆزىنىڭ خوتۇنىدەك چۈشىنىدىغان ئادەم بولمايدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش، روممېل خانىمىنىڭ 1945 - يىل سېنتەبىردە ئېلان قىلغان باياناتىدا ئېيتىلغاندەك، روممېل گىتلېردىن پەقەتلا يۈز ئۆرۈپ باقمىغان، شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئۇ گىتلېرنىڭ ئەڭ تەۋرەنمەس ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ گىتلېرغا بولغان ئەڭ ئاخىرقى ساداقىتىنى ئۆلۈم بىلەن ئىسپاتلىغان.

بۇنىڭدا يەنە، روممېل گىتلېرغا شۇنچىلىك سادىق بولسا، گىتلېر يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىدۇ؟ دەيدىغان بىر سوئال تۇغۇلىدۇ.

بۇنىڭغا بىر كىمگە دېگىلى بولمايدىغان بىر سىر يوشۇرۇنغان.

1944 - يىل 20 - ئىيۇن كۈنى ستاۋفېنبېرگنىڭ گىتلېرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان گىتلېر بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق ئادەملەرنى زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋالىيسى گېنېرال فون ستۇلپناگېل بۇ ۋەقەنىڭ پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى پاش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ستۇلپناگېل ۋەتەنگە چاقىرتىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمەن دەپ مەقسىتىگە يېتەلمەي، بىھوش ياتقاندا، ئۆزىچىلا روممېلنىڭ ئىسمىنى دەپ سېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىنلا

روممېلنىڭ ئىسمى ئۇ ۋەقە بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ قالدى.

بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، غەربىي لىنىيە قوماندانى كلۇگ مەخسۇس تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللىدى. گېنېرال ستۇلپناگېلنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممە ئادەم سوراق قىلىندى. نەتىجىدە خوفاك ئىسىملىك بىر پودپولكوۋنىكنىڭ ستولپناگېلنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

بولغۇسى سوراق ۋە ئۆلۈم كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، پودپولكوۋنىك خوفاك چوڭ ئەربابلارنىڭ بىرەر ـ ئىككىسىنى سانىقاندىلا بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، زور ھوقۇق ۋە كاتتا ئابرويغا ئىگە ئىككى مارشال — كلۇگ بىلەن روممېلنى تاللىدى.

بىر قارارغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، خوفاك ئۇ ئىككى مارشالنىڭ ئۇستىدىن گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقان دەپ يالغاننى بولۇشقا توقۇپ تەكشۈرۈش كومىتېتىغا پاش قىلدى، لېكىن ئۇ سۇيىقەستكە ھەقىقىي قاتناشقان سېپىدېلغا ئوخشاش ئادەملەر توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

12 ـ ئاۋغۇست كۈنى، سۇيىقەستچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ بىرى بولغان، سىرتقا قېچىپ كەتكەن كارل گودېلېر تۇتۇلغاندىن كېيىن پاش قىلغان ماتېرىيالدىمۇ روممېلنىڭ ئىسمى چىقىپ قالدى. گىتلېر يېڭىدىن تەيىنلىگەن ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك ھانسىنىمۇ 16 ـ ئىيۇلدا كلۇگ بىلەن ستاۋ فېنبېرگنىڭ بېرلىندا شېرىكلىرى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، كلۇگ بىلەن روممېل ئىككىسىنىڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە غەربىي سەپتىن گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى بىلەن تارمار بولىدۇ دېگەنلىكىنى پاش قىلدى.

بۇ ئەھۋاللارنى مەخپىي ساقچىلار گىتلېرغا مەلۇم قىلغاندىن

كېيىن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى بىلەن قورقۇپ جېنى چىققان بۇ مۇستەبىت ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرقاتار ئىشلارنى ئويلاپ چىقتى: بەزىلەر روممېلنىڭ شتاب باشلىقى سپېيدېلنى بۇ سۇيىقەستتىن ئالدىن خەۋىرى بار دەپ پاش قىلغان؛ روممېلنىڭ ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تانبېرھوپېنىڭ خوتۇنى سېپى ئۆزىدىن ئىنگلىز؛ روممېلنىڭ توپچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىرى ھانس لاتمان ستالىنگراد جېڭىدە سوۋېت ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغان؛ ھازىر موسكۋا رادىئو ئىستانسىسىدا گېرمانىيە جەڭچىلىرىگە توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرۇلۇق كۈشكۈرتۈپ سۆزلەۋاتقان ئادەم دەل ھانس لاتماننىڭ ئىنىسى؛ روممېل 15 - ئىيۇل كۈنى ئۆزىگە ئەۋەتكەن ھېلىقى ھۆججەتنى .... يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى بىر - بىرىگە باغلاپ چىققاندىن كېيىن، گىتلېر روممېلنى چوقۇم ئاشۇ ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، 15 - ئىيۇلدىكى ئۇ ھۆججەتمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دەپ قاراپ، دەرھال كىلۇگىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى قوماندانلىققا تەيىنلىدى. ئۇ چاغدا روممېل داۋالىنىۋاتاتتى، شۇڭا ئاۋۋال خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن سوراق قىلماقچى بولدى. ئۇ يەنە شتاب باشلىقى سپېيدېلنىڭ ئورنىغا گېنېرال كرېبسنى تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا روممېلنىڭ «خاتا پىكىر ئېقىملىرى بىلەن قاتتىق يۇقۇملانغان گۇرۇپپىسىۋى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى زور كۈچ بىلەن تازىلاش» توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى.

گىتلېر كرېبسقا روممېل توغرۇلۇق شۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەربىي بولغان بىر ئادەم ئاشۇنداق ئەھۋالدا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئەڭ يامان ئىشلار. ئۇ ھەربىي جەھەتتىكى نوقۇل بىر يولدىن باشقا بىر يولنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنغان. سىزمۇ بىلىسىز، بىر قېتىم ئۇ ئىتالىيىنى پات ئارىدا گۇمران بولىدۇ، دېگەنىدى، لېكىن ئىتالىيە ئۇنداق

بولمىدى، پاكىت ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى كېسېلرىڭنى مەسئۇللۇققا تەيىنلىگەنلىكىمنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . . . مەن روممېلنى مەلۇم تەرەپلىرىگە قاراپلا يۇرەكلىك، ئەقىللىك ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە قوماندان دەپ كەلگەن. بۇ ئۇنى مەڭگۈ شۇنداق ماڭىدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس ئىدى، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش قاراشتا.»

ئاشۇ كۈنگىچە گىتلېر روممېلنى يەنە بىر قېتىم خاتالىق سادىر قىلدى دەپ كەلگەن، زەھەر بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈزۈشنىمۇ ئويلىمىغان، ئۆزى ئۈچۈن شۇنچە زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ـ يۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈشنى ئويلىماي كەڭچىلىك قىلماقچى بولغانىدى.

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، روممېلنىڭ ئۇ سۇيىقەستكە قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى يېڭىدىن يېڭى مەلۇماتلارنى كۆرۈۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىشتىن ياندى.

28 ـ سېنتەبىردە، ئىمپېرىيىنىڭ باش مىنىستىر بىناسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى مادىن بورمان گىتلېرغا ئۇلمىدىكى ئاتىستلارنىڭ باشلىقى ئوگىن مېردىن كەلگەن بىر مەلۇماتنى تاپشۇردى. مېر ئۇ مەلۇماتىدا يېقىندا روممېل كۆرۈشكەندە قىلىشقان سۆزلىرىنى يازغانىدى:

مېر روممېلغا: «ئەگەر بىزنىڭ فىيۇرېرغا ئېتىقادىمىز بولمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز كىمگە ئىشىنىشىمىز كېرەك؟» دېگەندە، روممېل: «ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز ئەمدى ھەرگىز بولمايدۇ، مەن 1942 ـ يىلى نويابىردا فىيۇرېر بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى، ئۇنىڭ ئىقتىدارى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن مېر، روممېل ھازىر ئېغىر يارىلانغان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ هازىرقى هاكىممىيەتكە بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، دەپ قارىغان.

گىتلېرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىش ئۈچۈن، بورمان ئۇنىڭ ماتېرىيالىغا: «بۇ، مەن كۆرگەن باشقا ماتېرىياللارغا ئوخشاشلا قەبىھ ماتېرىيال ئىكەن.» دەپ تەستىق سېلىپ قويغان.

بورماننىڭ بۇنداق گەپنى يېزىپ قويۇشى هەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن كىچىك بىر ئىش هازىرغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقمىغانىدى.

1939 ـ يىل سېنتەبىردە، گېرمانىيە ئارمىيىسى پولشاغا چاقماق تېزلىكىدە هۇجۇم قوزغاپ غەلىبە قازىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گىتلېر غالىبلارغا خاس قىياپەت بىلەن پولشانىڭ گدىنىيە پورتىغا باردى. ئۇ چاغدا، گىتلېرنىڭ مۇهاپىزەتچىلىرى ماشىنىلارنى سۇنىڭ بويىغا توختىتىشنى قارار قىلغانىدى. لېكىن ئۇ يەرنىڭ كوچىلىرى تار هەم تىك بولغاچقا، كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئۆتمىكى ئىنتايىن قىيىن ئىدى، بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى مۇهاپىزەتكە مەسئۇل بولغان روممېلنىڭ خىزمىتىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن روممېل ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا نيۇرنبېرگدە قوللانغان ئۇسۇلىنى بۇ يەرگىمۇ ئىشلىتىپ، كەسكىن هالدىلا: «فىئۇرېرنىڭ ماشىنىسى بىلەن مۇهاپىزەتچىلەرنىڭ ماشىنىلىرىدىن باشقا ماشىنىلارنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت يوق، ئۇ ماشىنىلار جايىدا ساقلاپ تۇرسۇن.» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئالدىدىكى ئىككى ماشىنا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، روممېل يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ماڭاي دەپ تۇرغان ئۈچىنچى ماشىنىنى توسۇۋالدى. بۇ ماشىنىدا دەل مادىن بورمان بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلى چوڭ، ئورنى يۇقىرى بولمىسىمۇ، ناتسىستلارنىڭ مەركىزىدە ئالاهىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغاچقا،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېگىنىنى قىلالايتتى، ھەتتا «ئىمپېرىيە شاھزادىسى» گېرىنگ بىلەن گېببېلىسقا ئوخشاش كاتتا شەخسلەرمۇ ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە يول قوياتتى.

بورمان ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ روممېلغا يولنى بوشات دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن روممېل ئۇنىڭدىن قىلچە قورقۇپ قالماي، ئورنىدىن مىدىرلىماقتا يوق، ئەكسىچە تېخى: «مەن چوڭ لاگېرنىڭ قوماندان ئەمەلدارى، بىز بۇ يەردە بالىلار يەسلىسىنىڭ ئويۇنىنى ئويناۋاتمايمىز، سىز چوقۇم مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىشىڭىز كېرەك» دېدى. بورمان روممېلنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بۇنچىلىك نومۇسقا قويىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى، شۇڭا غەزەپتىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ پاكار ئادەمگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتتى.

بورمان ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا نيۇرنبېرگدە ماشىنىلىرى توسىلىپ قالغان ئۇ ئادەملەرگە ئوخشاش روممېلدىن دەرھال ئۆچ ئېلىشنى ئويلىمىدى، چۈنكى ئۇ روممېلنىڭ ھازىر گىتلېرنىڭ ئەڭ ئېتىۋارلىق ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۆچمەنلىكىنى ئىچىگە سېلىپ قويۇپ، بەش يىلدىن كېيىن كەلگەن بۈگۈنكى پۇرسەتتە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا ئۇتۇش قىلغانىدى.

روممېلدىن ئۆچىنى ئالالمايۋاتقانلار يالغۇز ماەن بورمانلا ئەمەس ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئافرىقىدا روممېلنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان گىرىنىخ ئوۋچېنھاممۇ بار ئىدى. شۇ چاغلاردا روممېل قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارغا قاتتىقلىق قىلىپ، ھەرىكەتتە كەسكىن بولمىدى، دەپ قارىغان ئوفىتسېرلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەنلا ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، نەتىجىدە ھەممە ئادەم پاراكەندە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن «سېپى ئۆزىدىن

مۇستەبىت» دەپ يۇقىرىغا ئەرزلەرنى سۇنۇشاتتى. گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مارشال براۋھىچ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ يازغان خېتىدە: «مەن سىزگە بۇ قىلمىقلىرىڭىزنىڭ ئافرىقا قوشۇنىنىڭ مەنپەئىتىگىلا ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ زىيىنى بار ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ ئويلايمەن.» دېگەنىدى.

روممېل كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بولغان گىتلېرغا ئىشىنىپ براۋھىچنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىۋەردى. دائىملا ھېچقانداق ئادەم ئىجرا قىلالمايدىغان «مۇناسىۋەتسىز» بۇيرۇقلارنى چۈشۈرەتتى، يەنە تېزلا ئۇ بۇيرۇقلىرىنى يىغىۋالاتتى، گېنېرال ئۇۋچېنھامغا ئوخشاش ئادەملەرنى ھاقارەتلىسە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمايتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۇۋچېنھامغا كېچىدە تېلېفون بېرىپ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا، خىزمىتىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن، دەپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەنلىكىدىن تېنىۋالغان. بولۇپمۇ 1941 ـ يىلى توبروكقا قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇۋچېنھامنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا قاتتىق تىللاپ كەتكەن.

ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدا روممېلنىڭ ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىغان ئۇ گېنېرال ئەمدىلىكتە روممېلنى سوتلايدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە سوتىنىڭ سوتچىسىغا ئايلىنىپ، مۇنبەردە سۇرلۇك ئولتۇراتتى، سوتچىلارنىڭ يەنە بىرى بۇرۇندىن تارتىپ روممېلغا ياخشى قاراشتا بولماي كېلىۋاتقان گېنېرال گۇدېرىئان ئىدى.

1944 ـ يىل 4 ـ ئۆكتەبىردە، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مارشالى كېيتېل ئەڭ ئالىي قوماندانلىق سۇپىتى بىلەن سوت باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەخپىي ساقچى

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېرىنىست كالتېنبىرۇنىېر روممېلنىڭ شتاب باشلىقى سپېيدېلنىڭ ئۇستىدىن چىقىرىلغان شىكايەتنامىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ، ئاخىردا: «سپېيدېل ستاۋفېنبېرگنىڭ يېنىدىن كەلگەن ئادەمدىن يوشۇرۇن قەست قىلىش پىلانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باشلىقى — قورۇقلۇق ئارمىيە مارشالى روممېلغا بۇ ئەھۋالنى دەرھال يەتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار بولدى ۋە بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى مارشال يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىغان بولسا، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، بەلكى مارشالنىڭ خاتالىقى بولىدۇ، دېدى. ئۇ مارشالنىڭ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان» دېدى.

ئارقىدىنلا كالتېنبىرۇنىېر سپېيدېلنىڭ كۆرسەتكەن ئۇ سەۋەبلىرىنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر پاكىت سپېيدېل ئېيتقاندەك بولىدىغان بولسا، مارشال روممېلنىڭ ئۇنى ئىچىدە سىر قىلىپ ساقلىشى مۇمكىن ئەمەس. سپېيدېل بىلگەن ئەھۋاللىرىنى ئالىي قوماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ۋەقەنىڭ پۈتۈنلەي ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كالتېنبىرۇنىېر سپېيدېلنى بۇ قاتىللىق دېلوسى بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ ھۆكۈم قىلدى.

كالتېنبىرۇنىېرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، ئوۋچېنھام دەررۇلا ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى سوت ماقۇل كۆرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سپېيدېلنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۆزى ئورىغا تىقماقچى بولۇۋاتقان روممېلنىڭ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يەتتى. شۇڭا، بىر ئامال قىلىپ سپېيدېلنى گۇناھسىزغا چىقىرىۋېتەلىسە، ئاندىن ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گىتلېرنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قېلىشتىنمۇ قورقماي (چۈنكى گىتلېر سپېيدېلنى گۇناھى بار دەپ قارايتتى)، يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭ ئۇ خىل قارىشىغا رەددىيە بەردى. ئاخىر گېنېرال ئوۋچېنھامنىڭ كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارشى گۇدېرىئاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىككىسىنىڭ كۈچەپ ئاقلىشى نەتىجىسىدە گېنېرال سپېيدېل ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇ يوشۇرۇن سۇيىقەستكە زادىلا ئارىلاشمىغان مارشال روممېلنىڭ بېشى كەتتى.

# ئون سەككىزىنچى باب گىتلېرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىشى

△ گىتلېر: ئاردېننى ئىككىنچى ستالىنگرادقا ئايلاندۇرۇۋېتىش كېرەك

△ گىتلېر: ئاھ خۇدا، ماڭا ياردەم قىلغىن

△ ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئالاھىدە قىسىم

△ ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى گېرمانىيىنىڭ مەركىزىي رايونىدا ئۇچراشتى

سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېزىنخاۋېرنىڭ قوشۇنلىرى رېين دەرياسىنىڭ غەربىدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، گىتلېرنىڭ كاللىسىدا، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ ھۇجۇم قوزغاش، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ 3 - ۋە 1 - گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئانتۋېرپېنگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئېزىنخاۋېرنىڭ ئاساسلىق تەمىنات بازىلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئاندىن ئەنگلىيە، كانادا قوشۇنلىرىنى بېلگىيە بىلەن گوللاندىيەدىن چېكىندۇرۇۋەتەك غايەت زور بىر پىلان شەكىللىنىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۇجۇم بىلەن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇپلا قالماي،

بەلكى يەنە گېرمانىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىنى تەھدىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى، يەنە كەينىگە يېنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىگە زەربە بەرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇشۇ ھۇجۇم بىلەن ئاردېن ئورمانلىقىدىنمۇ يول ئاچقىلى بولاتتى.

گىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى بۇ ھۇجۇمىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى ئامېرىكىنىڭ شۇ جايدىكى كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئاران تۆتلا پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ بارلىقىنى چارلاپ بىلگەنىدى، ئەڭ ئاساسلىقى يەنە ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەمىناتتا قاتتىق قىينىلىۋاتاتتى، قوشۇنلىرى غەربىي لىنىيىنىڭ 500 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتىكى ئۇزۇن سېپىدە شالاڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يېقىلغۇ ۋە ئوق - دورىلىرى، ئەسكىرىي كۈچلىرى كۆرۈنەرلىك ئاز ئىدى. گىتلېر يەنە ئۆزىنىڭ ھازىرقى كۈچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1941 -، 1942 - يىللىرىدىكى كۈچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار شۇ چاغدا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. كېيىن بىزنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش سېپىمىزنىڭ بىرنەچچە يېرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىزنى ئاستا - ئاستا كەينىمىزگە چېكىندۇردى. ئۇلار قىلالىغاننى بىز گېرمان مىللىتى نېمىشقا قىلالمايمىز. ئەگەر خەلققە مۇشۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەلىگەن بولساق، ئۇلار چوقۇم خۇشال بولىدۇ، ياشلار ئۆزلۈكىدىن ئارمىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادا گېرمان مىللىتىگە تەڭ كەلگۈدەك مىللەت بولغان ئەمەس، دەپ ئويلايتتى ھەم شۇنداق قارايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، گىتلېر ئىنگلىزلارنى ئېزىنخاۋېرنىڭ قوماندانلىق قابىلىيىتىگە تازا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، دەپمۇ پەرەز قىلىپ، ھۇجۇمنى ئامېرىكىنىڭ 1 - گورۇپپىۋۇي ئارمىيىسىنىڭ ئىستىھكاملىرىدىن باشلاش بىلەن سىياسىي جەھەتتىمۇ ئۇستۇنلۈككە ئېرىشمەكچى بولدى. چۈنكى بۇ ئارمىيە

ياخېن ئوپېراتسىيىسىدە قاتتىق زىيانغا ئۇچراپ، كېتىپ، 100 ئىنگلىز مىلى سوزۇلغان ياخېن ئۇرۇش لىنىيىسىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئاران تۆت ــ بەشلا دىۋىزىيىسى قالغانىدى؛ گىتلېر ئامېرىكىلىقلارنى ساپاسى تۆۋەن ئەبجەش مىللەت، دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى كەمچىل، شۇڭا بۇ پەردە ئىچىنىشلىق قان تۆكۈلۈش يۈز بېرىدىغان بولسا، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئۇ قىرغىقىنىڭ سىياسىي ئۇلى تەۋرەپ كېتىدۇ، دەپمۇ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئادېننى ئىككىنچى ستالىنگرادقا ئايلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. «ئەگەر بىز، — دېدى ئۇ، — بۇ جەڭدە ئۇلارنى يېڭىدىغان بولساق دۈشمەننىڭ يېرىم سېپىنى يىمىرىپ تاشلىغان بولىمىز، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىمىز.»

ئاردېنغا قىلىنىدىغان قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گىتلېر 1944 ـ يىل ئۆكتەبىردە يېڭى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان تانكىلار بىلەن ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلەردىن 1500 نى يىغدى، 28 دىۋىزىيىنى قايتىدىن تەشكىللىدى، ئۇنىڭ توققۇزى برونېۋىك دىۋىزىيە ئىدى؛ بۇ كۈچنىڭ ھەممىسىنى ئادېن ئورمانلىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە سالماقچىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسلىق ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن، ئالساسقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يەنە ئالتە دىۋىزىيە تەييارلاپ قويدى. گېرىنگ ئاردېن ھۇجۇمىغا قاتناشتۇرىدىغانغا ئۈچ مىڭ ئايروپىلان تەييارلاپ بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلدى،

ئاردېنغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسەن ئىشلىنىپ بولغان چاغلاردا، غەربىي ئۇرۇش سېپىنىڭ ۋەزىيىتى خېلى مۇقىم تۇرۇۋاتاتتى. ئارنېم، ياخېن ۋە ئانتۋېرپېنلاردا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى چىقىمغا ئۇچرىتىدىغان بىر قاتار جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. ئانتۋېرپېن سېنتەبىردىلا دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، گىتلېر دېڭىز قاتنىشىنى مۇھاپىزەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان دۈشمەن پاراخوتلىرىنى ئۈچ ئايغىچە بۇ پورتقا يېقىن كەلتۈرمىدى. گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ياخېن ئۇمار برادلېينىڭ قوشۇنلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزمەي توسۇۋالدى. 2 - ئۆكتەبىردە برادلېي بۇ يەردە زور كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. گىتلېر بۇ شەھەرنىڭ ھەربىر غېرىچ يېرىنى قوغداش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئامېرىكىلىقلار زەمبىرەك ئوقلىرى بۇ شەھەرگە يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان چاغدا، گىتلېر پارتىز بۇيرۇقنى يەنە تەكرارلاپ، دۈشمەن بېسىپ كىرگەندە بىر پارچە خارابىلىقنى كۆرسۇن، دېدى. ئاخىر قورشاۋدا قالدى. 21 - ئۆكتەبىر كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ شەھەرگە بېسىپ كىرىپ شەھەرنى ئاياغ - ئاستى قىلىۋېتىپ، گىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى مۇشۇ ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، مۇداپىئە لىنىيىسىنى باشقىدىن شەرقتە كېڭەيتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى، گىتلېر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن رۇر تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ياخېن رايونىدا كۆپلەپ قورال - ياراق ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، گېرمانىيىنىڭ ياخېن ھۇجۇمىدا قولغا كەلتۈرىدىغان ئولجىلىرى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

گېنېرال ئېيزېنخاۋېرنىڭ نويابىرنىڭ باشلىرىدىكى نىشانى ياخېننى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ 100 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ئۇرۇش سېپىدە رېين دەرياسىغا بېرىۋېلىش، ئاندىن سانائەت رايونى رۇرنى شىمال بىلەن جەنۇب تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىش ئىدى. لېكىن گېرمانىيە ئارمىيىسى 27 - ئۆكتەبىردە زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، نەتىجىدە ئېيزېنخاۋېرنىڭ پىلانى ئىككى ھەپتە كېچىكتۈرۈلدى. لېكىن، ئادېننىڭ جەنۇبىدىكى گېنېرال پاتتون يۇقىرى رەھبەرلىككە ۋەدە بېرىپ، 3 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىدىكى 250 مىڭ ئەسكىرى (سان جەھەتتە بۇ رايوندىكى گېرمانىيە ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ) بىلەن ئۈچ كۈن

ئىچىدە «سانار» رايونىغا يېتىپ بارماقچى بولدى، ئاندىن «غەربىي تامنى» بىرلا ئىشتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى». پاتتونىڭ هۇجۇمى 8 - نويابىردا باشلاندى. لېكىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ يوللار پاتقاق بولۇپ كەتكەچكە، سەككىز كۈندە ئاران سەككىز ئىنگلىز مىلىلا ئىلگىرىلىيەلىدى. نېمىسلار يەنە بىر قېتىم جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ ۋە مېتس شەهىرىدىكى كۈچلۈك قارشىلىق كۈچىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، دۈشمەننىڭ بۇ قېتىمقى هۇجۇمىنى توسۇپ قالدى.

گىتلېر 10 - نويابىردا ئاردېنغا مەخپىي هۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىغا قول قويغان چاغدا ئاردېنغا ئەسكەر توپلىغۇچىلىك بولغان ئازلىقتا خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق بىلگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى.

گىتلېر ئاردېن هۇجۇمىنى ۋاقتىنچە 1 - دېكابىرغا توختاتتى. لېكىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە 14 - نويابىردا ئالساس رايونىغا يەنە بىر قېتىم هۇجۇم قوزغاپ، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بىلەن ئالساس بىلەن رېين دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەنت - بازارلارنى بومباردىمان قىلىپ تۈپتۈز قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە ياخېن رايونىغا قىلماقچى بولۇپ ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرغان هۇجۇمىنىمۇ باشلىۋەتتى. بىر قېتىملىق هۇجۇمدا تولۇنغا 2 مىڭ 703 توننا، بولىسقا 1 مىڭ 917 توننا بومبا تاشلىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاردېنغا توپلىغان يېقىلغۇسى بىلەن قورال - ياراق ۋە ماددىي ئەشيالىرى كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئاردېن هۇجۇمىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گىتلېر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ناهايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق ئۈتۈكلىرى، ئەدىياللىرى، تانكىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەهۋاللىرىغىچە بىر - بىرلەپ ئۆزى تەكشۈرۈپ چىقتى.

uyghurkitap.com

16 - دېكابىر ئەتىگەن سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېر زور ئۈمىد باغلىغان ئاردېن ھۇجۇمى ئاخىر باشلاندى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى قاتتىق قاراڭغۇ ئىدى، ئۇششاق قار يېغىۋاتاتتى، قويۇق تۇمان ئاردېن ئورمانلىقى ئەتراپىدىكى قار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن تاغلارنى ئورىۋالغانىدى. ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇنداق ھاۋا رايى ئۇدا بىرنەچچە كۈن داۋاملىشاتتى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى بۇ مەزگىلدە ئۇچالمايتتى. گېرمانىيىنىڭ تەمىنات لىنىيىسى نورماندىيىدىكىگە ئوخشاش بالا - قازادىن ئامان قالاتتى. ھاۋا كىلىماتى ئۇدا بەش كۈن گىتلېرغا ياردەم بەردى. گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان بۇ ھەرىكىتى 16 - دېكابىر كۈنى سەھەردە دەسلەپكى قەدەمدە ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى ئۇدا بىرقانچە قېتىم بۆسۈپ تاشلىدى.

گېرمانىيىنىڭ بىر برونېۋىك قوشۇنى 17 - دېكابىر كېچىسى ئامېرىكا 1 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى جايلاشقان جاي — سپاغا سەككىز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ستاۋپلاتقا يېتىپ باردى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئالاقزادە بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. مۇھىمى شۇ ئىدىكى، بۇ جاي ئامېرىكىنىڭ 3 مىليون گاللون بېنزىن ساقلىنىۋاتقان غايەت زور تەمىنات پونكىتىغا بىر ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى. گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قوشۇنلىرى بۇ تەمىنات پونكىتىنى ئىگىلىۋالىدىغان بولسا، تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تېخىمۇ يىراق جايلارغا ئىلگىرىلەپ بارالايتتى. چۈنكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىدا بېنزىن ناھايىتى كەمچىل ئىدى. بېنزىن يېتىشمىگەچكە، گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قوشۇنلىرى دائىم دېگۈدەك ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ماڭماقتا ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر رازۋېت قوشۇنى جەڭ مەيدانىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ قوشۇن ئىككى باتالىيوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنى بىلەتتى، كىيگىنى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمى، قوللىرىدىكىسى ئامېرىكىنىڭ قوراللىرى ئىدى.

بۇ قوشۇن جەڭ مەيدانىدا ئۇيان - بۇيان قىدىرىپ يۈرەتتى. ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ «تەلۋە» قوشۇنغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇلار ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئىنچىكە ئۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى سېلىۋەتتى. لېكىن ئامېرىكا قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزلا بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن ئېسىنى يىغىپ، ئۆز سەپلىرىنىڭ كەينىدىكى ئىككى - ئۈچ ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا ئىككىنچى بىر مۇداپىئە سېپى ئاچتى ۋە جەڭدە پەۋقۇلئاددە باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە تانكىلىرى ئېگىز - پەس يوللاردا ناھايىتى ئاستا ماڭغاچقا ھەم ماشىنىلاشقان قىسىملار بەك كۆپ بولغاچقا، بېنزىن سەرپىياتى بەك كۆپىيىپ كېتىپ، تۈگەپ قېلىشقا ئاز قېلىۋاتاتتى، يوللار تار ھەم بۇزۇلۇپ كەتكەن جايلار كۆپ بولغاچقا، بېنزىن يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىن بولۇۋاتاتتى. شۇڭا خون مانتېيففېلنىڭ 5 - برونېۋىك گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسى ئاران تەستە كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ باردى.

22 - دېكابىر كۈنى، گېنېرال ئېيزېنخاۋېر غەربىي سەپتىكى باشقا جايلارغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ھەتتا سائار دەرياسىدىكى كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ھاۋا رايى تېخىچە ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە پايدىسىز بولۇۋاتاتتى. گىتلېر بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

گىتلېر ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. 24 - دېكابىردا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇمى ئاستا - ئاستا بوشاشقا باشلىدى. گېرمانىيىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تار ئىستىھكاملىرىنىڭ ئىككى قانىتى ئۇچرىغان بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. 23 - دېكابىردىن باشلاپ ھاۋا ئېچىلىشقا باشلاپ، ئەنگلىيە - ئامېرىكا قوشۇنلىرى كارامىتىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى گېرمانىيىنىڭ ترانسپورت لىنىيىلىرىنى، تار ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاغ يوللىرىدا كېتىۋاتقان قوشۇنلىرىنى ۋە تانكىلىرىنى راسا بومباردىمان قىلدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى باستوگېنغا قارىتىپ ئاخىرقى قېتىملىق سىناق ئېلىپ باردى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى روژدېستۋو بايرىمى كۈنى كەچكىچە، ئەتىگەن سائەت ئۈچتىن باشلاپ بىر قاتار ھۇجۇملارنى قوزغىغان بولسىمۇ، مېك ئاۋلىفنىڭ بۇ شەھەرنى قوغداۋاتقان قوشۇنى قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى مەيلى كېچە، مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن، ئاردېن جەڭ مەيدانىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار دۈشمەن سېپىگە 40 ئىنگلىز مىلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنىدى. گېرمانىيىنىڭ ئارقا سېپىدىكى پويىز ئىستانسىلىرى بومباردىماندا بىر دۆۋە خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى، تاشيوللارمۇ ۋەيران بولۇۋاتاتتى. 26 - دېكابىردا، پاتتوننىڭ 3 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى لېينستېرنىڭ جەنۇبىي قانىتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. 2 - برونېۋىك دىۋىزىيىمۇ موس دەرياسىغا بەش ئىنگلىز مىلىلا قالغانىدى. گىتلېر ئۆزىنىڭ يەر ئاستى مۇداپىئە ئۆيىنىڭ ئالدىدا، دۈشمەننىڭ 2 مىڭ ئايروپىلانىنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا روھسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەربىي سەپتە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدلىرى ئەمدى كۆپۈككە ئايلانغانىدى.

گىتلېر يېڭى يىل كۈنى سەككىز دىۋىزىيە ئەسكەر بىلەن سائار رايونىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ھېنرىھ ھىممىلېرغا بىر

كورپۇس ئارمىيىنى باشلاپ ئۇستۇن رېين دەرياسىدىكى كۆۋرۈك ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. نېمىس گېنېراللىرىنىڭ قارىشىچە، ھەممىلىرىغا ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشنى تاپشۇرۇش ھەقىقەتەن كۆلكىلىك ئىش ئىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. 3 ـ يانۋاردىن باشلاپ ئىككى كورپۇستىكى توققۇز دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن باستۇگېنغا قىلىنغان ئومۇمىي ھۇجۇمدا ئاردېن ئوپېراتسىيىسىنىڭ جىددىي جەڭلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ قىلچە نەتىجە چىقمىدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى 5 ـ يانۋار كۈنى بۇ مۇھىم شەھەرنى تارتىۋېلىش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتى. ئۇلار ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئۇزۇپ تاشلاش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. بۇ قايتۇرما ھۇجۇم 3 ـ يانۋار كۈنى شىمال تەرەپتىن باشلانغانىدى. مودېل باشچىلىقىدىكى قوشۇن 8 ـ دېكابىر كۈنى باستوگېننىڭ شەرقىي ـ شىمالىدىكى ھوۋفالېزدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن چېكىنىشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. 16 ـ يانۋارغا قەدەر گېرمانىيە قوشۇنلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھۇجۇم قوزغاشتىن بۇرۇنقى ئۇرۇش سېپىگە قايتىپ كەلدى.

غەربتىكى قايتۇرما ھۇجۇم مانا مۇشۇنداق مەغلۇپ بولدى. ئەمدى شەرقىي سەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئىتتىپاقداش ئارمىيە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان چاغدىلا چېرچىل ستالىنغا ياردەم تىلەپ تېلېگراممىا بەرگەندە، ستالىن، بىز تەييارلىقنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىمىز، پات ئارىدا شەرقىي سەپتە ھۇجۇم باشلاپ، سىلەرگە چۈشۈۋاتقان بېسىمنى يەڭگىللەتمەكچى، دەپ جاۋاب بەردى.

1945 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا، كونېۋنىڭ قوماندانلىقىدىكى

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ۋارشاۋانىڭ جەنۇبىدىكى ۋىسلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بالانوۋ كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ سىلېزىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ژۇكوۋ قوماندانلىق قىلىۋاتقان گورۇپپىۋوي ئارمىيە ۋارشاۋانىڭ جەنۇبىدىكى ۋىسلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 17 - يانۋاردا ۋارشاۋانى ئازاد قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارمىيىلىرى يەنىمۇ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ شەرقىي پىروسسىيىنىڭ يېرىمىنى ئىشغال قىلدى ھەم دانزىگ قولتۇقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا قوزغىغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھۇجۇمى ئىدى. پولشا بىلەن شەرقىي پىروسسىيىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگىلا 180 دىۋىزىيە قاتناشتى، بۇ دىۋىزىيىلەرنىڭ بىر قىسمى بىرونېۋىك دىۋىزىيىلىرى ئىدى.

27 - يانۋاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ زور كۆلەملىك ئۇرۇشى ناتسىستلار ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي گۇمران بولۇش گىردابىغا ئەكېلىپ قويدى. ئۇ چاغدا، شەرقىي پىروسسىيىنىڭ يوللىرى ئۈزۈپ تاشلانغانىدى. شۇ كۈنى ژۇكوۋ زور قوشۇننى باشلاپ روبېن ئارقىلىق ئودېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە گېرمانىيە تەۋەسى ئىچىدە 220 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقنى بېسىپ بولغان ۋە بېرلىنغا 100 ئىنگلىز مىلى قالغانىدى. گىتلېرنىڭ ھەممىدىن بەك بېشىنى قاتۇرغىنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ سانائەت بازىسى سىلېزىيىنى بېسىۋالغانلىقى ئىدى. قورال - ياراق ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولغان سپېر، سىلېزىيە قولدىن كەتكەندىن كېيىن گېرمانىيىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان كۆمۈر 1944 - يىلى ئىشلەپ چىقىرىلغان كۆمۈرنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىگە، پولات 1944 - يىلى ئىشلەپ چىقىرىلغان پولاتنىڭ ئاران ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ، دېدى.

فېۋرالدا، رور رايونىنىڭ نۇرغۇن قىسمى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى، يۇقىرى سىلېزىيىمۇ قولدىن كېتىپ، كۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشى 1944 - يىلىنىڭ بەشتىن بىرىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى تۆمۈر يوللار بىلەن دېڭىز يوللىرىنى قاتتىق پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولغاچقا، بۇ كۆمۈرلەرنى توشۇپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىدى. فىيۇرېرنىڭ ئىشخانا يىغىنىدا ئاساسەن كۆمۈر مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىناتتى. دونىتز ئاغرىنىپ، كۆمۈر بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن پاراخوتلىرىنىڭ دېڭىزغا چىقالمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. سپېر ئۇنىڭغا ئالدىرىماي چۈشەندۈرەتتى. نۇرغۇن ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بىلەن ھەربىي زاۋۇتلارمۇ كۆمۈرنىڭ يوقلۇقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىۋاتاتتى. رومىنىيە بىلەن ۋېنگرىيىدىكى نېفىتلىكلەر قولدىن كەتكەچكە ھەم گېرمانىيىدىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى بومباردىمان قىلىنغاچقا، نېفىت ئىنتايىن ئازلاپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا نۇرغۇن كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئۇچالماي، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بومباردىمان قىلىپ يوقىتىۋېتىشىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. تانكىلارغا بېنزىن بولمىغاچقا، كۆپ قىسىم برونېۋىك دېۋىزىيىلىرى ھەرىكەتلىنەلمەيۋاتاتتى.

نېمىسلار «خىسلەتلىك قورال»غا بولغان ئۈمىدىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئېيزىنخاۋېرنىڭ قوشۇنى فرانسىيە بىلەن بېلگىيىدىكى دېڭىز بويلىرىنى قايتىدىن ئىشغال قىلغان چاغدا ئەنگلىيىگە ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىلگەن V1 تىپلىق ئۇچار بومبا ۋە V2 تىپلىق داۋدەن ئېتىش مەيدانلىرىدىن گوللاندىيىدە بىر قانچىسى قېپقالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولدىن كەتتى. ئەنگلىيە - ئامېرىكا قوشۇنلىرى گېرمانىيە چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، گېرمانىيە ئانتۋېرپقا ۋە باشقا ھەربىي نىشانلارغا مۇشۇنداق ئۇچار بومبىدىن

www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن 8 مىڭنى ئاتقان بولسىمۇ، ھېچقانچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمىدى.

گىتلېر بىلەن گېرىڭنىڭ يېڭى بۇرۇن رېئاكتىپلىق ئايروپىلانلارغا تايىنىپ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى قوغلىۋەتمەكچى بولغانىدى. چۈنكى نېمىسلار 1000 دىن ئارتۇق مۇشۇنداق ئايروپىلان ياسىغانىدى. لېكىن بۇنداق رېئاكتىپ ئايروپىلانلاردىن ئۇچالايدىغىنى ناھايىتى ئاز ئىدى. رېئاكتىپ ئايروپىلانغا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە بېنزىن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى پارتىلىتىۋېتىلگەنىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇچقۇچىلىرى رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنى ئۇچۇرۇش ئۈچۈن ئۇزارتىپ ياسالغان ئايروپىلان يولىنى ئاسانلا بىلىۋېلىپ، ئايرودرومدىكى رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنى پارتىلىتىۋېتەتتى.

ئېيزىنخاۋېرنىڭ 85 دىۋىزىيە ئەسكىرى كۈچكە ئىگە قوشۇنى 8 ـ فېۋرالدىن باشلاپ رېين دەرياسىغا قىستاپ كەلدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن موسېل دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى مۇستەھكەم كونترول قىلدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئېچىنىشلىق تالاپەت بەردى، ئەسىرگە ئېلىنغان ئادەملىرىلا 293 مىڭ ئادەمگە يەتتى، نۇرغۇن قورال ـ ياراقلىرىدىن ئايرىلدى. 10 ـ مارت كۈنى گىتلېر قاتتىق چىچاڭشىپ، رۇندستېدنى ئاخىرقى قېتىم خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىتالىيىدە ئۇزاق مۇددەت جاپالىق جەڭ قىلىپ كەلگەن مارشال كېسېلرىڭنى قويدى.

لېكىن، ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، بىر كېسېلرىڭنى ئەمەس، يۈز كېسېلرىڭنى قويغان بىلەنمۇ نېمە قىلالايدۇ؟

مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا، مونتگومېرىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە ـ كانادا ئارمىيىلىرى تۆۋەندىكى رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، برېمېن، ھامبۇرگ ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى لوبېككە ئۇدۇل باستۇرۇپ

كەلدى. شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ گېنېرال سىمپسون باشچىلىقىدىكى 9 - كورپۇس ئارمىيىسى ۋە گېنېرال هودگېس باشچىلىقىدىكى 1 - كورپۇس ئارمىيىسى ئايرىم - ئايرىم هالدا تېز سۈرئەت بىلەن شىمال ۋە جەنۇبتىن رۇر رايونىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، 1 - ئاپرېل كۈنى لىپستاتتا ئۇچراشتى. مارشال مودېلنىڭ 13 گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى، جۈملىدىن 15 - ۋە 50 - برونېۋىك ئارمىيە، جەمئىي 21 دىۋىزىيە گېرمانىيىدىكى ئەڭ چوڭ سانائەت رايونىنىڭ خارابىسى ئىچىگە قامىلىپ قالدى. ئۇلار 18 كۈن تىرىشىپ، 18 - ئاپرېل تەسلىم بولدى.

مودېل قوشۇنىنىڭ رۇر رايونىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىشى بىلەن، گېرمانىيىنىڭ غەربىي لىنىيىسىدىن 200 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر چوڭ يوچۇق ئېچىلىپ كەتكەنىدى، ئامېرىكىنىڭ 9 - كورپۇس ئارمىيىسىگە ۋە 1 - كورپۇس ئارمىيىسىگە قاراشلىق قوشۇنلارنىڭ ئۆز رايونىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىنىڭ هاجىتى قالمىغاچقا، ئۇلار دەل مۇشۇ يوچۇقتىن ئۆتۈپ، گېرمانىيىنىڭ يۈرىكى — ئېلبې دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بېرلىنغا بارىدىغان يول ئېچىلىپ كەتتى. 16 - ئاپرېل كۈنى ئامېرىكا قوشۇنلىرى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتاي ئاچىدىغان جايى — نيۇنبېرگقا باستۇرۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇكوۋ باشچىلىقىدىكى روسىيە قوشۇنلىرى ئودېر دەرياسىدىكى كۆۋرۈك ئىستىهكاملىرىدىن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، 21 - ئاپرېل كۈنى بېرلىننىڭ شەهەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ۋېنا 13 - ئاپرېل كۈنى قولدىن كەتكەنىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 69 - پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ چارلىغۇچى قىسمى بىلەن روسىيە ئارمىيىسىنىڭ 58 - گۋاردىيە دىۋىزىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بېرلىننىڭ جەنۇبىغا 75 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ئېلبې دەرياسى بويىدىكى قورگاۋدا ئۇچراشتى. گىتلېرنىڭ مەهشەر كۈنى يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب گىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى

△ گىتلېر: ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە بېرلىننى قوغداش ئىرادەمدىن قايتمايمەن

△ گىتلېرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىمپېراتور فرېدرىكنىڭ روھى بار

△ گېببېلس: فىئورېرىم، سىزنى تەبرىكلەيمەن، روزۋېلت ئۆلۈپتۇ

△ فىئورېرىم، ئامەت يۇلتۇزى بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ

△ گىتلېرنىڭ تاقىتى تۈگىدى

△ ئالۋاستىنىڭ مەھشەر كۈنى

1945 - يىل ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، گېرمانىيە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋەردى: ئاۋسترىيىنىڭ پايتەختى ۋېنانى روسىيىلىكلەر بېسىۋالدى، ساناﺋەت رايونى رۇر بىلەن ئېلبې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىن ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئارمىيىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، بېلورۇسسىيە 1 - يۆنىلىش ئارمىيىسى ئودېر دەرياسىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئوكرائىنا 1 - يۆنىلىش

ئارمىيىسى نىس دەرياسىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. گىتلېر ئاخىرقى توساقلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، بېرلىن مۇھاسىرىسىگە ئېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ گېنېراللىرى ئىنتايىن مەيۇسلۇك بىلەن ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ھازىر غەربىي سەپ بىلەن شەرقىي سەپكە تراموۋايغا چۈشۈپلا بارغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى، دېيىشتى. بېرلىننىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا قالغانىدى.

«دەرەخ يىقىلسا مايمۇن قېچىپتۇ» دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بېرلىن بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ناتسىستلارنىڭ كاتتىباشلىرى خۇددى لالما ئىتلاردەك بېرلىندىن قېچىشقا باشلىدى.

گېرىنگ ئۇستىدىكى ھەشەمەتلىك ھەربىي فورمىلىرىنى، پۇتىدىكى چىرايلىق ئۆتۈكىنى، بېشىدىكى پۈزۈر شەپكىسىنى ئېلىپ تاشلاپ بېرلىندىن كەتتى. گېرىنگ ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىل ئەترىتى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك كارىنھال سارىيىدىن ئاچىققان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قاچىلاپ ماڭغانىدى.

ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى رىببېنتروپمۇ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بىخەتەر جايغا بېرىۋالدى.

ئېسئاچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھىملېرمۇ «چۆكۈپ كېتىۋاتقان بۇ كېمىنى تاشلاپ» گېرمانىيىنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتتى.

گىتلېر ئەتىۋارلاپ زاپاس قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆستۈرگەن شېپېرمۇ فىئورېرى بىلەن خوشلىشىپلا قاچتى.

لېكىن گىتلېر بېرلىننى قوغداپ قېلىش ئىرادىسىدىن قىلچە يانماي، قوشۇنلىرىغا «چېكىنىشكە بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇنلاردا بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئاخىر ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا قەدەر شۇنداق

قىلىپ كەلدى.

ئۇنىڭ شۇنچىۋالا قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ بېرلىننى قوغداپ قالماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل ئىدى. ۋەكىل خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بەزى پىكىرلەر: گىتلېر ئۆزۈل - كېسىل ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بېرلىندىن قەتئىي كەتمەسلىك قارارىغا كەلگەن، دەپ قارىغان.

بۇ خىل پىكىردىكى ئادەملەر تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق شۇنداق يەكۈنگە كەلگەنىدى:

1945 - يىلى 21 - ئاپرېلدا ئۇ سېتېينېرغا بېرلىندىكى روسىيىلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم، ھەر بىر تانكا ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى.

گىتلېر بۇ قېتىمقى قايتۇرما ھۇجۇمغا زور ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇ يەنە بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ: قوشۇنلىرىنى ئىشقا سالمايۋاتقان بارلىق قوماندىلار بەش سائەت ئىچىدە ئېتىپ تاشلىنىدۇ، دېدى. ئۇنىڭ ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلغان قوشۇنلىرى تەسەۋۋۇردىكى نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا ستېينېر ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە تەسلىم بولۇش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە يۆتكىلىپ كەتتى.

گىتلېر ستېينېرنىڭ بۇ مەقسىتىنى بىلمەي، 22 - ئاپرېلغىچە تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈردى، لېكىن ھۇجۇم باشلانغانلىق توغرۇلۇق ھېچقانداق جايدىن ئېنىق خەۋەر ئاڭلىمىدى. ھىملېر ئۇنىڭغا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ ھازىرغىچە باشلانمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر چۈشكىچە تىت - تىت بولۇپ ساقلاپ ئولتۇردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئېچىلىدىغان

ھەربىي يىغىن ئېچىلغانغا قەدەر قايتۇرما ھۇجۇمدىن خەۋەر زادىلا كەلمىدى.

چۈشتىن كېيىنكى ھەربىي يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن، كېيتېل بىلەن ئىئودېل نۆۋەتتىكى ھەربىي ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇپ: «ۋەزىيەت بۇرۇنقىدەكلا، بىز ئۈچۈن يەنىلا پايدىسىز، لېكىن ئۈمىد يوقمۇ ئەمەس...» دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن خەۋەر گىتلېرنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئەسلىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىغان، ئۇ قوشۇنلار ھېچنېمە قىلمىغان، ھاۋا ئارمىيىسىمۇ مىدىرلىمىغانىدى. دېمەك، ستېيىنېر قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياردەمگە بارغان قوشۇننىڭ بېرلېننىڭ شىمالىدىكى ئورنى بوش قېلىپ، روسىيە قوشۇنلىرى ئاشۇ يوچۇقتىن بېرلىنغا باستۇرۇپ كىرىپ، بېرلىننىڭ يېرىمىنى بېسىۋالغان.

بۇ بىر قاتار خەۋەرلەر قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ساقلاپ ئولتۇرغان گىتلېر ئۈچۈن غايەت زور زەربە بولدى. ئۇ غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي: «ئارمىيىمۇ، ئېسئاچىلارمۇ مەندىن يۈز ئۆرىدى، ستېيىنېر دېگەن ئۇ ئەبلەخمۇ ماڭا ساتقىنلىق قىلدى، دۆلەتكە ساتقىنلىق قىلدى. قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

بىر پەس ۋارقىراپ ـ جارقىرىغاندىن كېيىن، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ كەتتى: «مېنىڭ مەھشەر كۈنۈم كەلدى! 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ مەھشەر كۈنى كەلدى! ھەممە ئىش تۈگەشتى. مەن گىتلېرنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا يولى قالمىدى. ئەمدى ئىككىلەنمەيمەن، جەنۇبقىمۇ قەتئىي بارمايمەن. كېتىشنى خالىغانلار كېتىۋەرسۇن. مەن مەشەدە قېلىپ ھايات ـ ماماتتا بېرلىن بىلەن بىللە بولىمەن.»

گىتلېرنىڭ ئۈمىدسىز نالىلىرىنى ئاڭلىغان باغرى تاش

گېنېراللىرى قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بېرلىندا قېلىشىغا قارشى تۇردى، گېرمانىيە تېخى تۈگىشىپ كەتمىدى دەپ تەسەللى ئېيتتى، مارشال شۇئېرنېر بىلەن كېسېلرىڭنىڭ قوشۇنلىرى تولۇق، مۇشۇ كۈچىمىز بىلەنمۇ بىز دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشالايمىز» شۇڭا ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، فىئورېر بېرلىندىن دەرھال چىقىپ كېتىشى، ئۇستۇنكى زالتسبۇرگقا بېرىشى كېرەك، دېدى...

قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن بېرلىندىن غەربىي شىمالغا كەتكەن دونىتز بىلەن ھىملېرمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تېلېفون بېرىپ فىئورېرنى ئۇ نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلدى، لازىم تېپىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئېسئاچىلار ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن بېرلىننى قوغدايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى رىببېنتروپمۇ تېلېفون بېرىپ، پۈتكۈل ۋەزىيەتنى ئوڭشايدىغان بىر دىپلوماتىك ئەپچىل چارىنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىمەن، دېدى. لېكىن گىتلېرنىڭ ئۇلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھەممە گەپلىرى گىتلېرنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. يەنە بىر قېتىم بېرلىندا قېلىپ، بۇ شەھەرنى قوغداشقا قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كاتىپىغا ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى بېرلىن خەلقىگە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇردى. ئەتىسى گېرمانىيە رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈن دۇنياغا شۇنداق دەپ جاكارلىدى:

«بېرلىن بىلەن پراگا ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلمەس ئىككى قورغىنى. فىئورېر گىتلېر بىلەن چوڭ رايون پارتىيە سېكرېتارى گېبېلس ئاخىرغىچە بېرلىندا قالماقچى.»

1935 ـ يىلدىن باشلاپ گىتلېرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن ھېينس لىنگ گىتلېرنىڭ شۇ كۈنكى يىغىندىن كېيىن ئۆزىگە دېگەن گېپىنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «قارىغىنا لېنگ،

ھەتتا ئېنشتېيىنلەر بىزمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمىز. ئۇلار ئالغۇدەك ھېچقانداق مەنپەئەت قالمىغاندىن كېيىن مەندىن يۈز ئۆرۈشتى.
مەن بېرلىندا قالماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۆلگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن. بۇ، قورشاۋ ئىچىدە قالغان بىر قوماندانىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى.» لېنگىنىڭ قارىشىچە، ئېنشتېيىنلارنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى ستېپېنېرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىقى گىتلېرنىڭ بېرلىندىن كەتمەي ئۇ يەردىلا قوغدايمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ يەكۈنگە ئاساس بولالايدىغان پاكىتلارنىڭ ھەممىسى شەكسىز بولغاچقا، كىشىلەر خېلى يىللارغىچە لېنگىنىڭ بۇ قارىشىغا ئىشىنىپ كەلگەنىدى.
لېكىن پاكىتقا قاراپ چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق توغرا، شەكسىز بولامدۇ؟
لوگىكا ئىلمى بىزگە پاكىتلار ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇپ چىقىشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گىتلېرنىڭ نېمە ئۈچۈن بېرلىننى ساقلايمەن دەپ جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالغانلىقىنىڭ ھەقىقىتىمۇ شۇنداق.
ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم داۋىي ئىرۋىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللىنى تۈرگۈن تويلاپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، گىتلېرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئېمپېراتور فرېدېرىكنىڭ روھى بارلىقىنى بايقىغان ۋە دەل ئاشۇ خىل «روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن» گىتلېرنىڭ كاللىسى بىر تەسەۋۋۇر ۋە ئۈمىدلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ تەسىرىدە بېرلىنلى قەتئىي قوغدايمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان، ئۇنىڭ ئۇ خىل قارارغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىككە پاتقاندىن كېيىنكى ئىش ئەمەس، دەپ قارىغان.
بۇ گەپ ئاڭلىماققا غەلىتە ۋە بىمەنىدەك تۇرغان بىلەن گىتلېرنىڭ ئىزچىل كېلىۋاتقان خاراكتېرىنى چۈشەنگەن، ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللىرىدىكى ئىچكى روھى ھالەتلىرىنى تەتقىق قىلغان ئادەم داۋىي ئۇۋېننىڭ ئاشۇ يەكۈنىگە قايىل بولۇپ، «ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ــ دە» دېمەي قالمايدۇ.

گىتلېرنىڭ ھېچقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئۇ مەيلى قەدىمكى زاماندا ياكى ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچ ــ ئىچىدىن قايىل بولىدىغان ئادىمى پەقەت بىرلا ئادەم بولۇپ، ئۇ 18 ــ ئەسىردىكى پىروسسىيىنىڭ پادىشاھى ئىمپېراتور فرېدېرىك ئىدى.

يومشىچىكلار سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پىروسسىيىنىڭ بۇ پادىشاھى 1740 ــ يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك سىياسەت يۈرگۈزگەنىدى. 1740 ــ 1742 ــ يىللىرى، 1744 ــ 1745 ــ يىللىرى ئىككى قېتىم سىلېزىيىگە تاجاۋۇز قىلغان، 1756 ــ 1763 ــ يىللىرى، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئىسپانىيە، ساكسونىيە، شۋېتسىيە بىرتەرەپ، پىروسسىيە، ئەنگلىيە، پورتۇگالىيە بىر تەرەپ بولۇپ «يەتتە يىل ئۇرۇشقان» ئۇرۇشقا قاتناشقان. گىتلېرغا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلىدىغىنى پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ ئۇرۇشتا ئۆتكەن پەۋقۇلئاددە سەرگۈزەشتىلىرى ئىدى.

«يەتتە يىللىق ئۇرۇش» تا، پادىشاھ فرېدېرىك دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانىدىكى ئېگىز ــ پەسلىكتىن پايدىلىنىپ، 1757 ــ يىلى ئاۋستىرىيە، فرانسىيە قوشۇنلىرىنى يېڭىپ، رۇسباغ جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن كېيىنكى بىرنەچچە يىللىق جەڭلەردە پىروسسىيە ئارقا ــ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. 1761 ــ يىلدىن 1762 ــ يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە پىروسسىيە پومېرانىيە، سلېزىيە، ساكسونىيە قاتارلىق جايلارنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، تارمار بولۇپ كېتىش

گىردابىغا بېرىپ قالغان.

يەتتە يىللىق دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، 1762 - يىلى بۇ پادىشاھ ماڭارغا يولى قالماي، ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئوردىسىغا سولىنىپ قالغان. پايتەختى بېرلىننى روسىيە، ئاۋستىرىيە، ساكسونىيىلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى قورشىۋالغان، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈشكە، سانى ئازىيىشقا باشلاپ، كۆڭلى تېخىمۇ يامانلاشقان. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغىنىسى ھەم ۋەزىرى گراف دې. ئاگېنسقا خەت يېزىپ، خېتىدە شۇنداق دېگەن:

«مەن سىزنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى پۈتكۈل ئەھۋالىمىزنى، ئەتراپىمىزدىكى چوڭقۇر ھاڭلارنى، بىزدە ھازىر بار بولۇۋاتقان ئۈمىدلەرنىڭ نېمىلىكىنى توغرا تەھلىل قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن. سىز ئېيتقان ۋە مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئۈمىدلەرگە يېتىش ئۈچۈن فېۋرالنى كۈتۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئۇ توغرۇلۇق ھازىر سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ. فېۋرالدىن ئىلگىرى مەن گاتورنىڭ يولىدا ماڭىمەنمۇ ياكى كايسانى دوراپ چىرايلىق جەڭدىن بىرنى قىلىمەنمۇ، شۇ چاغدا بىر قارارغا كېلىمەن..

ئەگەر پەيلاسوپلار بولمىغان بولسا، بىز نېمە بولۇپ كېتەر ئىدۇق؟ مەن ئۇرغۇن كىتاب ئوقۇدۇم، ئوقۇغاندىمۇ شۇنچىلىك بېرىلىپ ئوقۇدۇم. كىتاب مېنىڭ ئازابىمنى يەڭگىللەتتى. ئەگەر كىتابلىرىم بولمىغان بولسا، مېنى گۇمانخورلۇق كېسىلى بار دەپ، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغان بولاتتى. سۆيۈملۈك گراف، بىز يامان چاغدا تۇغۇلۇپ قاپتىكەنمىز، ياشىغان دەۋرىمىز غەم - قايغۇ، بالايىئاپەتلەر بىلەن تولغان بىر دەۋر بولدى، مۇشۇ دەۋرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقىمۇ، ئۆزۈمدە بىر قەھرىماندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى بار دەپ ئويلايمەن؛ چۈنكى مەن خەۋپ - خەتەردىن بىر كۈنمۇ خالى بولمىدىم، گۇمران بولۇش گىردابىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نېرى كېتەلمىدىم.»

پادىشاھ فرىدرىك خېتىدە تىلغا ئالغان گاتو بىلەن كايسار قەدىمكى رىمنىڭ سىياسىئونلىرى ئىدى. گاتو جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قوللاپ كايسارغا قارشى تۇراتتى. كايسار ئارقا - ئارقىدىن ھەل قىلغۇچ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، گاتو ئاخىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

فىرىدرىك ئۇ خېتىدە «يا غەلىبە قىلىش، يا ئۆلۈش» ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قايسى يولدا مېڭىشىنى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەت يامانلىشىپ كېتىپ، فرىدرىك گاتونىڭ يولىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەنە گرېتسوگ فىنكستائىنغا يازغان ئاخىرقى خېتىدە، ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ۋەزىيەتتە ياخشىلىنىش بولمايدىغان بولسا، مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

دەل فرىدرىك ئۆزى بەلگىلىگەن ئۆلۈش كۈنىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى روسىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ئېلىزابېتا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پېتر III تەختكە چىققانىدى. چاررۇسىيىنىڭ بۇ يېڭى پادىشاھى ئېلىزابېتانىڭ يولىنى تۇتۇپ پروسسىيىنى يوقىتىشنى ئويلىماي، ئەكسىچە روسىيىنىڭ دۈشمىنى بولغان فرىدرىك بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش پەيدا بولۇپ، پادىشاھ فرىدرىك قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

گىتلېر فرىدرىكقا ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە كەچۈرمىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئېتىقاد قىلىپ، ئۇ ھەقتىكى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىققانىدى، ئادەتتىكى نۇتۇقلىرىدىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دائىم نەقىل كەلتۈرۈپ تۇراتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئۇنىڭ چوڭ لاگېرى نۇرغۇن يۆتكەلدى، ئەمما ئۇنىڭ

ئىشخانىسىدا فرېدېرىكنىڭ سۈرىتى نەگىلا بارسۇن، بەلگىلەنگەن جايدا ئېسىقلىق بولاتتى. بۇ سۈرەتنى ئۇ 1934 - يىلى ميۇنخېندىن سېتىۋالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى بويىنغا ئېسىۋالىدىغان تۇمارغا ئوخشاش، نەگىلا بارسا بىللە ئېلىپ باراتتى. مەخسۇس ئايروپىلاندىمۇ ئۇ سۈرەت سېلىنغان ساندۇق ئەڭ ياخشى جايدىن ئورۇن ئالاتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىنمۇ بەكرەك كۈتۈلەتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىردا بېرلىندىكى يەر ئاستى ئىشخانىسىغا سولىنىپ قالغان چاغلاردا ئىشخانىسىدىكى بىردىنبىر مۈلكىمۇ ئاشۇ سۈرەت بولۇپ قالغانىدى.

كېچىلىرى ئەل ئايىغى جىمىققان چاغلاردا، گىتلېر ئۇ سۈرەتكە ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى ئاسمانغا قاراپ خۇدادىن مەدەت تىلەۋاتقان ئادەمنىڭ قىياپىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چارچاپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى باشقىدىن كۈچكە تولۇۋاتقاندەك سېزەتتى، ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى.

گىتلېر پادىشاھ فرېدېرىكنى ئۆزىگە مۇھىم تىرەك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇ پادىشاھ ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ يەل بېرىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ كاتىپى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— فىئورېر، بىز بۇ ئۇرۇشتا ئۇتتۇرۇپ قويدۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردى شۇئان گىتلېر چىرايىنى تۈرۈپ قەتئىي ھالدا. ئاندىن فرېدېرىكنىڭ خەت - چەكلىرى بېسىلغان بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ «يەتتە يىللىق ئۇرۇش» نىڭ بەشىنچى يىلىدا يازغان بىر پارچە خېتىنى چوڭقۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇپ بەردى، — مەن ئۇرۇش باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردا، بىزنىڭ ئارمىيىمىز ياۋروپادا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ياخشى ئارمىيە ئىدى. ئەمدى مەن ھازىر بىر توپ يارىماسلار بىلەن قېپقالدىم. كوماندىرلىرىم يوق، گېنېراللىرىم كارغا كەلمەيدۇ، ئوفىتسېرلار قوشۇن باشلاشنى بىلمەيدۇ، ئەسكەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.»

گىتلېر بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى:

— لېكىن، پادىشاھ فرېدېرىك ئەڭ ئاخىردا يېڭىپ چىقتى. ئۇنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە ئۇنىڭ قەيسەر روھى بولدى. پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ «خاقان»لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئۇ غەلىبىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇنداق يامان ئەھۋالدا تۇرۇۋېتىپمۇ ئۈمىدسىزلەنمىگەنلىكىدىن بولغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ مېنى ئەڭ زور بەختسىزلىكلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ قەتئىي باش ئەگمىگەنلىكىم بىلەن مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

گىتلېر ئۆزىدىن باشقا گېبېلسمۇ گىتلېر بىلەن پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئالاھىدە باغلىنىشنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە نۇرغۇن كاللا قاتۇرۇپ، ئاجايىپ ئەپچىل چارىلەر بىلەن بۇ خىل باغلىنىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى.

— فىيۇرېرىم، — دېدى گېبېلس، — سىزنى تەبرىكلەيمەن! روزۋېلت ئۆلۈپتۇ! پال خەرىتىسىدە ئاپرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ بىزنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىمىز بولىدىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان، بۇرۇلۇش ياساش ۋاقتى يېتىپ كەلدى!

مەھشەر كۈنلىرى يېتىپ كەلگەن چاغدىمۇ، ئىمپېرىيەنىڭ

تەشۋىقات مىنىستىرى گېبېلس تۇرغۇن باش قاتۇرۇپ گىتلېرنىڭ پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ بۇ دۇنيادىكى روھى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرمەكچى بولدى.

1945 - يىلى ئاپرېلنىڭ بېشىدا، گېبېلس ئادەم ئەۋەتىپ گىستاپونىڭ مەخپىي ئارخىپخانىسىدىن ئالدىن شۇ جايغا قويۇپ قويغان پال ئاچقىلى بولىدىغان ئىككى خەرىتىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئۇ بۇ خەرىتىلەردىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاش ھۆكۈمنى ئوقۇپ شۇنداق دېدى: گىتلېر 1939 - يىل بۇ ئۇرۇشنى قوزغاپ، 1941 - يىلى شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىتىنچە ئۇنىڭدىن ئامەت كېتىپ، دۈشمەننىڭ زەربىسى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى 1945 - يىل ئاپرېلغىچە قاتتىق زەربە يەپ ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. بۇ زەربىلەردىن كېيىن ئەمدى ئۇ قەدەممۇقەدەم يەنە ئامەتكە ئېرىشىپ، ئاپرېلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇنىڭ ئارمىيىسى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن، ئاندىن تۇرغۇن ھالەت بارلىققا كېلىدىكەن. 1945 - يىلى ئاۋغۇستقا بارغاندا ئاندىن تىنچلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ ھالى خاراب بولىدىكەن، لېكىن 1948 - يىلدىن باشلاپ گېرمانىيە قايتىدىن باش كۆتۈرىدىكەن.

گېبېلس ئاشۇ خەرىتىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ گىتلېرغا ئۈمىدسىزلەنمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ تۇردى. چۈنكى ئۇ روسىيە بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، 1945 - يىل ئاۋغۇستتا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ يىمىرىلىشكە باشلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە گىتلېرغا كارلىلىي يازغان «بەش يىللىق ئۇرۇش» نىڭ ئەڭ يامان كۈنلىرى تەسۋىرلەنگەن ئابزاستىكى پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ ماڭىدىغانغا يول قالمىغان چاغلاردا يەنە ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى ئوقۇپ بەردى.

گېبېبلس هاياجان بىلەن شۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

«قەھرىمان پادىشاھى ئالەم، سەۋر قىلىڭ، سىزنىڭ ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىڭىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. قۇياش پات ئارىدا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆرلەپ چىقىپ سىزگە نۇر چاچىدۇ»

گېبېبلسنىڭ بۇ گەپلىرى دەل گىتلېرنىڭ يۈرىكىدىكى گەپلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈچلۈك هاياجان قوزغىدى. جىمجىت تۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى، ھەتتا قاتتىق هاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ۋەزىيەت كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ ئاۋازلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۇ تارىخنىڭ يەنە قايتىلىنىشى، مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، گېبېبلسمۇ كىشىلەرگە توختىماي سۆزلەپ، ئەگەر ئادالەت دېگەن نەرسە بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئىمپېرىيىمىزنى بىر مۆجىزە، خۇددى براندېنبۇرگ خاندانلىقىنى قۇتۇلدۇرغانغا ئوخشاش قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ جار سالدى. ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىككەن بەزى كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «بۇ قېتىم روسىيىنىڭ قايسى ئايال پادىشاھى ئۆلىدۇ؟ ستالىنمۇ ياكى روزۋېلتمۇ ۋە ياكى چېرچىلمۇ؟» دەپ سوراشتى.

تارىخنىڭ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ. 1945 ـ يىل 12 ـ ئاپرېلدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت جورجىيە شتاتىدىكى ئارشاڭدا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزغۇزۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى.

روزۋېلتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى گېرمانىيىگە يېتىپ بارغاندا، 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى شاد ـ

خۇراملىقا چۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ئاخىر ھازىرقى زاماندىكى «ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتا» نى تېپىشىپ، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە تەنتەنە قىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ بىر تال پاخالغا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇۋاتقىنىغا ئوخشايتتى. ئۇلار دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق ئىچىدە، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھەم بىرلىشىش، ھەم قارشىلىشىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، چېرچىل بىلەن ستالىننىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە ئاڭ ـ شىكتەي جەھەتتىكى پەرقلىرىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. روزۋېلت ھەرقايسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ھالقىلىق رول ئويناپ كېلىۋاتاتتى. ئورتاق دۈشمەننى يوقاتقاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا كەلگۈسى دۇنيا دائىرىسىدە مەنپەئەت ۋە تەسىر كۈچ تالىشىش جەھەتتە ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇ كۈنلەر ھازىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتە كاتتا ئابرويغا ئىگە روزۋېلتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى تاسادىپىيلىقتىنمۇ؟ بۇ، تارىخنىڭ «يەتتە يىللىق ئۇرۇش» ئاخىرلاشقان ئاشۇ چاغدىكى ئەڭ ئاخىرقى پەردە ئويۇنىنى قايتىلىغانلىقى ئەمەسمۇ؟

گېببېلس روزۋېلتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان غەلىبىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ھاپىلا ـ شاپىلا گىتلېرنىڭ پال ئاچقىلى بولىدىغان ئىككى خەرىتىسىنى تېپىپ چىقىپ قايتا ـ قايتا كۆرۈپ كەتتى، ئاخىردا ئۆزىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن گىتلېرغا تېلېفون بەردى.

تېلېفوندا ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، گىتلېرغا:

— فيۇرېرىم، سىزنى تەبرىكلەيمەن! روزۋېلت ئۆلۈپتۇ! پال خەرىتىسىدە ئاپرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ بىزنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىمىز بولىدىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان. بۇرۇلۇش ياساش ۋاقتى يېتىپ كەلدى! — دېدى.

گىتلېر شۇنداق بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەچكە، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى خۇماردىن چىققۇدەك ئەپيۇن چېكىشۋالغان بەڭگىدەك كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇمىدسىز ئولتۇرۇشقان مىنىستىرلىرى بىلەن گېنېراللىرىغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— سىلەر ھازىرمۇ بىز بۇ جەڭدە ئۇتتۇرۇۋەتتۇق دەپ ئويلامسىلەر؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئۇ ئادەملىرى خۇددى روھنى كۆتۈرىدىغان ئوكۇل سېلىنىۋالغاندەك بىردىنلا جانلىنىپ، ئۆزلىرىگە خۇددا ئۇلارنى سوتلايدىغان مۇنبەر ياساپ بەرگەندەك ئەمدى ئۇلار شۇ سوت مۇنبىرىدە ئولتۇرۇپ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنى ئۆزى بىلگەنچە سوتلايدىغاندەك بىر خىل كەيپىياتقا چۆمۈلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، گىتلېر شەرقىي سەپتىكى ئەسكەرلىرىگە ئاغزاكى مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، سوۋېت ئارمىيىسى ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇلارغا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. مۇراجىئەتنامىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

«بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان يەھۇدىي بولشېۋىكلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى گېرمانىيىنى يىمىرىپ تاشلاش، خەلقىمىزنى يوقىتىش. سىلەر شەرقىي سەپتىكى جەڭچىلەر گېرمانىيە ئاياللىرى بىلەن بالىلىرىنى كۈتۈۋاتقان تەقدىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىسىلەر. ياشانغانلار بىلەن بالىلار ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاياللار دۈشمەن گازارمىلىرىغا پاھىشىلىككە تۇتۇپ بېرىلىدۇ، قالغانلار يىراق سىبىرىيىگە پىيادە پالىنىدۇ.

بىز بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى ئۆز ۋۇندىن بېرى كۈتۈپ، ئالدىنقى سەپلىرىمىزدە مۇستەھكەم تەييارلىقلارنى قىلىپ قويغانىدۇق. كۈچلۈك توپ ئوقلىرىمىز ھازىر دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. پىيادە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىغانلىرىنىڭ ئورنىنى سانسىزلىغان يېڭى قوشۇنلار بىلەن تولدۇردۇق... بۇ قېتىم بولشېۋىكلار بۇرۇن ئاسىيادا ئۇچرىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ — ئۇلار چوقۇم بۈيۈك ئىمپېرىيىمىزنىڭ پايتەختى بېرلىننىڭ بوسۇغىسىدا قىرىلىپ تۈگەيدۇ.

ھازىر ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىنىڭ خائىنلىرىدۇر. ئىستىھكاملىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان پولك ياكى دىۋىزىيىلەرنىڭ ئۇ قىلمىقلىرى بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدە قورقۇنچلۇق بومباردىمان ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللىرىمىز، بالىلىرىمىز ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ چوڭ نومۇسسىزلىق.

بېرلىن گېرمانىيىنىڭ! ۋېنامۇ گېرمانىيىنىڭ! ياۋروپا مەڭگۈ روسىيىنىڭ ئەمەس!

تەقدىر ئىلاھى يەر شارىدىن تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ جىنىنى ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا، ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى يېتىپ كەلدى!»

گىتلېر قانچىلىك ۋارقىراپ ـ جارقىرىسۇن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايتتى. گىتلېر، ۋېنا گېرمانىيىنىڭ، دەپ توۋلاۋاتقان چاغدا سوۋېت ئارمىيىسى بۇ شەھەرنى بېسىپ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار گېرمانىيىنىڭ ئودېر دەرياسى بىلەن نىس دەريالىرىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ بېرلىنغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ گىتلېر خام ـ خىياللىرىدىن ۋاز كەچمىدى. كاتىپى بېرلىندىن كېتىش ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتمەسلىكىنى سورىغاندا، گىتلېر خاپا بولۇپ، «ياق! ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى — بېرلىن مەڭگۈ گېرمانىيىنىڭ! بىزگە هازىر ۋاقىتلا كېرەك.» دېدى.

شۇنداق، هازىر گىتلېرغا ئەڭ لازىم بولۇۋاتقىنى ھەم ئۇنىڭغا ئەڭ زور ئۈمىد بېغىشلاۋاتقىنى ۋاقىت ئىدى. ئۇ ھەتتا ئىتالىيىدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى مارشال كېسېلرىڭگە بېرىدىن گەپ ئېيتىپ بېرىپ شۇنداق دېگەن: «مەن سىزدىن يەنە سەككىز ھەپتە بەرداشلىق بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شەرق بىلەن غەربنىڭ راسا قالايمىقانلىشىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. ھەرقانچە قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ ئىتالىيە بىلەن بېرلىننى قوغداپ قالماقچىمەن.»

گىتلېرنىڭ شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىشىمۇ قىلچە ئاساسسىز يوق ئىش ئەمەس ئىدى، مەلۇماتلاردىن ئۇ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىنىڭ ئېلبا دەرياسىغا يۈرۈش قىلىۋېتىپ ستالىننىڭ تەۋەسىدىكى رايونلارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ سىنت ـ بورتېندا دەرھال توختاشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلگەنىدى. توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن خالى بولۇش تەستەك قىلاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئەنگلىيىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. گىتلېر مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ: «ئەنگلىيە ئۇزۇنغا بارماي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ، بۇ تۇتۇشۇش گېرمانىيە ئارزۇ قىلغاندىنمۇ بەكرەك كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. ئەنگلىيە شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئارمىيىسىنى قايتا رەتكە سالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار (ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى دېمەكچى) بولشېۋىكلارنى يوقىتالايدىغان گىگانت ئادەمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ئېسىگە ئالىدۇ.» دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى.

گىتلېر ئەنە شۇنداق ئۈمىد ـ ئارزۇلار بىلەن بېرلىننى قوغداپ قېلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

تارىختا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئوخشاشلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما تارىخ مەڭگۈ قايتىلانمايدۇ. پادىشاھ فرېدېرىكنىڭ ئۇ خىل غارايىپ كەچۇرمىشلىرى گىتلېرنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈنمىدى، روزۋېلتنىڭ ئۆلۈمى بىلەنمۇ فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق پارچىلىنىپ كەتمىدى، فاشىست گېرمانىيىمۇ قۇتۇلۇپ قالمىدى، بېرلىن يەنىلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىنى تەبرىكلەيدىغان جايىغا ئايلاندى.

1945 ـ يىل 30 ـ ئاپرېلدا، گىتلېر فرېدېرىك پادىشاھنىڭ روھىنىڭ ۋە پال خەرىتىسىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى كۈتمەي، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ جىنايەتكار ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

# يىگىرمىنچى باب گىتلېرنىڭ ئىز باسارلىرى

△ ناتسىستلارنىڭ يېڭى فيۇرېرى: مەن زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن...

△ دونىتز گۇماندا قالدى

△ خارابىلىقتىكى ئەرۋاھ

△ بورمان چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزدى

گىتلېرنىڭ ئىز باسارلىرى

2 - دۇنيا ئۇرۇشى داۋاملىشىپ 1945 - يىلى ئاپرېلدا كەلگەندە، 3 - ئىمپېرىيە ھالاكەت گىردابىغا يۈزلەندى، ھەرقانداق ئادەم گىتلېرنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىغا ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلەلەيتتى. لېكىن گىتلېر ئۆلگەندىن كېيىن، ئاخىرقى تىنىقتا قالغان 3 - ئىمپېرىيىنىڭ «ئاخىرقى پادىشاھى» نىڭ زادى كىم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

«تەخت» تالىشىش جېڭىگە قاتنىشىدىغانلار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ماھىر بولۇپ، بىر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ چوشقىدەك سېمىز مارشالى گېرىنگ ئىدى. ئۇ ئاۋازى ئەڭ يۇقىرى «ماھىر» ھېسابلىناتتى. ئۇ 1939 - يىلى 1 - سېنتەبىردە فاشىست گېرمانىيە پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرگە

رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلغان كۈنى گىتلېر پارلامېنتتا ئاشكارا بايانات ئېلان قىلغاندىن باشلاپ 3 - ئىمپېرىيىنىڭ قانۇنلۇق «ئاخىرقى پادىشاھ»ى بولۇپ قالغانىدى. شۇ قېتىمقى يىغىندا گىتلېر ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى دەپ جاكارلىغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە گېرىنگنىڭ بۇ ئالاھىدە ئورنى بىر قېتىممۇ مىدىرلاپ باقمىدى.

گەرچە گىتلېر گېرىنگنى «ئىمپېرىيە شاھزادىسى» دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇ ئورۇنغا كۆز ئالايتىپ قارىماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، گىتلېر ئولتۇرۇۋاتقان ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشنى خىيال قىلىۋاتقانلار بىر ئەمەس، ئىمپېرىيە مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھىملېرمۇ بار ئىدى.

ھىملېر ئۇ چاغدا 3 - ئىمپېرىيىنىڭ فاشىستىك ھاكىمىيىتىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان مەخپىي ساقچىلار بىلەن ئېسئاچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئىدى، گىتلېرمۇ ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىپ، «بىر ئادەمنىڭ ئاستىدا، مىڭ ئادەمنىڭ بېشىدا» دېگەندەك بىر خىل ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلىپ قويغانىدى. مۇشۇ ئەۋزەللىك ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى فىئورېرلىق ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇش ئارزۇسىنى ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. 1945 - يىل ئاپرېلدا ئۇ ئاخىر ئۆزىنى شۇ ئورۇنغا چىقتىم دەپ ئويلاپ، 28 - ئاپرېلدا ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى كرامپېنتزغا چېكىنىپ بېرىپ شۇ يەردە ئاچقان يىغىندا، خەرىتىنىڭ ئاستىدىكى گىتلېرغا مەنسۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

گېرىنگ بىلەن ھىملېردىن باشقا، ئىمپېرىيىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى گېببېلسمۇ تەخت تالىشاتتى. كۆرۈمسىز بۇ ئاقساق داھى ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش ھەيۋە كۆرسىتەلمىسىمۇ، ئەمما ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. گىتلېرنىڭ تىلى ھەم غالچىسى ناتسىستلارنىڭ يادرولۇق ئادەملىرىدىن ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گىتلېرنىڭ ئەقىل خالتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تۇخۇمىنى قۇرۇتىدىغان بۇ ئۇرۇشنى، بۇ قىرغىنچىلىقنى قوزغىشى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەرگەن، 1944 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندا ستاۋفېببېرگ گىتلېرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئاشۇ ئېغىر كىرىزىس دەۋرىدە گىتلېرنى ئامان ـ ئېسەن قوغداپ قالغانىدى...

گىتلېرنىڭ ئۆلۈمگە ئاز قالغانسېرى، ئۇنىڭ ئورنىغا زادى كىم فيۇرېر بولىدۇ دېگەن مەسىلە بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە، بارغانسېرى نازۇكلىشىشقا باشلىدى.

1945 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، گىتلېر ئىلگىرى پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشقا تەقەززا بولغان، ئەمدىلىكتە تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان زەربە بىلەن پارە ـ پارە بولغان يۇرتىنى ئېلىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 3 ـ ئىمپېرىيىگە كىم ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسى ئىنتايىن رېئال بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ مايدا، يەنى گىتلېر ئۆلۈپ ئەتىسى، شىمالىي گېرمانىيە رادىئو ئىستانسىسى ناتونۇش بىر ئاۋازدا ئاڭلىتىش بەردى:

«فيۇرېر مېنى ئۆزىنىڭ ئىز باسارى قىلىپ بېكىتتى. مەن مۇشۇنداق بىر چاغدا گېرمانىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۈستۈمدىكى بۇ يۈكنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەم گېرمانىيە خەلقىنى بوسۇغىمىزغا بېسىپ كېلىۋاتقان بولشېۋىك دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش. پەقەت مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا كۈرەشنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچىمىز. ئەگەر ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلار بىزنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلمىدىغان بولسا ئۇلار بىلەنمۇ داۋاملىق

كۆرەش قىلمىمىز. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۆز دۆلەتلىرىدىكى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئەمەس، بەلكى ياۋروپادا بولشېۋىكىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ.»

ئاشۇ نۇتۇق بىلەن تەڭ، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى:

«فىئورېر مېنى ئۆزىنىڭ ئىز باسارى قىلىپ بېكىتىپ، دۆلەت فىئورېرلىقى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ماڭا تۇتقۇزدى. مەن دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئەسكىرىي تۈرلەرگە بولغان قوماندانلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بولشېۋىكلارغا قارشى كۆرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدىم. ئەگەر ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا مېنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى كۆرەشلىرىمنى چەكلەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن بۇ كۆرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بارىمەن.

مەن كۆپچىلىكتىن ئىنتىزامغا، بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىمەن. مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلغاندىلا قالايمىقانچىلىق ۋە ھالاك بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ گېرمانىيە ئاياللىرى بىلەن بالىلىرىنى ئۆلۈم ۋە قۇللۇققا باشلايدىكەن، شۇ ئادەم قورقۇنچاق ھەم خائىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار فىئورېرغا ئىپادىلىگەن ساداقىتىڭلارنى ماڭا — فىئورېرنىڭ ئىزباسارىغا — بىلدۈرىسىلەر.»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان بارلىق گېرمانىيىلىكلەر ھەيران قېلىپ ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ قالدى. ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇ نۇتۇق بىلەن بۇيرۇق ئەمەس ئىدى، كىملا بولسۇن، كىملىرنىڭ ئىز باسارى بولىدىكەن، مۇشۇنداق گەپ قىلماي قالمايتتى، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فىئورېرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىمپېرىيە شاھزادىسى گېرىنگمۇ، زەھەرخەندە ھىملېرمۇ، سۆزمەن گېبېبلسمۇ ئەمەس، بەلكى تېخى يېقىندىلا ھوقۇق مەركىزىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان دېڭىز ئارمىيە قوماندانى، مارشال دونىتز ئىدى.

3 - ئىمپېرىيىنىڭ بۇ «ئاخىرقى پادىشاھى» سىياسىي سەھنىدە كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغىنى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسى ئىچىدە ئالاھىدە نامى بار باتۇر گېنېرال ئىدى.

1919 - يىلى، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن دونىتز گېرمانىيە پادىشاھ دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ كاپىتانلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ۋەزىپىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ئەنگلىيىنىڭ ترانسپورت پاراخوتلىرىنى قوغداپ ماڭغان كۈرەشچى پاراخوتلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى. بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇ ئەنگلىيىلىكلەرگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، بىرنەچچە يىللىق ئەسىرلىك ھاياتىنى نومۇس ئىچىدە ئۆتكۈزدى، 1919 - يىلى ئاندىن كەچۈرۈم قىلىنىپ دۆلىتىگە قايتتى.

دونىتز دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندا، گېرمانىيە يېڭىلىپ قالغانلىقتىن سۇ ئاستى فلوتى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ بۇ كاپىتانى سۇ ئۈستى پاراخوتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. سۇ ئۈستى پاراخوتلىرىدىمۇ ياخشى ئىشلەپ، 1920 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئادەتتىكى بىر ماتورلۇق مىنا كېمىسىنىڭ كېمە باشلىقلىقىدىن چارلىغۇچى پاراخوتلار فلوتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، ئەمما ئۇ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ تاكتىكىلىرىغا بولغان ئەتىقاتىنى يەنىلا توختاتمىغانىدى.

1935 - يىلى گېرمانىيە ناتسىستلىرى تۇنجى سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ تارماق ئەترىتىنى قۇرغاندا، دونىتز شۇ ئانلا شۇ

ئەترەتنىڭ مەسئۇلى بولدى. ئىككىنچى يىلى دېڭىز ئارمىيە كوممودورلۇق ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرى فلوتىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، دونىتز گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى قوشۇنىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىدىكى ئابرويى بارغانسېرى ئېشىپ، 1939 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيىنىڭ كونتور ئادمىراللىقىغا ئۆستۈرۈلدى، ئىككىنچى يىلى ۋىتسې ئادمىراللىققا، ئىككى يىلدىن كېيىن ئادمىراللىققا كۆتۈرۈلدى، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قوشۇمچە سۇ ئاستى پاراخوتلار فلوتىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

دونىتزنىڭ دېڭىز ئارمىيىدىكى ھوقۇقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە ئىگىلىگەن ئورنى يادرونىڭ سىرتىدا ئىدى. 1945 ـ يىلى مارتتا ئاندىن گېرمانىيە شىمالىي رايون ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا قوشۇمچە تەيىنلەندى، شۇنداقتىمۇ ئۇ سىياسەت بەلگىلەيدىغانلارنىڭ دائىرىسىگە كىرەلمىگەنىدى.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ مارشالى ئۆزىنىڭ گىتلېرنى ئىز باسارى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئاسماندىن چۈشكەن بۇ چەلپەكنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي شۇنداق دېدى: «مەن بۇنچىلىك مۇھىم ۋەزىپىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشەر دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەندەك بېشىدىن نوقۇل ھەربىي تۇرمۇشلا ئۆتكەن ئادەم ئۇچۇن ئۇنداق چوڭ ئىشلارنى ئويلاش (گىتلېرنىڭ ئىزباسارى بولۇش) ھەقىقەتەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.»

دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ غەلىتە بولىدۇ، مانا بۇ فيۇرېر بولىمەن دەپ خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان، باشقىلارمۇ مۇمكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىقى www.uyghurkitap.com

ئەمەس، دەپ ئويلايدىغان دېڭىز ئارمىيە مارشالى راستىنلا فىئورېرنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرغانىدى.

دونىتزنىڭ ئاستىدىكى بۇ ئالتۇن تەختنى زادى كىم ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى؟

دونىتزنىڭ فىئورېر بولىدىغانلىقى 30 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە بېرىلگەن بىر تېلېگرامما بىلەن بېكىتىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ چاغدا دونىتز ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى پلوئېنغا كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى ئىمپېرىيە زاپاس قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى شونفۇرن بىلەن بىللە بالتىق دېڭىز فلوتىنىڭ قوماندانى ئادمىرال كومىتزنىڭ بالتىق دېڭىزدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە ترانسپورت ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا دونىتزنىڭ ئاديوتانتى بېرلىندىكى فىئورېرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن بېرىلگەن بىر تېلېگراممىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ دونىتزغا بەردى. دونىتز تېلېگراممىدىكى بىرنەچچە قۇر خەتكە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«RRF دېڭىز ئارمىيىسى مارشالى دونىتز:

فىئورېر سىزنى ئىز باسارلىققا تەيىنلىدى، سىز ئىمپېرىيىنىڭ سابىق مارشالى گېرىنگنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان بولدىڭىز. ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقى يول ئۈستىدە. سىز يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىڭىز كېرەك. بورمان.»

بۇ تېلېگراممىدا دونىتزغا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز ئىلگىرى گىتلېر بىلەن ئۇچراشقانلىقلىرىنى ئەسكە ئالدى.

1943 ـ يىل 30 ـ يانۋار كۈنى، دونىتز دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ گىتلېر بىلەن

كۆرۈشكىلى باردى. گىتلېر ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئېغىر تېپتىكى ھەربىي پاراخوتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى. دونېتز تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېغىر تىپلىك ھەربىي پاراخوتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندا، ئۇلارنى يارنىماس نەرسىلەر قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىشقا نۇرغۇن كۈچى ۋە سانائەت كۈچى كېتىدىغانلىقىنى، بۇ ئىككى كۈچنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەر ئۈچۈن ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى يەنە سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ 1943 - يىل 26 - فېۋرالدا گىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، ئۆزىنىڭ گىتلېرنىڭ بۇ پىلانىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى، گىتلېر سۆزلىگەن ئۇ سەۋەبلەرنى قۇۋۋەتلىمەيدىغانلىقىنى قورقماي ئېيتقان ۋە گىتلېردىن بۇ بۇيرۇقنى دەرھال ياندۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

دونېتزنىڭ بۇ گەپلىرى گىتلېرنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى ھەم ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ ئىلگىرى سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى جەڭگە سېلىشنى توختىماي تەلەپ قىلىپ نۇرۇۋالغان بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ يېڭىلا دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بولغان تۇرۇقلۇق، قورقماي ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. نېمىدېگەن ئەدەبسىزلىك بۇ. گەرچە گىتلېر دونېتزنىڭ پىكرىگە مەجبۇرىي قوشۇلۇپ، ئىلگىرى چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى ياندۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ «ئاقساقال» لىقىنى كەچۈرمىدى.

دونېتز گىتلېرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆزىگە، مەن بۇ دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىقىنى ئەمدى قانچىلىك قىلالارمەن؟ دەپ ئۆز - ئۆزىدىن بىئارام بولۇپ يۈردى. لېكىن گىتلېر شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلىمىدى، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى، ھەتتا 1943 ـ يىلى مايدا گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋەيران بولۇپ كەتكەن چاغدىمۇ ئۇنى ئەيىبلەپ كەتمىدى.

دونىتزنىڭ شۇ قېتىم جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن يۈرىكى چوڭىيىپ قالغان بولسا كېرەك، شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېچىلغان ۋەزىيەت ھەققىدىكى بىر يىغىندا دونىتز يەنە بىر قېتىم گىتلېرنىڭ چىشىغا تەگدى.

ئۇ قېتىم ئەھۋال مۇنداق بولدى: بىرەيلەن گىتلېرغا گېرمانىيىنىڭ مۇھىم بىر ماي پاراخوتى قارا دېڭىزدا گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى گرېتسىيىگە كېتىۋاتقاندا، داردانېل بوغۇزى ئەتراپىدا ئەنگلىيىنىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى دوكلات قىلغاندا، گىتلېر قاتتىق ئاچچىقلىنىپ:

— ئەلۋەتتە، ئەنگلىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى شۇنداق قىلالايدۇ، بىزنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمىز بولسا جەبىلتارىق بوغۇزىدا ھېچنېمە قىلالمىدى، — دېدى.

دونىتز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇنچە كۆپ گېنېراللارنىڭ ئالدىدا قىلچە ھېيىقماي، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن گىتلېرغا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— فىئورېرىم، بىزنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمىز چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمىزمۇ ئەنگلىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدەك ئاشۇنداق جىمجىت مۇھىتتا جەڭ قىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئوخشاشلا غەلىبىلىك جەڭ قىلغان بولاتتى. جەبىلتارىققا ئەۋەتكەن كاپىتانلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلغان مۇنەۋۋەر كوماندىرلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيىلىكلەر-نىڭكىدىنمۇ بەكرەك قولىدىن ئىش كېلەتتى.

دونىتز گىپىنى دەپ بولۇپلا ئۈستەلنىڭ يېنىدىن كېتىپ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى. ھېچكىم ئۇنى گىتلېرنى بۇنداق ئاچچىق گەپلەر بىلەن تەنقىد قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. ھەممەيلەن ئەمدى گىتلېر قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، گىتلېرنىڭ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئىختىيارسىز قارىشىپ قالدى. زالنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمىپ كەتتىكى، يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

لېكىن گىتلېر خاپا بولمىدى، ئوساللىقتا چۈشۈپ قالغان ھالىتىدىن تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، ناھايىتى تەمكىن ئاھاڭدا ئۆزىگە ئەھۋال دوكلات قىلىۋاتقان گېنېرال ھالدېرغا:

— قېنى، داۋاملىق سۆزلەڭ، — دېدى.

كۆپچىلىك بۇ ئىشقا تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىش ئارقىدا ئىدى. يىغىندىن كېيىن، گىتلېر گېرىنگ باشلىق بارلىق گېنېراللىرىنى ماڭغۇزۇۋېتىپ، بىر دونىتزنىلا ئېلىپ قالدى.

— مارشال ئەپەندى، مەن بىللە ناشتا قىلىشنى خالامسىز؟ — دېدى گىتلېر كۈلۈپ تۇرۇپ دونىتزغا.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، فىيۇرېرىم، — دەرھال جاۋاب بەردى دونىتز ھەيران بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

شۇنىڭدىن كېيىن، دونىتز گىتلېر بىلەن بىرنەچچە قېتىم تاماقتا بىللە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. لېكىن، 1944 - يىل 20 - ئىيۇل كۈنى ستاۋفېنبېرىنىڭ گىتلېرغا سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، دونىتز ئۇنى پەقەت ئاشكارا سورۇنلاردىلا كۆرەلەيدىغان بولدى، ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلسىمۇ، ئەمما ئايرىم قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

دونىتز گىتلېر بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە مۇئامىلىسىنىڭ سىلىق ۋە كەڭ قورساقلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئىز باسار قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىپادىلىگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. دونىتزنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق بىر ئادەممۇ ئۇنىڭ گىتلېرنىڭ ئىز باسارى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

دونىتز ئاخىر، گىتلېر بىرەر ھەربىي ئادەم ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، ئىز باسارلىققا مېنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن خىيال بىلەن ئۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانمۇ بولدى. ئۇمۇ بىر پەرەز ئىدى. 1945 - يىلى قىشتا، ئىمپېرىيىنىڭ زاپاس قوشۇن قوماندانى شۇنفورن ئۇنىڭغا سىرلىق ھالدا، ئۆزىنىڭ 1945 - يىلى 23 - ئاپرېلدا گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىن ئايروپىلان بىلەن بېرلىنغا گىتلېر بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەندە، گىتلېرنىڭ دەل ۋەسىيەتنامە يازماقچى بولۇۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، شۇ پۇرسەتنىڭ ئۇنىڭغا دونىتزنى ئىز باسار قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىشنى ئېيتقانلىقىنى دەپ بەرگەندە، ئاندىن دونىتز بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ھەم گىتلېرنىڭ شۇنفورننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزىنى ئىز باسارلىققا تاللىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېرنىڭ نېمە ئۈچۈن دونىتزنى ئىز باسار قىلىشنى قارار قىلغانلىقىغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىلغانمۇ بولدى. لېكىن بۇ ئىشنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان بەزى ئالىملار بۇ گۇمانلىق ئىشنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ھەرگىزمۇ شۇنفورن ئېيتقاندەك ئەمەسلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقاپ قېلىشتى. بۇنىڭ كەينىدە زور بىر ئالدامچىلىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ئالدامچىلىقنى دونىتزغا يوللانغان تېلېگراممىنىڭ ئايىغىغا ئىسمىنى يېزىپ قويغان بورمان پىلانلىغانىدى.

مادىن بورمان تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما ھىيلە - مىكىرگە ئىنتايىن ئۇستا ئادەم ئىدى. 1941 -

يىل مايدا ھېس ئەنگلىيىگە ئۇچۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھېسنىڭ يارامىلىق ياردەمچىسى ئىدى. ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان كۇچۇككە ئوخشاش دائىم گىتلېرنىڭ كەينىدىن چىقماي يۈرگەچكە، گىتلېر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ خوجايىنى ھېسنىڭ پات - پات ئىچ تارلىقى كېلەتتى.

گىتلېرمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بورماننىڭ باشقىچە نىيىتىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلماي قالغان ۋە ئۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ قويۇشنىمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن تازا ھالقىلىق پەيتلەردە ئىككىلىنىپمۇ قالغانىدى. ھېس ئەنگلىيىگە كەتكەندىن كېيىن، گېرىنگ بورمان توغرۇلۇق گىتلېر بىلەنمۇ سۆزلەشكەنىدى.

— فىئورېر، سىز بورماننى ھېسنىڭ ئورنىغا قويۇشنى ئويلاۋاتامسىز - قانداق؟

— ياق، — دېدى گىتلېر بېشىنى چايقاپ، — بورماننى مەن خەلس سۋاسىنىڭ ئورنىغا مالىيە مىنىستىرلىكىگە مىنىستىر قىلماقچى.

— فىئورېر، سىز مۇشۇنىڭ بىلەنلا بورماننىڭ نەپسىنى قاندۇرىمەن دېسىڭىز، چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولىسىز، — دېدى گېرىنگ مەسىلىنى ئۆتكۈر قويۇپ.

— ئۇنىڭ نەپسىنىڭ قانچىلىكلىكى بىلەن كارىم يوق، — دېدى. گىتلېر ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — بورمان داۋاملىق ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مىنىستىرلار بىناسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىلىقىنى قىلىۋېرىدۇ.

گېرىنگ مەقسىتىگە يېتەلمەي، شۇنىڭ بىلەن جىم قالدى.

1941 - يىل مايدا، گىتلېر بورمان باشچىلىقىدىكى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مىنىستىرلار مەھكىمىسىنى ھېسنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدىكى «مۇئاۋىن داھىي ئىشخانىسى» نىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بورمانغا ئىمپېرىيە مىنىستىرى ھوقۇقىنى تونۇغۇزدى.

گىتلېرنىڭ ئىشەنچىسى ۋە بورماننىڭ ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن مۇھىم ئورنى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋەتتى. ھەتتا «ئىمپېرىيە شاھزادىسى» بولغان گېرىنگ بىلەن ئېسىئاچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھىممىلېرمۇ مەرتىۋىسى ئۆزلىرىنىڭكىدەك يۇقىرى بولمىغان بۇ «كېيىن چىققان مۇڭگۈزنى كۆرسە سالام بېرىدىغان، دائىم تېلېفون بېرىپ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىدىغان بوپ قالدى. ئىلگىرى ئۇنى رەنجىتكەن ئادەملەرنىڭ ئەمدى جېنىغا ۋاي بولۇپ، ئۇلار ئامالسىز ناتسىستلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

1943 - يىلدىن باشلاپ، بورمان قوشۇمچە گىتلېرنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭىيىپ، ناتسىستلار ماشىنىسىنىڭ ماتورىغا ئايلىنىپ قالدى. بىر قېتىم گىتلېر ئۇنىڭغا: «يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىنى مەندىن ساقىت قىلىۋەتسىڭىز.». دېۋىدى، بورمان دەرھال بىر چارىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى گىتلېردىن ئۆزى ئېلىۋالدى.

بورمان بىلەن گىتلېرنىڭ مۇناسىۋىتى دەرەخ بىلەن پىلەكنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇناسىۋەت ئىدى. ئۇ ئاۋۋال گىتلېرغا يامىشىپ تۇرۇپ قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرىلىنەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغىچە يامىشىپ چىقىپ، بىر كۈنلەر كەلگەندە، فىئورېرلىق ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇشنى ئويلايتتى.

3 - ئىمپېرىيە ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەندىمۇ بورمان ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى، ئۇ كۆپ ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداش بىلەنلا قالماي، قانداق قىلغاندا شېرىن

خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپرەك ئويلىدى. ئەمما ئۇ گېرىنگ بىلەن ھىمملېرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە زادىلا سەل قارىمايتتى، ئۇ ئىككىسى ئۇنى فىئورېرنىڭ ئالتۇن تەختىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى تاغ ئىدى، ئۇ تەختتە ئولتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇ ئىككى تاغنى چوقۇم يۆتكىۋېتىشى كېرەك ئىدى.

بورماننىڭ كۈچىمۇ ئاز كۈچ ئەمەس ئىدى، باش مىنىستىر مەھكىمىسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى بولغان بۇ ئادەم فىئورېرنىڭ نامىدا سۆز قىلالايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنىمۇ گىتلېرنىڭ نامىدا سۆزلەپ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايتتى. ئۆزىنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلىش ھەم 3 ـ ئىمپېرىيىنى گىتلېر ئۆلگەندىن كېيىن قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، تەشۋىقات مىنىستىرى گېبببېلس بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بېرلىنغا قىستاپ كېلىشكە باشلىغاندا، بورمان بىلەن گېبببېلس ئالدىراشلىقتا باشقا يوللارنى ئىزدەپمۇ يۈرمەي، روسسىيىلىكلەرنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرى گېرمانىيىنىڭ موسكۋادىكى ئەلچىخانىسىدا ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان گېنېرال كرېبسنى روسسىيىلىكلەر بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. لېكىن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي، نەتىجىدە، بورمان بىلەن گېبببېلس باشقىچە يول تۇتۇپ، گېرىنگ بىلەن ھىمملېر ئىككىسى بىلەن كۈچ جەھەتتە تەڭ تۇرالايدىغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بىر ئادەم ئارقىلىق مەقسەتلىرىگە يەتمەكچە بولدى. بۇ ئادەم زادى نەدە؟

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بورماننىڭ نەزەرى يېقىندىلا شىمالدىكى قوشۇنلارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن دېڭىز ئارمىيە مارشالى دونېتزغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئاۋۋال دونبىتزنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ فىئورېرنىڭ ئورنىغا چىقىرنۇېلىپ، ئاندىن بۇ يېڭى فىئورېرنىڭ قالقىنى ئاستىدا ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بولىدىغان يېڭى ھۆكۇمەتلىرىنى چاڭگىلىغا ئالماقچى بولۇشتى.

بىر قارارغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، بورمان ئۆزىنىڭ پىلانىنى سىستېمىلىق يۇرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇ پىلان ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى.

بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇ گېرىنگ بىلەن ھەممىلېردىن ئىبارەت بۇ ئىككى توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىماقچى ئىدى. ھازىر دەل ئۇنىڭغا پۇرسەتمۇ بار ئىدى.

23 ـ ئاپرېل كۇنى گېرىنگ گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىن گىتلېرغا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا بىر تېلېگرامما يوللىدى:

فىئورېرىم:

سىز بېرلىن قورغىنى ئىچىدە قېلىپ بېرلىننى قوغدىماقچى بوپسىز، سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەنكى، سىز مېنىڭ 1941 ـ يىل 29 ـ ئىيۇندىكى بۇيرۇقىڭىزغا ئاساسەن، دەرھال ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىمغا، سىزگە ۋەكالىتەن تامامەن ئەركىن ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمغا قوشۇلامسىز؟ ئەگەر بۈگۈن كەچقۇرۇن سائەت 10 غىچە سىزدىن جاۋاب كەلمىسە، مەن سىزنى ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بوپتۇ، دەپ قارايمەن ھەمدە بۇيرۇقىڭىزنى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ھازىرلاندى دەپ ھېسابلايمەن. مەن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قوللىنىمەن.

سىزگە مەلۇم، ھاياتىمدىكى مۇشۇ ئېغىر مىنۇتلاردا مېنىڭ سىزگە بولغان مېھىر ـ

مۇھەببىتىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.
خۇداغا ئامانەت، خۇدايىم سىزنى بارلىق
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بۇ يەرگە تېز يېنىپ كېلىشكە
نېسىپ قىلغاي.
سىزنىڭ سادىق ھېرمان گېرىنگىڭىزدىن

بورمان دەرھال بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئادەتتىكى بىر تېلېگراممىنى، گېرىنگنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئۈچۈن سۇنغان ئۇلتىماتومى، ھوقۇق تارتىۋالماقچى دەپ كۆپتۈرۈپ گىتلېرغا سۇندى. گىتلېر تېلېگراممىنى كۆرۈپ قەھرى - غەزەپكە كەلدى، شۇئان گېرىنگغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ، 1941 - يىل 29 - ئىيۇندىكى بۇيرۇقنىڭ ئىناۋەتكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆزى بېكىتىدىغانلىقىنى، گېرىنگنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى چەكلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن يەنە گېرىنگ بىلەن ئۇنىڭ بېرھتېسگادېندا تۇرۇشلۇق ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى نەزەربەند قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

بورمان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بارلىق ئالىي قوماندانلارغا گېرىنگنىڭ جەنۇبتا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئىشغال قىلىنمىغان جايلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا گېرىنگنىڭ ئەمدى فيۇرېرنىڭ ئىز باسارى بولالمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

گېرىنگنى يىقىتقاندىن كېيىن، بورما ھىملېرنىڭ شۋېتسىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئارقىلىق ئەنگلىيە ۋەكىلى گراف بېرنادوت بىلەن سۆزلەشكەن ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، 30 - ئاپرېلدا دونىتزغا تېلېگرامما يوللاپ: «يېڭى خائىنلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. دۈشمەن رادىئولىرىنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، ئىمپېرىيە رەھبىرى (ھىملېر) شۋېتسىيە

ئارقىلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. فىئورېر سىزنى بارلىق خائىنلارنى تېز ۋە كەسكىن بىرتەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى.» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، بورماننىڭ پىلانىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئىشلىنىپ بولۇپ، ئەمدى ئىككىنچى باسقۇچقا كۆچتى. ئىككىنچى باسقۇچتا ئۇ دونىتزنى يۆلەپ فىئورېرلىق تەختىگە چىقارماقچى ئىدى. بۇ پىلاننى ئۇ ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپ يېزىلغان بىرنەچچە تېلېگراممىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

30 - ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ دونىتزغا ئۇنىڭ فىئورېرنىڭ ئىز باسارى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېلىقى تېلېگراممىنى ئەۋەتتى.

ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن ھەم ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمايدىغان، ھەم گىتلېرنىڭ ئىمزاسى يوق بۇ تېلېگراممىدىكى ئاشۇ نۇقسانلارنى يېپىپ، شۇ يول بىلەن خەقلەرنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بورمان تېلېگراممىغا «ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقى يول ئۈستىدە» دېگەن گەپنى ئالاھىدە قوشۇپ قويدى. دونىتزنىڭ ئىز باسار بولغانلىقىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، ئەڭ مۇھىمى ھىملېر ھەرىكەتكە كەلگىچە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، بورمان زادىلا مەۋجۇت بولمىغان «خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقى» يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئالدىراپ - تېنەپ دونىتزغا ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تۇتقۇزۇپ، ئاندىن تېلېگراممىدا: «سىز يېڭى ۋەزىپەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىڭىز كېرەك.» دېگەن گەپنى ئالاھىدە قوشۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن دونىتز ھىملېردىن قورقمايدىغان ئۆتكۈر بىر شەمشەرگە ئىگە بولدى.

ئەمدى دونىتز كارامىتىنى كۆرسەتتى.

دونىتز بورماننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكەن

تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئادىيوتانتىغا دەرھال ھىمملېرنى يېنىغا چاقىرتىشنى بۇيرۇدى. ھىمملېر بۇ تەكلىپنى دەسلەپتە رەت قىلدى، دونىتز تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ كۈنى كېچە سائەت 12 دە، ھىمملېر ئالتە نەپەر ئېسئاچى ئوفىتسېرلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن كۆرەڭ ھالەتتە دونىتزنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

بۇ چاغدا، دونىتزنىڭ كۆڭلىدىمۇ سان يوق ئىدى، ئۆزىنىڭ فىيۇرېرنىڭ ئىز باسارى بولغانلىقىنى ھىمملېر ئاڭلاپ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ تاپانچىسىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدى. زۆرۈر بولغاندا مۇشۇ تاپانچا بىلەن ھىمملېرنى ئېتىپ تاشلىماقچى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنىڭ ئارتۇقچە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ھىمملېر ھېلىقى تېلېگراممىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ھەم خېلىلا ئالاقزادە بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دونىتزغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن بىچارىلەرچە قىياپەتتە دونىتزغا يالۋۇرۇپ:

— مېنىڭ سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە ئىككىنچى ئورۇندىكى شەخس بولۇپ قېلىشىمغا ياردەم قىلسىڭىز، — دېدى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن سىزنى ئىشلەتمەيمەن، — دېدى دونىتز دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ.

ھىمملېر ئۇ يەردىن روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەتتى.

6 - ماي كۈنى دونىتز ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلىدى.

بورمان ئۆزى يوللىغان ئۇ تېلېگراممىلارنىڭ راستىلىقىغا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدامچىلىقىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، گىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى سىرتقا زادىلا ئېلان قىلماي، كىشىلەردە گىتلېر ھېلىمۇ ھايات دەيدىغان تەسىرات پەيدا قىلدى. دونىتزمۇ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ يۈرۈۋەردى.

www.uyghurkitap.com

1 ـ ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاللىبۇرۇن ئۇ دۇنياغا كەتكەن گىتلېرغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتتى. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«فىيۇرېرىم:

مەن سىزگە شەرتسىز سادىقمەن. مەن بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ بېرلىننى قورشاۋدىن قۇتقۇزىمەن. ھالبۇكى، مۇبادا تەقدىر مېنى چوقۇم سىزنىڭ ئىزباسارىڭىز بولۇپ گېرمانىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بۇيرۇسا، مەن ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ، گېرمانىيە خەلقىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن باتۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارىمەن...»

بۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بورمان دونىتزنىڭ يېڭى فىيۇرېرلىق ئورنىنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ يېرىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇ ئالدامچىلىقنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويدى، يەنى دونىتزنىڭ يېنىدىن ئۆزىگە بىر ئورۇن تاپماقچى بولدى.

شۇ مەقسەتتە ئۇ 1 ـ ماي كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە دونىتزغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا يەنە بىر تېلېگراممىا يوللىدى:

RRF دېڭىز ئارمىيە مارشالى دونىتزغا (مەخپىي) :

ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە. مەن ئىمكانقەدەر دەرھال قېشىڭىزغا بارىمەن. مەن بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلماي تۇرۇشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن.

بۇ قىسقا تېلېگراممىنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ دونىتزغا، مېنىڭ ئورنۇم مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئاندىن گىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە دونىتزنىڭ ئىزباسار بولغانلىقىنى

ئەلگە خەۋەر قىلىمەن، دېمەكچىدى. لېكىن دونىتزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىغىنى بار ئىدى. تېلېگراممىدىكى «ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە» دېگەن سۆزدىن گىتلېرنىڭ ھازىر ھايات ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە گىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا چىققانلىقى بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىنسا قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن ئەنسىرەپ، بورماننىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، دەرھال رادىئو نۇتقى سۆزلىدى.

بورمان دونىتزنىڭ نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلمەي، يەنىلا ئۆزىنىڭ ھېسابىنى قىلىۋەردى. ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتتىكى ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1 ـ ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە دونىتزغا ئۈچىنچى تېلېگراممىنى يوللىدى. بۇ تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

RRF دېڭىز ئارمىيە مارشالى دونىتز (مەخپىي)، ئوفىتسېرلارغىلا ئاڭلىتىشقا بولىدۇ.

فيۇرېر تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ۋاپات بولدى. ئۇ 29 ـ ئاپرېلدىكى ۋەسىيىتىدە سىزنى گېرمانىيىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا، ئىمپېرىيە مىنىستىرى گېببېلسنى ئىمپېرىيىنىڭ باش مىنىستىرلىكىگە، ئىمپېرىيە مىنىستىرى سېيس ـ ئىنكۇئارتنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ ۋەسىيەتنامىنى فيۇرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سىزگە ئەۋەتتىم. ئىمپېرىيە ئىجرائىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بورمان بۈگۈن قېشىڭىزغا بېرىپ سىزگە ئەھۋالنى ئېيتماقچى. بۇ ئىشنى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ۋە قىسىملارغا ئېلان قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ۋاقتىنى ئۆزىڭىز قارار قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هۆججەتنى ئاپشۇرۇۋالغان گۇۋاھچى:
گېببېلس، بورمان

تېلېگراممىدىكى بۇ گەپلەر گىتلېرنىڭ 29 - ئاپرېلدا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدىكى گەپلەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋەسىيەتنەمىنىمۇ بورمان يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ چوڭ ئالدامچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى، مەزمۇنىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ ئالدامچىلىقنىڭ ھەربىر قەدەم - باسقۇچلىرى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى.

بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىلا گېرىنگ بىلەن ھىمملېرنى ئۇزۇل - كېسىل ئۇمىدسىزلىككە چۈكتۈرەتتى. ئۇنىڭدا گىتلېر ئۇ ئىككىسىنى ناتسىستلار پارتىيىسىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى «دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن... قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولغان.» فىئورېرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدى.

ۋەسىيەتنامىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە بورمان بىلەن گېببېلس فىئورېرنىڭ خىزمەتلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندىغىنى ئۈچۈن ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ۋە يۇقىرىدىكى ئەمەللەرگە تەيىنلەنگەنىدى.

بورماننىڭ سۇيىقەستى پىلانلىرىدىن تارتىپ ئەمەلگە ئېشىشقىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ماڭدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ زور بىر خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىدى. ئۇ ھىمملېرنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا شۇنچىلا چوڭ ھوقۇقنى بېرىپ «يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش» قا كۈشكۈرتتى، ئەمما بۇ گەپ

بىلەن ئۆزىنىڭ دونىتزنى ئەمدى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ دەل شۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى.

دونىتز بورماننىڭ ئۈچىنچى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى تاللىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن تېلېگراممىدا ئېيتىلغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، بورماننى ۋە فىئورېرنىڭ ۋەسىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە قالايمىقانچىلىق چىقماسلىق ئۈچۈن ئاديوتانتىغا ئۇ تېلېگراممىلارنى ساقلاپ قويۇشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەگەر بورمان بىلەن گېبېلس پۆرغا كېلىدىغان بولسا دەررۇ قولغا ئېلىنسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، لېكىن بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى بورمان دونىتزنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ يېتىپ كەتكەن، گېبېلس بېرلىندا گىتلېرنىڭ كەينىدىنلا ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

责任编辑：买买提伊明·包尔汉
责任校对：马丽娅木

希特勒亲历记(维吾尔文)

河阳　小冰　晓林　家屯　著
热合曼·马木提　译

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂排版　　浙江印刷集团公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　　印张 15.625
1996 年 6 月第 1 版　　1996 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—6070

ISBN 7—5371—2269—5/I·762　定价：13.80 元
如有印装问题请直接同承印厂调换